
تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم




# تەرسا ئادەم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى




ISBN 978-7-228-12971-3
9 787228 129713 >
定价:28.00元

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

# تەرسا ئادەم

(ئەدەبىي خاتىرە)

江苏工业学院图书馆
藏书章



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

犟人：维吾尔文/土尔逊拜格·义布拉音著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009. 11
ISBN 978—7—228—12971—3

Ⅰ. 犟… Ⅱ. 土… Ⅲ. 纪实文学—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I25

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第205938号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 土尔逊拜格·义布拉音 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 11 |
| 版　　次 | 2009年11月第1版 |
| 印　　次 | 2009年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 28.00元 |

# تەرسا ئادەم

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئاپتورى : تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى : بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى : ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 0991—2827472
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجىياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 11
نەشرى : 2009 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2009 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12971—3
باھاسى : 28.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

«چېمپىيون» ........................................ 11

«قۇلاق كەستى» ........................................ 19

ئىسيانچى ........................................ 24

چاتاقچى ........................................ 31

خەلق ئوقۇتقۇچىسى ........................................ 37

لەگمەن ماجىراسى ........................................ 46

«نىنو ـ نىنونى ...» ........................................ 52

دۇتار دەۋاسى ........................................ 57

چېنىقىش ........................................ 61

بالا چاقىرىش ........................................ 75

ساختا تېۋىپنى بابلاش ........................................ 78

«بەش مىنۇت ...» ........................................ 85

ئاياللار ھاجەتخانىسىدا ........................................ 90

رېئاللىققا ئايلانغان چۈش ........................................ 96

«سىفەن سىنىپى»دىكى ئىشلار ........................................ 109

«پۇلنى خوتۇن بىرىدۇ» ........................................ 120

دوسكىغا «چىقىش» ........................................ 124

باهالاش ........................................ 129
جاۋاب ........................................ 138
ئەلگە ياققان قوشاقلار ........................................ 146
«تاپشۇرۇق» ........................................ 153
پىكىر ساندۇقى ........................................ 161
تۇن بۇلاڭچىلىرى ........................................ 169
«ئىتتىپاق» تىكى كالتە «جەڭ» ........................................ 177
ساراڭنى ساقايتىش ........................................ 193
«مەكتەپنى ساتمايمىز!» ........................................ 200
موتىسكلىتقا چېتىلغان ئىشلار ........................................ 204
قەرز ئىلتىماسى ........................................ 213
ئاتا تەستىكى ........................................ 219
ئىمىن رەمتىل دېگەن مەن شۇ! ........................................ 228
باشلىققا تەكلىپ ........................................ 241
ئۈچىدىغان ئېشەك ........................................ 247
ئۈزۈلمەس چاقچاقلار ........................................ 262
ئەختەم ئۆمەر ۋە ئىمىن رەمتىل ........................................ 279
ئاشخانىدا ........................................ 306
«توخۇ پوقى» ........................................ 315
خاس تەپەككۇر ........................................ 320
قايتا قوزغالغان كونا كېسەل ........................................ 329
خاتىمە ........................................ 341

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## مۇقەددىمە

ئادەم ئاتېئىزمچىلار ئېيتقاندەك مەيلى مايمۇندىن ئۆزگەرگەن بولسۇن، مەيلى دىنىي ئەقىدىلەردە ئېيتىلغاندەك لايدىن (تۇپراقتىن) ئاپىرىدە بولغان بولسۇن، ئاناتومىيىلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە تەبىئىيلىككە مەنسۇپ. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىماققا گۆش ۋە سۆڭەكتىن ئىبارەت بولغان ماددىي ۋۇجۇدى ئەمەلىيەتتە تەبىئەت دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان. شۇڭا، ئادەمنىڭ ماددىي ۋۇجۇدىنى باشقا بارلىق ماددىي نەرسىلەرگە ئوخشاش كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدۇ. ھەتتا ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ تەبىئىيلىككە مەنسۇپ ماددىي ۋۇجۇدى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. (گەرچە گۆش ۋە ماي قاتارلىق يۇمشاق ماددىلار مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سىرىپ كەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەلسەپىدىكى «ماددا يوقالمايدۇ، بەلكى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ» دېگەن ئۇقۇمدىكىگە ئوخشاش، ئانا تۇپراقتىكى باشقا ئېلېمېنتلارغا قوشۇلۇپ، ئاشۇ ئېلېمېنتلار تەركىبىدە مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.)

بۇ يەردە بىز دېمەكچى بولغان ئادەمنىڭ تەبىئىيلىكى، پەقەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ماددىي نەرسە بولغانلىقىدىلا ئەمەس. گەرچە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۇلارنىڭ مەنئۇيىتىگە مەنسۇپ بولغان پائالىيەتلىرىنىڭ سۇنئىيلىشىش دەرىجىسى بىلەن ئۆك تاناسىپ تۇزسىمۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانچە يۈكسەلگەنسېرى، سۇنئىيلىشىش دەرىجىسى شۇنچە ئېشىپ بارسىمۇ، لېكىن بىر تەرەپتىن، تەرەققىياتقا ئىنتىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاشۇ تەرەققىياتلار بەخشەندە قىلىۋاتقان

سۈنئىيلىكتىن بىزار بولۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتىدە ئىنسانىنىڭ تەبىئىيلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بولىدۇ . بۇ نۇقتىنى ئەدەبىيات ، مائارىپ ، فىزىكا قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردە قېتىرقىنىپ مۇستەقىل ئىزدەنگەن ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى قاسىم سىدىق ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى ۋە ماشىنىنىڭ ئادەملىشىشى»① دېگەن تەتقىقات ماقالىسىدە كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن شەرھلەپ ئۆتكەندىن باشقا ، تەبىئىي ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى توققۇز نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان . ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت نۇقتىنى بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ : «··· 5 . يۇكسەك ئىندىۋىدۇ- دۇئاللىقتا ئىگە . 6 . يۇكسەك ئىجادچانلىقتا ئىگە . 7 . يۇكسەك تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە . 8 . يۇكسەك پىداكارلىق روھىغا ئىگە··· »② .

قاسىم سىدىق ئەپەندى يەنە شۇنداق دەيدۇ : مەيلى قايسى دەۋردە بولسۇن ، ئىجتىمائىي ئادەمگە ئايلانغان ھەرقانداق شەخس ئىككى قاتلاملىقتا ئىگە . ئۇنىڭ بىرى ، «تەبىئىي ئادەم» قاتلىمى ، يەنە بىرى ، «ئىجتىمائىي ئادەم»قاتلىمى .③ ماددىي ۋۇجۇدى بىرلا يەككە تەندىن ئىبارەت بولغان ئادەمنىڭ ماھىيەتتە يۇقىرىقىدەك ئىككى قاتلامغا ئىگە بولۇشى ، يەر يۈزىدىكى جانلىقلار ئارىسىدا پەقەت ئادەمگىلا خاس ھادىسە بولۇپ ، بۇنىمۇ تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن .

تەرەققىيات بۇگۈنكى دۇنيا ئۇچۇن مەڭگۈلۈك ھەم ئورتاق بىر تېما . شۇڭا ، ئۇ دىيارىمىزدىكى ئادەتتىكى بىر مەھەللىۋى گۇرۇپپىدىن تارتىپ تاكى ب د ت غىچە بولغان تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسىدە دائىم دېگۈدەك تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ . ئادەتتىكى بىر بىنانىڭ پۈتۈپ چىقىشىدىن تارتىپ تاكى ئالەم كېمىسىنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا چىقىشىغىچە بولغان بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئىش ھالقىلىرىدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ . ئەمما ،

①②③ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2000 ـ يىلى 4 ـ ، 5 ـ قوشما سانى .

«تەرەققىيات» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ قانچىلىك ئەجابىي ، قانچىلىك چىرايلىق ئاڭلىنىشىغا قارىماي ، نۆۋەتتىكى رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى ، بىنالار ئاسمانغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ قانچە ئېگىزلىگەنسېرى ، ئادىمىيلىك پەسكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ شۇنچە تۆۋەنلەپ ماڭدى ؛ كىيىم - كېچەك ، ھۆسن - چىرايلار قانچە رەڭدارلىشىپ چىرايلىقلاشقانسېرى ، ئىچكى دۇنيا كىرلىشىپ ، قەلبلەر ناپاكلىشىپ كەتتى . تىل - يېزىق ، سۆز - ئىبارىلەر تەرەققىي قىلىپ «بۇغداي سۆز» قانچە كۆپەيگەنسېرى ، جانغا ئەسقاتىدىغان «بۇغداي نان»لار شۇنچە ئازىيىپ كەتتى ؛ مېدىتسىنا تېخنىكىسى قانچە تەرەققىي قىلىپ يېڭى دورا - ئۇسكۇنىلەر قانچە كۆپەيگەنسېرى ، داۋاسى تېپىلمايدىغان ئەجەللىك كېسەللىكلەر شۇنچە ئاپىرىدە بولۇشقا باشلىدى ؛ قاتناش ۋە ئۇچۇر ئالاقىسى قانچە راۋانلاشقانسېرى ، قەلبلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراقلاپ كەتتى ؛ ئاۋات شەھەرلەر قانچە كۆپەيگەنسېرى ، ئارقا كوچىلاردىكى ئەخلەت تاغلىرى شۇنچە ئېگىزلىدى ؛ ئادەملەر قانچە بېيىغانسېرى ، تەبىئەت ئانا شۇنچە نامراتلىشىپ كەتتى… بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمگە مۇقەررەر ھالدا تەبىئىيلىكنىڭ ، جۈملىدىن تەبىئىي ئادەملەرنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ . ئەمما ، باشقا سان - ساناقسىز جانلىقلار قاتارىدا ئادەممۇ تەبىئەت ئانىنىڭ بىر بالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، گەرچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى «ئىجتىمائىي قاتلام» ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن تەقدىردىمۇ ، «تەبىئىي قاتلام»نىڭ ئۇزۇل - كېسىل يوقىلىپ كېتىشى ناتايىن . چۈنكى ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئىككى قاتلامنىڭ مۇناسىۋىتىدە «تەبىئىي قاتلام» ئاساس . ناۋادا بۇ قاتلام مەۋجۇت بولمايدىكەن ، ئۇ ھالدا «ئىجتىمائىي قاتلام»مۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ . بۇ يەردىكى گەپ ، ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئىككى قاتلامنىڭ قايسىسىنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشىدە . ناۋادا بىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا «تەبىئىي ئادەم» خاراكتېرى ئۇستۇنلۇكنى

ئىگىلەيدىكەن ، ئۇ ئەلۋەتتە تەبىئىي ئادەم كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان بولىدۇ .

تەبىئىي ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى خۇددى ئانا تەبىئەتنىڭ غۇبارسىز ھۆسنىدەك گۈزەل ، پاك ۋە يارقىن بولىدۇ . ئۇنىڭ قات - قېتىدىن بىر ئەزگۈلۈك ، چىنلىق بالقىپ تۇرىدۇ . ئۇ مەيلى قايسى ماكاندا ياشىسۇن ۋە قايسى خىل تىلدا سۆزلىسۇن ، ھەق - ئادالەتنى قىزغىن سۆيىدۇ . يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى بولغان ئانا تەبىئەتنى ، جۈملىدىن ئانا تەبىئەت قوينىدىكى بارلىق ھاياتلىقنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قەدىرلەيدۇ . ئۇنىڭ قەلبى پاك ئىنسانىي تۇيغۇلارنىڭ قورۇماس بۇلىقى بولۇپ ، بۇ بۇلاقتىن چىن مېھىر - مۇھەببەت ، ۋاپا - ۋىجدان ، ئىنساب - دىيانەت تامچىلىرى ئۇقچۇپ تۇرىدۇ . بەزىدە بۇ بۇلاقتىن گەرچە بېسىپ بولماس بىر غەزەپ - نەپرەتنىڭ لاۋا ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقسىمۇ ، لېكىن ئۇ ياخشىلىق ، ئەزگۈلۈك ئۈستىگە ئەمەس ، بەلكى رەزىللىك ، ساختىلىقنىڭ ئۈستىگە چېچىلىدۇ . يەنە بەزىدە ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى رەزىللىككە ئوخشاپ قالسىمۇ ، لېكىن بۇ خىلدىكى تەبىئىي ئادەملەر رەزىللىككە رەزىللىك ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنى تاللىۋالغۇچىلاردۇر . چۈنكى ، ئۇلار جەمئىيەتتىكى تەكرار - يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تراگېدىيىلەر ئارقىلىق بەزىدە رەزىللىككە مېھرىبانلىق بىلەن قارشى تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ ، تەبىئىي رەۋىشتە شۇ خىل يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولغان .

ئىمىن رەمتىل دەل شۇنداق تەبىئىي ئادەملەرنىڭ بىرى . تەبىئىي ئادەم بولغاندىمۇ بۈگۈنكى جەمئىيەتتە بىز كۆرگەن ۋە كۆرۈۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىكى «تەبىئىي ئادەملىك قاتلىمى»نىڭ دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ، ئەكسىچە مەنىدىن ئېيتقاندا ، «ئىجتىمائىي ئادەملىك قاتلىمى»نىڭ دەرىجىسى — سوتسىيللىشىش دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان بىر تەبىئىي ئادەم . ئۇنىڭ تەبىئىي ئادەملىكىنى ئۇنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى

«ئىجتىمائىي ئادەملىك قاتلىمى» ئۇستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئەسلا كۆزگە سىغمايدىغان نۇرغۇن ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مەيلى گۈدەك بالىلىق چاغلىرىدا بولسۇن، مەيلى يالقۇنلۇق ياشلىق چاغلىرىدا ۋە مەيلى ھازىرقى ئۆزىنى توختاتقان مەزگىللىرىدە بولسۇن، سۇنئىيلىكتىن ئىزچىل يىراق تۇرۇپ كەلدى. ھەربىر سۆز، ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىشتىن بۇرۇن، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى «تەبىئىي ئادەملىك قاتلىمى»دىن چىققان تەبىئىي سادالارغا قۇلاق سالدى. بۇ تەبىئىي سادالار ئۇنى ھەمىشە دىگۈدەك تەمەلەردىن يىراق تۇرۇپ، ھالال ياشاشقا، ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارغا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت ۋە ئادالەتكە ئىنتىلىشكە ئۈندەپ تۇردى.

شۇ نەرسە ھەممىگە ئايانكى، فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكىتىگە مېڭە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئادەملەرنىڭ مېڭە قۇرۇلمىسى ئوپئوخشاش تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بىر شەيئى ياكى ھادىسىگە بولغان ئىنكاسى ئوخشاش بولمايدۇ؟ روشەنكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بارلىق زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى دەل مۇشۇ يەردە بولۇپ، بۇ تۈگۈننى يېشىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى، تولىمۇ چىگىشلىشىپ كەتكەن بۇ كونا تۈگۈننىڭ بىر ئۇچى ھەربىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىرسىيەت ئامىللىرىغا تۇتاشسا، يەنە بىر ئۇچى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە تۇتىشىدۇ. قالغان باشقا ئۇچلىرى بولسا تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتىگە، دۇنيا قاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە، ئەقىل بىلەن ھېسسىيات، نەزەرىيىۋى بىلىم بىلەن ئەمەلىي تەجرىبە قاتارلىق كۆپلىگەن ئىنچىكە مەسىلىلەرگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى «يەشكەن» تەقدىردىمۇ، قالغان ئۇچلىرى يەنە داۋاملىق چىگىش ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرمۇ بىرى ھەل قىلىنغىنى بىلەن يەنە بىرى پەيدا بولۇپ، مەڭگۈ داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بۇمۇ بىر تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ھېچكىمنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ .
خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، ئىمىن رەمتىلىنىڭ تەبىئىي ئادەملىكىمۇ ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ ، ئۆز تەبىئىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش «ئېشەكنىڭ كەينىگە ئاپتاپ چۈشسە ، قولىنى ئىسسىتىش» كويىدا يۈرمەيدۇ . ئەكسىچە ئەتراپىدىكى ھەممە كىشىلەر بىر قاشتا ، ئۇ يالغۇز بىر قاشتا قالغان تەقدىردىمۇ ئۆز تەبىئىتىگە ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايدۇ .
دەرۋەقە ، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى مىسلىسىز ئېشىپ يۇقىرى چەككە يەتكەن بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ، ھېچقانداق بىر ئادەم ھەممە ئىشنى يۈزدەيۈز ئۆز تەبىئىتى بويىچە قىلىشقا كاپالەت بېرەلمەيدۇ . چۈنكى ، دىن ، مەدەنىيەت ، سىياسەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ··· قاتارلىق مەجبۇرلاش خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان كۆپلىگەن ئامىللار ھەربىر ئادەمنىڭ ئىچكى تەبىئىتىگە ھەر ۋاقىت خىرىس قىلىپ تۇرىدۇ . بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بىر ئادەم ھەرقانچە قۇدرەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ ، ھەتتا ئۇ ھەرقانچە ئۇلۇغ داھىي ، زۇڭتۇڭ بولۇپ ، بىر ئەلنىڭ ھايات ـ ماماتىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ، بەزىدە ئۆز تەبىئىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدىغان چاغلىرى بولۇپ قالىدۇ . ئىمىن رەمتىلىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . گەرچە ، تەۋەلىك ئايرىشقا توغرا كەلسە ، ئۇ ھامان «تەبىئىي ئادەم» كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ ، لېكىن قىسمەن ئەھۋالدا ئۇنىڭمۇ ئۆز تەبىئىتىگە سادىق بولالمايدىغانلىقى يەنە بىر تەبىئىي ئەھۋال . ئۇنىڭ ئۇستىگە تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ ، بىر قارىسا تەبىئىي كۆرۈنىدىغان ، بىر قارىسا سۇنئىيلىككە ئوخشاپ قالىدىغان نەرسىلەر كۆپىيىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ، ئىمىن رەمتىلىنىڭمۇ زامان تەقەززا قىلغان سۇنئىيلىكلەردىن تامامەن يىراق تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ .

شۇنداق، ئەلمىساقتىن بۇيان ھەممە ئادەم كۆرۈپ كېلىۋاتقاندەك، كىچە بىلەن كۈندۈز ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرىدىغان بۇ دۇنيادا تەبىئىيلىك بىلەن سۈنئىيلىك، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ـ ھەسرەت ھەمدە ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق مەڭگۇ دەۋر قىلىپ ئالمىشىپ تۇرىدۇ. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كۆزەتكەندە، خۇددى بەخت ئىچىدە بەختسىزلىك، بەختسىزلىك ئىچىدە بەخت بولغىنىدەك، يورۇقلۇق ئىچىدە قىسمەن قاراڭغۇلۇق، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ قىسمەن يورۇقلۇق بولىدۇ. جۈملىدىن، تەبىئىيلىك ئىچىدە سۈنئىيلىك، سۈنئىيلىك ئىچىدە تەبىئىيلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئايرىلىشىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، تەبىئىيلىكنى مۇقەددەس ئانا تەبىئەت ئاپىرىدە قىلغان بولسا، سۈنئىيلىكنى ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەڭ ئەقىللىق جانلىق دەپ ھېسابلايدىغان ۋە ئەبەدىي قانائەت قىلمايدىغان ئادەم «ئىجاد» قىلغان بولىدۇ. تەبىئىي نەرسىلەر ئانا تەبىئەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئانا تەبىئەتكە قوشۇلۇپ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك قىممىتىنى تاپسا، سۈنئىي نەرسىلەر گەرچە قارىماققا گۈزەل كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل قىلىنغىنى ئۈچۈن ئانا تەبىئەتكە قوشۇلالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۈنئىي نەرسىلەر پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان ۋاقىتلىق قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قانۇنىيەت بىلەن ئۆلچىنىدىغان مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئەسلا ئىگە بولالمايدۇ. تېخىمۇ قاملاشمىغىنى، ئۇنى «ئىجاد» قىلغانلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، خۇددى «پارنىك ئېففېكتى»گە ئوخشاش، ئانا تەبىئەتكە، جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، مۇقەددەس ئانا تەبىئەتنىڭ سان ـ ساناقسىز پەرزەنتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىنسان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سۈنئىيلىكتىن يىراقلىشىپ،

تەبئىيلىكنى ساقلاشتىن ئارتۇق ئەھمىيەتلىك ئىش بولمايدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغان ئىچكى تۇيغۇلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ئۇزاق تارىختىن بۇيان مۇبالىغە، ئوخشىتىش، تولۇش، جانلاندۇرۇش... قاتارلىق خىلمۇخىل ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، جۈملىدىن مودېرنىزم، سۇر رېئالىزم، رومانتىزم... قاتارلىق خىلمۇخىل زامانىۋى ئېقىملار دەۋر سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئۇلۇغ ئابىدىلەرنى تىكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ سۇنئىي نەرسىلەردىن بىزار بولۇش خاھىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، نۆۋەتتە مۇبالىغە ۋە توقۇلمىلاردىن خالىي بولغان بىر خىل «راست ئىشلار ئەدەبىياتى» باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ھال بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇسلۇب ۋە تۈس جەھەتتىن يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان «ئەدەبىي ئاخبارات» ۋە «ئەدەبىي خاتىرە»لەرنى بەلگە قىلغان ھالدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەدەبىيات ئالدىنقى قۇرلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغان ئىچكى تۇيغۇلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر پەن بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ بېرىشى مۇقەررەر ھادىسە. بۇ خىل مۇقەررەرلىك تىل، ئىقتىساد ۋە باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىدە دۇنياۋى سەھنىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالالمايۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئالللىقاچان ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىدى. ئىجتىھاتلىق ئەدىب ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، ياش ئالىم ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئۆمەرجان ئىمىننىڭ «تارىمنىڭ يۇرىكىدىكى ئوت»... قاتارلىق يېقىندا نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بىر تۈركۈم يىرىك ئەسەرلەر بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. گەرچە

كەمىنە مۇئەللىپىنىڭ گال قەلىمىدىن تامغان، «تەبىئىي ئادەم»نىڭ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «تەرسا ئادەم» ماۋزۇلۇق بۇ ئەسەر بەدىئىي سۈپەت ۋە باشقا تەرەپلەردىن ئۇ ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردىن ئورۇن ئالالمىغان تەقدىردىمۇ، نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشى بولغان توقۇلما ـ پەردازلاردىن خالىي، ئەينەن، تەبىئىي يېزىش جەھەتلەردە ئاشۇ ئەسەرلەر بىلەن ياندىشىپ بىر سەپ ھاسىل قىلالايدۇ. ئەسەر نامىنىڭ «تەرسا ئادەم» دەپ قويۇلغىنىغا كەلسەك، بۇنىڭدا ئىمىن رەھىملىنىڭ ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلدى.

ئاخىرىدا يەنە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئىمىن رەھىملى بىر تەبىئىي ئادەم. ئۇنىڭ تەبىئىيلىكى، بىرىنچىدىن، بالىلىق دەۋرىدە تەبىئىي ھالدا يېتىلگەن خاراكتېرىنىڭ تا ھازىرغىچە ئۆزگەرمىگەنلىكىدە كۆرۈلسە، ئىككىنچىدىن، ھەربىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىقتىسادىي پايدا ـ زىيىنىنى ياكى ئىجتىمائىي تەسىرى قاتارلىقلارنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن، ۋۇجۇدىدا ئويغانغان دەسلەپكى تەبىئىي تۇيغۇغا ئاساسەن ئىنكاس قايتۇرۇشىدا كۆرۈلىدۇ. روشەنكى، مۇشۇنداق بىر تەبىئىي ئادەمنى يېزىشتا، مۇبالىغە، توقۇش، پەردازلاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئاشۇ تەبىئىي ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. جۈملىدىن، ئىمىن رەھىملىدىن ئىبارەت رېئاللىقتىكى بۇ جانلىق ئادەمنى كىتاب يۈزىدىكى جانسىز تىپقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئەدىبلەر ئەدەبىياتتا بۈگۈنگە كەلگۈچە ھەرخىل ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە تىپ ياكى ئوبراز يارىتىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلىپ كەلدى. بۇنى ئالدىراپ ئىنكار قىلىشمۇ تازا ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئەدەبىيات ياراتقان ئاشۇ ئىجابىي تىپ ـ ئوبرازلاردىن رېئاللىقتىكى كىشىلەر ئۆزىگە مەنىۋى ئوزۇق ئالسا، سەلبىي تىپ ـ ئوبرازلاردىن ئىبرەت ـ ساۋاق ئېلىپ كەلدى. ۋەھالەنكى، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ خىل ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە

جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەدەبىيات ياراتقان تىپ ـ ئوبرازلاردىن ئەمەس ، بەلكى رېئاللىقتىكى رەڭگارەڭ ئەمەلىي مەسىلىلەردىن ۋە ئاشۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر ئارىسىدىكى راست ئىش ، راست ئادەملەردىن ئىلھام ياكى ئىبرەت ئېلىپ كەلدى . ئالدىنقىسى ئەدەبىياتنىڭ كۈچى بىلەن يارىتىلغان يارقىن تىپ ـ ئوبرازلار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار جانسىز . كېيىنكىسى رېئاللىقنىڭ كۈچى بىلەن يارىتىلغان ئاددىي ياكى قوپال تىپ ـ ئوبرازلار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار جانلىق . بۇ خىل جانلىق ، تەبىئىي تىپ ـ ئوبرازلارنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلى ، ئەلۋەتتە ئەينەن يېزىشتىن ئىبارەت . ئۇنداق بولمايدىكەن ، خۇددى تەبىئىي سۇتكە سۇ ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويسا ئۇنىڭ رەڭگى بۇزۇلمىغان ھالەتتىمۇ ، تەمى ۋە تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ئىش بولىدۇ . شۇڭا ، بىز نەپەس ئېلىۋاتقان مۇشۇ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ، بىز دەسسەپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ تۇپراق ئۈستىدە بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئىمىن رەمتىلدىن ئىبارەت بۇ «تەبىئىي ئادەم»نى ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھالىتى بويىچە تاپشۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممىلا نەرسىنى ، جۈملىدىن — يەر ـ جاي ۋە ئادەم ئىسىملىرىدىن تارتىپ ، ۋاقىت ، شارائىت ۋە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگىچە بولغان ھەممە نەرسىنى ئەينەن يېزىشقا توغرا كەلدى . مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى بىلەن بىللە ، يېزىش ئۇسۇلىدا كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى تەنقىدىي رەۋىشتە كۆرسىتىپ بېرىشىنى ، شۇنداقلا كىتاب مەزمۇنىدا كۆڭۈلگە ياقمىغان تەرەپلەر بولسا ئىلمىي پوزىتسىيىدە توغرا مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن . چۈنكى ، بىزنىڭ ئېتىراپ قىلىش ـ قىلماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر ، رېئاللىق ھەقىقەتەن رەھىمسىز بولىدۇ…

2007 ـ يىلى ئىيۇل ، مەكىت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چېمپىيون

1967 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بويى پاكار بولسىمۇ چاقماقتەك گەپ قىلىدىغان سېرىق چاچ ، كۆك كۆز ، ئاق پىشماق كەلگەن بىر بالا يانتاق مەركىزي باشلانغۇچ مەكتىپىگە كېلىپ ، ئىشىكنىمۇ چېكىپ تۇرماستىن ، ئۇدۇل كەلگەن بىر ئىشخانىغا ئۇسۇپلا كىردى ـ دە ، بالىلارغا خاس چۈچۈك تىلى بىلەن :

— مەن ئوقۇيمەن ، — دېدى .

دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان قوپال سىدام شىرە ئۈستىگە يېيىلغان ئالىـــقانداق قەغەزلەرگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇۋاتقان مۇئەللىمە قايرىلىپ قاراپ ، بالىدىن گەپ سوراشقا باشلىدى :

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟

— مەن يەتتە ياشقا چىدىم ، ئاكام ئون ياشقا چىدى .

— ئىسمىڭىز نېمە ؟

— ئىمىنجان .

— دادىڭىزنىڭ ئىسمىچۇ ؟

— ئاتامنىڭما ؟ ئاتامنىڭ ئېتى رەمتىلاخۇن .

— ئۆيىڭىز نەدە ؟

— بىزنىڭ ئۆي ئاۋۇ يەردە .

ئۇنىڭ بۇدرۇق قوللىرىنى سوزۇپ ، يېزا مەركىزىنىڭ مەغرىب تەرىپىنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئوماق قىياپىتىگە قاراپ ، مۇئەللىمە ئۇنى باشقا بالىلار بىلەن ئىختىيارسىز سېلىشتۇرۇپ قالدى . گەرچە بوي ـ تۇرقى ، چىرايى ۋە كىيىنىش جەھەتلەردىن بۇ بالىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ مۇئەللىملىك

قىلىۋاتقان شۇنچە يىللاردىن بۇيان ، مەكتەپكە ئۆزى يالغۇز كېلىپ ، ئۆزىنى ئۆزى ئوقۇشقا تىزىملاتقان مۇنداق بالىنى تېخى ئۇچراتمىغانىدى . ئاتا - ئانىلىرى تىزىملىتىشقا ئېلىپ كەلگەن بالىلارنىڭمۇ ھەممىسى دېگۈدەك تىرنىقىنى تاتىلاپ ، پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ، ئۇن ئېغىز گەپ سورىسا بىر ئېغىز جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالىدىغان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ، يېشى قاتارلىقلارنى ئاتا - ئانىسىدىن سوراپ يېزىشقا توغرا كېلەتتى .

— ئىسمىڭىز بەك چىرايلىقكەن ، — دېدى ئۇ بالىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ، — لېكىن دەپتەرگە ئىمىنجان رەمتىلاخۇن دەپ يازساق گرافىغا سىغمايدۇ . شۇڭا ، ئىمىن رەمتىل دەپ يازىمىز . مانا ، يېزىۋەتتىم ئەمىسە ، بۈگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئىمىن رەمتىل بولىدۇ .

— ئەمدى ئىمىنجان دېسە ھە دېمەيمەنما ؟

— ياق ، ئۇنداقمۇ ئەمەس ، — دېدى مۇئەللىمە كۈلۈپ كېتىپ ، — ئىمىنجان دېسىمۇ ھە دەۋېرىسىز . ئۆيدە ، بازاردا ، تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا سىزنى يەنىلا ئىمىنجان دەپ چاقىرىۋېرىدۇ . پەقەت مەكتەپتىكى يوقلىما دەپتەردە ئىمىن رەمتىل دەپ چاقىرىدۇ .

— سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە خانىم ؟

— مىراجىخان .

— مېنى سىز ئوقۇتامسىز ؟

— ھەئە ، مەن ئوقۇتىمەن .

— ئاخشاملىققا ئۆيگە بارغاندا ، خانىمنىڭ ئېتى نېمىكەن دېسە ، مەرەجىخان دەپ بېرىمەن تازا .

— ياق ، ياق ، مەرەجىخان ئەمەس ، مىراجىخان .

— شۇ ، مەنمۇ مەرەجىخان دېدىمىيا ؟

مىراجىخان خانىم بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆزىنى «مەرەجىخان» دەپ ئاتىشىغا كۆنۈپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزى ئوقۇشقا كېلىپ ئۆزىنى ئۆزى تىزىملاتقان بۇ زېرەك بالىغا ئىسمىنىڭ توغرا تەلەپپۇز

www.uyghurkitap.com

قىلىنىشىنى دەپ بىرنۆدى ، ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا «مەرەجىخان» دەپ تورۇۋالدى . «تووا ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ، — بۇ ياشتىكى باللارغۇ بىلمىسۇن ، چوپچوڭ ئادەملەرنىڭمۇ ، ھەتتا بىللە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇئەللىملەرنىڭمۇ مىراجىخان بىلەن مەرەجىخاننى پەرق قىلالمىغانلىقىنى قارىماملىغان ... ئەجەبا ئەلنىڭ سەۋىيىسى شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانمىدۇ ؟ ئەجەبا ئۇلار مىراجىخان دېگەن داڭلىق خەلق ناخشىسىنىمۇ ئاڭلىمىغان بولغىيمىدى ؟ بۇ ئاي ، بۇ كۆڭلەردىغۇ خەلق ناخشىلىرىنى «سېرىق ناخشا» دەپ چەكلىۋېتىشتى . ھېچبولمىسا ئىسمىمنى مەرەجىخان دەپ چاقىرىدىغانلار ، ئەلمىساقتىن بۇيان «لەڭپۇڭخان» ، «مەرەجىخان» ، «دوغجان»··· دەيدىغان ئىسىملارنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ ؟ !···

— بوپتۇ ، نېمە دېسىڭىز دەڭ ، — دېدى ئۇ ئاخىر بالا بىلەن تەڭ بولماسلىقنى ئويلاپ ، — ئىسمىڭىزنى دەپتەرگە تىزىملاپ قويدۇم . ئەتە ئەتىگەندە دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ كېلىپ ئاۋۇ سىنىپقا كىرىسىز . مەن بىلەن مېڭىڭ ، سىنىپىڭىزنى كۆرسىتىپ قوياي .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىمىن رەمتىل ئانىسىنىڭ «ناشتا قىلىۋال» دېگىنىگىمۇ ئۇنىماستىن ، دەپتەر ـ قەلەملىرىنى سېلىپ تەخ قىلىپ قويغان تەللىسىنى ئېسىپ ، تېخى سىنىپلارنىڭ ئىشىكى ئېچىلماستىلا مەكتەپكە باردى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھايات دەپتىرىدىن يېڭى بىر بەت ئېچىلىپ ، كۆن بويى ئۆيگە كىرمەي ئوينايدىغان بالىدىن ، مانا ئەمدى مەكتەپكە ئىشتىياق باغلاپ ، دەرس ۋە باشقا پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى . ئۇ مەيلى دەرس ، مەيلى تەنھەرىكەت ۋە مەيلى باشقا پائالىيەتلەردە بولسۇن ، تەڭتۇشلىرىدىن كېيىن قېلىشنى زادىلا خالىمايتتى . سىنىپ ۋە مەكتەپ تەشكىللىگەن پائالىيەتلەردىن باشقا ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆزىمۇ ئۆز ئالدىغا «پائالىيەت» تەشكىللەپ ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇراتتى . «پاينەك سوقۇشتۇرۇش» ئەنە شۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئەڭ قىزىقارلىقى بولۇپ ، ئىمىن رەمتىل

ئاۋۋال تەشكىللىگۈچى ياكى رىيىرى بولۇپ ئويۇننى باشلايتتى . كىم ئۇتتۇۋالسا ، ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا قارشى مەيدانغا چۈشەتتى .

بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى : ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى ئاللىقاچان ئىككىنچى مەۋسۇمغا قەدەم قويۇپ ، مەكتەپنى خۇددى ئۆزىنىڭ باغچىسىدەك كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىمىن رەمتىل چۈشلۈك ئارام ئېلىشتا ئۆيگە قايتمىغان بالىلارنى يىغىپ ، «پاينەك سوقۇشتۇرۇش»نى باشلىۋەتتى . ئاۋۋال ئاۋۇت ، بەختىيار ، ئىمىن رەمتىللەر بىر گۇرۇپپا بولدى . سەمەت ، دىلشات ۋە ئېلىيارلار يەنە بىر گۇرۇپپا بولدى . ئاندىن ئويۇن ئېھتىياجى بويىچە ئىمىن رەمتىل بىلەن بەختىيار ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى ئاۋۇتنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ، پۇتى بىلەن قولىدىن تۇتۇپ ساڭگىلىتىپ ئاللىقازان ئېتىپ كۆتۈردى . يەنە بىر گۇرۇپپىدىن دىلشات بىلەن ئېلىيار سەمەتنى ئوخشاش ئۇسۇلدا ئاللىقازان ئېتىپ كۆتۈردى . ئاندىن ئۇلارنىڭ «پاينىكى»نى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇللاپ ، «بىر ! ئىككى ! ئۈچ !» دېگەن كوماندا بىلەن تەڭ ، ئىككى «پاينەك»نى بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇردى . «پاينەك»لەر ئۆزئارا سوقۇشقاندا ، خۇددى قوچقار سوقۇشقاندا چىقىدىغان ئاۋازغا ئوخشاش «گۇرس !» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى . سوقۇشتۇرۇش ئون ئۈچ قېتىمغا يەتكەندە ئاۋۇت بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى . ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويۇشىنى خالىمىغان ئىمىن رەمتىل دەرھال ئاۋۇتنىڭ ئورنىغا ئۆزى چۈشتى . ئاۋۇت يەردىمۇ ئولتۇرالماي ، سۆڭگىچىنى تۇتۇپ ئېڭىشىپ قالغاچقا ، بەختىيار بىلەن پازىل ئىمىن رەمتىلنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپ ، پۇتى بىلەن قولىدىن تۇتۇپ ئاللىقازان ئېتىپ كۆتۈردى ـ دە ، بايىقىغا ئوخشاش «بىر ! ئىككى ! ئۈچ !» دېگەن كوماندا بىلەن تەڭ ، ئىمىن رەمتىلنىڭ «پاينىكى»نى سەمەتنىڭ «پاينىكى»گە كۈچەپ ئۇردى . ھەر قېتىم «گۇرس !» قىلغان ئاۋاز چىققاندا ، سەمەت ئىختىيارسىز ئىنجىقلايتتى . ئىمىن رەمتىل بولسا سۆڭگىچىدىن تارالغان ئاچچىق يەلگە ئوخشاش بىر خىل ئاغرىقنىڭ تاكى بېشىغا بېرىپ توختىغۇچە ، بەل ئومۇرتقىسىنى بويلاپ

ئۇستۇنگە ئۆرلەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئۇتتۇرۇپ قويماسلىق ھەم ئىنجىقلاپ سالماسلىق ئۈچۈن چىشىنى چىڭ چىشلەپ چىداپ تۇراتتى. ياندا تاماشا كۆرۈۋاتقان بالىلار ئۈنلۈك ئاۋازدا «بىر، ئىككى، ئۈچ...» دەپ ساناپ تۇراتتى.

— توختا! ھۇ قىلىقسىز شۇملار!...

ئىمىن رەمتىل بىلەن سەمەتنى ئاللىقازان ئېتىپ كۆتۈرۈپ ئىككى «پايىنەك»نى سوقۇشتۇرۇۋاتقانلار تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز توختاپ، ئۇلارنى يەردە قويۇشتى.

— ھەرقايسىڭ ئوقۇغۇچىمۇ ياكى قىلىقسىزلىقتا ئۈچىغا چىققان قۇلاق كەستىلەرمۇ؟! كوچىدىكى تەربىيىسىز قالغان يېتىم بالىلارمۇ ھەرقايسىڭ قىلغان بۇ قىلىقسىزلىقنى قىلمايدۇ. نومۇس قىلماي قىلىۋاتقان ئىشىنى قارا بۇ شۇملارنىڭ! قېنى ئېيتىشە، بۇ ئىشنى قايسىڭ تاپتىڭ؟!

بالىلار تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاچچىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، يەرگە قارىشىپ ئۈن - تىنسىز جىم تۇرۇشتى.

— قېنى ئىمىن رەمتىل بارمۇسەن؟ سەن دەپ باقە، بۇ قىلىقسىزلىقنى زادى كىم تاپتى؟!

— مەن ئەمەس مەلىم. مەن كەلسەم باللا ئويناۋېتىپتىكەن شۇ.

— بۇگۈنكى بۇ ئىشنىلا دېمىدىم، قاچان مۇشۇ قىلىقسىزلىقنى ئۇچراتسام شۇ يەردە سەن بار. سېنىڭ تاپقان ئىشىڭمۇ يا؟!—

— ياق، مەلىم، مەن مەكتەپكە چىمەستە...

— بولدى، بولدى، تولا گەپ يورغىلاتما. مەن شۇنى دەپ قوياي، ھەرقايسىڭ دېگەن ئوقۇغۇچى. ئوقۇغۇچى دېگەن ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان بولۇشى كېرەك. نومۇس قىلماي مەكتەپتە قوڭ سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئويناپ يۈرۈشسەڭ، بىرەرىڭنىڭ سۆڭگىچى ئاجراپ كەتسە قانداق قىلىشىسەن؟! كىمدە كىم يەنە مۇشۇ ئويۇننى ئوينايدىكەن، مەن ئەمدى يۈز - خاتىر

قىلمايمەن ! بولۇپمۇ ئىمىن رەمتىل ، سەن دىققەت قىل !
مۇئەللىمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ، خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرسكە داڭ چېلىندى . باياتىن بېرى تارقىلىپ كېتەلمەي ئاران تۇرۇشقان بالىلار سىنىپ - سىنىپلارغا قاراپ يۈگۈرۈشتى .
ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ شەنبە يېتىپ كەلدى . ئادەتتە ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈپ بولۇنغاندىن كېيىن بالىلار تازىلىقنى تەشكىللىنەتتى ھەمدە تازىلىقتىن كېيىن قويۇپ بېرىلەتتى . بۇ كۈنى مەكتەپتىن بالدۇر بىكار بولغان بالىلارنىڭ بىر قىسمى ئۆيىگە قايتماي مەكتەپتە ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايتتى . بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى : يوقلىما تۈتقان دىجورنى ئوقۇتقۇچى سىنىپلارنىڭ تازىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نومۇر قويۇپ بولغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى . ئەمدى مەكتەپتە بىرمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرگەن ئىمىن رەمتىل ئۆتكەنكى ئۆردەك - غازى ئايرىلمىغان «پايىنەك سوقۇشتۇرۇش»نى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئاۋۋال سەمەتنى ئىزدەپ تاپتى :
— قانداق ؟ — دېدى ئۇ سەمەتنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، — ۋاك دېدىڭمۇ ، يا مەيدانغا چۈشەلەمسەن ؟ !
— ۋاك دەيدىغان مېكىيان ئەمەس مەن ، — دېدى سەمەتمۇ ھۆرپىيىپ .
— ئەمىسە ئادەملىرىڭنى تېپىپ كەل . توپ مەيداندا كۆرۈشىمىز .
ھايال ئۆتمەي توپ مەيدانغا بىر توپ بالا يىغىلىشتى . سەمەت ئىمىن رەمتىل بىلەن بىر سىنىپتا بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئىمىن رەمتىلدىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئىمىن رەمتىلنى يېڭىۋالىمەن دەپ ئويلايتتى . ئىمىن رەمتىل مەيلى يېشى ، مەيلى بوي - بەستى جەھەتتىن بولسۇن سەمەتتىن كىچىك بولسىمۇ ، تا مۇشۇ كۈنگىچە چېلىشىش بىلەن «پايىنەك سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنىدا

www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق بالىغا ئۇتتۇرۇپ باقمىغانىدى. ئىككى «باتۇر»نىڭ مەيدانغا چۈشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بالىلار بىردىن ـ ئىككىدىن توپ مەيدانىغا يىغىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككىنچى، ۋە ئۈچىنچى سىنىپىنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىدى. بىرىنچى سىنىپىنىڭ بالىلىرى بولغان ئىمىن رەمتىل بىلەن سەمەتنى تەگتۇشلىرى ئاللىقازان ئېتىپ كۆتۈرسە، «پاينەك سوقۇشتۇرۇش» بەش ـ ئون قېتىمغا يەتكەندە كۆتۈرگەنلەر ھېرىپ قېلىپ، ئادەم ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، بۇ قېتىم ئىمىن رەمتىل بىلەن سەمەتنى ئۈچىنچى سىنىپىنىڭ بالىلىرى كۆتۈردى. ئاندىن ئىككى تەرەپتىن ئىككى بالا رېپىرى بولۇپ، «پاينىكى» سوقۇشتۇرۇلىدىغانلارنىڭ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقى ئاختۇرۇلۇپ، قەلەمتىراچ ۋە باشقا تۆمۈر ـ تەسەكىنىڭ يوقلۇقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن سوقۇشتۇرۇش رەسمىي باشلاندى. ھەر قېتىم ئىككى «پاينەك» بىر ـ بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلغاندا چىقىدىغان «گۈرس!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تاماشا كۆرۈۋاتقان بالىلار ساناپ تۇراتتى. ساناق قىرىق بىرگە يەتكەندە سەمەت پاڭگىدە يىقىلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىدىن كىچىك بولغان ئىمىن رەمتىلگە ئۇتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن چىشىنى ھەرقانچە چىڭ چىشلەپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانىدى.

— يا ئاللا، — دېدى ئۈچىنچى سىنىپتىكى بالىلاردىن بىرى، — يانتاق تەۋەسىدە تېخى ھېچكىم ئۇتتۇز قېتىم سوقۇشتۇرۇشقا چىداپ باقمىغان. ماۋۇ سىرىقنىڭ پاينىكى تۆمۈركەن جۇما، تۆمۈر!

— تۆمۈر بولسىمۇ بۇ ۋاققا ئېگىلىپ كېتەتتى. چويۇنكەن دېگىنە، چويۇن.

— ماڭاۋە، چويۇن دېگەن قازان قۇيىدىغان نەرسە شۇدۇ؟ بۇنىڭ قوڭى بىلەن قازاننى سوقۇشتۇرسىمۇ، قازان چېقىلىپ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدىكەن جۇما.

— ...

بالىلار شۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتقاندا، ئىمىن رەمتىل ئۇلارنىڭ

ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، مەيداندىكى ياغاچ جاھازلىق گارنىڭ يان ياغىچىغا يۆلەندى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىچى قاداق بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، قاتتىقراق تىنسىمۇ ئاغرىيتتى. سەمەتنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولۇپ، سۆڭگىكى ئاغرىپ، ئولتۇرالماس بولۇپ قالغاچقا، ئىككى ئادىشىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ خۇددى ئۇرۇشتا يارىلانغان ئەسكەردەك دىڭگوسلاپ مېڭىپ، سىنىپ تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

مۇشۇ قېتىملىق «پاينەك سوقۇشتۇرۇش»تىن كېيىنمۇ، گەرچە ئوقۇغۇچىلار كۆرمەستە ياكى تەتىل كۈنلىرىدە پات - پات «پاينەك سوقۇشتۇرۇش» بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەمدى ھېچكىم ئىمىن رەمتىل بىلەن مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماس بولۇپ قالغانىدى. ھەتتا يۇقىرى يىللىق سىنىپنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مەيدانغا چۈشۈشتىن ئۆزىنى تارتاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىمىن رەمتىل «پاينەك سوقۇشتۇرۇش» تۈرى بويىچە بالىلار ئارىسىدا ھېچكىم رىقابەتلىشەلمەيدىغان «چېمپىيون» بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ «چېمپىيون»لۇقنى تاكى بالىلىق مەزگىلى بىلەن خوشلاشقۇچە ئىزچىل ساقلاپ قالدى.



# «قۇلاق كەستى»

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئىمىن رەمتىل ھەر يىلى بىردىن سىنىپ كۆچۈپ ، ئەمدى ئۈچىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ئويۇن ـ تاماشىدىلا بولغاچقا ، ئۈچىنچى سىنىپقا كۆچۈپمۇ ساۋاتسىز قېلىۋەردى . ئىمتىھان ئالسا ، مەيلى مەۋسۇملۇق ، مەيلى يىللىق ئىمتىھان بولسۇن ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتەتتى . ئەمما ، ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئايرىم خەت ئوقۇتسا ياكى دوسكىغا چىقارسا ساۋاتسىزلىقى بىلىنىپ قالاتتى .

تېخىمۇ قاملاشمىغىنى ، ھەر دۈشەنبە كۈنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن مەكتەپكە ئەرز قىلىپ كېلىدىغانلار چىقىپ تۇراتتى .

— ئىمىن رەمتىل دەيدىغان بىر قۇلاق كەستى سىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىڭلاركەن ، — دېدى بىر دۈشەنبە كۈنى بىر دېھقان مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ، — تۈنۈگۈن بازارغا كەلگەنىدىم . ئېشەك ھارۋامنى بىر بىكار يەرگە چىقىرىپ قويۇپ ، ئالتە ياشلىق ئوغلۇمنى ھارۋىنى بېقىشقا قالدۇرۇپ ، ئۇلاغ بازىرىغا چىرىپ چىقسام ، ئوغلۇم يىغلاپ ئېقىپ كېتىپتۇ . نېمە بولدۇڭ دەپ سورىسام ، ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئېشەكنى كۆرسەتتى . قاراپ باقسام ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى ئاستىدىن قان ئېقىپ تۇرىدۇ . زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىسام ، سىلەرنىڭ ھېلىقى ئىمىن رەمتىل دېگەن قۇلاق كەستىڭلار ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى ئاستىغا پوجاڭزا قىستۇرۇپ ئېتىپتۇ . بالام بىرىپ توسسا ئۇرۇپتۇ . ئوقۇغۇچىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەمدۇ ، يا قۇلاق كەستى تەربىيىلەمدۇ ؟ !...

مەكتەپ مۇدىرى دېھقانغا نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ياساش بىلەن بىللە، ئېشەكنى چارۋا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، بۇ ئىشنى ئاران تۈگەتتى.

— ئىمىن رەھىمتىل دەيدىغان قۇلاق كەستى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقامدا؟ — دەپ كەلدى يەنە بىر دۈشەنبە كۈنى بىر قوغۇنچى بوۋاي، — ئەتىيازدا سىدىق شۇجىدىن مىڭ تەستە رۇخسەت ئېلىپ، باغ ئىچىدىكى ئىككى مو يېرىمگە قوغۇن تېرىغانىدىم. ئىككى - ئۈچ ئايدىن بۇيان بالامنى پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىلىپ، ھەربىر تۈپ پىلەكنىڭ قېشىغا ئاز دېگەندىمۇ يۈز قېتىمدىن بارغاندىمەن. قوغۇنلار تازا ئوخشاپ، ئالدى قوش مۇشتتەك يوغىنىغانىدى. خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر - ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزسەم بازارغا سالارمەن دەپ يۈرسەم، تۈنۈگۈن كۈپكۈندۈزدە ئىمىن رەھىمتىل دېگەن قۇلاق كەستى قوغۇنلۇققا چۈشۈپ، پىلەكلەرنى پېتىقلاپ، سويمىلارنى ئۈزۈپ رەسۋا قىلىۋېتىپتۇ. بىرنەچچە سويمىنى ئۈزۈپ يېسىمىغۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى. بىرنى ئۈزۈپ چىشلەپ تاشلىۋېتىپ، يەنە بىرنى مۇشتلاپ يېرىپ تاشلىۋېتىپ، جۆغى - جەمى يىگىرمە - ئوتتۇزدىن ئارتۇق سويمىنى نابۇت قىپتۇ. بۇنى ئاز دەپ، كۆڭلىكىنىڭ ئايغىنى بوغۇپ خالتا قىلىپ، بەش - ئون سويمىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئاڭلىسام، ئۆزىدىن باشقا يەنە تۆت - بەش قۇلاق كەستىنى يىغىپ، تۈردى تاشنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھېكايە - چۆچەك ئاڭلىغاچ سويما يەيدىكەن...

مۇدىر بۇ قوغۇنچىغىمۇ نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، ئىمىن رەھىمتىلنى چوقۇم تېگىشلىك جازاغا تارتىدىغانلىقى ۋە لازىم تېپىلغاندا يۇقىرى يىللىق سىنىپلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، ھەقسىز ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ يۈرۈپ، قوغۇنچى دېھقاندىن ئاران قۇتۇلدى. ئاندىن ئىمىن رەھىمتىلنى چاقىرتىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاق كايىش بىلەن بىللە، ئەگەر

قىلمىقسىزلىقلاردىن قول ئۈزۈپ ياخشى ئوقۇمايدىغان بولسا، مەكتەپتىن قايتۇرۇۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

بىراق، «ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۈجمە سېغىزىچە» دېگەندەك، ئاردىن بىرەر ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەي ئىمىن رەمتىل ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ ئوسال ئەھۋالغا قالدۇرغان بىر ئىسكى قىلىپ سالدى: مەكتەپتىكى كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيى سىرتتا بولسىمۇ، يېڭىدىن توي قىلغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۆي قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەكتەپ ئۇلارغا بىر بىكار سىنىپنى ۋاقىتلىق ياتاق قىلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بەرگەنىدى. ئىمىن رەمتىل دېرىزە تۆۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ياتاق ئىچىدىن چىقىۋاتقان غەيرىي بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى ۋە ئىختىيارسىز قىزىقىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپتۇ. ئەسلىدە يېڭىدىن توي قىلىپ «شېرىن ئاي» ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ئەر ـ خوتۇنلار دەرستىن چۈشۈپلا ياتاققا كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاشنىمۇ ئۇنتۇپ يوتقانغا كىرىۋېلىشقانىدى. بۇنى كۆرگەن ئىمىن رەمتىل قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ يەتتە ـ سەككىز ساۋاقدىشىنى ئىشىك ئالدىغا باشلاپ كەلدى ۋە ئۇلارنى ئىشىك يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىگە قاراپ بېقىشقا قىزىقتۇردى. ئىمىن رەمتىلنىڭ ھەممە ئىشىغا قىزىقىدىغان بۇ باللار «ئۆي ئىچىدە بىز كۆرۈپ باقمىغان بىرنەرسە بار ئوخشايدۇ...» دەپ ئويلاپ، ئىشىك يوچۇقىدىن ماراشقا باشلىغاندا، ئىمىن رەمتىل ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىزلا پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر ئىتتىرىۋىدى، ئىچىدىن تاقالمىغان ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ، باللار بىرىنىڭ تۆپىگە بىرى يىقىلىپ، ھەممىسى ياتاق ئۆي ئىچىگە موللاقلاپ چۈشتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ھودۇقۇپ كەتكەن ئەر ـ خوتۇنلارمۇ يوتقاندىن ئىتتىك قوپۇپ، ئالدىراشلىقتا كىيىم ـ كېچەكلەرنى تەتۈر كىيىشىپ، دىر ـ دىر تىترەپ تۇرۇشتى...

بۇ ئىش ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن مەكتەپكە پۇر كەتتى. گەرچە يېڭىدىن توي قىلغانلار قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن بولسىمۇ،

لېكىن ئۇلار ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇلارنى ماراپ يۈرۈشى ۋە تېخى «تۇتۇۋېلىشى» پۈتۈن مەكتەپتە سۆز - چۆچەككە ئايلىنىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئوبرازىغا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزگەنىدى. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن مەكتەپ مۇدىرى ئىمىن رەمتىلنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى - دە:

— سېنى «قۇلاق كەستى» دەپ ئەيىبلەپ ئەرز قىلىپ كەلسە تازا ئىشەنمەي، ئەرز قىلغانلارغا تەربىيە قىلىپ يولغا ساپتىكەنمەن. ئەسلىدە سەن كەم - كۈتىسىز بىر قۇلاق كەستى ئىكەنسەن. مەكتەپ قۇلاق كەستى تەربىيىلەيدىغان جاي ئەمەس. ئەتىدىن باشلاپ يوقلىمىدىن ئىسمىڭ ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەمدى مەكتەپكە دەسسىگۈچى بولما! — دېدى.

مۇدىرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىمىن رەمتىلنىڭ مەكتەپتىن ھەيدەلگىنىدىن دېرەك بېرەتتى. ساۋاتسىز بولسىمۇ بۇنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىمىن رەمتىل بىرنەچچە كۈنگىچە مەكتەپكە بارمىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى تەللىسىنى ئېسىپ ئۆيدىن چىقاتتى - دە، بەزىدە تۆردى تاشنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چۆچەك ئاڭلىسا، بەزىدە كەچكىچە ئىتلارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ئىت تالاشتۇرۇش بىلەن بولاتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، رەمتىل ئاكا ئوغلىنىڭ مەكتەپكە بارمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاۋۋال مەكتەپكە چىقىپ ئەھۋالنى ئۇقۇشتى. ئاندىن مۇدىر بىلەن تەپسىلىي پاراڭلىشىپ، ئىمىن رەمتىلنى مەكتەپ بويىچە ئەڭ قاتتىق قول، ئەڭ تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى — ئىمىن كېرەمنىڭ سىنىپىغا ئۆز قولى بىلەن ئەكىرىپ بەردى.

ئىمىن كېرەم مەكتەپنىڭ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ چاغلاردا بەشىنچى يىللىق سىنىپنى ئوقۇتاتتى. ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋاتسىز قالغان بىر كەپسىز بالىنى بىۋاستە بەشىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلىپ، قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە ئۇنى بەشىنچى سىنىپنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئاسان ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئىمىن كېرەم ئۆمرىنىڭ

يېرىمنى دېگۈدەك ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن رەمتىل ئاكا بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە يېقىن مۇناسىۋەتتىنىڭ تۈپەيلىدىن رەت قىلالماي، ئىمىن رەمتىلنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا ئوقۇغۇچىلارغا بەشىنچى سىنىپنىڭ دەرسىنى ئۆتسە، ئىمىن رەمتىلگە ئىشنى ئېلىپبەدىن باشلىدى. ئۇنىڭ گاھىدا قاتتىق، گاھىدا سىلىق، يۇمشاق گەپلەرنى قىلىپ قىزىقتۇرۇشى ھەمدە رەمتىل ئاكىنىڭ ئۆيىدە كۈندە دېگۈدەك سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئىمىن رەمتىل ئۈچ يىلغىچە چىقمىغان ساۋاتىنى بىر يېرىم ئايدا چىقىرىپ، بىر ئوقۇغۇچىغا ئوخشىدى ھەمدە كېيىنكى مەۋسۇملاردا باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا ئۆرلەش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، پۇختا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.



## ئىسيانچى

ئەمەن رەمتىل تولۇقسىز ئوتتۇرىغا ئۆرلىگەن 1970 - يىللارنىڭ بېشى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تازا ئۇچىغا چىققان مەزگىلگە توغرا كەلدى . ھە دېسىلا مەكتەپتە «كۈرەش - پىپەن يىغىنى» ئېچىلىپ ، شوئارلار توۋلىنىپ تۇراتتى . ئىمتىھان قەغىزىنى قەستەن ئاق تاپشۇرۇپ ، مائارىپقا جەڭ ئېلان قىلغان جاڭ تيېشىڭغا ئوخشاش ئىچكىرىدىكى «ئالاھىدە تىپ»لار ھەققىدىكى خەۋەرلەرمۇ تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ تۇراتتى ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى «سېسىق توققۇزىنچى» دەپ ئاتاپ ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگىلى ئاران تۇراتتى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئايىغى ئۈزۈلمەس سىياسىي يىغىنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە بەزىدە ئوقۇغۇچىلار ، بەزىدە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇخلاپ قالاتتى .

ئەنە شۇنداق بىر سىياسىي يىغىندا ، مۈگدەپ ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن «قىڭ !» قىلغان بىر سوزۇق ئاۋاز چىقىپ كەتتى . يىقىن ئەتراپتىكىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ ئىچىدە كۈلۈشۈۋاتقاندا ، ھېلىقى ئاۋاز تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈپ ، يەنە قايتا تەكرارلاندى .

— ئوساغاقنى يوقىتايلى ! — دەپ توۋلىدى بويى پاكار بولغاچقا ئوقۇغۇچىلار سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىمىن رەمتىل تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ .

— يوقىتايلى !

نەچچە سائەت داۋاملىشىپمۇ تۈگىمەي كەتكەن سىياسىي

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشتىن زېرىكىپ ئاران ئولتۇرۇشقان ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار ھەممىسى ئىمىن رەمتىلگە ئەگىشىپ تۇۋلاشتى.

— سىنىپ توقۇزىنچىلاردىن ھېساب ئالايلى!

— ئالايلى!

— ...

شوئار تۇۋلاش بىرپەس داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئىمىن رەمتىل ئۆرە تۇرغان پېتى قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

— سىنىپ توقۇزىنچى دېگەن گەپ بولسا، نېمە گەپتۇ دەپ قالىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. مانا ھازىر ھەممىمىز كۆردۇق. سىنىپ توقۇزىنچى دېگەن ئۇسۇرۇپ مەيداننى سېسىتىۋېتىدىكەن. جۇڭگىياڭنىڭ شۇنچە مۇھىم يولىيورۇقى يەتكۈزۈلۈۋاتسا پەرۋايىغا كەلمەي ئۇخلاپ، يەنە تېخى ئۇسۇرۇپ، كەڭ ئامما ئۆگىنىش قىلىۋاتقان مەيداننى سېسىتىۋەتسە بولامدۇ؟! بۇ دېگەن مەيدان مەسىلىسى. بۇ دېگەن پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغانلىق! بۇ يەردىكى ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ھاقارەتلىگەنلىك!...

ئىمىن رەمتىلنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار تالىشىپ تۇرۇپ سۆزگە چىقىپ، بايىقى تاسادىپىيلىقنى بەس - بەستە «پىپەن» قىلىشتى. ئاخىرىدا ئاشۇ تاسادىپىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوقۇتقۇچىنى مەجبۇرىي يوسۇندا ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، بىرپەس ئىزا - ئاھانەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنى يىغىن مەيدانىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، «مەسىلىسى بارلار» قاتارىغا قوشۇۋېتىشتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمىن رەمتىل مەكتەپتىكى ئىسيانچىلارنىڭ باشلامچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا يۇقىرىدىن كەلگەن ھۆججەتلەرنىمۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئۇ ئوقۇپ بېرەتتى. ئەنە شۇ خىلدىكى ھۆججەتلەرنىڭ بىرى بولغان لىن بياۋنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئۆزگىرىش قىلىش پىلانىنىڭ تەپسىلاتى پاش

قىلىنىدىغان «ۋۇ چى يى خاتىرىسى» (بۇ يەردىكى «ۋۇ چى يى» يوقىرىدىن كەلگەن «571» دېگەن رەقەمنىڭ خەنزۇچە ئوقۇلۇشى بولۇپ، «ۋۇ» — «قورال ـ ياراغ» دېگەن سۆز بىلەن؛ «چى يى» — «قوزغىلاڭ» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش بولغاچقا، لىن بياۋ قاتارلىقلار ئۇنى «قورالىق قوزغىلاڭ» دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن) ئىمىن رەمتىلنىڭ قولىدا نەچچە كۈن تۇردى. هۆججەتنى هەر كۈنى سىياسىي ئۆگىنىش بولغاندا ئوقۇپ بېرىپ، كەچتە ئۆيىگە ئېلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى بۇ هۆججەت سۇرۇشتۇرۇلۇۋىدى، ئىمىن رەمتىل ئۇنى هېچ يەردىن تاپالمىدى. ناۋادا هۆججەت يوقىلىپلا كەتسە، هەرقانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قاتتىق كۈرەش ـ پىپەنگە ئۇچرىشى، هەتتا قولغا ئېلىنىپ كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. لېكىن، ئىمىن رەمتىل شۇنچە ئويلاپمۇ ئۇنى نەدە قويغانلىقىنى زادىلا يادىغا ئالالمىدى. ئاخىر ئىش چىڭىغا چىققىلى تۇرغاندا، ئامالسىزلىقتىن «مەلىمگە بەرگەن...» دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەمدى ئىمىن رەمتىل قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى مۇئەللىمى ئابدۇرېھىم سابىر «قاق بالا» غا قالغانىدى. هەر كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسىي ئۆگىنىشلەردە ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇرۇپ قويۇپ سوئال ـ سوراق قىلغاندىن باشقا، كەچتە ئۆيىگە كەتكىلى قويمايتتى. پات ـ پات ناھىيىدىن ئادەم كېلىپ سۈرۈشتۈرۈپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە هۆججەتنى تاپمىسا، ج خ ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىدىغانلىقى، ئۇ چاغدا قۇتۇلۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەققىدە تەھدىت سالاتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى ئاخشىمى ئىمىن رەمتىل ئۆيىدە باشقا بىر نەرسىنى ئىزدەۋېتىپ، كىگىزنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغان ھېلىقى هۆججەتنى كۆرۈپ قالدى. قولىغا ئېلىپ قاراپ بېقىۋىدى، هۆججەت ساپساق بولۇپ چىقتى. ئۇ شۇ ھامان هۆججەتنى ئاچىقىپ بېرىپ، ئوقۇتقۇچىسىنى كۈرەش ـ

پىپەندىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى . ئەمما ، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا ئىختىيارسىز توختاپ قالدى . چۈنكى ، ھۆججەتنى شۇنداقلا ئاچىقىپ بەرسە ، ئوقۇتقۇچىسى قوتۇلغان بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بالاغا قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟…

ئىمىن رەمتىل كىچىچە ئويلىنىپمۇ بىرەر ياخشى ئامال تاپالمىدى . راست گەپ باشقا بالا بولۇۋاتقان ئۇ كۈنلەردە ، راست گەپ قىلىپ بالاغا قالغاندىن كۆرە ، يالغان گەپ قىلىپ بولسىمۇ جاننى قوغداپ قالغان ئەۋزەل ئىدى . ئىمىن رەمتىل ھۆججەتنى مەكتەپنىڭ مەلۇم يېرىدىن تۇيۇقسىز تېپىۋالغان بولۇپ ئىشنى تۈگەتمەكچى بولدى . ئەمما ، ئەتىسى ھۆججەتنى قويىنىغا سېلىپ چىققاندا ، بۇ ئۇسۇلنىڭمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ، ناۋادا سەللا قاملاشتۇرالمىسا ، يەنە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ بالاغا قېلىۋېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇ نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى .

ھەش - پەش دېگۈچە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇپ ، ھەممەيلەن سىرتقا ماڭدى . ئىمىن رەمتىل قەستەن ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى ئۆڭشىغان بولۇپ ھەممىدىن كېيىن قالدى - دە ، ئەتراپقا قاراپ بېقىپ ھېچكىم يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ھۆججەتنى قويىنىدىن ئېلىپ ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىشكاپىدىكى ماتېرىياللار ئارىسىغا سېلىپ قويىدى . ئۇ «شۇنداق قىلسام ، ھەم مېنىڭ ھۆججەتنى مۇئەللىمگە بەردىم دېگىنىم ئىسپاتلانغان بولىدۇ ؛ ھەم مۇئەللىمنى بالادىن قۇتقۇزالايمەن» دەپ ئويلىغانىدى . ئەمما ، ئارىدىن يەنە بىر كۈن ئۆتسىمۇ ئابدۇرېھىم سابىرغا ئىشكاپقا قارىغۇدەك پۇرسەت بېرىلمەي ، كۈرەش - پىپەن داۋاملىشىۋەردى . بۇنىڭدىن تېخىمۇ تىت - تىت بولغان ئىمىن رەمتىل كەچتە يەنە بىر باھانە تېپىپ يىغىن مەيدانىدىن ھەممىدىن كېيىن چىقتى ۋە شۇ ئارىدا ھۆججەتنى ئىشكاپتىن ئېلىپ ، يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ ئۈستىلى ئۈستىگە قويۇپ قويىدى .



www.uyghurkitap.com

ئــەتــىســى ئۇ يىغىن مەيدانىغا قەستەن كېچىكىپ كىردى. شــۇنداقتىمۇ يەنىلا شۇ ھۆججەتنىڭ گېپى بولۇۋاتاتتى. ھەرخىل گــۇمــان، ھەرخىل قىياسلار ئوتتۇرىغا قويۇلسىمۇ، لېكىن نەق پــاكــىــت بــولــمــىــغــاچــقا، ھېچكىمنىڭ گېپى چەك باسمايتتى. شۇنداقتىمۇ، يىغىن باشقۇرغۇچىلار «بۇ ئىش ئىنقىلانىمىسا، قىلغان ئــــۆگــىــنــىــشــىــمــىــز نۆلگە تەڭ بولىدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشكە، گۇمانى بــولــســا ئــوتتۇرىغا قويۇشقا، ھېچبولمىغاندىمۇ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىشقا قىستايتتى. «ھۆججەت تېپىلسا بــاشــقا ئىشلار بېسىقىپ قالىدۇ» دەپ ئويلىغان ئىمىن رەھىمتىل ئىشنىڭ بارغانچە مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ناۋادا ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى بۆلگۈدەك بىرەر ئىش تاپمىسا، كېيىنكى ئاقىۋەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، گــەرچــە ئــۇ بــىــر قىلىقسىزلىق بولسىمۇ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان تۈگىمەي كېتىۋاتقان ھۆججەت غوۋغاسىنىڭ شۇنىڭ بىلەن بىر ياققا تاشلىنىپ قېلىشىغا كۆزى يېتىپ، چىرايىغا سەل كۈلكە يۈگۈردى.

ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى كەچتە ھېچكىم كۆرمەستە يىغىن زالىغا كىرىپ، ئۆزى يالغۇز قىلىدىغان بىر سەت ئىش ئىدى. تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ يىغىن مەيدانىدىن ھەممىدىن كېيىن چىققاچقا، بۈگــۈنــمۇ يەنە ھەممىدىن كېيىن چىقسا باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە كەچتە كىرىشكە شارائىت يارىتىپ قويۇش ئۈچۈن «تاماكا ئىسى چىقىپ كــەتــسۇن...» دەپ، بــىــرىــپ دېــرىــزىــنــى ئىچىدىن ئېچىپ قويدى ۋە بىردەم ئولتۇرۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۇ كەچتە ئەتراپ جىمىققاندا پۈتنىڭ ئۇچىدا پەم بىلەن مېڭىپ ھېلىقى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، دېرىزە تەكچىسىگە چىقتى. ئوچۇق قالغان دېرىزىدىن ئۆزىگە بەش قولدەك

ئايان بولغان يىغىن زالى ئىچىگە كىرىپ، يىغىن باشقۇرغۇچى ئىشلىتىدىغان ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، ئىشتان بېغىنى يەشتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىمىن رەمتىل ھېچنېمىدىن بىخەۋەر قىياپەتتە يىغىن زالىغا كىرگەندە، بەش - ئون ئوقۇغۇچى ئۇستەل ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئاغزى - بۇرنىنى قولى بىلەن مەھكەم ئېتىۋېلىشقانىدى. ھايال ئۆتمەي يىغىن زالى ئادەم بىلەن لىق تولدى. ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈك - بۆلۈكىدا كۇسۇرلىشىپ كۈلۈشەتتى. يىغىن باشقۇرغۇچى بىر تال تاماكىنى ئالدىرىماي يۆگەپ تۇتاشتۇرۇپ بىرنەچچىنى شورىۋەتكەندىن كېيىن ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ گېلىنى قىرىپ قويدى. ئۇنىڭ گەپ قىلىشقا تەمشەلگىنىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ئىختىيارسىز جىم بولۇشتى.

— ئىنقىلابىي يولداشلار، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئۇستەلدىكى نەرسىنى ھەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ ياكى قەستەن قىلىنغان ئىشمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنى ھەرگىز تاسادىپىيلىق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئارىمىزدا بىرىنچىدىن، خالا بىلەن يىغىن زالىنى پەرق قىلالمايدىغان كىچىك بالا يوق. ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىنى بىلمەيدىغان ساراڭ يوق. شۇڭا، بۇ ئىشنىڭ قەستەن قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇ بىرئاز توختاپ تاماكىسىنى يەنە بىر شورىۋېتىپ، تېخىمۇ تەمكىن قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇدى:

— ئۇنداقتا بۇ ئىشنى قەستەن قىلغۇچىنىڭ مۇددىئاسى نېمە؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن يەرنى ياكى باشقا ئۇستەللەرنى تاللىماي، مەخسۇس مېنىڭ ئۇستىلىمنى تاللايدۇ؟ قېنى، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ باقىدىغانلار بارمۇ؟

ئۇ تاماكىسىنى شورىغاچ، جىمجىت ئولتۇرغان ئادەملەرگە سەپسېلىپ قارىدى. ھېچكىمدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن

كېيىن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان سوئالغا ئۆزى جاۋاب بەردى :
— سەۋەب شۇكى ، بىزنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىز مەلۇم بىرىنى شۇ دەرىجىدە قورقۇتۇۋەتكەنكى ، ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن ھوشىنى يوقىتىپ ، خالاغا بىرىشقىمۇ ئۇلگۇرمەي ، مۇشۇ ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە چىقىرىۋەتكەن گەپ ! دېمەك ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز غەلىبىلىك بولۇۋېتىپتۇ ، يولداشلار !...
— ئالدىراپ كۆرەڭلەپ كەتمەيلى ! — دېدى ئارقا تەرەپكە بىرىپ ئولتۇرۇۋالغان ئىمىن رەمتىل تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە : «يولداشلىرىمىز كەمتەر ، ئېھتىياتچان بولۇشى ، مەغرۇرلۇق ، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىشى لازىم» دەپ تەلىم بەرگەن . مېنىڭچە ، ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە چىچىپ قويغانلار «سەنلەرنىڭ كەچكىچە قۇرۇق كاسىلدىشىڭ ، مۇشۇنىڭغا تەڭ !» دەپ شۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ...
ئەتراپتا ئولتۇرغانلار ئىختىيارسىز پىخىلداپ كۇلۇشتى . ئاشۇ كۇلكە بىلەن يىغىن زالىدىكى جىمجىتلىق بۇزۇلۇپ ، ئۆزئارا پاراڭ باشلاندى . ئىشنىڭ مۇنداق بولارىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان يىغىن باشقۇرغۇچى تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ بىرنەچچىنى شورىۋالغاندىن كېيىن پوكاندەك قىزىرىپ تۇرۇپ ئاران سۆزلىدى :
— بولدى ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز خەقنىڭ نېمە ئۇچۇن ئۇستەل ئۇستىگە چىچقىنىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەمەس . جۇڭگىياڭنىڭ يەنە يېڭى يوليورۇقى يېتىپ كەلدى . ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ شۇنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ . ئاۋۋال ھەممىڭلار بەش مىنۇت تالاغا چىقىپ كىرىڭلار . مەكتەپنىڭ ئىشچىسى كېلىپ ئۇستەل ئۇستىنى تازىلىۋەتسۇن . ئاندىن يېڭى ھۆججەت ئۆگىنىشنى باشلايمىز...
شۇنداق قىلىپ ، ئىمىن رەمتىل يوقلىپ تېپىلغان ھۆججەتنىڭ ئايىغى چىقماس سورۇشتىسىدىن قۇتۇلۇپ ، باشقا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا «يېڭى ھۆججەت»لەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# چاتاقچى

ئىمىن رەمتىل باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز مەھەللىسىدە تاماملىغانىدى. يېزىلاردا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغانلىقتىن، ئەمدى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى.

ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ گەرچە ئۇنىڭغا ناتونۇش بولمىسىمۇ، لېكىن ئانىسى ئەتكەن ئۆي تامىقىنى يەپ كۆنۈپ قالغان ئىمىن رەمتىلگە مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ كوللېكتىپ تامىقى تازا تېتىماي قالدى.

— سۆيۈقئاشمۇ بۇ، يۇندىمۇ؟ — دېدى ئۇ تۇنجى قېتىم مەكتەپ ئاشخانىسىدىن تاماق يېگەن كۈنىلا قاچىسىغا قاراپ، — بىزنىڭ ئۆيدىكى ئىتمۇ بۇنىڭدىن ياخشىراق ئاش ئىچىدۇ.

— قايسى دوتەينىڭ بالىسى سەن، ھەي؟ — دېدى ئۇنىڭغا تېخى ھازىرلا ئاش ئۇسۇپ بەرگەن ئاشپەز خاپا بولۇپ، — بۇ ئاشنى ياراتمىغان بولساڭ دوتەي داداڭغا دە، ساڭا مەخسۇس تاماق ئەتكۈزۈپ ئەۋەتىپ بەرسۇن.

— بۇ زاماندا دوتەي نېمىش قىلىدۇ ئۇستام؟ ئاتام دوتەي بولۇشقا ئۇنىغان بولسا، ھازىرغىچە ھايات ياشىيالمايتتى!

— ئەجەب گېپى چوڭ نېمىكىنا بۇ، كىمنىڭ بالىسى سەن؟

ئىمىن رەمتىل «دوتەي بولۇشقا ئۇنىمىغان ئادەمنىڭ بالىسىمەن» دەپ جاۋاب بەرمەكچى ئىدى. چۈنكى، رەمتىل ئاكا ياش ۋاقىتلىرىدا مۇئەللىم، ساقچى، ساقچىخانا باشلىقى قاتارلىق كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئەينى يىللاردا ئۇرۇمچىدىن كادىر تاللاشقا كەلگەنلەر ئۇنى ئېلىپ

كېتەيلى دېسە، بارغىلى ئۇنىمىغانىكەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئورنىغا سەپلىنىپ بارغانلار كېيىنرەك ھەقىقەتەن ۋالىيلىققا ئۆستۈرۈلگەنىكەن. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن ھاكىمىيەت ئۆزگىرىپ كومپارتىيە كەلگەندە ھېلىقى ۋالىيلىققا ئۆستۈرۈلگەنلەر تۈرمىگە بەند قىلىنغانىدى... بۇ ئىشلار ئاشپەزنىڭ بايىقى تەنە گېپى بىلەن ئىمىن رەھىتىلىنىڭ يادىغا كېلىپ، ھېلىقى جاۋاب تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

ئەمما، ئىككىنچى كۈنى چۈشلۈك تاماقتا قاچىسىغا كەملەپ بېرىلگەن لەڭمەننى چوكا بىلەن مالتىلاپ تۇرۇپ، يەنە سۆزلەپ سالدى.

— باللا، بۇگۈن ئاشخانىدا لەڭمەن ئېتىدىكەن دەۋاتاتتىڭلار، ساپلا توخۇ پاچىقىكەنغۇ بۇ؟ مانا ماۋۇ مېكىيان پاچىقى، ماۋۇ خوراز پاچىقىنىڭ دوكىيىكى...

— يەنە سەن سۆزلەۋاتامسەن، ھەي چاتاقچى؟ بويۇڭغا قارىسا بىر غېرىچ تۇرسەن، گېپىڭ ئۆزەڭدىن يوغان. بۇ يىل قانچە ياشقا چىقتىڭ؟

— كىچىك ۋاقتىمدا يىغلايدىغاننى يىغلاپ، يېشىمنى ئېقىتىپ بولغان. ھازىر مېنىڭ يېشىم يوق.

ئىمىن رەھىتىل شۇنداق دېدىيۇ، ئۆزىدەك بەش چىقمىسىمۇ تۆت چىقىدىغان گەۋدىلىك، سۇرلۇك ئاشپەزدىن ھېيىقىپ يىراقراق كەتتى. ئەمما، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ مەكتەپ ئاشخانىسىدىكى ئىسمى «چاتاقچى»غا ئۆزگىرىپ قالدى.

— چاتاقچى، بۈگۈنكى پولۇدىن نېمە چاتاق تاپماقچىسەن؟ — دېدى ئاشپەز ئۇستام ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈندىن كېيىنكى بىر تاماق ۋاقتىدا.

— قېنى ئاۋۋال قاچىغا بىر ئۇسسىمالا؟ تېتىپ باقماي تۇرۇپ چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى قانداق تاپىمەن؟

ئاشپەز «قېنى، قانداق قىلالايتىڭ؟!» دېگەندەك قىلىپ، قازاننىڭ تېگىنى مالتىلاپ يۇرۇپ، كۆيۈپ كەتكەن ئىككى كەپكۈر

ئاشنى ئىمىن رەمتىلنىڭ قاچىسىغا ئۇسۇپ بېرىپ قاراپ تۇردى .
— بۇنى بىز يانتاقتا پولا دېمەيسىز ، ئاشنىڭ قىزىمىقى دەيمىز...
— يانتاقتىن كەلگۈچە ئېتىڭ ھېرىپ قاپتۇ ، چاتاقچى ئاش تۇگىدى . يېسەڭ شۇ ، بولمىسا مەيلىڭ .
ئىمىن رەمتىل ئاشپەزنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، ئاشپەز باشقا باللارغا ئاش ئۇسۇپ بېرىش بىلەن بولۇپ ، ئىمىن رەمتىلگە قاراپمۇ قويمىدى .
— مەن قاچانغىچە ساقلايمەن ، ئۇستام ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىرئاز يۇمشاپ .
— ئىختىيارىڭ . مەن ساڭا بىر قېتىم ئاش ئۇسۇپ بېرىپ بولدۇم . يەنە يەيمەن دېسەڭ ، ئەتە مۇشۇ كەمگىچە ساقلىساڭ زاڭ ئىچەلەيسەن ، زاڭ !
ئىمىن رەمتىل ئاشپەزنىڭ بۇ يەردىكى «زاڭ» دېگەن سۆزنى قەستەن ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىۋاتقىنىنى ، يەنى «زاڭ ئىچەلەيسەن» دېگىنى قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدىغان تاماققا قارىتىلغان بولسىمۇ ، كېيىنكى «زاڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدى .
— مەن زاڭ ئەمەس . زاڭنى بىر كۈن ساقلايدىغان ساراڭمۇ ئەمەس...
— ئىختىيارىڭ دېدىمغۇ ؟ — دېدى ئاشپەز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — ساقلىمىساڭ كەت !
باياتىن بېرى ئاشپەزنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك ئۈچۈن سىلىق گەپ قىلىشقا تىرىشقان ئىمىن رەمتىل ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى :
— مەن سەدىقە تىلەپ كەلگەن دىۋانە ئەمەس ، ئۇستام . يەيدىغان تاماقنىڭ پۇلىنى مەۋسۇم بېشىدىلا تۆلەپ بولغان ئوقۇغۇچىمەن...
ئاشپەز ئۇستام ئىمىن رەمتىلنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى

ئاغىلماستىنلا ، تاماق بېرىدىغان كۆزنەكنى ئېتىۋەتتى . ئەمدى ئىمىن رەمتىلىنىڭمۇ گەپ قىلغىنىنىڭ پايدىسى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ قاچىسىدىكى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن گۇرۇچ ۋە سەۋزە قالدۇقلىرىنى تۆكۈۋېتىپ ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

چۈشلۈك تاماقنى بازارغا چىقىپ يېيىشكە مەجبۇر بولغان ئىمىن رەمتىل چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە قەستەن كېچىكىپ كىردى . ئوقۇتقۇچى سەۋەب سورىۋىدى ، بايىقى ئىشلارنى ئوخشىتىپ سۆزلەپ ، ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئاشپەزگە ئارتتى . ئۇ ئەمدى ئاشپەز بىلەن بىۋاسىتە توقۇنۇشۇپ زىيان تارتقاندىن كۆرە ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ، شۇ ئارقىلىق ئاشپەزدىن ئۆچىنى ئېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى .

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئىمىن رەمتىل ئاشخانىغا كېتىۋېتىپ قورسىقىغا جىن كىردى ـ دە ، دەرھال ئارقىسىغا ياندى . ياتاققا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى . ئاندىن ھەممە كارىۋاتلارنىڭ ئاستىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ قوڭغۇزدىن ئۈچنى تۇتۇپ ، بىر كىچىك شىشىگە سولاپ يانچۇقىغا سالدى .

ئۇ ئاشخانىغا كىرگەندە تاماق ئاساسەن تارقىتىپ بولۇنغان بولۇپ ، ھەممەيلەن قاچىسىدىكى ئاشنى ئىچىۋاتاتتى . ئىمىن رەمتىل ئوقۇغۇچىلار ئاشنى ئىچىپ بولۇپ چىقىپ كەتسە ، پىلانلىغان ئىشىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، دەرھال ئاش تارقىتىدىغان كۆزنەككە بېرىپ قاچىسىغا ئاش ئۇسۇتتى ـ دە ، سوۋۇپ ئېغىز كۆيمىگۈدەك بولۇپ قالغان سۇيۇقئاشنى تۆت ئوتلاپلا ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ئىچىپ تۈگەتتى . ئاندىن باشقىلاردىن دالدا قىلىپ تۇرۇپ ، يانچۇقىدىكى كىچىك شىشىنى ئېلىپ ، ئىچىدىكى قوڭغۇزلارنى قاچىسىغا سېلىپ ئاشقا پاتۇرۇۋەتتى .

— باللا ، ماۋۇ نېمە ؟ — دېدى ئۇ بىر يەردە ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىۋاتقان بىرنەچچە ئوقۇغۇچىغا قاچىسىنى ئەكېلىپ كۆرسىتىپ .

ئاش ئىچىۋاتقانلار ئىمىن رەمتىلنىڭ قاچىسىغا ئىختىيارسىز

بويۇنداپ قاراشتى ۋە قوڭغۇزنى كۆرۈپ غۇلغۇلا قىلىشقا چۈشتى :
— قانداق گەپ بۇ ؟ ئىچىۋاتقان ئېشىمىزدىن تىرىك قوڭغۇز چىقسا ، بۇ خەق بىزنى ساراڭ قىلىۋېتەمدۇ نېمە ؟!
— ھۆ ! ـ ھۆ ! ھەجەپ كۆڭلۈم ئاينىپ كەتتى .
— يۈرۈڭلار ، ئاشپەزنىڭ قېشىغا بېرىپ دېيىشىپ چىقايلى .
— ئاشپەز بىلەن دېيىشكەننىڭ نېمە پايدىسى ؟ دېيىشسەك گەلىيەن① بىلەن دېيىشەيلى .
— يۈرۈڭلار ئەمسە !
— ...

ئىمىن رەمتىل قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ، باللار بىلەن زاپخوزنىڭ يېنىغا ماڭدى . ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى . زاپخوز قاچىدىكى قوڭغۇزلارغا قاراپ ، گويا ئىشەنمىگەندەك يەردىن بىر تال تاياقنى ئېلىپ ، قوڭغۇزلارنى ئۇيان ئۆرۈپ ـ بۇيان ئۆرۈپ قاراپ باقتى . قوڭغۇزلار ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى . زاپخوز يانچۇقىدىن چىرايلىق كېسىلگەن تاماكا قەغىزىنى ئېلىپ ، بىر تال موخۇركا ئوراپ تۇتاشتۇردى ۋە قېنىپ بىرنى شورىۋالغاندىن كېيىن :
— ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئىش بوپتۇ . قانداق بولۇپ ئۈچ قوڭغۇز بىر قاچىغا كىرىپ قالغاندۇ ؟ — دېدى .
— قورساقنىڭ ئاچلىقىدا قالغانلىرىنى ئاش بىلەن قوشۇپ ئىچىۋېتىپ ، مۇشۇ ئۈچى قالدىمۇ تېخى ! — دېدى ئىمىن رەمتىلمۇ زاپخوزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ .
— خاپا بولماڭلار ئۇكىلىرىم ، — دېدى زاپخوز باشقا گەپ تاپالماي ، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش قايتا يۈز بەرمەيدۇ . بۇنىڭغا مەن كېپىل .

ئەتىسى ئەتىگىنى ئىمىن رەمتىل ھېچكىم ئالغىلى ئۇنىماي ، ئەڭ ئاخىرىدا ئېشىپ قالغان كۆيۈك ناندىن بىرنى ئېلىپ ساندۇقىغا سېلىپ قويدى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن نان قېتىپ ، ئۇشتۇغىلىمۇ بولمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەندە يەنە زاپخوزنى ئىزدەپ تېپىپ ،

① گەلىيەن («گوەنلىيۈەن»نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى) — زاپخوز دېمەكچى .

«مۇشۇنداق ناننى يەپ قانداق دەرس ئوقۇيمىز؟ ناۋادا سىلى ھەل قىلالمىسىلا، شوجاڭغا دەيمىز…» دەپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتتى. ئۇچىنچى كۈنى سۈيۇقئاشنىڭ چۆپىنى ئىچمۇيلا، لەپەڭشىپ تۇرغان سۈيىنى يەنە زاپخوزنىڭ يېنىغا ئاپاردى…

تۆتىنچى كۈنى ئىمىن رەمتىل ئاشخانىغا كىرىپ، ئاش تارقىتىدىغان كۆزنەكنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغۇچە، ئاشپەز ئۇستام ئۇنى توۋلاپ بولدى:

— كېلە چاتاقچى، ساڭا قول قويدۇم. بويۇڭ پاكار تۇرغىنى بىلەن ھەقىقەتەن چوتۇچى[1] نېمىكەنسەن. قولۇڭدىن ھەر بالا كېلىدىغان ئوخشايدۇ سېنىڭ… بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆچىرەت - پۆچىرەتنىمۇ قويۇپ، قاچان قورسىقىڭ ئاچسا شۇ چاغدا كېلىپ مېنى تاپ. قېنى، قاچاڭنى ئەكېلە.

ئىمىن رەمتىل ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماستىن قاچىسىنى ئاشپەزگە سۇنۇپ بەردى.

— بۇ قاچاڭ بەك كىچىككەن، — دېدى ئۇ ئىمىن رەمتىل ئۆيىدىن ئالغاچ كەلگەن چىنىگە ئاش ئۇسۇۋېتىپ، — ئەتىگىچە بازاردىن چوڭراق قاچىدىن بىرنى سېتىۋالمىساڭ بولماپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمىن رەمتىل ئاشپەز ئۇستامنىڭ ئالاھىدە مېھمىنىغا ئايلاندى. ئاشپەز ئۇستامنىڭ قايتا - قايتا سۈرۈشتۈرۈشى بىلەن ئىمىن رەمتىلمۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چوڭ تۇنىكە قاچىدىن بىرنى سېتىۋالدى. بۇ قاچىنى ئاشپەز ئۇستام ئوبدان تونۇۋالغان بولۇپ، بەزىدە ھەتتا ئىمىن رەمتىل ئۆزى كېلەلمىگەن تەقدىردىمۇ «چاتاقچىنىڭ قاچىسى كەلدى» دەپ، سۇيۇقئاش ئەتكەن كۈنى ئاشنىڭ قويۇقىنى ئۇسۇپ بەرسە، قويۇقئاش ئەتكەن كۈنلىرى ئاشنى دۆۋىلەپ ئۇسۇپ بېرىدىغان بولدى.

---

[1] چوتۇچى — ھىيلىگەر، قۇۋ، پىلانچى دېگەن مەنىلەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## خەلق ئوقۇتقۇچىسى

ئـــمـــن رەمتىل 1977 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قولىغا شاھادەتنامە ئالغاندىن كېيىن، مۇشۇ قاراردا مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن «خەلق ئوقۇتقۇچىسى»لىققا ئـادەم تىزىملاۋاتقىنىنى ئاڭلىدى. «تاللاش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ يوشۇرۇن جەلپ قىلىش كۈچى ئۇنى تىزىملاشقا مەسئۇل مۇئەللىم ئابلىمىت ئەمەتنىڭ يېنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى.

— مەنمۇ تىزىملاتقىلى كەلدىم مەلىم، — دېدى ئۇ ئابلىمىت ئەمەتنى تەستە تېپىپ.

— ئەپسۇس، كېچىكىپ قاپسەن ئۇكام. سان توشۇپ تىزىملاشنى توختاتتۇق.

— ئۇنداق ئەمەستۇ مەلىم. مائارىپ ئىدارىسىگە بارسام، «ئابلىمىت مەلىمنى تېپىڭ، تىزىملاشقا شۇ مەسئۇل···» دېگەنتى. سان توشقان بولسا، ئۇلار شۇ چاغدىلا دەيتتى.

— راست گەپ قىلاي ئۇكام، ئوقۇتقۇچى دېگەن يەتتە ئەزاسى بېجىرىم، تاشقى قىياپىتى كېلىشكەن، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك. سەن ئۆزۈڭنى ئاشۇ شەرتلەرگە توشمەن دەيەلەمسەن؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى مەلىم؟ سىلىچە مېنىڭ شەرتىم توشمامدا؟

— شۇنداق، سېنىڭ بويۇڭ پاكار. يېزا دېگەندە بەزىدە توققۇز ـ ئون ياشلىق بالىلارمۇ بىرىنچى سىنىپقا كىرىپ قالىدۇ. ئاشۇنداق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بويۇڭ تەڭ تۇرسا، دەرسنى قانداق ئۆتەلەيسەن؟

ئىمىن رەمتىلنىڭ ئىچىدىكى ئاچچىق يۈزىگە تېپىپ، چىرايى قىپقىزىل بولۇپ كەتتى ـ دە، مۇئەللىمگە بولغان ھۆرمەتنىمۇ ئۇنتۇدى:

— سىلى مەندىن قانچىلىك ئېگىز مەلىم؟ قېنى كەلسىلە، بويىمىزنى بىر تەڭلەشتۇرۇپ باقىلى. سىلىمۇ قوچاقتەك تۇرۇپ ئىككى يىلدىن بۇيان بىزگە دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىلىغۇ؟!

ئابلىمىت مۇئەللىم ئۆزىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «قوچاق» دەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن تېخى ھېچكىم يۈزىدىن ـ يۈزىگە ئۇنداق دەپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭمۇ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— ئىمىن رەمتىل! — دېدى ئۇ ئاچچىقىنى باسالماستىن، — مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي: مەنلا بولىدىكەنمەن، خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولىمەن دەپ خام خىيال قىلما!

— قېنى كۆرەرمىز، مەلىم...

ئىمىن رەمتىل ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئاتىسىغا دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئۇرانىدىن بەكمۇ ئوقۇتقۇچى بولغۇسى بارلىقىنى بىلگەن رەمتىل ئاكا ئەتىسىلا بىر قوي سويۇپ، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇقادىر ئىمىرنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ھۆكۈمەت دەپتىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىر ئايدا ئاران بىر جىڭ گۆش بېلىتى بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئۇ كۈنلەردە، بىر قوي سويۇپ مېھمان چاقىرىش بەزىدە ھاكىملارغىمۇ نېسىپ بولمايدىغان ئاجايىپ كاتتا ئىش ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىدىن بولسا كېرەك، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىمىن رەمتىل يانتاق يېزىسى بىلەن تۇمەنتال يېزىسى پاسىلىدىكى خاناماز كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە «خەلق ئوقۇتقۇچىسى»لىققا ئەۋەتىلدى.

— قارشى ئالىمىز! — دېدى مەكتەپ مۇدىرى، — مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇچىنچى سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى يوق ئىدى. سىز بۈگۈندىن باشلاپ ئاشۇ

www.uyghurkitap.com

سىنىپىنىڭ مۇدىرى بولىسىز...

ئەمىن رەمتىل سىنىپقا كىرىپ باللار بىلەن تونۇشۇپ ، ئەھۋال ئىگىلەشكە كىرىشتى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سىنىپتىكى ئوتتۇز ئىككى بالىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ ھەيران قالدى . بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە بىرنەچچە كۈن ئىزدىنىپ ، ئاخىر تۆۋەندىكى يەكۈننى چىقاردى : «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچىنچى سىنىپقا چىقىپمۇ ساۋاتسىز قېلىشىدا ، ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان تەڭ ياشتىكى باللار بىلىدىغان ئادەتتىكى قوشۇش - ئېلىشلارنىمۇ بىلمەسلىكىدە ، بىرىنچىدىن ، مەكتەپنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتكەن . يەنى ‹ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر مەكتەپ باشقۇرۇش › دېگەن شوئار ئاستىدا ، ‹مۇدىر ئەترەت باشلىقى ، مۇئەللىملەر دېھقان › قاتارىغا چۈشۈرۈلۈپ ، ھەر ئەتىگىنى تورغاي چۇ - چۇلىماستا ئوقۇتقۇچىلار دېھقانلار بىلەن تەڭ ‹دولقۇن ›غا چىقىپ ئېتىزدا ئەمگەك قىلغان ؛ چۈشكە يېقىن قايتىپ كىرسىمۇ ، بەش - ئالتە سائەت دەرس ئۆتۈپ ، كەچتە يەنە دېھقانلار بىلەن خامانغا يىغىلىپ كەتتىنىڭ ‹كەچلىك دولقۇن › ئەمگىكىگە قاتناشقان ؛ ئىككىنچىدىن ، ئوقۇتقۇچىلار كەمچىل بولغانلىقتىن ، سىنىپلارغا سىنىپ مۇدىرى بەلگىلەش ۋە دەرس سېتكىسىدىكى دەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغان ؛ ئۈچىنچىدىن ، كەتتىنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ بولۇپ ، سىنىپتىكى ئوتتۇز ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنىڭ ئاتا - ئانىسى چالا باخشى بولغاچقا ، ئوقۇغۇچىلار ئۆلارنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىغان ، جۈملىدىن ئون توققۇز ئوقۇغۇچى ئايەت ئوقۇپ يېتىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن...»

ئەمىن رەمتىل يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى يەكۈنلەپ چىققاندىن كېيىن ، گەرچە ئوقۇتقۇچىلار كەمچىل بولۇۋاتقاننى ئاز دەپ ، بار ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ كەنت ئەمگىكىگە سېلىشتەك يەرلىك سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمىسىمۇ ، لېكىن ئۆزى

مەسئۇل بولغان سىنىپتىكى بالىلارغا ھەقىقىي تۈردە مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە چوقۇم ساۋاتلىق قىلىپ چىقىشقا بەل باغلىدى. شۇڭا، ئاۋۋال تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنى كۈچەيتىپ، تېكىستنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇتۇش بىلەن بىللە تاپشۇرۇقلارنىمۇ كۆپەيتتى. ئۇ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش داۋامىدا يەنە شۇنى بايقىدىكى، بىر ھەرپ ياكى بىر سۆزنى دوسكىغا يېزىپ، ئۇنى ئون قېتىم كۆچۈرۈپ يېزىشنى تاپشۇرۇق بەرسە، بالىلارنىڭ سان ئۇقۇمىمۇ ساۋاتسىز ھالەتتە تۇرغىنى ئۈچۈن، دوسكىغا قانداق يېزىلغان بولسا، دەپتەرگىمۇ شۇنداق كۆچۈرۈپ قويۇش ھادىسىسى كۆرۈلدى. بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىمىن رەمتىلمۇ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، بىر سۆزنى ئون قېتىم يېزىشنى تاپشۇرۇق بەرمەكچى بولسا، ئۆزىمۇ ئۇنى دوسكىغا ئون قېتىم يازدى. بۇنداق بولغاندا ئون سۆزنى تاپشۇرۇق بەرمەكچى بولسا، ھەربىر سۆزنى ئون قېتىمدىن جەمئىي يۈز قېتىم يېزىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈندىلا ئۇنىڭ دوسكىغا خەت يازغان بارماقلىرى قاپىرىپ چىقتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ قەلەم تۇتقان بارماقلىرى قاپىرىپ، قوناقتەك مونەكچىلەر پەيدا بولدى. ئەمما، ئىمىن رەمتىل بۇنىڭلىق بىلەن قىلچە بوشىشىپ قالمىدى. جاپا تارتىسىمۇ داۋاملىق جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، تۆت ئايىنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسەن ساۋاتى چىقىپ بولدى.

ئەمما، «بەش قولنى ئېغىزغا تەڭ تىققىلى بولماس» دېگەندەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ـ يېزىشتىكى ساۋاتى چىقىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ماتېماتىكىدا يەنىلا ساۋاتسىزلىقى مەلۇم بولدى. ئەمدى ئىمىن رەمتىل ماتېماتىكا ئوقۇتۇشنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، مەسىلە ـ مىساللارنى تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپ چۈشەندۈردى. بىراق، بالىلارغا بىرىنچى سىنىپتا ئۆتۈلىدىغان سان ئۇقۇمى ئۆزلەشمىگەچكە، ئۇنىڭ بىرنەچچە ھەپتىلىك ئالاھىدە تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى. بۇ ئەمەلىي مەسىلە ئالدىدا ئىمىن

رەمتىل بۇرۇنقىدەك باللارنى سىنىپقا سولىۋېلىپ كىتابتىكى نەزەرىيىلەرگە ئېسىلىۋېلىشىنىڭ ئورنىغا، زۆرۈر تېپىلغاندا سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، دەرس مەزمۇنىغا ماس كېلىدىغان ئەمەلىي نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى دادىل سىناق قىلدى. جۈملىدىن مەكتەپتىكى تېرەك، سۆگەتلەرنى باللارغا بىر - بىرلەپ ساناتقۇزۇپ، تېرەك بىلەن سۆگەتنىڭ سانىنى ئۆزئارا قوشقاندا قانچە توپ دەرەخ بارلىقىنى، تېرەك سانىدىن سۆگەت سانىنى ئېلىۋەتكەندە قانچە توپ تېرەك قالىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۆگەتتى.

ئۇنىڭ ئالتە ئاي ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، شۇ يىلى يانتاق يېزىسى بويىچە قىلىنغان مائارىپ ستاتىستىكىسىدا ئۇنىڭ سىنىپىنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ۋە مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. بۇ خەۋەر يانتاق يېزىسىدىن ھالقىپ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە يېتىپ كەلگەندە، بەزىلەر «ناھىيە بويىچە ئىزچىل ئارقىدا تۇرۇپ كەلگەن بىر سىنىپنىڭ بىر سىنىپ مۇدىرىنى يەڭگۈشلىشى بىلەنلا ئالتە ئاي ئىچىدە يېزا بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتەلىشى مۇمكىن ئەمەس...» دەپ ئىشەنمەي، ئاشۇ سىنىپتىن ئىمتىھان ئېلىپ قايتا تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتتى.

ئىمىن رەمتىل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى: «مەن مەسئۇل بولغان سىنىپنىڭ يېزىدىن ھالقىپ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى ياخشى ئىش. لېكىن، ئىمتىھان ئېلىشقا كەلگەن كادىرنى مەن ئوبدان تونۇيمەن. ئۇ تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەشكە، توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە بەكمۇ ماھىر ئادەم. ئۇ قايسى مەكتەپ، قايسى سىنىپقا تەكشۈرگىلى بارسا، پىلدەك نەتىجە قىلدەك قالىدۇ. ئەكسىچە تۈگمىدەك سەۋەنلىك تۆگىدەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە

سىنىپىمدىكى باللار تېخى سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ئىمتىھان ئېلىشىنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان . بۇنداق ئەھۋالدا باللارنىڭ ھودۇقۇپ ، بىلىدىغان مەسىلىلەرگىمۇ جاۋاب بېرەلمەسلىكى تۇرغانلا گەپ . شۇڭا ، مەنمۇ مۇۋاپىق تەييارلىق قىلىپ قويمىسام بولمىغۇدەك... »

ئىمىن رەمتىل ئالتە ئايدىن بۇيان باللارغا دەرس ۋاقتىدا يۈز - خاتىر قىلماي ھەقىقىي تۇردە چىڭ تۇتۇپ ئۆگىتىش بىلەن بىللە ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا گويا ئۇلارنىڭ دوستىغا ئوخشاش بىللە سۇغا چۆمۈلۈپ ، بىللە بېلىق تۇتۇپ ، ئۇلار بىلەن ئىچ قويۇن - تاش قويۇن بولۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا ، مەكتەپتە ھېچقايسى مۇئەللىمنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغان ، ھەتتا بەزىدە ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ گېپىگە ئۇنىمايدىغان باللار ئۇنىڭ گېپىنى يىرمايتتى .

— بىزدىن ئىمتىھان ئالغىلى ناھىيىدىن ئادەم كەپتۇ ، — دېدى ئۇ سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن باللارغا ، — ناۋادا ئۇ بىز ئۆگىنىپ بولغان دەرستىن سوئال چىقارسا ، بىلگىنىڭلارنى قويماي يېزىڭلار . ناۋادا ئۇ قەستەن تېخى بىز ئۆگەنمىگەن ، تۆتىنچى سىنىپقا چىققاندا ئۆگىنىدىغان دەرستىن سوئال چىقارسا ، «بۇ دەرسنى مۇئەللىم تېخى بىزگە ئۆتمىگەن» دەڭلار . يەنە ناۋادا ئۇ سىلەرنى سوئال سوراشقا قويمىسا ياكى تىللاپ دۆشكەلىسە ، سىلەر قانداق قىلىسىلەر ؟

— بىزنى تىللىسا بىزمۇ تىللايمىز !

— سىنىپتىن چىقىپ كېتىمىز !

— ...

— ياق ، ئۇنداق قىلساڭلار ئۇ قايتىپ بېرىپ ، مائارىپ ئىدارىسىگە بىزنى ئەدەپسىز ، ياۋايى ئادەملەر ئىكەن دەپ چاقىدۇ . باشقا مۇۋاپىق ئامال تېپىشىمىز كېرەك .

— ئەمىسە ، باخشىنىڭ ئايتىنى ئوقۇيلى ، مەلىم .

— نېمىشقا ؟

— ئايەت ئوقۇساق ، بىرنەچچە مىنۇتتا بوغۇلۇپ ، ھوشىمىزنى يوقىتىپ يىقىلىمىز . بىرنەچچىمىز شۇنداق قىلساق ، ئۇ ئادەم قورقۇپ قايتىپ كەتمەي قالمايدۇ .

ئىمىن رەمتىل ئويلىنىپ قالدى . ئۇ بىر قېتىم باخشىلارنىڭ ئوقۇغان سورۇنغىمۇ كىرىپ كۆرۈپ باققانىدى . دېگەندەك ، «ئايەت ئوقۇغان» باخشى بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن بوغۇلۇپ يىقىلىپ ، باخشىغا كۆرۈنگۈچى ئالدىن بىلمەكچى بولغان ئىشلارنى سىرلىق يوسۇندا سۆزلەيتتى··· ئىمىن رەمتىل ئاشۇلارنى ئويلاپ ئوقۇغۇچىلىرىغا جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ، مۇدىر ئىمتىھان ئالغىلى كەلگەن كادىرنى باشلاپ كىرىپ كەلدى . ئۇ كەلگەن كادىرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ، بۈگۈنكى مەقسەت ـ مۇددىئانى قەيت قىلىپ بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىمتىھان باشلاندى .

دوسكىغا سوئال يېزىلىشقا باشلىغان چاغدىلا ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ تۆتىنچى سىنىپنىڭ كىتابىدىن چىقىرىلغان سوئاللار ئىكەنلىكىنى بىلدى . بالىلارمۇ بۇنى ھېس قىلىپ ، بىرنەچچىسى ئۆزئارا پىچىرلاشقانىدى ، ئىمتىھان ئالغۇچى دوسكىغا يېزىۋاتقان سوئاللارنى توختىتىپ ۋارقىرىدى :

— گەپ قىلغان قايسىڭ ؟ !

بالىلار كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ دوسكىدىكى سوئاللارغا قارىغىنىچە جىم بولۇپ قېلىشتى . ئىمتىھان ئالغۇچى ئىمتىھان مەيدانىنىڭ تەرتىپى توغرىسىدا يەنە بىردەم سۆزلىگەندىن كېيىن دوسكىغا سوئاللارنى يېزىشنى داۋاملاشتۇردى .

— مەلىم ، — دېدى بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىن سوئال سورىماقچى بولۇپ .

— مەن بايا نېمە دېدىم داشقال قۇلاقلار ؟ ! سوئالنى يېزىپ بولغۇچە ھېچكىمنىڭ گەپ قىلىشىغا ، ھەتتا سوئال سورىشىغىمۇ رۇخسەت يوق دېسەم ، يەنە مەلىم ـ مەلىم دەيسىنا ! ؟

www.uyghurkitap.com

ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرىدىغان بىر ئوقۇغۇچى يېنىدىكى ساۋاقدىشىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلىۋىدى، ئىمتىھان ئالغۇچى ئۆزىنى توختىتىۋالالماي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ پېشانىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ تىللاپ كەتتى . يەنە بىر ئوقۇغۇچى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قەلىمىنى ئېلىش ئۈچۈن يەرگە ئېڭىشىۋىدى، «سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ! كۆچۈرۈش ئۈچۈن تىقىپ قويغان قەغىزىڭنى ئالماقچىمىدىڭ؟...» دەپ تىللاپ كۆزىگە كىرىشىۋالدى . سوئاللارنى يېزىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى «سەن نېمىشقا يېنىڭغا قارايسەن؟ !» ، «سەن نېمىشقا يانچۇقۇڭنى ئاختۇرسەن؟ !...» دەپ دۆشكەلەپ ، سىنىپنىڭ كەيپىياتىنى تولىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى . مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ نۆل بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىمىن رەمتىل پارتىلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ دوسكا ئالدىغا كەلدى ـ دە ، بايا دەشنام يېگەن ، تىل ئاڭلىغان باللارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قويدى . بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن باللار شۇ ھامان ئىچىدە «ئايەت ئوقۇش»نى باشلىۋەتتى . دەسلەپتە ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى مىدىرلىغان بولسا ، بارا ـ بارا كۆزلىرىنىڭ قارىسى تارتىلىپ ، تىترەشكە باشلىدى . ئىمتىھان ئالغۇچى ئەھۋالنى بايقاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە ، باللار بوغۇلۇپ بىر ـ بىرلەپ يىقىلىشتى . ئىمتىھان ئالغۇچى دەسلەپتە بۇنى قەستەنلىك دەپ چۈشەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاغزى ـ بۇرنىدىن كۆپۈك ئېقىپ ، كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرى ئالاڭ ـ بۇلاڭ بولۇپ كەتكەن باللارنىڭ گويا جان تالىشىۋاتقاندەك خارقىراشلىرىغا قاراپ ، نېمە قىلارنى بىلمەيلا قالدى .

— بۇ نېمە ئىش ! ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ئىمىن رەمتىلگە قاراپ بىچارە قىياپەتتە ، — باللارنىڭ كېسىلى تۇتۇپ قالدىمۇ نېمە ؟

— ياق ، — دېدى ئىمىن رەمتىل سوغۇق تەلەپپۇزدا ، —

يېرىم يىلدىن بۇيان كېسەللى تۇتماي بىر ئوبدان تۇرغان باللارنىڭ بىكاردىن ـ بىكارغا كېسەللى تۇتۇپ قالامدا؟
— ئەمىسە ئۇلارغا نېمە بولدى؟
— نېمە بولىتى، قورقۇپ كەتتى.
— قورقۇپ كەتتى؟… يا مەن ئۇلارنى ئۇرمىسام…
— ئۇرمىغان بىلەن، باياتىن بۇيان ئۇرغاندىنمۇ بەتتەر ئىشلار بولدىغۇ؟ سىلى بىر پېداگوگ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئال سورىشىغا يول قويۇلماسلىقتىنمۇ ئارتۇق قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەملا؟…
— ئاۋۇ بالا چاتاق بولامدۇ نېمە؟ … ھېلى ئويلىمىغان بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالمىسۇن. بولدى، ئىمتىھاننىمۇ بىكار قىلايلى. ئاۋۇ باللىنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار…
— ئىدارىدىكىلەر ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرسە نېمە دەيلا؟
— ۋاي بولدى، ئۇنىڭغا مەن ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن. ھېلى ماۋۇ باللىدىن بىرەرى چاتاق بولسا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھېچكىم ئۈستىگە ئالالمايدۇ. باشقا گەپلەرنى قويۇپ، باللىنى دەرھال دوختۇرغا ئاپىرىڭلار!
ئىمىن رەمتىل «باخشىنىڭ ئايىتى»نى ئوقۇپ ئۆزىنى ئۆزى بوغۇلدۇرغان ئۈچ باللىنى باشقا باللارغا كۆتۈرتۈپ ئىشخانىغا ئاچىقىپ قويدى. ئۇ ئاردىن تۆت ـ بەش مىنۇت ئۆتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەسلىگە كېلىشىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما، ئىمتىھان ئالغۇچى بۇنى بىلمىگەچكە، سىنىپتىن پېشانە تەرلىرىنى سۈرتكىنىچە قايتىپ چىقتى ـ دە، مۇدىر ۋە باشقىلار بىلەنمۇ خوشلاشماي كېتىپ قالدى. ئۇ قايتىپ كېتىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن بوغۇلغان باللار ئەسلىگە كېلىپ، گويا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## لەخمەن ماجىراسى

ئىمىن رەمتىلنىڭ خانىماز كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىلىپ خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا ھەش - پەش دىگۇچە بىر يىل بولۇپ قالغانىدى. بۇ بىر يىل داۋامىدا ئۇ ئۆيگە بىرىپ - كىلىش ۋە كۇندىلىك ئۇچ ۋاخ تاماقتا تولىمۇ قىينالدى. ئۆيىگە يىقىنراق مەكتەپلەرگە ئالمىشىش ئۈچۈن خىلى يول ماڭغان بولسىمۇ ھەل بولمىدى. ناۋادا مەكتەپكە بارمايمەن دىسە، «ئۆزلۈكىدىن خىزمەت تاشلىدى» دەپ مائاشىنى توختىتىپ قويۇشى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا، باشقا ئامال تىپىپ بولغۇچە مەكتەپكە بىرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، مەكتەپتە ئىمىن رەمتىلنىڭ يىتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن بىر ياتاق بولغاندىن باشقا، تاماق ئىتىپ يىگۇدەك نە گۆش - ياغ، نە تاختا - نوغۇچ، ھىچقانداق نەرسە يوق ئىدى. پەقەت مەكتەپ ئالدىدىكى چوڭ يول بويىغا ئىچىلغان بىرلا ناۋايخانا بولۇپ، دەم ئىلىش كۈنلىرى ئۆيگە قايتقاننى ھىسابقا ئالمىغاندا، ئىمىن رەمتىلنىڭ كۈنلىرى دىگۇدەك ئۇچ ۋاخ نان غاجاش بىلەن ئۆتەتتى.

بىر كۈنى ئىمىن رەمتىل دەرستىن چۈشكەندىن كىيىن كەنتتىكى بىرنەچچە دىھقان دوستلىرى بىلەن ياتىقىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاچ هاراق ئىچىشىپ قالدى. دىھقان ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىغا قورۇق گازىر - پۇرچاق بىلەن سوغۇق سۇدىن باشقا ھىچنەرسە ئىلىپ چىقالمىغان ئىمىن رەمتىلنىڭ يەنە خويى تۇتتى. بۇنى ھىس قىلىپ يەتكەن ئاغىنىلىرى ئىمىن رەمتىلنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بىرىشىپ، بىردىن - ئىككىدىن قايتىپ چىقىشتى. ئۆزى يالغۇز قالغان ئىمىن رەمتىل ياتاقتىن چىقىشىغا بۇرنىغا مەززىلىك

لەڭمەن پۇرىقى كېلىپ ئۇرۇلدى . ئۇنىڭ لەڭمەن يەپ باقمىغىنىغا بىر ھەپتە بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بىر خىيال كەچتى ـ دە ، ئارقىسىغا يېنىپ ياتاقىقا كىرىپ، بايا قىلىپ قالغان ھاراقتىن يەنە بىرنەچچە رومكا ئىچىپ ، ئۆزىنى ئازا «تەڭشىدى» . ئاندىن مۇدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنى تووۋلىدى .

— ھە ئىمىنجان ، نېمە گەپ ؟ — دېدى مۇدىر ئىشىكنى ئېچىپ چىقىۋېتىپ .

— مەن لەڭمەن يەيمەن ! خوتۇنلىرىغا دەپ ماڭا لەڭمەن ئەتكۈزۈپ بەرسىلە .

ئىمىن رەمتىل شۇنداق دېگىنىچە ئۇدۇل مۇدىرنىڭ ئۆيىگە ماڭدى ھەمدە ئۆيگە كىرىپ بەخىرامان باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى . مۇدىرنىڭ تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ، ئىمىن رەمتىلنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئالداپ ـ سىلاپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولدى :

— مەست بولۇپ قاپسىلە ئىمىنجان . ھازىرچە ياتىقىڭلىغا چىقىپ ئۇخلاڭلا . لەڭمەن پىشقاندا مەن چىقىپ چاقىرىمەن .

— ياق ، يا ماڭا رۇخسەت بېرىلا ، ئۆيگە بېرىپ لەڭمەن يەپ كېلىمەن ، يا بولمىسا خوتۇنلىرىغا دەپ لەڭمەن ئەتكۈزۈپ بېرىلا . بۈگۈن لەڭمەن يېمىسەم ، ئىمىن رەمتىل دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن !

ئىمىن رەمتىلنى ئالداپ ـ سىلاپ چىقىرىۋېتىشكە كۆزى يەتمىگەن مۇدىر ئەمدى قاتتىق تېگىشكە باشلىدى :

— مەن سىلىگە لەڭمەن ئەتكۈزۈپ بەرگىلى داداڭلا ئەمەس . ھۆكۈمەت لەڭمەن ئېلىپ يېسۇن دەپ ھەر ئايدا مائاش بەرگەندىكىن ، شۇنىڭغا ئېلىپ يەڭلا .

— توغرا ، سىلى مېنىڭ دادام ئەمەس ، بەلكى مەكتەپ مۇدىرى ، مۇدىر نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرىدۇ . ئوقۇتقۇچى نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ ئوقۇغۇچىغا دەرس ئۆتىدۇ . دەرس

ئۆتۈش ئۈچۈن قورسىقىغا تاماق يېمىسە بولمايدۇ. سىلىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىمىن رەمتىلىنىڭ لەگمەن يەپ باقمىغىنىغا بىر ھەپتە بولدى. بۈگۈن ئىمىن رەمتىل چوقۇم لەگمەن يېيىشى كېرەك! شۇڭا يا رۇخسەت بېرىڭلا، ئۆيگە بېرىپ لەگمەن يەپ كېلىمەن. رۇخسەت بەرمەيدىكەنلا، لەگمەننى مۇشۇ ئۆيدە يەيمەن.

مۇدىر ئىمىن رەمتىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ ئويلىنىپ باقتى. ناۋادا ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرسە، ئىمىن رەمتىل كېتىپ لەگمەن يەپ كەلگۈچە ئاز دېگەندىمۇ بىر كۈن ئۆتەتتى. تېخىمۇ چاتاق يېرى، ناۋادا باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئىمىن رەمتىلگە لەگمەن يەپ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلگىنىنى ئاڭلىسا، مۇدىر ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. رۇخسەت بەرمىسە، ئىمىن رەمتىل ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟...

مۇدىر تەبىئىي ھالدا كەلگەن ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي ۋارقىرىدى:

— ئىمىن رەمتىل! مېنىڭ سېنى لەگمەن بىلەن بېقىش مەسئۇلىيىتىم يوق. چىقە ئۆيدىن!

ئىمىن رەمتىل پىسەنتىگە ئېلىپ قويماستىن:

— مەن تېخى لەگمەن يېمىدىم، لەگمەن پىشقۇچە ئارام ئېلىپ تۇرسام بولغۇدەك، — دېدى ـ دە، شەپكىسىنى پەسكە تارتىپ كۆزىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، شۇ ھامان خورەك تارتىشنى باشلىۋەتتى. مۇدىر ئاچچىقىدا ئىمىن رەمتىلنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ، تېخىمۇ تېرىكىپ ۋارقىرىدى:

— ھېلى بىكا مەندىن بىر ئىش كۆرسەن جۇما، ئىمىن رەمتىل! ئىززىتىڭنى بىلىپ، ياخشىلىقچە ئۆيدىن چىقىۋال!

ئىمىن رەمتىل ئۇخلاپ ئەمدىلا ئويغانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— لەگمەن پىشتىما مۇدىر؟

مۇدىر كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئىمىن رەمتىلگە بىرھازا قاراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تىترەپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— قېنى دەپ باقە، ئىمىن رەمتىل، ئەگەر لەگمەن ئەتكۈزۈپ

بەرمىسەم قانداق قىلالايسەن ؟
— ھېچقانداق قىلمايمەن . لەگمەن پىشقۇچە مۇشۇ ئۆيدە ساقلاپ تۇرىمەن شۇ .
— دېمەك ، ئۆيدىن چىقمايسەن ، شۇنداقمۇ ؟
مۇدىر ئىمىن رەمتىلنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئوغلىنى ئويغىتىپ چىقتى ـ دە ، ئۇلارى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ ئادەم ئىمىن رەمتىلنى كۆتە ـ كۆتە قىلىپ سىرتقا ئاچىقىۋەتتى . ئۆيدىن چىقماسلىق ئۈچۈن قانچە تىركەشسىمۇ ، ئۈچ ئادەمگە كۈچى يەتمىگەن ئىمىن رەمتىل باشقا بىرەر ئامال تېپىش كويىدا ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇپ ، مۇدىردىن سورىدى :
— بايا ئۆيدە نېمەدەپ سورىغانتىملە مۇدىر ؟
— ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ يەنە دەپ بېرەي : ئەگەر لەگمەن ئەتكۈزۈپ بەرمىسەم قانداق قىلالايسەن ! ؟
شۇ ئەسنادا ئىمىن رەمتىل ئىشىك تۈۋىدىلا تۇرغان تامغا يۆلەكلىك شوتىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، مۇدىر ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ، شوتىنىڭ ئۈستۈنكى بالدىقىغا چىقىپ بولدى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ دېدى :
— ئەگەر لەگمەن ئەتكۈزۈپ بەرمەيدىغان بولسىلا ، ئۆگزىدىن ئۆزۈمنى ئاتىمەن !
— ئىختىيارىڭ ! — دېدى مۇدىر مەنسىتمىگەندەك قىلىپ ، — جان ئۆزۈڭنىڭ . سەكرەپ ئۆلەمسەن ، ياشامسەن ، مېنىڭ نېمە كارىم .
— خالايىق ، ئاڭلاپ قويۇڭلار ! — دېدى ئاللىقاچان ئۆگزىگە چىقىپ بولغان ئىمىن رەمتىل ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ، — بىزنىڭ مۇدىر ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆلەمدۇ ـ تىرىلەمدۇ ، بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىكەن ... ئەمسە ئاشۇ گەپلىرىدىن يېنىۋالمىسىلا جۇما مۇدىر ، مەن سەكرىدىم ئەمسە !
مۇدىر بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ، «گۇلدۇر ـ غالاپ !» قىلغان بىر ئەنسىز ئاۋاز بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەڭ ، ئىمىن رەمتىل ئىشكىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە توختىتىپ قويۇلغان كارىۋات ئۈستىگە چۈشتى ـ دە ، كارىۋاتنىڭ ئىككى تال شىلىنى سۇندۇرۇپ ، ئۆزى كارىۋاتقا ئارتىلىپ قالدى . ھودۇقۇپ كەتكەن مۇدىر تاكى ئايالى ئىچكەركى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ «ۋاي نېمە ئىش ؟» دەپ سورىغۇچە ئاغزىنى ئاچقان پېتى داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئاندىن ھەممىسى ئىمىن رەمتىلنىڭ بېشىغا ئولاشتى . يۈز ـ كۆزى ۋە ئۈستىۋېشى غازاڭ بىلەن توپىغا مىلىنىپ ، تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغان ئىمىن رەمتىل كۆزىنى ئاچماي ياتاتتى .

— ئاستا يۆلەڭلا ، ئاۋۋال ئۆيگە ئەچىرەيلى ، — دېدى مۇدىر باللىرىغا پەس ئاۋازدا .

ئىمىن رەمتىلنى ئۆيگە ئەكىرىپ كارىۋات ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى . ئاندىن ئىسمىنى چاقىرىپ ، مىدىرلىتىپ بېقىشتى . ئىمىن رەمتىل كۆزلىرىنىمۇ ئاچماستىن ئۇن ـ تىنسىز يېتىۋەردى .

— سەن دەرھال چىقىپ ئات ھارۋىسىدىن بىرنى تېپىپ كەل ، — دېدى مۇدىر چوڭ ئوغلىغا ، — بۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق ئىش چاتاقتەك تۇرىدۇ .

— لەڭمەن پىشىسىلا ھەممە چاتاق تۈگەيدۇ مۇدىر ، — دېدى ئىمىن رەمتىل كۆزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ .

— ۋاي ، سەن ساقمۇ ئىمىنجان ؟ — دېدى مۇدىر بېشىنى قاشلاپ ، — ئادەمنى ئەجەبمۇ قورقۇتتۇڭ . ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆگزىدىن ئۆزىنى ئاتار دەپ ئويلىماپتىمەن . ناۋادا ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ بىرەر يېرىڭ سۇنۇپ كەتسە قانداق قىلاتتۇق ؟

— قانداق قىلاتتۇق . مەن ساقايغۇچە كەتكەن چىقىمنى سىلى تۆلەيتتىلە . ئۇنى ئاز دەپ ، ئۈچ ـ تۆت ئايغىچە ئىككى سىنىپنىڭ دەرسى قالاتتى .

— ۋاي بولدى ، سەن لەڭمەن يېسەڭ ئوڭشىلىپ كېتىدىغان ئىش بولسا ، ئۇن قاچا يېسەڭمۇ يېگىن… قېنى خوتۇن ، لەڭمەنگە تۇتۇش قىلىڭلا ، ئىمىن رەمتىل لەڭمەندىن ئۇن قاچا يېمىسە ھېساب

ئەمەس .

— ئىمىن رەمتىل بىرلا ئادەم ، مۇدىر ، پەقەت بىر قاچا لەگمەن يېسە تويىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، مۇدىرنىڭ ئۆيىدە لەگمەنگە قازان ئېسىلدى . لەگمەن پىشقۇچە ئىمىن رەمتىل ئۇستۇېشىدىكى غازاڭ ۋە توپا - چاڭلارنى قېقىشتۇرۇپ ، يۈز - كۆزىنى يۇدى .

— توۋا ، — دېدى مۇدىر ئەمدى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتقان ئىمىن رەمتىلگە قاراپ ، — سېنى مۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ، ئىمىنجان . ئۆگزىدىن سەكرىسەم پۇتۇم سۇنۇپ كېتەر دېگەننى ئويلىمىدىڭمۇ ؟

— مەن دېگەن ئىمىن رەمتىل ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالدىيالمايمەن ، مۇدىر . راست گەپنى دېسەم ، پەقەت لەگمەن يېيىشنىلا ئويلىدىم . ئۆگزىگە چىقىپ بولۇپ پۇتۇم سۇنۇپ كېتىشىنى ئويلىسام سەكرىيەلمەيتتىم . سەكرىيەلمىسەم ھەم لەگمەننى يېيەلمەيتتىم ، ھەم ئۆزۈم مات بولۇپ قالاتتىم . شۇڭا ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا سەكرەۋەردىم .

— ناۋادا لەمپە بولمىغان بولسا ، ئۆگزىدىن ئۇدۇللا يەرگە چۈشكەن بولساڭ ، بىر يېرىڭ سۇنۇپ كېتەتتى جۇما ، ئىمىنجان .

— ئاتام بىلەن ئانام نامىزىدا ماڭا جىق دۇئا قىلىدۇ ، مۇدىر . شۇنىڭ خاسىيىتىمىكىن ، ئىشقىلىپ ، جىق ئىشلاردا خۇدايىم ساقلاۋاتىدۇ . ئۆگزىگە چىقىپ قالسام (قارىسام) ، ئۆگزىدىن بىرەر مېتىرچە پەستە تېرەكنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىدا قىلىنغان لەمپە تۇرىدۇ . «لەمپىنىڭ ئۇستىگە سەكرىسەم ، قارشىلىق ئازىيىپ ، يەرگە چۈشكۈچە بولغان ئارىلىق قىسقىرايدىكەن» دەپ ئويلىدىم - دە ، قورقماي سەكرەۋەردىم...

— ...

ئۇلارنىڭ پارىڭى تاكى مۇدىرنىڭ ئايالى لەگمەن پىشتى دەپ خەۋەر قىلىپ كىرگۈچە داۋاملاشتى . ئاندىن ئوخشىتىپ ئېتىلگەن لەگمەننى ئىشتىھا بىلەن يەپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل رەھمەت ئېيتىپ مۇدىرنىڭ ئۆيىدىن چىقتى .



www.uyghurkitap.com

## «نىنو - نىنونى…»

قاتناش راۋان جايلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئون كىلومېتىر يول ئانچە ئۇزاق ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن تېخى نە ئاپتوبۇس، نە تاكسى سېلىنمىغان بۇ يول ئىمىن رەمتىل ئۈچۈن ئانچە يېقىنمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەپتىدە پەقەت بىر قېتىملا ئۆيىگە قايتالايتتى. دۈشەنبىدىن باشلاپ ھەپتىنىڭ كۈنلىرىنى تالاي قېتىم ساناپ، شەنبىنى مىڭ تەستە كەلتۈرەتتى.

بۈگۈن شەنبە ئىدى. ئۇ دەرستىن چۈشۈپلا چوڭ يولغا چىقىپ ماشىنا - تراكتورلارنىڭ ئۆتۈشىنىمۇ كۈتۈپ ئولتۇرماستىن پىيادە مېڭىپ كەتتى. ئالاھازەل ئىككى - ئۈچ كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن كەينىدىن كەلگەن بىر سوپەكنى توسۇپ چىقىۋالدى. ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ كۆجە ئېتىش ئۈچۈن كۆكۋاش قىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى. چۈنكى، بىر يىلنىڭ پەقەت كۆز ئايلىرىدىلا ئېتىپ ئىچكىلى بولىدىغان بۇ داڭلىق دولان تائامىغا ئېغىز تەگمىگىلى ئۇنىڭغا بىر يىل بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، ئاش پىشقاندا بىر قاچا كۆجىنى ئىچىپ بولۇپ يەنە بىر قاچا ئىچىۋەتتى. ئاندىن دۇئا قىلىپ سىرتقا ماڭدى.

— بەك كەچ قالمايراق قايتىپ كېلەرسەن، بالام، — دېدى ئانىسى ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ.

ئىمىن رەمتىل «ھەئە…» دەپ قويۇپ، ئۇدۇل كىنوخانا ئالدىغا باردى. كىنوخانا ئۇنىڭ دوستلىرى كەچتە ئۇچرىشىدىغان

www.uyghurkitap.com

جاي بولۇپ ، بەزىدە ئۇلار پاراڭلاشقاچ بىللە كىنو كۆرەتتى . بەزىدە كىنو قىزىق بولمىسا ، تۇردى تاشنى تېپىپ ، ئۇنىڭ قىزىقارلىق ھېكايە - چۆچەكلىرىنى ئاڭلايتتى .

ئىمىن رەھىمتىل كىنوخانا ئالدىغا بېرىپ ، دوستلىرىنى ئىزدەپ ئەتراپقا بويۇنداپ قارىدى . دوستلىرى ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى . كىنوچىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق كانايدىن چىقىۋاتقان «بىلەت ئالغان يولداشلار كىنوخانىغا كىرەيلى . كىنو ھازىر باشلىنىدۇ...» دېگەن ئۈلچەمسىز ئاۋازى تەكرار - تەكرار ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ گازىرچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئىككى موچەنلىك گازىر ئېلىپ يانچۇقىغا قويدى - دە ، كىنوخانىغا كىرىپ كەتتى .

ئۇ دوستلىرىنى كىنوخانىدىن تاپماقچى بولغانىدى . بىراق ، كىنوخانىغا كىرىشىگىلا چىراغ ئۆچۈپ كىنو باشلىنىپ كەتكەچكە ئۇدۇل كەلگەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . ئېكراندا كىنونىڭ نامى سىنارىيە ئاپتورى ، مۇزىكا ئىشلىگۈچى ۋە رېژىسسورلارنىڭ ئىسمى كۆرۈنۈپ ، ئەمدىلا سۈرەت چىقىشقا باشلىنىۋىدى ، تۇيۇقسىز توك كېتىپ كىنو ئۈزۈلۈپ قالدى .

— ياللا ! — دېدى ئىمىن رەھىمتىلگە يېقىن يەردە ئولتۇرغان بىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا ، — بۇ كىسپۇرۇشلارنىڭ كىنونى ساق قويالايدىغان بىرەر كۈنىمۇ بارمىدۇ ؟ قاچانلا كىنوغا چىقسا بىردەم توك كەتتى دەۋاتقان ، بىردەم لېنتا ئۈزۈلدى دېگەن ، بىردەم چاس ئالمىشىپ قاپتۇ دەپ ، ئالدىنقى چاستا ئۆلگەن ئادەمنى كېيىنكى چاستا تىرىلدۈرۈۋاتقان...

كىشىلەر ئىسقىرتىشىپ ، ئۇڭ - تەتۈر ۋارقىرىشىۋاتقاندا توك كەلدى - دە ، كونا گېنېراتورنى ئوت ئالدۇرالماي ھەپىلىشىۋاتقان كىنوچىلار دەرھال بوتكىغا قايتىپ كىنونى باشلىدى . ئەمما ، ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي ، يەنە توك كەتتىمۇ ياكى فىلىم لېنتىسى ئۈزۈلدىمۇ ، ئەيتاۋۇر كىنو يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى . بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ زېرىككەن ئىمىن رەھىمتىل ئاستا ئورنىدىن

تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. كىنوخانا ئىشىكى ئالدىدا كىنوغا كىرەلمەي، كىم سىرتقا چىقسا «ئورنىڭىزغا مەن چىرەيمۇ؟» دەپ سورايدىغان بالىلارنى كۆرۈپ، ئىمىن رەمتىلىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەلدى ـ دە، بالىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئاۋۋال ھەربىرىگە ئىككى موچەندىن پۇل تۇتقۇزدى. ئاندىن خالىيراق بىر يەرگە ئاپىرىپ، دەيدىغان گەپلەرنى ئاھاڭىغا سېلىپ ئۆگەتتى. قىلغىلى قىلىق تاپالماي ياكى كىنوغا كىرەلمەي زېرىكىپ تۇرغان بالىلار ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە كىنوخانا ئالدىغا كېلىپ توپلىشىپ، بار ئاۋازى بىلەن توۋلاشقا باشلىدى:

— نىنو ـ نىنونى، قويسۇن كىنونى، قويمىسا كىنونى، بەرسۇن بەش مونى…

بالىلار شۇ قەدەر رەتلىك توۋلايتتىكى، ئون بەش ـ يىگىرمە بالىنىڭ ئاۋازى گويا بىر ئادەمنىڭكىدەك چىقاتتى. بۇنى ئاڭلىغان يىراق ـ يېقىندىكى بالىلارمۇ كېلىپ قوشۇلدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بالىلارنىڭ سانى يىگىرمە ـ ئوتتۇزغا يەتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى كىنوخانا ئالدىدىن ھالقىپ، پۈتۈن يانتاق يېزىسىنىڭ بازىرىنى بىر ئالدى. ھەتتا كىنوچىلارنىڭ كانايلىرىنىمۇ بېسىپ كەتتى. كىنوچىلار چىداپ بولالماي، چىقىپ بالىلارنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇشتى. بىراق، سانى كىنوچىلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان بالىلار بۇياقتىن قوغلىسا ئۇياققا قېچىپ، ئۇياقتىن قوغلىسا بۇياققا قېچىپ كېلىپ دەيدىغىنىنى دەۋەردى. ئامالسىز قالغان كىنوچىلار ئاخىر بالىلارغا ۋە كىنوغا كىرگەنلەرگە بۈگۈنكى بۇ كىنونى ئەتە ئاخشام ھەقسىز قويۇپ بېرىشكە قايتا ـ قايتا ۋەدە بېرىپ، ئاران تەستە ئىشنى يىغىشتۇردى.

ئەمما، ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمىگەنىدى. ھېيت ـ بايرام، تەتىل ۋە ئارام كۈنلىرى ئۆيگە كەلگەندە، ئىمىن رەمتىل پات ـ پات كىنوغا كىرىپ قالاتتى. ھەر قېتىم كىنوغا كىرسە، يەنە ئوخشاشلا داۋاملىق توك كېتەتتى ياكى فىلىم لېنتىسى

ئۈزۈلۈپ، نۇقسانسىز كىنو قويۇلىدىغان بىر كۈنمۇ بولمايتتى. بۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىمىن رەمتىل ئاتايىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ قىرىق دانە پۇشتەك سېتىۋالدى. ئاندىن يانتاققا كېلىپ ئۇنى قىرىق بالىغا تارقىتىپ بېرىپ، بازاردا، ئۆيدە، يەسلى ـ مەكتەپلەردە چالماي، پەقەت كىنونى تۈزۈك قويالمىغان چاغدىلا كىنوخانىدا چېلىشقا بالىلاردىن ۋەدە ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەيلى ئىمىن رەمتىل بولسۇن ـ بولمىسۇن، كىنو ئۈزۈلۈپ قالغان ھامان تەرەپ ـ تەرەپتىن پۇشتەكلەر ياڭراپ، كىنوچىلارنىڭ قولىنى تىترىتىپ، ئۇلارنى ھېچ ئىش قىلالماس قىلىپ قويدى. بۇ بېسىمغا چىداپ بولالمىغان كىنوچىلار ئاخىر ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، ساقچىخانىغا كىرىشتى.

بىر كۈنى ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۆيىگە ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى:

— بىز ئىمىن رەمتىلنى ئىزدەپ كەلدۇق، — دېدى ئۇلار ئىشىكنى ئاچقان رەمتىل ئاكىغا، — ئىمىن رەمتىل ئۇششاق بالىلارنى كۈشكۈرتۈپ، كىنو تەرتىپىنى بۇزۇپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغان...

— قاچان؟ — دەپ سورىدى رەمتىل ئاكا ئۇلارنى ئۆيىگىمۇ باشلىماستىن.

— يىراقتىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، تېخى ئاخشام يۈز بەرگەن ئىشنى دېسەكمۇ، بىز كىنوخانىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كىنوخانىغا كىرگەنىدۇق. ئۇششاق بالىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن پۇشتەك چېلىپ كىنوخانىنى بېشىغا كىيدى. بىز دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ئون يەتتە دانە پۇشتەكنى يىغىۋېلىپ، بالىلىنى تارقىتىۋەتتۇق.

— شۇ سورۇندا مېنىڭ بالام بارمىكەن؟

— ياق، ئۇنى كۆرمىدۇق. شۇڭا، مانا ھازىر ئىزدەپ كېلىشىمىز.

— نەق مەيداندا يوق ئادەمگە گۇناھ ئارتىش قايسى قانۇندا بار ؟ ئـوغلۇم قەشقەرگە كەتكىلى ھەپتە بولدى . ئۇ قەشقەردە تۇرۇپ يـانتاقتىكى كىنوخانىنىڭ تەرتىپىنى قانداق بۇزالايدۇ؟ ··· سەل ئالدىراپ قاپسىلە ئۇكام . بىرىپ قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىنى يەنە ئوبدانراق كۆرۈپ بېقىڭلار .

ساقچىلار بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە گەپ ـ سۆز قىلالماي قايتىپ كېتىشتى . ئىمىن رەمتىل قەشقەردىن كېلىپ بۇ گەپلەرنى ئـاڭلاپ ، گـەرچـە يـۈزتـۇرا تۇرۇپ ئۆز ئاغزى بىلەن رەھمەت ئېيتمىسىمۇ ، ئاتىسىدىن پەخىرلىنىپ كۆڭلىدە رەھمەت ئېيتتى .



# دۇتار دەۋاسى

مەكتەپ مەيدانىنىڭ مەغرىب تەرىپىدىكى قېرى سۆگەتكە ئېسىپ قويۇلغان داڭ چېلىنىشى بىلەن تەڭ، ئوقۇغۇچىلار سىنىپ - سىنىپلاردىن چۇۋۇلۇپ چىقىشتى - دە، بىر ئائىلىدىن ياكى بىر مەھەللىدىن كەلگەنلەر بىر - بىرىنى تۇۋلىشىپ بىللە قايتىپ كېتىشتى. مەكتەپتە ئۆيى بار ئوقۇتقۇچىلارمۇ قولىدىكى كىتاب - دەپتەرلىرىنى ئىشخانىغا تاشلاپ ئىشىككە قۇلۇپ سالدى - دە، ئۆيلىرىگە چىقىپ كېتىشتى. ھەش - پەش دېگۈچە مەكتەپ ئىچى گويا ئىنس - جىن يوق بىر تاشلاندۇق ماكانغا ئوخشاش جىمجىتلىق قوينىغا چۆكتى.

يالغۇز ياتاقتا كىرگۈسى كەلمىگەن ئىمىن رەمتىل مەكتەپ ئالدىدىكى چوڭ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ دېھقان ئاغىنىسى ئاباس نۇر يېنىغا ئېسىۋالغان كۆن قاپلىق رادىئوسىنى بولۇشىغا ئېچىۋېتىپ، بىر كالىنى يېتىلىگەن ھالدا كېلىۋاتاتتى. رادىئودىن بولسا «دەۋرىمىزنىڭ پاراۋوزى ماشىماقتا ئالغا» دېگەن ناخشا ياڭرىماقتا ئىدى. رادىئونى كۆرۈپ ئىمىن رەمتىلنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كەلدى - دە، ئاۋۋال ئاباس نۇر بىلەن سالاملاشتى، ئاندىن ئۇنىڭ رادىئوسىنى ئىككى كۈنلۈك سوراپ ئېلىپ قالدى.

«ئەمدى دۇتار ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى بىر كۆرەي!» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، «ھەرقايسىڭ خوتۇن - باللىرىڭ بىلەن زېرىكمەيسەن. مەنمۇ كەچتە ئۆيگە كېتەلىگەن بولسام زېرىكمىگەن بولاتتىم. بىراق، كېتەي دېسەم، ھەر كۈنى كەچتە كېتىپ ئەتىگىنى كېلىش ئۈچۈن ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىشقا

تــوغرا كــېلىدۇ . بۇ يا بىر ـ ئىككى كۈننىڭ ئىشى بولمىسا ، خۇدانىڭ كۈنى پايپاسلاپ مېڭىۋېرىشكە جان توشمايدىكەن . بارماي ياتاقتا يېتىۋەرسەم ، تېخى زېرىكىپ كېتىدىكەنمەن . ئەمدى ياخشى بولدى . رادىئونى ئۆزبېكىستاننىڭ ئاڭلىتىشىغا توغرىلاپ بولۇشىغا قويۇۋەتسەم ، مۇدىر چوقۇم يوگورۇپ چىقىدۇ . شۇ چاغدا ئىشنى توغرىلايمەن… »

ئۇ ئاۋۋال ياتاقتا كىرىپ رادىئو بىلەن بىرھازا ھەپىلەشتى . ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ، خەنزۇچە ۋە ئۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئالىلقانداق تىللاردىكى ئاڭلىتىشلارنى تاپقان بولسىمۇ ، ئۆزبېكچە ئاڭلىتىشلارنى زادىــلا تــاپــالمىدى . ئاچچىقىدا رادىئونى دەسسەپ چېقىۋەتكۈدەك بــولــدى . ئەمما ، ئۇنداق قىلسا بىرىنچىدىن ، كۆڭلىگە پۈككەن ھېلىقى مەقسىتىگە يېتەلمەيتتى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئەتە ـ ئۆگۈن ئاغىنىسى رادىئونى سوراپ قالسا جاۋاب قىلمىقى تەس بولاتتى . شۇڭا ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ ، تاكى ياتار ۋاققىچە ئۆزى تاپماقچى بولــغــان ھــېــلــىقى ئىستانسىنى ئىزدىدى . ناھايەت ، رادىئودىن «ســۆزلــەپ تــۇرغــان ئــالمائاتا » ھەمدە «تاشكەنتتىن ئاڭلىتىش بېرىۋاتىمىز » دېگەن سۆزلەر چىققاندا ، گويا بىر كۈنلۈك ئېغىر چامنى چېپىپ تۈگەتكەن ھاشارچىدەك ، «ئۇھ… » دېدى . ئەتىسى يــەنــە مــۇشۇنداق ئاۋارە بولماسلىق ئۈچۈن ئاڭلىتىش ۋاقتى ۋە كىلوگېرتسلارنى خاتىرىلىۋالدى .

ئــەتىسىدىن باشلاپ ئىمىن رەمتىل ئاڭلىتىش ۋاقتى مەيلى كۈندۈز ياكى كېچىگە توغرا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ، رادىئونىڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا ئېچىۋېتىپ ، مەكتەپ ئەتراپىدا نەدە ئادەم بولسا شۇ يەردە مېڭىپ يۈردى .

— ئىمىنجان ، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسىلە ؟ — دېدى بىر خــىــزمــەتــدىشى ئۇنىڭغا ، — سىلىنىڭمۇ «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر » دېگەن قالپاقــنى كــيــىــپ ، تۈرمــىدە ياتــقــىڭلار بــارمــۇ يا ؟ نى ـ نى ئادەملەرنىڭ شۇ سەۋەبتىن تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، يەنە چەتنىڭ رادىئوسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاڭلاپ

يۇرگىنىڭلا نىمىسى ؟

— ماڭا مۇدىر رۇخسەت قىلغان . مەكتەپكە بىر دۇتار ئالايلى دىسەم ، «دۇتار ئالغىلى پۇل يوق ، ئۆزىڭىزنىڭ رادىئوسىدا دۇتار دىگەننى سايرىتىۋىتىدۇ . دۇتار ئاڭلىغۇڭ بولسا شۇنى ئاڭلاپ تۇر» دەپ مۇدىر ئۆزى شۇنداق دىگەن . ناۋادا بىرى كىلىپ مىنى تۇتسا ، مەن مۇدىرنى كۆرسىتىپ قويىمەن . مەن دىگەن مۇدىرنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى . مەندە ھىچ گۇناھ يوق···

بۇ گەپلەر مۇدىرنىڭ قۇلىقىغا ھايال ئۆتمەيلا يىتىپ باردى . ئىمىن رەمتىلىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلىدىغان مۇدىر ئۇنى شۇ ھامان ئىشخانىسىغا چاقىرتتى :

— ئاڭلىسام ، چەتنىڭ رادىئوسىنى ئاڭلاپ ، مۇدىر رۇخسەت قىلغان دەپ ماڭا دۆڭگەپ قويۇپسەن ، بۇ راستما ، ئىمىنجان ؟

— خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىراشلىقىدىن ئۇنتۇغاق بولۇپ قاپلا - دە ، تىخى تۆت كۇنىنىڭ ئالدىدا «بىر مەكتەپتە بىرەر دۇتار بولمىسا ھىيت - بايراملاردا پائالىيەت قىلغىلى بولمايدىكەن . بىرەر دۇتار بولسىمۇ ئىلىپ بەرسىلە ، مۇدىر» دىسەم ، «دۇتار ئاڭلىغۇڭ بولسا ئۆزبىكىنىڭ رادىئوسىنى ئاڭلا··· » دىگەن گەپنى ئاشۇ تاماكا چىكىۋاتقان ئاغزىلىرى بىلەن ئۆزلىرى دىگەنتىلە . مانا ئەمدى···

— بولدى ، بولدى ! مەن ساڭا قول قويدۇم . مىنىڭ ئالدىمدا قاراپ تۇرۇپ قىپقىزىل يالغان گەپ قىلىۋاتقىنىڭدىن قارىغاندا ، ناۋادا راستتىنلا چەتنىڭ رادىئوسىنى ئاڭلىغىنىڭ سۈرۈشتۇرۇلۇپ قالسا ، مىنى بالاغا قويۇشتىن يانمايدىغان ئوخشايسەن . بولدى ، رادىئونى ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقات ! بۇگۇن كاسسىرنى ئەۋەتىپ ، نەدىن بولسىمۇ ساڭا بىر دۇتار ئالغۇزۇپ بىرەي···

ئىمىن رەمتىل ئىچىدىكى كۇلكىنىڭ تىشىغا تىپىپ چىقىسا چىنىپ قالماسلىقى ئۇچۇن ئۇن - تىنسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئارقىسىغا ئۆرۇلۇپلا ئۇدۇل قايتىپ چىقتى .

شۇ كۇنى دەرستىن چۇشكەندىن كىيىن مۇدىر ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشخانىغا يىغىپ قىسقا يىغىن ئاچتى . يىغىندا ئوقۇتۇشقا

مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىساد كەمچىل بولۇۋاتقان شارائىتتىمۇ بىر دۇتار سېتىۋېلىنىدىغانلىقىنى ھەممە ئۇنى ئىمىن رەمتىلنىڭ ئىگە بولۇپ ساقلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىن رەمتىل ئاغىنىسىنىڭ رادىئوسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ، گەرچە دۇتارنى ياخشى چالالمىسىمۇ ، زېرىككەن چاغلىرىدا قولىغا ئېلىپ تىرىڭلىتىپ ، بىكار ۋاقتىنى دۇتار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزىدىغان بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چىنىقىش

رەمتىل ئاكا يانتاقتىكى دىتى بار تىجارەتچىلەرنىڭ بىرى ئىدى . يانتاقنىڭ بازار كۈنى ناھىيىدىكى قوشنا يېزىلارنىڭ بازار كۈنىگە ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا شەنبە كۈنىگە توغرىلانغان بولغاچقا ، رەمتىل ئاكا بۈگۈنكى شەنبىدە بازارنىڭ قاپ ئوتتۇرىدىكى تاش مۇنارنىڭ يېنىغا بىر تراكتور تاۋۇزنى سېتىۋالغان ئېتىزلىقتىنلا ئەكېلىپ دۆۋىلىۋەتتى .

ئىمىن رەمتىل ئاتىسىغا ياردەملىشىپ كەچكىچە تاۋۇز سېتىشىپ بەردى . كەچتە بىر ھارۋىدەك تاۋۇز ئېشىپ قېلىۋىدى ، ئەتىسى يەكشەنبىدە مەكتەپكە بارمايدىغان بولغاچقا ، كەچتە تاۋۇزنىڭ يېنىغا ئورۇن سېلىپ يېتىپ تاۋۇزنى ساقلىدى . كېچىچە يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىدا تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمىغان ئىمىن رەمتىل ئەتىسى كۈن چىققاندا ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇردى . يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئەمدى ئۆيگە ماڭاي دەپ تۇراتتى ، جەرەندۆك كەنتى تەرەپتىن ئىككى ئادەم كەلدى ـ دە ، تاۋۇزلارنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، «ئەجەب ئۇسساپ كەتتىما...» دېگىنىچە بىردىن ـ ئىككى تاۋۇزنى مۇشتلاپ چېقىپ ، سۈيىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ پاك ـ پاكىز يەۋەتتى . ئاندىن بېلىدىكى بەلۋاغلىرىنىڭ ئۇچىدا ئاغزى ـ بۇرنىنى ئېرتىپ ، كاركىرىشىپ كېكىرگىنىچە ئورنىدىن قوپۇپ ، ئىمىن رەمتىلگە قاراپمۇ قويماستىن كېتىپ قېلىشتى . ئىمىن رەمتىلنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىن كېچىدىن تازا ئىچىشىپ تېخى ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان چالا مەستلەر ئىكەنلىكىنى پەملەپ ، ئىككى تاۋۇزنى دەپ ئەتىگەندە جېدەللىشىپ

قىلىشنى خالىمىدى . ئەمما ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قىر ئۇستىدە ئۆزىگە قاراپ خىر ـ خىر كۇلۇۋاتقان ئوبۇل تۇراقنى كۆرۇپ يەنە جۇدۇنى ئۆرلىدى . ئوبۇل تۇراق يانتاق ساقچىخانىسىنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىسى بولۇپ ، ئىمىن رەمتىل بىلەن تۇغقان كېلەتتى .

— هە ، ساقچى تۇغقىنىم ، — دېدى ئۇ ئوبۇل تۇراققا قاراپ ، — خەلق ساقچىسى خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى زىيانغا ئۇچراۋاتسا توسماقتا يوق ، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنى مەسخىرە قىلىپ كۇلسە بولامدۇ ؟

— مەن دېگەن ئۇچىنچى باشقۇرۇش رايونىغا مەسئۇل . بۇ بازارنىڭ ئىشى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق .

— بۇ گەپچە بۇ بازاردا قاتىللىق يۈز بېرىپ قالسىمۇ ، ساقچى تۇرۇپ خىجىل بولماي قالاپ تۇرۇۋېرىدىكەنمىز ـ دە !

— ئەتىگەندە تولا چىشىمغا تەگمەي ئىشىڭنى قىلە !

— ئەتىگەندە سەنمۇ باشقۇرۇش رايونىڭغا بېرىپ ئۆز ئىشىڭنى قىلماي ، بۇ يەردە نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن ؟

— سەن مېنىڭ سوجىڭىممىتىڭ ؟ مېنى باشقۇرىمەن دېگۈچە ، بېرىپ سىنىپىڭدىكى شۇمتەكلىرىڭنى باشقۇرە !

— ئوقۇغۇچىنى شۇمتەك دەۋاتامسەن ؟ تۈزۈك گەپ قىل ـ هە !··· بۇ يەردە قىلچە رولۇڭ بولمىغاندىكىن ، ماڭە ، كېتىۋال ! قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان !

ئەتراپقا بىردىن ـ ئىككىدىن ئولىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئىمىن رەمتىلنىڭ «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان !» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۇلۇشۇپ كەتتى . كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۇلۇشكىنىنى بىر خىل مەسخىرە دەپ چۈشەنگەن ئوبۇل تۇراق دەردىنى ئىمىن رەمتىلدىن ئالماقچى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ ، كانىيىدىن بوغۇپ ئىتتىردى .

— بۇلاڭچى بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەمنىڭ ئەمدى مېنى بوغۇۋاتقىنىنى كۆرۈڭ ! — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنى تېخىمۇ تېرىكتۇرۇپ ، — هېلى مەن قول ياندۇرسام ، «قانۇنغا قارشىلىق قىلغان» دېگەن قالپاقنى كىيدۇرۇشكە ئاران تۇرىسەن . تولا

ھەددىڭدىن ئاشمىساڭ بولارمىكىن ؟ !
— ...
ئۇلار ۋارقىرىشىپ ، ئىتتىرىشىپ خېلى تىركەشتى . شۇ ئەسنادا ئوبۇل تۇراق نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى . ئۇنىڭ يىقىلىشى بىلەن تەڭ بېشىدىكى قاسقان شەپكىسى يەرگە چۈشۈپ ، نەچچە مېتىر ئارىلىقتا دومىلاپ باردى . بۇنىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغان ئىمىن رەمتىل «قاسقان شەپكىنىڭ يۇمىلاپ كېتىشى ھېلى ماڭا ئارتىلىپ قالمىسۇن...» دېگەن ئەندىشىدە بېرىپ شەپكىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا ، ئوبۇل تۇراق كەلگەنچە كېلىپ بىر تارتىۋىدى ، شەپكىنىڭ چېكىلىكى جىيەكتىن يېرىم ئاجراپ ساڭگىلاپ قالدى . ناۋادا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئارىغا چۈشۈپ ئاجرىتىۋالمىغان بولسا ، جېدەلنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى . كىشىلەرنىڭ ئاجرىتىپ قويۇشى بىلەن ئوبۇل تۇراق ساقچىخانىغا ، ئىمىن رەمتىل بولسا ئۆيىگە كېتىشتى .
بىراق ، «قورققانغا قوش كۆرۈنەر ، كۆلەڭگىسى بەش...» دېگەندەك ، ئىمىن رەمتىلنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن ئىش بولماي قالمىدى . ئەتىسى مەكتەپكە مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىمىن رەمتىل بىرىنىڭ ئىشىكنى قېقىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ ، قولىدا قىزىل تامغىلىق بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى ساقچىنى كۆردى .
— ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئون بەش كۈنلۈك مەمۇري توختىتىش ئۇقتۇرۇشى ئەۋەتىپتۇ ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى قولىدىكى قەغەزنى ئىما قىلىپ ، — بىز بىلەن مېڭىڭ .
— نېمە ؟ نېمە ئىش قىلغانغا ئون بەش كۈن ياتىدىكەنمەن ؟ !
— بۇنىڭغا يېزىلىشىچە ، دۆلەت گېربىنى كۆزگە ئىلماي ساقچى شەپكىسىنى يەرگە ئېتىپ ، تېپىپ يىرتىۋېتىپسىز . يەنە تېخى ساقچىنى ھاقارەتلەپسىز...
— توۋا قىلدىم ، مەن ئوبۇل تۇراقنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن شەپكىسىنى ئېلىپ بېرىۋاتسام ، قولۇمدىن ئۆزى تارتىپ

يىرتىۋەتسە ، ئۇنى تېخى مەن يىرتقان بوپتىمەنما ؟ ! يەنە تېخى...
— بىزگە ھەرقانچە گەپ قىلغىنىڭىز بىلەنمۇ بىكار . بىز ئۇقتۇرۇشنى ئىجرا قىلىشنىلا بىلىمىز . باشقا گېپىڭىز بولسا ج خ ئىدارىسىگە بارغاندا دەڭ .
— نىمە گەپ ؟ — دېدى ئىشىك تۈۋىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ تالاغا چىققان رەمتىل ئاكا .
— بولار مېنى سولاقخانىغا ئەكەتكىلى كەپتۇ .
— نېمە ؟ ! نېمىشقا ! ؟
ئىمىن رەمتىل ئاتىسىغا ئەھۋالنى قىسقىچە چۈشەندۈردى . رەمتىل ئاكا ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۇن - تىنسىز بىردەم قاراپ تۇردى - دە ، ئوغلىغا «ئۆزۈڭنى ئاسرا !» دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتىش ئۈچۈن دەرۋازىنى يېپىپ ئارقىسىغا ياندى .
— قېنى ئىمىنجان ؟ — دەپ سورىدى دەرۋازا يېنىغا كېلىپ بولغان مەرەمنىساخان ئاچا كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك .
— مەكتىپىگە كەتتى .
— كەتتى ؟ تەييارلاپ قويغان نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئالماي كەتتىما ؟ سىلى گەپ قىلمىدىلىما ؟
— بىللە ئىشلەيدىغان ئىككى مەلىم كەپتىكەن . جىددىي ئىش چىقىپ قالدى دەپ ئالدىرىتىپ ئەكەتتى . تەييارلاپ قويغان نەرسىلىرىڭ بولسا ئەتىگىچە ئاپىرىپ بېرەرمىز ، يا بولمىسا ئۆزى كېلىپمۇ قالار .
مەرەمنىساخان ئاچا ئىمىن رەمتىلنىڭ مەكتەپكە كەتكىنىگە ئىشەنمىگەندەك ، يېپىلىپ بولغان دەرۋازىنى قايتا ئېچىپ يولغا بويۇنداپ قاراپ باقتى . ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى . رەمتىل ئاكا دەرۋازىنى قايتا يېپىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىيۇ ، ئۆيگە كىرىپ چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن باغ تەرەپكە بۇرۇلدى .
ئىمىن رەمتىلنى ئېلىپ كەلگەن ساقچىلار ئۇنى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە ئاچىقىپ ، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىگە «جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتى» دېگەن خەتلەر

يېزىلغان كىچىك تاختاي ئورنىتىلغان بىر ئىشخانىغا ئەكىردى . ئىمىن رەمتىل شىرە ئالدىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇرغان پاكار بويلۇق سېمىز ساقچىنى تونۇيتتى . ئۇ مۇشۇ بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇراق ساۋۇت ئىدى . ئەمما ، ئۇ ئىمىن رەمتىلگە قاراپمۇ قويماستىن قولىدىكى ماتېرىيالنى كۆرىۋەرگەچكە ، ئىمىن رەمتىلمۇ ئىشخانىنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان ھەرخىل قائىدە ـ تۈزۈملەر بىلەن ساقچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتنامىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى .

— ھۇ كىسپۇرۇش ! — دەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى سېمىز ساقچى ئىمىن رەمتىلنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز دېۋەيلەپ كېلىپ ، — يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن باشلىقتەك ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئوقۇپ كەتكىنىنى قارا بۇنىڭ ! قارىسا بىر پاي ئۆتۈكۈمدەك تۇرىسەن . ئاشۇ ھالىڭغا ساقچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ، دۆلەت گېربى چۈشۈرۈلگەن قاسقان شەپكىنى يىرتقۇدەك بولدۇڭما تېخى ؟ !

— مەن...

— كىم ساڭا گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى ؟ !... ئىمىن رەمتىل ، ئىمىن رەمتىل دېسە ، قانداقراق ئادەمدۇ دەپتىكەنمەن . تۇرغان تۇرقۇڭ ئوقۇتقۇچىغىمۇ ئوخشىمايدۇ سېنىڭ . تېخى ھالىڭغا باقماي ساقچىلارنى ھاقارەتلەپ ، «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان !» دەپسىنا ؟ ! ساڭا قانداق قىلىپ بەرسە بولاتتى ؟ !...

ئۇ سۆزلىگەنسېرى غەزىپى ئۆرلەپ ، بېلىدىكى تۆمۈر توقىلىق ھەربىيچە تاسمىنى يېشىپ ئىككى قاتلىدى ، ئاندىن تاسما بىلەن ئالىقىنىغا رىتىملىق ھالدا يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— مەن ساقچى بولغان يىگىرمە ئىككى يىلدىن بۇيان سەندەك خولىگەن كىسپۇرۇشنى كۆرمەپتىكەنمەن . دېلويىڭغا يېزىلىشىچە ، تېخى ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە ئىكەنسەن . قېنى دەپ باقە ، سېنى كىم ئوقۇتقان ؟ !

— ئالتۇن سېيىت خانىم ئوقۇتقان .



www.uyghurkitap.com

تۇراق ساۋۇتنىڭ ئالقىنىغا رىتىملىق تېگىۋاتقان تاسما ئىختىيارسىز توختاپ قالدى . بايا ئۇ بېلىدىكى تاسمىنى يېشىۋاتقاندا ، ئىمىن رەمتىل ئاشۇ تاسما بىلەن ساۋىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسا ، ئەمدى ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى روشەن ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ بۇ خەۋپنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە جەزم قىلدى .

— نېمە دېدىڭ ؟ — دەپ سورىدى تۇراق ساۋۇت بايىقىدىن يۇمشاپ ، — ئالتۇن سېيىتنىڭ مېنىڭ ئايالىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ شۇنداق دەۋاتقانسەن ھەقىچان ؟

— ياق ، سوجاڭ ، ئالتۇن سېيىت خانىممۇ مېنى تونۇيدۇ . ئىشەنمىسىلە ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا .

تۇراق ساۋۇت قولىدىكى تاسمىنى شىرە ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ ، بايا ئىمىن رەمتىلنى ئەكەلگەن ئىككى ساقچىنىڭ بىرىنى چاقىردى ۋە ئىمىن رەمتىلنى سولاقخانا (تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى ) غا ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى ئىمىن رەمتىل بىر كوللېكتىپ كامېرغا كىرىۋېتىپ .

ئەمما ، ئۇ يەردىكىلەر بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويۇشقان بولسىمۇ ، ھېچقايسىسىدىن سادا چىقمىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇستۇۋېشىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن يېتىمچىلەر ، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان قېرى چاللار ۋە تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان ياش باللارمۇ بار ئىدى . سولاقخانا خادىمى ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردىكىلەردىن بىرى ئىمىن رەمتىلدىن نېمە بولۇپ كىرىپ قالغانلىقىنى سورىۋىدى ، ئىمىن رەمتىل «بۇ يەرنىمۇ بىر كۆرۈپ باقاي دەپ كىردىم» دەپ جاۋاب بەردى . بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ بىرىنەچچىسى بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاشتى - دە ، ھەممىسى جىممىپ كېتىشتى .

جىمجىتلىق تاكى ئەتىسى ئەتىگەنگىچە داۋاملاشتى . ئۇلار گويا ئىمىن رەمتىلدىن ھەزەر ئەيلىگەندەك ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن سىرلىق قاراپ قويۇشۇپ جىمجىت ئولتۇرۇشتى . بۇ جىمجىتلىق ئەتىسى

www.uyghurkitap.com

ئەتىگەندە ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ كىرگەن ساقچىنىڭ تورلۇق ئاۋازى بىلەن بۇزۇلدى :

— ئېغىناپ يېتىۋەرمەي قوپۇشە ئورنۇڭدىن ! ئىشەكمۇ ياتقان يېرىنى قۇيرۇقى بىلەن شىپاڭشىتىۋېتىپ ياتىدۇ . ياتقان يېرىڭگە قاراپ بېقىشە قاسماقلار !...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئۇدۇلىدىكى تامغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە ، گېپىنى توختىتىپ ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ تۇرۇپ ، تامنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يېزىلغان «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ » دېگەن خەتنى ئوقۇدى . ئاندىن ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن ئەكىرگەن قېتىپ تاراڭشىپ كەتكەن گىردە نانلار بىلەن بىر چېلەك قايناق سۇنىمۇ ئېلىپ سىرتقا چىقىپ ، ئىشىككە جالاقلىتىپ قۇلۇپ سالدى .

ئالاھازەل چارەك سائەتلەردىن كېيىن كامېرغا ئۈچ ساقچى كىرىپ كەلدى . ئۇلار تامدىكى خەتكە بىر قۇردىن قاراپ قويۇشۇپ ، مەھبۇسلارنى قاتار قىلىپ ، نۆۋەت بىلەن گەپ سوراشقا باشلىدى .

مەھبۇسلارنىڭ بىرى «مەن مەدىكار ئىشلەپ جان باقاتتىم» دېدى . بىرى «مەن دېھقان» دېدى . يەنە بىرى «مەن ئات ھارۋىسى ھەيدەپ ، كىراكەشلىك قىلاتتىم» دەپ جاۋاب بەردى .

نۆۋەت ئىمىن رەمتىلگە كەلگەندە ، ساقچىلار ئۇنىڭ «مەن ئوقۇتقۇچى ئىدىم... » دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ ، سوراق ـ سوئالنى تۈگىتىپ «ماڭە !» دەپ بۇيرۇق قىلدى .

— نەگە بارىمەن ؟

— بارغاندا ئۇقىسەن ، ماڭە !

گەرچە ساقچىلار سەۋەبىنى ئېنىق دېمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىمىن رەمتىل بۇ ئىشنىڭ تامغا يېزىلغان خەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بولغانىدى . ناۋادا ئۇ ساقچىلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۈن ـ تىنسىز ماڭسا ، «كامېرغا قالايمىقان خەت يازغان... » دېگەن گۇناھ بىلەن جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ سورىدى :

— سىلەرچە تامدىكى ئاشۇ خەتنى مەن يازغاندىمەنما ؟

— سەن يازمىساڭ يەنە كىم يازاتتى ئەمىسە ؟ ! بۇ يەردە سەندىن باشقا خەت يېزىپ جان باقىدىغان ئادەم بولمىسا . تولا گەدەنكەشلىك قىلماي ماڭە !

— ماڭسامىمۇ ماڭاي . لېكىن ، سىلەر قاراپ بېقىڭلار ، مېنىڭ قولۇم ئاشۇ خەتكە يېتەمدىكەن ؟...

ئىمىن رەمتىل شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ ، تامنىڭ خەت يېزىلغان يېرىگە كېلىپ قولىنى ئۇستىگە سوزدى . ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچى بىلەن خەت ئارىلىقىدا تەخمىنەن قىرىق ـ ئەللىك سانتىمېتىر بوشلۇق بار ئىدى .

— مانا كۆردۇڭلار ، — دېدى ئۇ بويىنىنى كەينىگە بۇراۋېتىپ ، — بۇ يەردە پۇتقا قويغۇدەك ھېچنەرسە بولمىسا ، قولۇم يەتمەيۋاتقان يەردىكى خەتنى مەن سەكرەپ تۇرۇپ يازغاندىمەنما ؟ ياكى سىلەرچە بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىرى ماڭا ئورۇندۇق بولۇپ تۇرۇپ بەرگەندىمۇ ؟...

ساقچىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ، مەھبۇسلارنى قايتىدىن قاتار قىلدى . ئاندىن بىردىن ـ بىردىن تامنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ، قولىنى يۇقىرىغا سوزغۇزۇپ باقتى .

— بولدى ، مەن ئىقرار قىلاي ، — دېدى مەھبۇسلار ئارىسىدىكى بويى ئەڭ ئېگىز بولغان بىرى نۆۋەت ئۆزىگە كەلگەندە ، — ئاخشام بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالغاندا ، مېنىڭ ئۇيقۇم كەلمەي خەتنى مەن يازغان...

— ماڭە لەڭگۇش پاچاق ، شوينا بەل ! بالدۇرراق ئىقرار قىلساڭ بولماسمىدى ؟ !

ساقچىلار ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ئىتتىرگىنىچە ئاچىقىپ كەتتى . ھايال ئۆتمەي ئەتىگەنلىك تاماق ئېلىپ كىرگەن خادىم قايتا كىرىپ ، ھەربىر ئادەمگە بىردىن نان بىلەن بىر نوگاي ئىلمان قايناق سۇ بېرىپ چىقىپ كەتتى . قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەنلەر يەپ بولغان بولسىمۇ ، تېخى بىرنەچچەيلەن ناننىڭ يېرىمىنى يەپ تۇراتتى ، ئىشىك يەنە ئېچىلىپ ، باشقا ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى . ئىمىن رەمتىل ساقچىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئەمدى

ئىشقا ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدى .

ئىشقا ئېلىپ چىقىلغان مەھبۇسلار بۈگۈن چۈشتىن كېيىن باشقا كۈندىكىلەردىن بالدۇرراق قايتىپ كىرىشتى . مەھبۇسلار بىكار ئولتۇرۇپ زېرىكىپ ، «ئۇچاڭ قىچىشسا تۈگمەن ئىشىكىگە بار» دېگەندەك ، ئاۋۋال ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتى . ئاندىن قول قايرىشتا بەسلىشىشتى . بۇ بەسلىشىشتە بىرنەچچەيلەننى ئۇتۇۋالغان بىرى ئۆزىنى چېلىشچى دەپ تونۇشتۇرۇپ ، پونى بولۇشقا ئاتقىلى تۇردى . ئىمىن رەھىمتىل ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەدەن ھالىتىگە سەپسېلىپ باقتى . گەرچە ئۇنىڭ بويى ـ تۇرقى ئۆزىدىن كۆرۈنەرلىك تەمبەل بولسىمۇ ، لېكىن ئىچكى دۇنياسىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئىمىن رەھىمتىل ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ قالسا ئۇتتۇرمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى يەنە بىر دەڭسەپ بېقىپ ، ئاخىر ئۇنىڭ چالمىسىنى سۇغا چىلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى ـ دە ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— مەن سەن بىلەن چېلىشىمەن ، — دېدى .

مەھبۇسلار دەررۇ ئىمىن رەھىمتىلگە قاراشتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيران قېلىشقانلىقى چىقىپ تۇراتتى . باياتىن بېرى ھېچكىمگە گەپ بەرمەي پو ئېتىشقان چېلىشچى دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ، سەل گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى .

— قانداق ، قورقتۇڭمۇ ؟ — دېدى بىرى ئۇ چېلىشچىنى دەي ـ دەيگە سېلىپ .

— كىم قورقۇپتۇ ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىر قولۇمدا چېلىشىمەن !

— ھە ئەمىسە ئىش پۈتتى . مەيداننى ئېچىڭلار !

مەھبۇسلار كەينىگە سۈرۈلۈپ ، كامېرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كىچىككىنە «مەيدان» ئاچتى . چېلىشچى ئورنىدىن تۇرۇپ پۈت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەدەن قىزىتىشقا باشلىدى . لېكىن ، ئىمىن رەھىمتىل بىر بۇلۇڭغا بېرىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى .

— نېمە بولدى ؟ — دېدى بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — بايا دو چىقىۋاتاتتىڭ ، ئەمدى بۇلۇڭغا كېلىپ تۈگۈلۈپ

ئولتۇرسەنغۇ ؟
— مەن چېلىشمايمەن .
— نېمە ؟ ھالىڭ شۇنچىلىكمىتى ؟
— نېمە دېسەڭ دەۋەر ، لېكىن مېنىڭ چېلىشقۇم يوق .
— مېنىڭ تەييارلىقىم پۇتتى ، — دېدى چېلىشچى ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — قوپە ئورنۇڭدىن !
— بايا دېدىمغۇ ، مەن چېلىشمايمەن .
— مانا مۇشۇنچىلىك گەپ ، بىر دەمدە يېلىڭ چىقتى . ئاشۇ ھالىڭغا پو ئاتقۇچە ئىشىڭنى قىلساڭچۇ !
— مېنى تولا زورلاۋەرمە ، ھەممىمىزگە كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ياخشى...
— قۇرۇق گېپىڭنى قوي . ئوغۇل بالا بولساڭ قېنى مەيدانغا چىقە !
ئىمىن رەمتىل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ دېدى :
— ھەممىڭلار كۆردۈڭلار ، مەن چېلىشمايمەن دەپ شۇنچە ئېغىرلىق قىلساممۇ ، لېكىن ئۇ ئالدىمغا كېلىۋېلىپ زوتالىق قىلدى . ھېلىھەم بولسىمۇ يەنە بىر دەپ قوياي ، ھەممىمىزگە كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ياخشى . مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشقۇم يوق .
— بىرلا ئېغىز گەپ ، قورقتۇم دېگىنە !
— چېلىشىش بىلەن قورقۇش باشقا - باشقا گەپ ، چېلىشمايمەن دېگەندىكىن ، تولا كۆزۈمگە چىرىۋالمىساڭچۇ !
— ئاتتىن چۈشسەڭمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان بىرنېمىكەنسەن . يا قورقتۇم دەپ ئاق بايراق چىقار ، يا بولمىسا مەيدانغا چۈش !
— بوپتۇ ، سەن مۇنچىۋالا مەجبۇرلاپ تۇرۇۋالساڭ ماڭا نېمە ئامال ؟ ئەمما كېيىنكى ھەممە ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭ ئىگە بولالىساڭ ھەمدە بۇ يەردىكىلەرمۇ ۋاقتى كەلگەندە لىللا گۇۋاھلىق بېرەلىسە ، بوپتۇ چېلىشسامۇ چېلىشاي .
— بىز گۇۋاھلىقتىن ئۆتىمىز ، — دېيىشتى بىرنەچچىسى تاماشا كۆرۈشكە ئالدىراپ .

ئۇلار ئۇيغۇرچە چېلىشىش قائىدىسى بويىچە ئاۋۋال مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ، «ئىچ قولتۇق ـ تاش قولتۇق» بولۇپ گىرەلىشىشتى. ئاندىن «ھېساب!» دېيىشىپ، بىر ـ بىرىگە كۈچ كۆرسىتىشكە باشلىدى. چېلىشچى ئىمىن رەمتىلنى كىچىك كۆرۈپ، كۆتۈرۈپ تىزىغا ئېلىپ يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ بېلىنى قورۇيتتى. ئىمىن رەمتىلمۇ ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى بىلىپ قالغاچقا، بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ تىزىغا چىقىپ قالماسلىققا تىرىشاتتى. ئىتتىرىش، بەل قورۇشلار داۋامىدا ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ خېلى پىشقان چېلىشچى ئىكەنلىكىنى، سەل ـ پەللا دىققەت قىلمىسا ئۇنىڭدىن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراش خەۋپى بارلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىمىن رەمتىل گەرچە كەسپىي چېلىشچى بولمىسىمۇ، لېكىن كىچىكىدىن تارتىپلا باللار بىلەن چېلىشىپ ئويناشقا ئامراق ئىدى. كېيىن مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ، تەنتەربىيە دەرسى ئىچىدە چېلىشىشقا ھەممىدىن بەك قىزىققانىدى. شۇڭا، ناھىيىنىڭ قايسى يېرىدە چېلىشىش بولىدىكەن دېسە، ئارىلىقىنى يىراق كۆرمەي شۇ يەرگە باراتتى. ناھىيىنىڭ داڭلىق چېلىشچىلىرىدىن قۇمقىسارلىق ئۆمەر داڭ، ئاقتىكەنلىك سۇۋان داڭ، ئۇزۇن مەھەللىلىك مەڭسۇر دېگەنلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە تەڭداشسىز پالۋانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كەڭ ۋە كۆتەكتەك مەزمۇت كۆرۈنىدىغان گەۋدىسىگە، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ پاچىقىدەك چىقىدىغان توم بىلەكلىرىگە ھەم ئاشۇ چىلان رەڭ بىلەكلەرنىڭ تاشتەك چىڭ كۆرۈنىدىغان مۇسكۇللىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، كۆزىنى ئۈزگۈسى كەلمەيتتى. كېيىنكى چېلىشچىلاردىن تۇمەنتاللىق ئەمەت دارازا بىلەن مەمەت توقماق ھەمدە قىزىلئاۋاتلىق ھەسەن قۇشلارنىڭ چېلىشىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولۇپ، ئەمەت دارازىنىڭ ئېغىلىغا ئوت كەتكەندە خۇددى غېنى پالۋاننىڭ ھېكايىسىدىكىگە ئوخشاش، ئالتە ئايلىق بولغان بىر موزايىنى تۇتۇپ كۆتۈرۈپلا تامدىن ھالقىتىپ تالاغا تاشلىۋەتكىنىنى ئاڭلىغانىدى...

ئىمىن رەمتىل ئىنچىل مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ئۆزىنى قاچۇراتتى. ھېلىقى كۆرەڭ چېلىشچى بولسا ھەدەپ ئۇنىڭ بېلىنى

قوروۋپ ئالدىغا تارتاتتى . بىر پەس تىركىشىشتىن كېيىن ئىمىن رەمىتىل قارشى تەرەپنىڭ قارا كۆچىگە تايىنىپ بەل قوروۋپ كۆتۈرۈپ تاشلاشتىن باشقا قورققۇدەك ماھارىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى . بۇنداق چېلىشچىلارنى ئاسانلا يانپاشقا ئالغىلى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . چۈنكى ، ئۇلار قارشى تەرەپنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىلىنى قوروۋپ ئۆزىگە تارتقاندا ، ناۋادا قارشى تەرەپنىڭ يانپاش ماھارىتى بولسا ، پەيتنى توغرىلاپ تۇرۇپ ، بىر تولغىنىپلا يانپىشىنى چىقىرىپ بەرسە ، قارشى تەرەپ ئۆزىنىڭ تورى بىلەن ئاسانلا يانپاشقا چىقىپ قالاتتى .

بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى . كۆرەڭ چېلىشچى ئىمىن رەمتىلنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇشقا ئالدىراپ ، بىلىنى قوروۋپ تازا ئۆزىگە تارتىۋاتقاندا ، ئىمىن رەمتىل بىر تولغىنىپلا يانپىشىنى چىقىرىۋىدى ، چېلىشچى ئۇنىڭغا يېرىم ھاپاش بولۇپ قالدى . ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ، ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ بىر قولىنى پەسكە تارتىپ تۇرۇپ تازا كۆچەپ بىر ئېتىۋىدى ، «گوپ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ، ھەر ئىككىسى يىقىلدى . ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ تۆپىسىدىن قوپۇپ ھاسىرىغىنىچە كېلىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى . ئەمما ، كۆرەڭ چېلىشچى ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرالماي قالدى . ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ ، لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى . بىر قولى ئىختىيارسىز ھالدا بىر بىقىنىنى سىلايتتى . باشقىلار كېلىپ يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويسىمۇ ، بىقىنىنى تۇتۇپ ۋايجانلاپ زادىلا ئۆرە بولالمىغاچقا ، يۆلەشتۇرۇپ يۇرۇپ ئۆز ئورنىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى .

كەچلىك تاماق ئېلىپ كىرگەن سولاقخانا خادىمى بىرىنىڭ مىدىرلىماي ئىنجىقلاپ ياتقىنىنى كۆرۈپ ، مەھبۇسلاردىن گەپ سورىدى . ئاۋۋال ھېچكىم گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالدى . خادىم ئەلپازىنى بۇزۇپ تازا بىر سۈرەن سېلىۋىدى ، ھەممە ئىش ئاشكارا بولدى .

سەن پاكىنەك سولاقخانىغا چۈشۈپمۇ ئارامىڭدا يۇرمەي ئىش تاپتىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئىمىن رەمتىلگە ئالىيىپ تۇرۇپ ، — ئاۋۋال بۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقمىز . ئاندىن سەن

بىلەن ھېسابلىشىمىز !

چېلىشچىنى كەچ سائەت سەككىزلەردە دوختۇرخانىدىن ئەكەلدى. دوختۇرنىڭ ئىسپات قەغىزىگە «ئىككى تال قوۋۇرغا سۇنغان» دەپ يېزىلغانىدى.

— قوپە ئورنۇڭدىن ! — دېدى خادىم ئىمىن رەمتىلگە قولىنى شىلتىپ، — بىكار تۇرغۇچە بىر ئادەمنىڭ ئىككى تال قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇپسەن. ئوبدان ئاڭلاپ تۇر : بىرىنچىدىن، سەن ئەتىدىن باشلاپ ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىسەن. ئىككىنچىدىن، ئۆزۈڭ قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرغان ئادەمنىڭ ھالىدىن ئۆزۈڭ خەۋەر ئالىسەن...

ئىمىن رەمتىل مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا سېزەلمىگەن... مۆلچەرلەپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ مەيدانغا چۈشىدىغان چاغدا قەستەن «چېلىشمايمەن» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ «چېلىشمەن» دەپ دو چىقىشى باشقىلارنى ۋە ھېلىقى چېلىشچىنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بولسا، بىرەر مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي «چېلىشقۇم يوق»، «چېلىشمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىشى رەقىبىدە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن، يەنى ئۇنىڭدا «ئۇمۇ تايىنلىق ئىكەن، ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق ئىكەن...» دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. شۇنداق بولغاندا قارشى تەرەپ ئىمىن رەمتىلنى ھەدەپ چېلىشىشقا زورلايتتى. ھەتتا ئىمىن رەمتىل ئولتۇرۇۋالسىمۇ تارتىپ تۇرغۇزۇپ زورلاپ چېلىشاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىمىن رەمتىل كېيىن كۆرۈلۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ھادىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ئاسانلا قۇتۇلالايتتى. بۇ ئۇنىڭ بىرنەچچە قېتىم سىناقتىن ئۆتكەن ئۇنۇملۇك تەجرىبىسى بولۇپ، بۇ قېتىممۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنى ئىشلەتكەنىدى.

— مەن گەپ قىلسام ئۆزۈمنى ئاقلىغان بولۇپ قالىمەن، — دېدى ئۇ سولاقخانا خادىمىغا قاراپ تەمكىنلىك بىلەن، — ئەمەلىي ئەھۋالنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇلار دەپ باقسۇن...

مەھبۇسلار بىر - بىرلەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، ئىمىن رەمتىل چېلىشمايمەن دەپ ئولتۇرۇۋالسىمۇ، چېلىشچىنىڭ ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئالدىغا كېلىۋېلىپ مەجبۇرىي چېلىشقىنىنى ، «ھەرقانداق مەسئۇلىيەت كەلسە ئۆزۈم ئىگە...» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغانلىقىنى ئارقا - ئارقىدىن بايان قىلىشتى . خادىم ئىنچىقلاپ ياتقان چېلىشچىنىڭ ئۆزىدىن سورىۋىدى ، ئۇمۇ مەھبۇسلارنىڭ دېگىنىنى تەكرارلىدى .

— ئوبدان بوپتۇ ، — دېدى خادىم چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋېتىپ ، — ئەمىسە ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە !

ئەتىسىدىن باشلاپ مەھبۇسلار ئەمگەككە ئېلىپ چىقىلغاندا ، ئىمىن رەمتىل قوۋۇرغىسى سۇنغان چېلىشچىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرۇلدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى ئەمگەككە ماڭغاندا ناھىيە بازىرىنى ئايلىنىپ قەستەن سازايى قىلىنىدىغان ئىشتىن قۇتۇلغانىدى . ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈۋىدى ، ئون بەش كۈنمۇ توشۇپ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىدىغان ۋاقتىمۇ كەلدى .

— خەير - خوش ! — دېدى ئۇ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا چېلىشچىغا ، — مەندىن رەنجىپ قالماڭلا . ئىككى ئادەم سېمونت ئۇستىدە چېلىشسا ، بىرى ھامان زەخىملەنمەي قالمايدۇ . ناۋادا مەن ئاتالمىغان بولسام ، سىلە ئاتاتتىڭلا . ئۇ چاغدا مېنىڭ قوۋۇرغام سۇناتتى . ھايات دېگەن ئەنە شۇنداق ئىكەن...

— راست دەيسەن . مەنمۇ سېنى ئېتىپ ، ھەپتىگىچە قوپالماس قىلىۋېتىمەن دەپ ئۆزۈمگە ئىشىنىپ مەيدانغا چۈشكەنىدىم . «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن گەپ راست ئىكەن...

ئىمىن رەمتىل باشقا مەھبۇسلار بىلەنمۇ بىر - بىرلەپ خوشلىشىپ ، سولاقخانىدىن چىقىپ يانتاقتا قاراپ يولغا چىقتى . ئۆيىگە بېرىپلا سولاقخانىدا كىيگەن كونا كىيىملىرىگە ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى . چۈنكى ، ئۇ بىر قىسىم كونا ۋە كىر كىيىملىرىنى سولاقخانىغا تاشلىۋېتىپ كەتمەكچى بولغاندا ، مەھبۇسلارنىڭ بىرى «بۇ يەردە ھەرقانداق نەرسىنى قويۇپ كېتىشكە بولمايدۇ . چۈنكى مەھبۇسنىڭ سولاقخانىدا قالغان نەرسىسى ئۇنى يەنە ئۆزىگە تارتىدۇ دەيدىغان گەپ بار...» دېگەنىدى . بۇ قېتىمقى ئىش ئۇنىڭغا بىر قېتىملىق چېنىقىش بولدى .

# بالا چاقىرىش

مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئائىلىسىگە بېرىپ بىرمۇ بىر چاقىرىپ كېلىش — نۇرغۇن يېزا ـ كەنت مەكتەپلىرىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئورتاق ئەھۋال بولۇپ، ئىمىن رەمتىل ئىشلەۋاتقان مەكتەپمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئوقۇتقۇچى ئۆزى بېرىپ چاقىرىپ كەلگەندىن باشقا، يەنە ئوقۇشى ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە مۇدىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇتقۇچىلار كوللېكتىپ ھالدا بالا چاقىرىشقا بارىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى.

بىر كۈنى مۇدىر ئوقۇتقۇچىلارنى باشلاپ بالا چاقىرىشقا چىقتى. ئۇلار كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكى بويىچە ئائىلىمۇ ئائىلە بېرىپ، بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر ئۆيگە كەلگەندە، مۇدىر ئائىلە باشلىقىنى چاقىرىشقا ئىمىن رەمتىلنى بۇيرۇدى. ئىمىن رەمتىل بېرىپ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىۋىدى، ھېچقانداق جاۋاب بولمىدى. دەرۋازىنى ئىتتىرىپ بېقىۋىدى، ئېچىلىپ كەتتى. ئىمىن رەمتىل ھويلىغا قاراپ بېقىپ، دەرۋازا بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئارىلىقى ئاللاھازەل يىگىرمە ـ ئوتتۇز مېتىر كېلىدىغان بولغاچقا، ئۆيدە ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىشىك تۈۋىگە باردى ۋە ئىشىكنى چېكىپ «ئادەم بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۆي ئىچىدىن يېنىك ئىڭرىغاندەك ئاۋاز چىققاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق

جاۋاب بولمىدى . «بەلكىم سىرتقا چىقالمايدىغان ئىغىر كېسەل باردۇ…» دەپ ئويلىغان ئىمىن رەمتىل ئىشكنى ئىچىپ ئۆيگە بېشىنى تىقتى ـ دە ، ئىزىدا توختاپ قالدى ۋە شۇ هامان كەينىگە بۇرۇلۇپ مۇدىرنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقتى .

— هە ، ئادەم يوقمىكەن ؟ — دەپ سورىدى مۇدىر ئۇنىڭدىن .

— ئادەمغۇ باركەن شوجاڭ . لېكىن… بۇ يەرگە چىقىشقا هازىر ۋاقتى يەتمەيدىكەن .

— ۋاقتى يەتمەيدىكەن ؟ شۇنچە ئادەم ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرسا ، ۋاقتى يەتمەيدىغان قانداق نېمىكەن ئۇ ؟ قېنى مەن ئۇنىڭ ۋاقتى يەتمىگىنىنى بىر كۆرەي !

مۇدىر شۇنداق دېگىنىچە ئۆيگە قاراپ ماڭدى . ئىمىن رەمتىل مۇدىر ئۆيگە كىرسە تازا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئۇنىڭغا هاي بەرمەكچى بولۇپ دېدى :

— هاي ، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا شوجاڭ . بەك بولمىسا ، بۇ ئۆيگە كېيىنرەك كىلىلى .

— بىر ئۆيگە نەچچە قېتىمدىن كەلگىلى تۇرساق ، دەرس ۋاقتىغا قانداق كېپىللىك قىلىمىز ؟… بالاڭنى مەكتەپكە بەر ، ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىپ قويىلى دېسىمۇ ئەۋەتمەيدىغان گۆينى مەن بىر كۆرەي !

— شوجاڭ ، بىز ئوقۇتماقچى بولغان بالىغا شۇ تاپتا ئىشلەۋېتىپتۇ ئۇلار . ئەڭ ياخشىسى هازىر چىمەي تۇرسىلا .

مۇدىر ئىمىن رەمتىلنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى ئاچچىقىدا تازا دىققەت قىلمىدىمۇ ، بايىقى ئەلپازىدىن يانماستىن شاپاشلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئەمما ، هايال ئۆتمەيلا قايتىپ چىقتى ـ دە ، ئىمىن رەمتىلگە ۋارقىرىدى :

— بايا تىلىڭنى چاينىغۇچە ئوچۇقراق دېسەڭ بولمامدۇ ۋا ئاداش ! ؟

— بايا «بىز ئوقۇتىدىغان بالىغا ئۇلار هازىر

ئىشلەۋېتىپتۇ...» دەپ ئوچۇق دېدىمغۇ شوجاڭ؟ ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئوچۇق دېسەم بولامتى؟

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا قالغان مۇدىر:

— يۈرۈڭلا، كېتىمىز! — دەپ گەپنى تۈگەتتى ـ دە، ۋېلىسىپىتنى مىنگىنىچە ھېچكىمگە قارىماستىن كېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر كۈنلۈك بالا چاقىرىش نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى.

# ساختا تېۋىپنى بابلاش

گەرچە يانتاق يېزىسى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى سەككىز كىلومېتىر بولۇپ، سودا - سېتىق قىلىدىغان كىشىلەر ھەر يەكشەنبە كۈنى ئاساسەن ناھىيە بازىرىغا بارسىمۇ، لېكىن يانتاق يېزىسىنىڭ شەنبە كۈنى بولىدىغان دېھقان بازىرىمۇ يەنە شۇنچە قىزىيتتى. بۇ بازارغا يانتاق يېزىسىغا تەۋە كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئادەم كەلگەندىن باشقا، يەنە تۇمەنتال، ھاڭغىتلىق، شېھىتدۆڭ، بازارجەمى، غازكۆل، قىزىلئاۋات قاتارلىق يېزىلاردىن، ھەتتا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا، يېڭىئۆستەڭ ۋە ئاۋات قاتارلىق قوشنا يېزىلىرىدىنمۇ دېھقانلار كېلىپ سودا - سېتىق قىلىپ كېتىدىغان بولغاچقا، بازارمۇ بازار كۆچۈپ يۈرۈپ ئوقەت قىلىدىغان مەخسۇس تىجارەتچىلەر ھەر شەنبە كۈنى بۇ بازارغا يىغىلاتتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئاتا مىراس مەشھۇر تېۋىپ» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىۋېلىپ، سەكسەن خالتىنى يەرگە تىزىپ قويۇپ دورا ساتىدىغان بىر تېۋىپمۇ بار بولۇپ، ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ بىر ئالدامچى ئىكەنلىكىنى، دورىلىرىنىڭ پايدا قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، بەزىلىرىنىڭ تومۇر تۇتقۇزۇۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ، ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز توختىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچكىنى، ئۇ تېۋىپ ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىر بىلىپ بېقىش ئىدى.

ئىمىن رەمتىل ئاۋۋال تېۋىپنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ

نۆۋەت كۈتتى. تېۋىپ بىرنەچچە ئادەمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، دورا بېرىپ پۇلنى ئېلىپ يانچۇققا سالغاندىن كېيىن، ئىمىن رەمتىلگە قولىنى تەڭلەۋېتىپ دېدى:

— قېنى، قولىڭىزنى ئەكېلىڭ.

— مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇش ھاجەتسىز، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا، — كېسىلىم ئېنىق، دورا بەرسىڭىلا بولىدۇ.

— ھە، نېمە كېسەل؟ — دېدى تېۋىپ ئىمىن رەمتىلگە قايتىدىن سەپسېلىپ.

— زۇكام.

تېۋىپ ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىغىلا قويۇپ قويغان بىر تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى دورىلارنى بىردەم مالتىلاپ ئىزدىگەندىن كېيىن باش بارماق چوڭلۇقىدىكى بىر شېشىنى قولىغا ئالدى ۋە شېشە ئۈستىگە چاپلانغان خەتلەرگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— بۇ پاكىستاننىڭ ئەڭ ئېسىل زۇكام دورىسى. بىر قېتىمدا ئىككى تالدىن ئىچىسىز. ئىككى قېتىم ئىچسىڭىزلا ساقىيىپ كېتىسىز، — دەپ دورىنى ئىمىن رەمتىلگە تەڭلىدى.

ئىمىن رەمتىل دورىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ باقتى. شېشە ئۈستىدە ئۇيغۇرچە خەت تولۇق، بىرەر خەنزۇچە خەتمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— دورا چەتنىڭ دورىسى، ئۇكام، — دېدى ئىمىن رەمتىلنىڭ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن تېۋىپ شۇئانلا، — بۇنداق دورىلارنى كۆرگەنلا ئادەمگە بېرىۋەرمەيمىز. قالىسام، سىز خېلى مال تونۇيدىغاندەك تۇرىسىز. شۇڭا، سىزگە بېرىپ قالدىم.

ئىمىن رەمتىلنىڭ گۇمانى يېشىلمىگەن بولسىمۇ، تېۋىپنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىشنى مەقسەت قىلغاچقا، دورىنى كۆرۈپ باھا تالاشمايلا ئون كويغا ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. بىردەم بازار ئايلىنىپ، ھەپتىدە بىر كۆرۈشەلەيدىغان ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشقاندىن



www.uyghurkitap.com

كېيىن ئۆيىگە قايتتى .
كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ دورىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ، تېۋىپنىڭ دېگىنى بويىچە ئىككى تال ئىچتى . ئاندىن ئاغىنىلىرى بىلەن دېيىشىپ قويغىنى بويىچە تۇردى تاشنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .
تۇردى تاش ساۋاتسىز بولغىنىغا قارىماي رىۋايەت - چۆچەكلەرنى شۇقەدەر ئۇستىلىق بىلەن سۆزلەيتتىكى ، تۇرمۇشتىكى ئەڭ قوپال ، تىلغا ئېلىش ئەپسىز بولغان سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ نۇتقىدا شۇنچە سىپايە ، شۇنچە لاتاپەتلىك بولۇپ كېتەتتى . ئۇ چۆچەك ئېيتقان سورۇنغا بىرلا قېتىم داخىل بولغان ئادەم خۇددى بەڭگىنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كەتسە چىداپ تۇرالماي چېكىشكە مەجبۇر بولغىنىدەك ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا مەجبۇر بولاتتى . تۇردى تاشنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ بېرىشىچە ، يانتاقتىكى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئالدى بولغان ياقۇپبەگ ھاجى 1930 - يىللاردا جاللات شېڭ شىسەي يۇرت - يۇرتلاردىكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى ھەپسىگە ئېلىپ مەخپىي ئۆلتۈرۈشكە باشلىغان مەزگىلدە ، بۇ بالا - قازانىڭ بېشارەتلىرىدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ ، تۇردى تاشنى ھەمراھلىققا تاللاپ ، بىر ئاتقا لىق كىتاب ، بىر ئاتقا ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىپ ، يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن . ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پاناھلىنىش داۋامىدا تۇردى تاش ياقۇپبەگ ھاجىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ، ئۇ ئوقۇپ بەرگەن كىتابلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان . شۇنداق قىلىپ ، بۇ كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا ياد بولۇپ كەتكەنىدى...
ئىمىن رەمتىل تۇردى تاشنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، «قەھرىمان قاتىل» قىسسىسى سۆزلىنىۋاتقان بولۇپ ، ئەختەم ئۆمەر ، مۇختار قادىر ، ئابلەت مامۇت ، ھەسەن ناۋاي ، مۇتەللىپ مۇھەممەت ، ئۆمەر ياسىنلار جىمجىت ئولتۇرۇپ قىسسە ئاڭلاۋاتاتتى . ئىمىن رەمتىل تۇردى تاشنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن باشقىلار بىلەنمۇ

كۆرۈشمەي ، بىر بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . بىراق ، ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا يەنە سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر بولدى . چۈنكى ، بايا ئىچكەن دورا ئۇنىڭ قورسىقىنى تاراقشىتىپ ، مۇجۇپ ئاغرىتىشقا باشلىغانىدى .

ئىمىن رەھىتىل سىرتقا بىر چىقىپ كىرىۋېتىپ بايىقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئەمما ، ھايال ئۆتمەيلا قورسىقى يەنە مۇجۇپ ئاغرىشقا باشلىدى . ئۇ چىشىنى چىشلەپ بىردەم چىداپ ئولتۇرۇپ باققان بولسىمۇ ، بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئاغرىققا ئاخىر چىداپ بولالماي يەنە ئورنىدىن تۇردى . سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ بىرقانچە كۆزنىڭ ئۆزىگە ئالىيىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتا كىرمىدى . «خەپ !» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ، «مەن ئىمىن رەھىتىلنى ئالداشقا پېتىنغان سەندەك تېۋىپنىڭ ياتاق بازىرىغا دۇكان ئاچقىنىڭنى بىر كۆرەي قېنى ؟ !... »

ئۇ كۈنى بەكلا كەچ بولۇپ كەتكەچكە ، ئالدامچى تېۋىپنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئەمدى يەنە بىر شەنبىگە قالغانىدى . ئىمىن رەھىتىل ھەپتىنىڭ كۈنلىرىنى تولا ساناپ ، ئازنا كۈنىنى تەستە كەلتۈردى ـ دە ، دەرستىن چۈشۈپلا ياتاقتىمۇ كىرمەي ئۇدۇل ئۆيىگە ماڭدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ھېلىقى ئالدامچى تېۋىپنىڭ ئەدىپىنى بېرىشتىلا قالغانىدى .

ئەتىسى ئۇ بازارغا ئىككى قېتىم چىقىپمۇ تېۋىپنى تاپالمىدى . ئۈچىنچى قېتىم چىققاندا تېۋىپنىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە كىشىلەر ئولىشىۋالغانىدى . ئىمىن رەھىتىل سىرتتىن بىرەر مايلامچى بالا كەلسىمۇ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ، ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشۇپ كېتىدىغان بۇ نادان كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ، بىرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋاتقان تېۋىپنىڭ يېنىغا بېرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى . تېۋىپ ئالدىدىكى ئادەمگە بىرمۇنچە دورا سېتىپ پۇلىنى ئالغاندىن كېيىن ئىمىن رەھىتىلدىن سورىدى :

— خوش ، ئۆزلىرى نېمە بولىلا ؟



www.uyghurkitap.com

— ئۆزلىرىنى تىبابەتتە كامالەتكە يەتكەن كاتتا تېۋىپكەن دەپ ئاڭلاپ، ئالدىلىرىغا كەلدىم. ئاۋۋال تومۇرۇمنى بىر تۇتۇپ باقسىلا.

تېۋىپ ئىمىن رەمتىلىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش ئۈچۈن قولىنى تەڭلىۋىدى، ئىمىن رەمتىل ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى ئۈستىگە تارتىپ قويۇپ تېۋىپقا پۇتىنى تەڭلىدى. ئۆمرىدە مۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ باقمىغان تېۋىپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماستىن، ئىمىن رەمتىلگە قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تۇرۇپ قېلىپ دېدى:

— قوللىرىنى ئەكەلسىلە، تومۇرلىرىنى كۆرۈپ باقاي...

— مېنىڭ پۇتۇمدىمۇ تومۇرۇم بار، تۇتۇۋەرسىلە.

تېۋىپ يەنە گەپ قىلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇراتتى، ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئېغىز ئاچتى:

— قۇلىقىم سەل ئېغىرراق، تەقسىر، خاپا بولماي گەپلىرىنى قۇلىقىمغا دېسىلە.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە تېخىمۇ يېقىن سىلجىپ، قۇلىقىنى تېۋىپنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزدى.

— قۇلاقلىرىنىڭ ئېغىرلاپ قالغىنىغا قالىغاندا، — دېدى تېۋىپمۇ مۇۋاپىق ئارىلىق ساقلاش ئۈچۈن سەل كەينىگە داجىپ، — بۆرەك سەل چاتاق...

— ھە؟ نېمە دېدىلە؟ — دېدى ئىمىن رەمتىل تېخىمۇ يېقىنلاپ قەستەن سوۋۇشۇپ تۇرۇپ.

— كەينىمگە يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالدىم، نېمانداق قىلىلا؟! — دېدى تېۋىپ ئىختىيارسىزلا ئىمىن رەمتىلنى ئىتتىرىپ.

— خالايىق، مانا ھەممىڭلا كۆردۈڭلا، ئاڭلىدىڭلا، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئەتراپتىكى ھاڭۋېقىپ تۇرۇشقانلارغا قاراپ، — ماۋۇ سەت گەپ قىلىدىغان قىرى «ئۆرىكىڭ چاتاقكەن. كەينىڭ قىچىشىدىكەن...» دەپ ھاقارەتلەۋاتىدۇ. قېنى دەپ بېقىڭلا، مەندىن باشقا مەشەدىكى ھەرقانداق ئوغۇل بالىنى شۇنداق

www.uyghurkitap.com

هاقارەتلىسە ئۇ قالاپ تۇرامتى؟ !...

ئىمىن رەمتىل گېپىنى تۈگىتىپلا، سەكسەن خالتا تىزىپ قويۇلغان پالاسنى زەرب بىلەن بىرلا تارتىپ، ھەممە دورا ـ دەرمەكلەرنى ئۆرۈۋەتتى. ھاڭ ـ تاڭ قالغان تېۋىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىمىن رەمتىلنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى:

— ئون مىڭ كويلۇق دورامنى باكا قىلدىڭ، دورامنى تۆلە!

— يۈز مىڭ سوملۇق روھىي زىيان سالدىڭ، زىيىنىمنى تۆلە! — دېدى ئىمىن رەمتىلمۇ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ.

يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان تېۋىپنىڭ ئىمىن رەمتىلگە كۈچى يەتمەسلىكىگە كۆزى يەتتى ـ دە، ياقىسىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇدۇل ساقچىخانىغا ئەرز قىلغىلى كەتتى. دىجورنى ساقچى يېتىپ كەلگەندە، ئىمىن رەمتىل تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن توپلىشىۋالغان كىشىلەرگە ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى.

— نېمە بولدى، ئىمىنجان؟ — دېدى تونۇش ساقچى يېقىنلاپ كېلىپ.

— نېمە بولىتتى، ماۋۇ ساقالدىمان جويۇت تومۇرۇمنى تۇتۇپ بولۇپ: «كەينىڭىز قىچىشىدىكەن، ئۆرىكىڭىز چاتاقكەن...» دەپ شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا ھاقارەتلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قولىقىمغا دېگەن باشقا سەت گەپلىرىنى ئادەم بار يەردە ئېغىزغا ئالغىلىمۇ بولمايدۇ تېخى...

— مەن نەدە شۇنداق دەپتىمەن؟ سەن...

— مەن ئىمىن رەمتىلنىڭ يالغان گەپ قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى پۈتۈن يانتاق خەلقى بىلىدۇ. بايا مەشەدە بار بولغانلار دەپ بېقىڭلار قېنى، ماۋۇ سەت گەپ قىلىدىغان قېرىنىڭ گېپى راستمۇ ياكى ئىمىن رەمتىلنىڭ گېپى راستمۇ؟

— ئىمىن رەمتىلنىڭ راست، — دېيىشتى بىرقانچەيلەن.

دىجورنى ساقچى بىرقانچەيلەندىن پاكىت ئالغاندىن كېيىن، تېۋىپنى چېچىلىپ كەتكەن دورا ـ دەرمەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ

ساقچىخانىغا كىرىشكە بۇيرۇدى. ئادەملەر بىردىن - ئىككىدىن تارقىلىپ كېتىشتى. تېۋىپ يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل دېدى:

— بۇ ساڭا بىر ئاگاھلاندۇرۇش. قىشتا سەن ئىسسىق ئۆيدە ياتقاندا توڭ يېرىپ ھاشا چېپىپ، يازدا سەن سايىدا دۇغ ئىچىپ ئولتۇرغاندا، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ ئورما ئوروپ، مىڭ ئۆلۈپ - بىر تىرىلىپ پۇل تاپىدىغان بىچارە دېھقاننى يەنە قاقتى - سوقتى قىلغىنىڭنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، يالغان سۆزلىگەن تىلىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن!

تېۋىپ ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىدە تۇتتىمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ بارمۇ، ئىشقىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن يانتاق بازىرىدا ئىككىنچىلەپ كۆرۈنمەس بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## «بەش مىنۇت... »

ھەر يىلى كۈز كىلىپ مەۋسۇم ئالماشقاندا ، يانتاق يىزىسىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئادەم ئالماشتۇرۇشلار بولۇپ تۇراتتى . ئىمىن رەمتىل بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۆيىگە يىقىنراق بىرەر مەكتەپكە ئالمىشىشىنى ئىزچىل ئىلتىماس قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ئىلگىرىكى خانىماز دادۇي مەكتىپىدىن ئەمدى قارائۆي مەكتىپىگە ئالماشتۇرۇپ قويۇشتى . بۇنى ئەدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەن ئىمىن رەمتىل خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇشتىن ۋاز كىچىپ ، يىڭى مەكتەپكە بىرىشقا ئۇنىمىغانىدى . ئاتىسى رەمتىل ئاكا قايتا ـ قايتا تەربىيە قىلىپ ، ھىچبولمىغاندىمۇ يەنە بىر مەۋسۇم بىرىپ تۇرۇشقا مىڭ تەستە ماقۇل قىلدى .

قارائۆي مەكتىپىگە بارغاندىن كىيىن گەرچە يىڭى مۇدىر ئىمىن رەمتىلنى سىرتتىن تونۇسىمۇ ، لىكىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قىلچە چۈشەنمىگەچكە ، ئىمىن رەمتىل خىزمەتكە كىرىشكەن بىرنەچچە ھەپتىدىلا ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز ، ئىش ـ ھەركەتلىرىنى كۆزىگە سىغدۇرالماي تولا تەنقىدلەپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۇچۇن تىخىمۇ ئەلەم بولغىنى ، ئىمىن رەمتىل باشقىلارغا ئوخشاش ، يوق گۇناھلارنىمۇ بوينىغا ئىلىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرماستىن ، ئەكسىچە كۆپىنچە ھاللاردا مۇدىرنىڭ ئورۇنسىز تەنقىدلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بىرىپ ، ئۇنى مات قىلىپ قوياتتى . شۇنىڭ ئۇچۇن ، مۇدىر ئىمىن رەمتىلدىن بىرەر ئىۋەن تىپىشنىڭ كويىدا ئۇنى پايلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى ئىمىن رەمتىل ئىككىنچى يىللىق سىنىپتىكى

باللارغا دەرس ئۆتۈۋاتاتتى . سىنىپنىڭ كەينىدىكى دېرىزە يېنىدا بىرىنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى بايقاپ قالدى . ئادەتتە ئىشى بارلار ئىشىك ئالدىغا ياكى ئىشىك تەرەپتىكى دېرىزە تۈۋىگە كېلەتتى . ئارقا دېرىزىدىن ماراۋاتقان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئىمىن رەمتىل بىر تەرەپتىن دەرس سۆزلەپ ، بىر تەرەپتىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا چاندۇرماي قارىدى . هايال ئۆتمەي ئايان بولدىكى ، ئارقا دېرىزە يېنىدا يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقان كىشى دەل مۇدىر ئىدى . ئۇ دېرىزە يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سىنىپتىكى گەپ - سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى . ئىمىن رەمتىل مۇدىرنىڭ بىرەر باهانە تېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقىنىنى سەزدى - دە ، شۇ هامان دەرسنى توختىتىپ ، باللارغا قەستەن ئۈنلۈك سۆزلىدى :

— قىزلار ، بېشىڭلارنى پارتىغا قويۇپ ، بەش مىنۇت جىم يېتىڭلار . مەن بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار دېمىگۈچە هېچقانداق قىزنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشكە رۇخسەت يوق ! ئاڭلىدىڭلارمۇ ! ؟

— ئاڭلىدۇق .

— هە ئەمىسە بېشىڭلارنى پارتىغا قويۇپ ، كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار !

ئۇ سىنىپتىكى هەربىر قىز بالىغا بىرمۇبىر سەپسېلىپ ، هەممىسىنىڭ بېشىنى پارتىغا قويۇپ ، كۆزىنى يۇمۇپ بولغىنىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن ، ئوغۇللارغا بۇيرۇق قىلدى :

— ئوغۇللار ، ئىشتانبېغىڭلارنى يېشىپ ، ئىشتىنىڭلارنى تېقىمىڭلارغا چۈشۈرۈڭلار . ئاندىن بەش مىنۇت...

دېرىزە تۈۋىدە يوشۇرۇن كۆزىتىپ ئولتۇرغان مۇدىر ئىمىن رەمتىلنىڭ قەستەن يۇقىرى ئاۋازدا دېگەن گەپلىرىنىڭ هەممىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە ، دېرىزە تۈۋىدىن كېتىپ قالدى . ئىمىن رەمتىل ئۇنى ئەمدى ئۇدۇل سىنىپقا كىرىدۇ دەپ پەرەز قىلغانىدى . دېگەندەك ، هايال ئۆتمەيلا سىنىپنىڭ ئىشىكى قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىپ ئېچىلىپ ، مۇدىر

كىرىپ كەلدى :

— ئىمىن رەمتىل ! — دېدى ئۇ ئۆزىنى باسالمىغان هالدا ، — قېنى دەپ باقە ، مەكتەپ قانداق ئورۇن ؟ !

— مەكتەپ ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئاۋازىنى مۇدىرنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، — كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان ناهايىتى مۇهىم ئورۇن .

— خوش ، بۇنىغۇ ئوبدان بىلىدىكەنسەن ، ئۇنداقتا قېنى ئېيتىپ باقە ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى قانداق تەربىيىلەيمىز ؟ !

— پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى بويىچە تەربىيىلەيمىز . تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا…

— پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىدا ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپقا سولىۋېلىپ ، ئەسلىي پىلاندىكى دەرستىن چەتنەپ ، «قىزلار ، كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار ! ئوغۇللار ، ئىشتىنىڭلارنى تېقىمىڭلارغا چۈشۈرۈڭلار…» دەيدىغان گەپمۇ بارمۇ ؟ !

— يوق ! — دېدى ئىمىن رەمتىل تەمكىن هالدا ، — پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىدىلا ئەمەس ، هەتتا ئەڭ ناچار ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس پىلانىدىمۇ ئۇنداق گەپنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئەمما ، بىر مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىرەر تورنىك ، بىرەر گار ، بىرەر توپ ، هەتتا قىزلارنىڭ ئاتلىمچۇق ئوينىشى ئۈچۈن بىرەر مېتىر تانىمۇ بولمىسا ، تەنتەربىيە دەرسىنى قانداق ئۆتكىلى بولىدۇ ؟ باشقىلار ساناپ تۈگەتكۈسىز ئويۇن تۈرلىرىنى ئىجاد قىلىپ ، هەتتا ئۇنى دۇنياۋى مۇسابىقىلەرگە ئايلاندۇرۇپ ، مەنىۋى هاياتىنى بېيىتىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ، بىز تېخى ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللارنى هەتتا دەرس سېتكىسىدىكى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىنمۇ مەهرۇم قىلساق ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولامدۇق ؟ ! ئۆزلىرى مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىكەنلا ، بۇ سىنىپقا بىر قاراپ باقسىلا ، دوسكا قانداق تۇرىدۇ ؟ سىنىپلارغا ئايدا بىرەر تال بور بېرىدىلىمۇ ؟

ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم بالىلارغا دەرس ئۆتەمدۇ ياكى قازان كۆيىسىدە لاي ئېتىپ دوسكا سۇۋاپ، بىر ئورنىدا خەت يېزىش ئۈچۈن سىغىنىز تېرىپ يۈرەمدۇ؟ !...

مۇدىر كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا دوسكىغا قارىدى. قازان كۆيىسى قىرىپ كېلىنىپ، بالىلار ئۆيىدىن بىردىن ـ ئىككىدىن ئېلىپ كەلگەن تۇخۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، لاي ئېتىپ سۇۋالغان دوسكا قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. بىر بۇلۇڭدا بولسا دۆۋىلەپ قويۇلغان سىغىزلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. ئىمىن رەمتىلگە گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن مۇدىر ئۇن ـ تىنسىز ئارقىسىغا يانىدى ـ دە، ئىشخانىغا كىرمەستىن ۋېلىسىپىتىنى مىنگىنىچە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن ئىمىن رەمتىلنى تەكشۈرۈشكە مەخسۇس ئادەم كەلگەندىلا، ئىمىن رەمتىل مۇدىرنىڭ تۈنۈگۈن ئۇدۇل مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ چېقىشتۇرغانلىقىنى بىلدى.

— سەنمۇ ئوقۇتقۇچىمۇ!؟ — دېدى مائارىپ ئىدارىسىدىن تەكشۈرۈشكە كەلگەن خادىم ئىمىن رەمتىلنىڭ سىنىپىغا كىرىپلا سوراق ـ سوئالنى باشلاپ، — تۈنۈگۈن تۆتىنچى سائەت دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارغا نېمە دېدىڭ!؟

— ئەلۋەتتە، مەن ئوقۇتقۇچى، — دېدى ئىمىن رەمتىل سوئالغا ئۆز تەرتىپى بويىچە جاۋاب بېرىپ، — ئوقۇتقۇچى بولغاندىمۇ ئايدا ئون سەككىز كوي مائاش ئېلىپ، مىڭ كوي ئالىدىغانلاردىن كۆپرەك دەرس ئۆتىدىغان خەلق ئوقۇتقۇچىسىمەن. تۈنۈگۈن تۆتىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلارنى بەش مىنۇت ئوينىۋېلىشقا رۇخسەت قىلدىم.

— قېنى دەپ باقە، ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا نېمە ئوينىدى؟ !

— نېمە ئوينايتتى، پۈتۈن مەكتەپتە ئوقۇغۇچى ئوينايدىغان بىرەر توپ ئەمەس، ھەتتا بىر مېتىر تانا چاغلىق نەرسە بولمىغاچقا، ئامالسىز...

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى تەكشۈرگۈچى خادىم مۇدىرغا قاراپ.

— مەكتەپ مالىيىسىدە پۇل بولمىغاچقا...

— بولدى، بولدى.

تەكشۈرگۈچى خادىم ئىمىن رەھىمىتىنىڭ سۆزىگە ئەمدى ئىشەندىمۇ، سىنىپتىكى بور ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتقان سېغىزلارنى، قازان كۆيىسىنى تولا چىپىپ مۇدۇر - چوقۇر بولۇپ كەتكەن دوسكىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بارا - بارا يۇمشاپ قالدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ، مەكتەپنىڭ باشقا ئەسلىھەلىرىنىمۇ بىر قۇر تەكشۈرۈپ باقتى. باشقا بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىدىن پىكىر ئالغانمۇ بولدى. ئاندىن مۇدىرنى سىرتقا چاقىرىپ چىقىپ بىرپەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئىمىن رەھىمتىلگە ھېچنەرسە دېمەستىن قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇدىر ئىمىن رەھىمتىل بىلەن قايتا ھەپىلەشمەيدىغان بولدى. چۈنكى، ئەتىسىلا مائارىپ ئىدارىسى ئوقتۇرۇش تارقىتىپ، مۇدىرنى ئەمىلىدىن قالدۇرغانىدى.



# ئايالللار ھاجەتخانىسىدا

يازلىق تەتىل ئاياغلىشاي دەپ قالغان كۈنلەر ئىدى. ئىمىن رەمتىل ئائىلىسىدىكىلەر ئىمىن رەمتىلنىڭ سىڭلىسى بۈزىلەيخانغا چاقىرىقنامە كېلىشىنى كۈتۈپ تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ — دەيتتى رەمتىل ئاكا قارا كۆرپە تۈمىقىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ بېشىنى تاتىلاپ، — خەقنىڭ باللىرىغا بىوداجىلىڭ[1] كەلگىلى نەۋاخ. بۈزىلەيگە نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ؟! يا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ماڭا يالغان گەپ قىلىپ، ئۆتتۈم دەپ قويغانمۇيا؟!

— ياق، ئاتا، — دەيتتى ئىمىن رەمتىل، — ئۆتكەندە مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگەن تۇرسام، مەنمۇ ساڭا يالغان گەپ قىلارمەنمۇ؟

— دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، بالام. بەزى ئىشلارغا ئىشەنچ قىلساڭ، دېگەن يېرىڭدىن چىقمايدۇ. مەن چاقىرىق قەغىزىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيمەن.

— كەپتۇ! مانا كەپتۇ! — دېگىنىچە بۈزىلەي تالادىن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى دەل شۇ چاغدا، — ئابدۇقادىر شوجاڭ ناھىيىگە بېرىپتىكەن. مائارىپ ئىدارىسىگە چىرىپ بىرنەچچە باۋداۋجىڭنى ئالغاچ كەپتۇ. مېنىڭكىمۇ بار ئىكەن، مانا.

رەمتىل ئاكا قىلىۋاتقان گېپىنى توختىتىپ، چاقىرىقنامىنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى. يوغان تامغىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى بولغاي، چىرايىغا كۈلكە ياماشتى.

---

[1] ئوقۇشقا كىرىش چاقىرىقنامىسى دېمەكچى.

— قېنى ئوقۇغىنە، ئىمىنجان، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي.

ئىمىن رەمتىل چاقىرىقنامىدىكى خەتلەرنى قالدۇرماي ئوقۇپ بەردى. چاقىرىقنامە ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن بولۇپ، تىزىملىتىش ۋاقتى، يىللىق راسخوت... دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى تەپسىلىي يېزىلغانىدى. ئۇلار قاچان يولغا چىقىش، نېمە - نېمىلەرنى ئالغاچ بېرىش دېگەن كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنە بىرھازا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئەتىسى بىر كۈن تەييارلىق قىلىۋېلىپ، ئۆگۈنلۈككە ئىمىن رەمتىل بۈزلەيخاننى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭىدىغان بولۇشتى.

1989 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىمىن رەمتىل سىڭلىسى بۈزلەيخان بىلەن ئۈرۈمچىگە چۈشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم بېرىشى ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەكىت ناھىيىسى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا بىۋاسىتە قاتنايدىغان ئاپتوبۇس بولمىغاچقا، مەكىتتىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلار ئاۋۋال قەشقەرگە بېرىپ، ئاندىن قەشقەردىن ئۈرۈمچىنىڭ ئاپتوبۇسىغا چۈشەتتى. ئىمىن رەمتىلمۇ قەشقەرنىڭ ئاپتوبۇسى بىلەن ماڭغاچقا، شۇ ئاپتوبۇس بىلەن ئۈرۈمچىگە ماڭغان قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەت ئوسمان بىلەن تونۇشۇپ، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار قەشقەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش باشقارمىسىدا ئاپتوبۇستىن چۈشتى - دە، ئۈستىگە «شىنجاڭ مېھمانخانىسى» دېگەن چوڭ خەتلەر يېزىلغان ھەيۋەتلىك بىر بىنانى كۆردى. ئارىلىقمۇ ئانچە ئۇزۇن بولمىغاچقا، سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۇدۇل شۇ بىناغا بېرىپ ئورۇنلاشتى.

كەچتە ئىمىن رەمتىل ساقال ئالغۇچ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ياتاقتىن چىقتى. ئۇ «چوڭ مېھمانسارايلارنىڭ ھەممىسىدە ماگىزىن بار» دەپ ئاڭلىغاچقا، سىرتقا چىقىپ يۈرگۈچە مۇشۇ مېھمانسارايىنىڭ ماگىزىنىدىن سېتىۋالماقچى بولۇپ، ئۆزى چۈشكەن قەۋەتتىن ماگىزىن ئىزدىدى. سوراي دېسە كارىدوردا ئادەم

كۆرۈنمەيتتى . ئۇيان ـ بۇيان قاراشتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ، ئىشىكى ئوچۇق بىر ئۆيدە بىرىنىڭ بېشىنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، سوراپ باقماقچى بولۇپ يېنىغا باردى . باش يۇيۇۋاتقان كىشى بېشىنى بىر داسقا چىلىۋالغاچقا ، ئۇنىڭ چىرايى كۆرۈنمەيتتى . ئۇچىسىدا ئاسما مايكا بىلەن «ئۈچ بۇرجەك كالتا ئىشتان»دىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى . ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ ئۆزىدەك ئىككى چىقىمدىغان سېمىز ۋە ئاپئاق گەۋدىسىگە قاراپ ، «شەھەردىكى ئەرلەر مۇشۇنداق سېمىز ۋە ئاق ئۇستىخان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ بىردەم قاراپ تۇردى . كۈتەر ـ كۈتەر تاقەتسىزلەندى ـ دە ، ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ سورىدى :

— ھەي يولداش...

باش يۇيۇۋاتقان «يولداش» يانغا بۇرۇلۇپ ئىمىن رەمتىلنى كۆرۈپلا شۇنداق قاتتىق چىرقىرىدىكى ، ھەتتا ئىمىن رەمتىلمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۇدۇل ياتاققا قاراپ قاچتى . چۈنكى يالىڭاچ باش يۇيۇۋاتقان ئۇ «يولداش» ئەسلىدە بىر خەنزۇ ئايال بولۇپ ، ئىمىن رەمتىل بايا ئالدىراشلىقتا ئۇنى پەرق قىلالماي قالغانىدى . ئىمىن رەمتىل ياتاققا قېچىپ كىرگەن بولسىمۇ ، لېكىن كارىدوردىكى چىرقىراش توختىمىدى . بۇنى ئاڭلاپ ياتاق ـ ياتاقلاردىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئادەملەرنىڭ كارىدوردا دېيىشىۋاتقان گەپلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ھايال ئۆتمەي ئىمىن رەمتىل چۈشكەن ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلدى . ئىشىكنى ئاچماي باشقا ئامال يوقلۇقىنى ھېس قىلغان ئىمىن رەمتىل بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى ، فورما كىيگەن ئىككى قوغداش خادىمى كىرىپ كەلدى . ئۇلارمۇ خەنزۇ بولغاچقا ، ئىمىن رەمتىلگە گېپىنى ئۇقتۇرالماي يەنە بىر ئۇيغۇر قوغداش خادىمىنى چاقىرىپ كىرىشتى . بىرپەس سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن ئىمىن رەمتىلدە ھېچقانداق قەستەنلىك يوقلۇقىنى بىلگەن قوغداش خادىملىرى بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىشنى جېكىلەپ چىقىپ كېتىشتى .

ئەمما ، «كەلگەنگە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك ، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ، ئىمىن رەمتىل بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك بىر ئىشقا يولۇقتى : ئۇ «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»دا بىر ئاخشام قونۇپلا ، ئەتىسى ئەتىگەندە مۇھەممەت ئوسماننىڭ تەكلىپى بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىناسىغا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى . بىنادا كۇرس ئېچىلىۋاتقان بولۇپ ، كۇرسقا قاتنىشىۋاتقان قىزلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى . ئىمىن رەمتىل ياتاقتا ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ، ھاجىتى قىستاۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە ، قولىدىكى ژۇرنالغا قىزىقىپ كەتكەچكە ، ئۇنى ئوقۇغاچ ھاجەتخانىغا ماڭدى . ھاجەتخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپمۇ ژۇرنالنىڭ داۋامىنى ئوقۇۋاتقان ئىمىن رەمتىل بىر كەمدە قىزلارنىڭ كۈلۈشۈپ پىچىرلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ، ھاجەتخانىغا خاتا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلدى ـ دە ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاققا كىرىۋالدى .

ئەمما ، ئىمىن رەمتىلنى ئاياللار ھاجەتخانىسىدا كۆرگەنلەر بىر ئەمەس ، بىرنەچچە بولغاچقا ، ئۇلار ياتاقلىرىغا چىقىپ قايتىدىن غوۋغا قىلىشىپ ، بىنانىڭ قوغداش خادىملىرىغا خەۋەر قىلىشتى . ھەش ـ پەش دېگۈچە كارىدور ئادەم بىلەن توشۇپ ، غوۋغا كۈچىيىپ كەتتى . بەزىلەر ئىمىن رەمتىلنى ئەدەپسىزلىكتە ئەيىبلەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىسە ، يەن بەزىلەر ھەدەپ ئىشكنى مۇشتلايتتى . ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىنى ئويلىمىغان ئىمىن رەمتىل دەرھال بىرەر چارە تاپمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى ـ دە ، جىددىي پەيتتە ئەقلىنى ئىشلىتىپ ، ئۈستۈبېشىدىكى كىيىملەرنى سېلىپ تەتۈر كىيىشكە باشلىدى . بۇنى ھېچ چۈشىنەلمىگەن مۇھەممەت ئوسمان ھەيران بولۇپ سورىدى :

— نېمە قىلىۋاتىسىلە ئىمىنجان ؟ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتىمۇ كىيىم سېلىپ ـ كىيىپ يۈرگىنىڭلا نېمىسى ؟

— ئاڭلاپ تۇرۇڭلا ، مەن شۇ تاپتا بىر ساراڭنىڭ رولىنى ئالىمەن . سىلى مېنى داۋالىتىشقا ئېلىپ كەلگەن ئاكام بولىسىلە… مەقسىتىمنى چۈشەندىڭلىمۇ ؟ … مەن ھازىر ئىشىكنى

ئېچىپ ئاغزىمغا كەلگىنىنى سۆزلەيمەن . سىلە مېنى تونۇشتۇرۇپ «بۇ ئۇكام روھىي كېسەل بولۇپ قالغان... ئۇرۇمچىگە داۋالىتىشقا ئەكەلگىلى ئىككى كۈن بولدى... » دەيسىلە . قېنى ئەمىسە باشلىدۇق...

ئىمىن رەمتىل ئىشكنى ئېچىش ئۈچۈن مېڭىۋىدى ، مۇھەممەت ئوسمان ئۇنى تۇتۇۋېلىپ دېدى :

— مەن قاملاشتۇرالماي چاندۇرۇپ قويسام ، تېخىمۇ بەك بالاغا قالىمىز ، ئىمىنجان ، باشقا ئامال تاپايلى...

— ئەمىسە سىلىنىڭ باشقا ئاماللىرى بارمۇ ؟

ئىمىن رەمتىل مۇھەممەت ئوسماننىڭ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ، ئىشكنى ئاچماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى ، مۇھەممەت ئوسمان يەنە تۇتۇۋالدى :

— توختاڭلا ، ئويدانراق ئويلانساق يەنە باشقا ئامالمۇ تېپىلىپ قالار ، ئىمىنجان .

— توختاۋەرگەن بىلەن ھېلى ئاچقۇچنى تېپىپ كېلىپ ئىشكنى ئېچىپ چىقسە ، ساچقان تۆشۈكى ساراي بولارمىكىن ! ؟ ئەمدى مېنى توساڭلا ، بولمىسا بار بالاغا سىلىنى تۇتۇپ بېرىمەن ھېلى بىكا...

مۇھەممەت ئوسمان ئۈندىمىدى . ئىمىن رەمتىل بېرىپ ئىشكنى ئاچتى . كارىدورغا ئولىشىۋالغانلار كۆڭلىكىنى تەتۈر كىيىپ ، بىر يېڭىنى قويۇپ بېرىپ بىر يېڭىنى تۇرۇۋالغان ؛ بىر پۇتىغا كەش كىيىپ ، بىر پۇتىنى يالاڭئاياغ قويغان ؛ ئاغزى - بۇرنىدىن شالى ئېقىپ تۇرغان ئىمىن رەمتىلنى كۆرۈپ ، گويا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك تىمتاس بولۇپ قېلىشتى . ئىمىن رەمتىل قوللىرىنى شىلتىپ ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ ، ھېچكىم بىلمەيدىغان تىلدا بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلىگىنىچە سىرتقا قاراپ مېڭىۋىدى ، مۇھەممەت ئوسمان ئارقىسىدىن بېرىپ تۇتۇۋالدى ۋە ئىمىن رەمتىلنى ياتاققا سۆرەپ تۇرۇپ دېدى :

— ئوبدان ئۇكام ، مېنى مۇنداق خاپا قىلمىغىن . ماڭ ، ياتاققا كىرىپ كېتەيلى . بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى . دوختۇرخانىغا ئەتە بارىمىز...

كارىدوردىكى كىشىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ، ئۆزئارا سۆزلىشىشكە باشلىدى . بەزىلەر «ساراڭ ئىكەن» دېسە ، بەزىلەر «گاچا ئىكەن» دەيتتى . ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىمۇ مۇھەممەت ئوسماندىن بىر قۇر ئەھۋال سوراپ بېقىپ ، ئىمىن رەمتىلىنىڭ داۋالىتىشقا ئېلىپ كېلىنگەن «روھىي كېسەل» ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى ـ دە ، كىشىلەرنى ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ ، ئۆزلىرىمۇ قايتىپ كېتىشتى .



# رېئاللىققا ئايلانغان چۈش

ئىمىن رەمتىل «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» بولۇپ ئىشلىگەن ئۈچ يىل داۋامىدا، «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن بۇ چىرايلىق ئاتالغۇنىڭ ئەمەلىيەتتە «ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى» ياكى «شتاتسىز ئوقۇتقۇچى» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى بەكمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى دۆلەت مالىيىسىدىن بەرگەچكە، ئۇلار ھەرھالدا خاتىرجەم ئىدى. بىراق، ئىمىن رەمتىلگە ئوخشاش خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئايدا بېرىلىدىغان ئون سەككىز كوي مائاشىنى مەكتەپ بېرىدىغان بولغاچقا، بەزى چاغلاردا مائاش بىرنەچچە ئايغىچە قولغا تەگمىگەننىڭ ئۈستىگە، ھەرخىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن تۇتۇپ قېلىنىپ، ئاشۇ ئون سەككىز كويمۇ قولغا تولۇق تەگمەيدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشنىڭ ئېغىرى ھەممىشە «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» غا يۈكلىنەتتى. بىچارە «خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى» ياخشى ئىشلەپ رەسمىيلىشىپ، دۆلەتنىڭ «تۆمۈر تاۋىقى»غا ئېرىشىۋېلىش ئۈچۈن ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ ۋە ئېغىر تەڭسىزلىكلەرگە ئۇچرىسىمۇ چىشىنى چىشلەپ ئۈن - تىنسىز ئىشلەيتتى.

بىراق، ئىمىن رەمتىل ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» بولۇپ قالغىنىغا ئىنچىل نارازى بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئۇ 1978 - يىلى ۋېيتنام - جۇڭگو ئۇرۇشى پارتلىغاندا ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشنى كۆچلۈك تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس يازدى. بىراق، ئىلتىماسنى تەشكىلگە بېرىپ بولغۇچە، ئاتىسى رەمتىل ئاكا كۆرۈپ قېلىپ ئېلىۋالدى.

— مەقسىتىڭ ماڭا ئايان ، بالام ، — دېدى رەمتىل ئاكا ئاتىلىق مېھرى بىلەن ، — سەن «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن ئىسمى چىرايلىق ، جىسمى جاپالىق خىزمەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىسەن . ئەمما ، ھەربىيلىككە چىرىپ مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمنى ھەرقانداق ھۆكۈمەت ئالدىنقى سەپكە ئۇرۇشقا ئاپارمايدۇ . ئاڭلىسام ، ناھىيىدە سىفەن سىنىپى ئېچىلىپتۇ . ناۋادا «خەلق ئوقۇتقۇچىسى»لىقتىن راستىنلا قۇتۇلۇپ ، ھۆكۈمەت دەپتىرىگە ئۆتۈش نىيىتىڭ بولسا ، بېرىپ ئىمتىھانغا قاتناشقىن...

ئىمىن رەمتىل راستىنلا بېرىپ ئىمتىھانغا قاتناشتى . ئەمما ، شۇ يىلى نومۇر چېكى 89 بولدى . ئىمىن رەمتىلنىڭ يېرىم نومۇرى كەملەپ قالدى . ئىككىنچى يىلى ئىمىن رەمتىل پۇختا تەييارلىق بىلەن يەنە ئىمتىھانغا قاتناشقانىدى . قىزىق يېرى ، بۇ يىل ئۇ 103 نومۇر ئالغان بولسىمۇ ، نومۇر چېكى 103.5 تە توختاپ ، يەنە يېرىم نومۇر كەملەپ قالدى .

ئۈچىنچى يىلى ئىمىن رەمتىل ئىمتىھان بېرىپ بولۇپ بىر چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇ قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن ماشىنىغا چىقىۋاتقۇدەك ؛ ئۇنىڭ يېنىدا ، ئىمتىھان بەرگەن چاغدا ئالدى ۋە كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىللە ئىمتىھان بەرگەن ئىككى ساۋاقدىشىمۇ بولۇپ ، ئۇلار ماشىنىغا ئېسىلىشىغا ماشىنا مېڭىپ كېتىپ ، يالغۇز ئىمىن رەمتىللا ماشىنىغا چىقىپ قەشقەرگە مېڭىپتۇدەك ؛ ماشىنا مەكىتنىڭ دەريا بويىغا كەلگەندە ، بۇ قاشتا تۇرۇپ قارىسا ئۇ قاشتىكى تېرەكلەرنىڭ ئۈچىنى ئاران كۆرگىلى بولىدىغان ئەزىم دەريادا كۆۋرۈك بولمىغاچقا ، كىشىلەر ماشىنىدىن چۈشۈپ ، لاقا ـ لۇققىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە ئوخشايدىغان يوغان ياغاچ كېمىگە چىقىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىشىۋاتقۇدەك ؛ ئىمىن رەمتىل كېمە بىلەن دەريا قېشى ئارىلىقىغا قويۇلغان ياغاچ تاختايلارغا دەسسەي دەۋاتقاندا ، بايا ماشىنىغا چىقالمىغان ھېلىقى ئىككى ساۋاقدىشى پەيدا بولۇپ ،

ئىمىن رەمتىلنىڭ ئالدىغا قىستىلىپ كىرىۋېلىۋاتقۇدەك؛ ئەمما كېمىنىڭ يېنىغا ئاز قالغاندا پۈتى شامالدىن تېيىلىپ كېتىپ، ھەر ئىككىسى سۇغا چۈشۈپ كېتىۋاتقۇدەك؛ ئىمىن رەمتىل تاختايدىن پەم بىلەن ئۆتۈپ كېمىنىڭ گىرۋىكىگە دەسسىشىگە، كېمە مېڭىپ كەتكۈدەك؛ ئارقىسىغا دۈگجۈپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالغان ئىمىن رەمتىل بىر يۇلقۇنۇپلا كېمىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاران تەسلىكتە كېمىگە چىقىۋېلىۋاتقۇدەك...

ئىمىن رەمتىل ئويغىنىپ كېتىپ، كۆرگەن چۈشىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. «ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئوخشايمەن» دەپ ئويـ لىدى ئۇ ئىچىدە «ئەمما ھوشيار تۇرمىسام يەنە چاتاق چىققۇدەك.»

تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندا، ئىمىن رەمتىل ناشتا قىلىۋېلىپ، ناھىيىگە بېرىپ ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى ۋە چىقىپلا ئاخشام چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى ئىككى ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئۇقالىدىڭلارمۇ ئىمىنجان؟ — دەپ سورىدى ئۇلار ئىمىن رەمتىلدىن.

— ئۇقتۇم. ئۈچىمىزدىن بىرىمىز ئۆتۈپتۇق. شۇڭا، مەن چاقىرىقنامىنى ئېلىپ كېلىشكە ناھىيىگە ماڭدىم.

— قايسىمىز ئۆتۈپتۇق؟ — دەپ سورىدى ئۇلار ئىمىن رەمتىلنىڭ سۆزىنىڭ تېگىدىكى مەنىنى تازا ئېنىق چۈشىنەلمەي.

— مەن ئۆتۈپتىمەن.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— خىزىر ئەلەيھىسسالام.

ئۇلار ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ يەنە سوراشتى:

— راست گەپ قىلىڭلا ئىمىنجان، زادى ئېنىق بىرەر خەۋەر ئۇقالىدىڭلارمۇ؟

— ئىمىن رەمتىل قاچان راست گەپ قىلمىغان؟ راست گەپ شۇ: ئىمىن رەمتىل ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ماشىنىغا چىقىپ ، ناھىيىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى . ناھىيىگە چۈشۈپلا ئۇدۇل مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ ، كادىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسىغا كىرىپ سورىدى:

— مەن يانتاق يېزىسىدىن ئىمتىھان بەرگەن ئىمىن رەمتىل بولىمەن . ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئۇقاي دەپ كەلگەنىدىم .

ئىشخانا مەسئۇلى ئەخەت ياسىن شىرە ئۈستىدىكى بىر توپ كونۋېرتقا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن :

— سىزگە چاقىرىقنامە كەلمەپتۇ ، ئىسمىڭىز يوق ئىكەن ، — دېدى .

ئىمىن رەمتىل ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ، شىرە ئۈستىدىكى كونۋېرتلارغا ئىختىيارسىز قاراپ قويۇپ ، يەنە سورىدى :

— يانتاقتىن ئۈچ ئادەم ئىمتىھان بەرگەن . بىرەرىمۇ ئۆتمىگەنمىدۇ ؟

— ھازىرغىچە كەلگەن چاقىرىقنامىلەرنىڭ ئارىسىدا يوق . كېيىن تولۇقلاپ ئەۋەتىپ قالسا قانداق بولاركىنتاڭ .

ئىمىن رەمتىلنىڭ شىرە ئۈستىدىكى چاقىرىقنامە سېلىنغان كونۋېرتلارنى ئۆز كۆزى بىلەن بەكمۇ كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كونۋېرتلاردىن ئۈزۈلمەيتتى . ئەمما ، ئىشخانا مەسئۇلى تېخى ھازىرلا بىرقۇر كۆرۈپ چىقىپ ، «سىزنىڭ يوق ئىكەن» دېگەن تۇرسا ، ئۇنى قارىتىپ قويۇپ كونۋېرتلارنى قايتا ئاختۇرالمايتتى . ئۇ ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىدىن چىقتى . ئەمما ، قانداقتۇر بىر غايىب سادا ئۇنىڭغا «كەينىڭگە يان ! چاقىرىقنامەڭ مۇشۇ ئىشخانىدا بار . ئۇنى ھازىر قولۇڭغا ئالالماي چىقىپ كەتسەڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئالالمايسەن . دۆلەت شتاتىغا مەڭگۈ ئۆتەلمەيسەن ! !» دەپ تىنىماي خىتاب قىلاتتى . ئۇ ئىختىيارسىز كەينىگە يېنىپ ، ئىشخانىغا قايتا كىرىپ سورىدى :

— ئىمتىھان نەتىجەمنى بولسىمۇ ئۇقۇۋېلىپ چىقىپ كېتەي...

— نومۇرىڭىز 109 ئىكەن . نومۇر چېكىنگىمۇ چۈشىدىكەن

بولمىسا .
ئىمىن رەمتىل ۋۇجۇدىدىكى قوتراشقا باشلىغان ئەسەبىي ھېسسىياتلارنى ئەمدى باشقۇرالماي قالدى . ئۇ ئەخەت ياسىن بايا بىر قۇر قاراپ چىققان كونۋېرتلارنى ئاستىدىكى گېزىت بىلەن قوشۇپ شۇنداقلا كۆتۈرۈۋىدى ، گېزىت ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغان ئايرىم بىر كونۋېرت كۆرۈندى . ئىمىن رەمتىل ئۇنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇستىگە يېزىلغان ئۆز ئىسمىنى كۆردى .
— نېمە قىلىۋاتىسىز ئىمىنجان ؟ — دېدى ئەخەت ياسىن رەنجىگەندەك قىلىپ ، — نېمىدەپ شىرەنى ئاختۇرۇپ مالىمان قىلىپ يۈرىسىز ؟ ! چاقىرىقنامىنى ئەكېلىڭ !
— بايا سىزنىڭ ئىسمىڭىز يوقكەن دەۋاتاتتىڭىز ، مانا مەيەردە تۇرمامدۇ ؟ مەن ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تۇرسام ، قەشقەردىنمۇ چاقىرىقنامە ئەۋەتكەن تۇرسا ، يەنە نېمە ئۇچۇن مېنىڭ چاقىرىقنامەم باستۇرۇلۇپ قالىدۇ ؟
— بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس ، ئىمىنجان ، ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرە قىلىپ ، ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان . چاقىرىقنامىنى ئەكېلىڭ .
— ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى ئىگە بولۇپ ئالغان ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم . قەشقەر مائارىپ باشقارمىسى چاقىرىقنامىگە مېنىڭ ئىسمىمنى يېزىپ ئەۋەتىپتۇ . دېمەك ، ئۇ ماڭا تەئەللۇق . شۇنى بىلىپ قېلىڭكى ، جېنىم تېنىمدە ھاياتلا بولسا ، بۇ چاقىرىقنامىنى ئەمدى ھېچكىم مەندىن تارتىۋالالمايدۇ . جاننى بەرسەم بېرىمەنكى ، چاقىرىقنامىنى ھەرگىز بەرمەيمەن !
ئىمىن رەمتىل كۆڭلىكىنىڭ بىرنەچچە تۇگمىسىنى يېشىپ ، كونۋېرتنى ئاسما مايكىسىنىڭ ئىچىگە — قوينىغىلا سالدى . ئاندىن كۆڭلىكىنىڭ تۇگمىسىنى ئېتىپ ، گويا بايىقى گېپىدىن ھەرگىز يانمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ، بېلىدىكى كەمەرنى تېخىمۇ چىڭىتىپ قويدى .
ئەخەت ياسىن خېلى گەپ قىلىپ بېقىپمۇ چاقىرىقنامىنى

قايتۇرۇۋالمىغاندىن كېيىن ئىمىن رەمتىلگە ئىدارە رەھبەرلىرى پوزىتسىيە بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن ئىشخانىدىن چىقماسلىقنى ئېيتىپ، ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ نەگىدۇر كېتىپ قالدى. ھايال ئۆتمەي ناھىيىلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ كوچىلاردىكى كانايلىرى ياڭراپ، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئىمىن رەمتىل ئىشخانىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز ئويلاشقا كىرىشتى: «... ئىشقىلىپ، مەن خاتا ئىش قىلمىدىم. ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم. چاقىرىقنامىنى قەشقەر مائارىپ باشقارمىسى مېنىڭ نامىمغا ئەۋەتىپتۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇلارنىڭ باستۇرۇپ قويۇشقا نېمە ھەققى بار؟... ياكى بىرەر باشلىق پارا تەمە قىلمۇۋاتامدۇيا؟ ياق، شۇنداق بولدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۈچ يىل تىرىشىپ ئىمتىھاندىن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ئۆتۈپ، يەنە پارا بەرسەم، بىلىپ تۇرۇپ ھەق ـ ئادالەتنى دەپسەندە قىلغان بولمامدىمەن؟ قىلغان ئىشىم توغرا بولغانىكەن، بەل قويۇۋەتمەي قەتئىي چىڭ تۇرۇشۇم كېرەك!... ئەمما چىڭ تۇردۇم دەپ، ئۇلار ئىشخانىغا سولاپ قويسا، ماقۇل دەپ يېتىۋەرسەممۇ بولماس. بۇ ئىدارە ئۇلارنىڭ بولغاندىكىن، ئۇلار بۇ يەردە ئۆزىنىڭكىنى يوللۇق دەپ ئويلايدۇ. ھېلى چۈشلۈك ئارام ئېلىش ئاخىرلىشىپ، چۈشتىن كېيىن ھەممىسى ئىشقا چىقسا، ئۇلار كۆپ سانلىق، مەن ئاز سانلىق بولۇپ قېلىپ، مېنىڭ ھەرقانچە توغرا بولسىمۇ ئاقماي قالىدۇ. شۇڭا، ئامال تېپىپ بۇ ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك!... »

ئىمىن رەمتىل دېرىزىلەرگە قاراپ باقتى. پولات چىۋىقلار بىلەن سىرتتىن قاپلىۋېتىلگەن دېرىزىنى ئىچىدىن ئاچقان تەقدىردىمۇ، چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى. بېرىپ ئىشىكنى ئىتتىرىپ باقتى. سىرتتىن قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىكنى ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ئېچىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟...

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، سىرتتا بىرىنىڭ دېرىزە ئۈدۈلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. دېرىزە يېنىغا كېلىپ سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ دەل يانتاقلىق تونۇش شوپۇر توختاخۇن ئىكەنلىكىنى كۆردى.

— توختاخۇن! ھەي توختاخۇن! — دەپ توۋلىدى ئۇ دېرىزىنى قاتتىق مۇشتلاپ.

توختاخۇن ئىشخانا ئىچىدىكى ئىمىن رەمتىلنى دەماللىققا كۆرەلمىگەچكە، ئەتراپقا قاراپ سەل گاڭگىرىغاندەك بولسىمۇ، دېرىزىنىڭ قايتا - قايتا مۇشتلىنىشى بىلەن ئىمىن رەمتىلنى كۆرۈپ، ئاخىر دېرىزە يېنىغا كەلدى.

— سىلى - بىز ھازىر كۆرۈشكەن ناتونۇش ئادەملەردىن ئەمەس، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئۆلمىسەك يانتاقتا يەنە نەچچە ئون يىل بىللە ياشايمىز. بۈگۈن ياردىمىڭلارغا موھتاج بولۇپ قالدىم. مۇنداق دېسەم، ئىمىن رەمتىل بىرەر بالا تېرىپ قويۇپ، قۇتقۇزۇۋال دەۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالماڭلا...

ئىمىن رەمتىل باياتىن بېرى بولغان ئەھۋالنى توختاخۇنغا تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئاندىن شۇ تاپتا ئۆيدىن بىرەر ئەر كىشى كېلەلىگەن بولسا، «ئۇكام نېمە گۇناھ قىپتۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى سولاپ قويۇشىسەن؟ قانۇن ئورگانلىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش بۇيرۇقى بارمۇ؟ !...» دەپ تازا داۋراڭ سالسا، ئۇلارنىڭ قويۇپ بەرمەي ئامالى يوق ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان شۇ تاپتا، ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلغۇدەك ئادەم يوق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭلا ئىمىنجان، — دېدى توختاخۇن ئىشەنچ بىلەن، — باياتىن سىلى دېگەندەك شۇ تاپتا رەمتىلكام بولىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ سۈۋان توۋىسىنى چىقارغان بولاتتى... ھازىر مەن يانتاققا بېرىپ رەمتىلكامنى تېپىپ بۇ يەرگە ئەكېلىپ بولغۇچە، كۈن كەچ بولۇپ كېتىدۇ... مۇنداق قىلايلى: بۇ يەردىكىلەر بىزنى

تونۇمىغاچقا، مەن سىلىنىڭ ئاكاڭلار بولۇپ، سىلىنى ئىزدەپ كەلگەن بولاي. ئۇلارنىڭ قايسىسى بولسا تېپىپ، تازا بىر سۆرەن سالاي...

— ئوغۇل بالا ئەركەكتەك ئىش قىلدىڭلا توختاخۇن، ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشمەيدىغىنى يوق. مەنمۇ سىلىگە بىر كۈن ئەسقېتىپ قالارمەن.

— باشلامدۇق ئەمىسە؟

— بولىدۇ. لېكىنزە، چىنىپ قالمىسۇن.

— خاتىرجەم بولۇڭلا ئىمىنجان، ئۇنچىلىك ئىشنى قاملاشتۇرامىز. مەن كەتتىم ئەمىسە.

توختاخۇن مائارىپ ئىدارىسى بىناسىغا كىرىپ، ئادەم يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قەستەن ئىشكلەرنى مۇشتلاپ، دېرىزىلەرنى تاراقشىتىپ «ئادەم بارمۇ؟!» دەپ توۋلاپ كارىدوردا ئۇ باشتىن ـ بۇ باشقا مېڭىپ يۈردى. بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىغان دەرۋازىۋەن كارىدورغا كىرىپ، توختاخۇننى چىقىرىۋەتمەكچى بولغانىدى. ئەمما، توختاخۇن ئۇنى كۆرۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ ئادەم تۇتۇپ سولايدىغان گۇڭئەنجۈ[1] مۇ بۇ، ئىمتىھان نومۇرىنى سوراپ كەلگەن ئادەمنى سولاپ قويغان نەدە بار؟ ئۇكام ئىمتىھان نومۇرىنى بىلەي دەپ كەلگەنگە ئىشخانىغا سولاپ قويۇپسىلەر. ئاتامنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ قالدى ئۆيدە. بىر تىنىقتىن قالسا يوق. دوختۇرلار نېمە دېسە شۇنى بېرىپ بېقىڭلا دېگەن. ئاتام ئىمىنجاننى قىچقارغىن، گېپىم بار دەپتى، كەينىدىن كەلسەم مىيەدە بىر ئىشخانىغا سولاقلىق تۇرىدۇ. بۇ مائارىپ ئىدارىسىمۇ، يا گۇڭئەنجۈمۇ؟ يەنە بەش مىنۇتقىچە ئۇنى قويۇۋەتمىسەڭلا، قانۇنغا ئەرز قىلىمەن! ناۋادا ئاتامغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بىزدىن قۇتۇلالمايسىلەر!...

— مەن دەرۋازىۋەن، ئۇكىڭىزنى مەن سولاپ قويمىدىم. گېپىڭىز بولسا ئىدارە رەھبەرلىرى كەلگەندە...

---

[1] جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دېمەكچى.

توختاخۇن دەرۋازىۋەننىڭ گېپىنى بۆلۈپ، يەنە قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇكامنى سىز سولاپ قويمىغان بىلەن، ھازىر مۇشۇ ئىدارىدە بار ئادەم سىز. ئىدارە رەھبەرلىرى كەلگۈچە ساقلاپ تۇرسام، ئۇلارنىڭ بىرى كېلىپ، يەنە بىرى كەلگەندە مۇزاكىرىلىشىپ بىرنەرسە دەيمىز دېسە، ئۇنىڭغىچە ئالمادىس ئاتامغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، سىز ئىگە بولالامسىز؟!

— ...

ئۇلار ئالاھازەل ئون - ئون بەش مىنۇتچە زاكونلاشتى. توختاخۇن سۆزلىگەنچە قىزىپ، قىزىغانچە گويا ئاتىسى راستىنلا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىپ، ئاخىر دەرۋازىۋەننى تەسىرلەندۈردى.

— ئەمىسە، — دېدى دەرۋازىۋەن ئاخىر يۇمشاپ، — مەن زاپاس ئاچقۇچلارنى ئاچقىپ ئىشخانىنى ئېچىپ بېرەي. ئىنىڭىز ئاتىڭىزنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىنلا دەرھال ئەۋەتسۇن. بولمىسا بۇ يەردە مەن بالاغا قېلىپ يۈرمەي يەنە.

— خاتىرجەم بولۇڭ. سىلەر تونۇمىغان بىلەن، ئىنىم ئىمىن رەمتىلنى ياتاقتا ھەممە ئادەم تونۇيدۇ. ئۇ سولاققا چۈشكۈدەك ئىش قىلغان بولسا، گۇڭئەنجۇ ئاللىقاچان تۇتۇپ سولاپ قويماتتى؟ بايا سىزگە دېگەندەك، ئۇ ئىمتىھان نومۇرىنى ئۇقۇشۇپ باققىلى كەلگەن. باشقا ھەرقانداق مەسىلە چىقسا مانا مەن ئىگە. ھازىر ئاتامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپلا، يەنە ئۆزۈم ئەكېلىپ قويىمەن...

شۇنداق قىلىپ، ئىمىن رەمتىل ئىدارە رەھبەرلىرى كېلىپ «بىر تەرەپ» قىلىپ بولغۇچە، ئۆزىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ، مائارىپ ئىدارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىدارە رەھبەرلىرى كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بىرەر قۇر مەسلىھەتلەشتى ۋە ئىمىن رەمتىلنى چاقىرتىپ، ماتېماتىكىدىن قايتا ئىمتىھان ئېلىشتىن ئىبارەت «زىخمۇ - كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان» يەنە بىر چارىنى تېپىپ چىقىشتى. شۇنداق بولغاندا ئۇلار يەنە

تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى .

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئىمىن رەمتىل يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى ئارقىلىق بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى . ئۇقتۇرۇشتا ئەتە چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ماتېماتىكىدىن قايتا ئىمتىھان بېرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغانىدى . ئۇ بۇنىڭ قۇسۇر تېپىش ئۈچۈن ئەتەي ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ، ئۇلارغا باھانە تاپقۇدەك يوچۇق قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ، ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان مىنۇتتىن باشلاپ ماتېماتىكا كىتابىدىكى ئۆزى بىلمەيدىغان مەسىلە ـ مىساللارنى تاللاپ تەكرار قىلىشقا باشلىدى . ئىمتىھان باشلىنىدىغان ۋاقىتقا ئىككى سائەت قالغاندا مۇھىم فورمۇلىلاردىن ئالتىنى ئالىقىنىغا يازدى ـ دە ، يانتاقتىن ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتى .

ئىمتىھان ئورنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر ئىشخانىسىدا بولۇپ ، ئىمىن رەمتىل ئۆزىنىڭ يالغۇز ئىمتىھان بېرىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدارىنىڭ فاڭ فامىلىلىك بىر مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ مەخسۇس كومىسسىيە بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن جەزمەن ئۆتمىسە بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى . چۈنكى ، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە ، ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تەييارلىقى بىكار بولۇپ ، ھەممە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى يوققا چىقاتتى . شۇڭا ، ئۇ سوئاللارنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ، قولىغا قەغەز ـ قەلەم ئالدى . ئەمما ، ئۆز ئىسمى بىلەن سوئاللارنىڭ بىرىنچىسىنى يېزىپ ، جاۋابىنى يېزىپ بولالماي توختاپ قالدى . چۈنكى ، كومىسسىيە بولغان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ بېشىدا مىختەك قادىلىپ قاراپ تۇرۇۋالغاچقا ، ئىمىن رەمتىل قولىغا يېزىۋالغان فورمۇلىلارنى كۆرگۈدەك پۇرسەت تاپالمىغانىدى . ھالبۇكى ، فورمۇلىلارنى بىر كۆرۈۋالمىسا ، سوئاللارنىڭ يېشىمىنى ئىشلىيەلمەيتتى .

ئۇ كومىسسىيىنىڭ پۇتى تېلىپ ، بىرنەچچە قەدەم بولسىمۇ

مېڭىشىنى كۆتتى . خۇمارىنىڭ تۇتۇپ ، تاماكا چېكىشىنى تىلىدى . لېكىن كومىسسىيە مىدىر - سىدىر قىلاي دېمەيتتى . سەۋر قاچىسى توشقان ئىمىن رەمتىل ئاخىر چىداپ بولالماي ئۇنىڭغا گەپ قىلدى :

— تاماكا چەكسەم بولامدۇ ؟

ئىمىن رەمتىلنىڭ ئەسلا تاماكا چەكمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان كومىسسىيە ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى :

— ياق ، بۇ دېگەن ئىمتىھان مەيدانى . ئىمتىھان مەيدانىدا تاماكا چېكىشكە بولمايدىغانلىقى ئەقەللىي ساۋات .

— بوپتۇ ئەمىسە ، مەن ئىمتىھان بەرگۈچى بولغاندىكىن ، چەكمىسەم چەكمەي . لېكىن ، سىز كومىسسىيە بولغاندىكىن چېكىۋەرمەمسىز ؟

— مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، ئۇكاڭزا ، ئۆزۈڭنىڭ ئىمتىھانى بىلەن بول .

ئىمىن رەمتىل يەنە بىرئاز كۆتۈپ باقتى . لېكىن ، كومىسسىيە بايىقى ئورنىدىن مىدىر - سىدىر قىلماي ، ئۇنىڭ بېشىدا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇۋەردى .

— كومىسسىيمۇ سىزدەك بولامدۇ ؟ — دېدى ئىمىن رەمتىل ئاخىر تېرىكىپ ، — بىرەر - ئىككى مېتىر يەردىن كۆزەتسىڭىزمۇ كۆزىڭىز كۆرەلەيدىغاندۇ ؟

— نېمە بولدى ساڭا ؟ زادى نېمە دېمەكچىسەن ؟ !

— بېقىنىمغا كېلىۋېلىپ ، خۇددى كېكىردەك تۇگمىسىدەك ئىچىمنى سىقىپ تۇرۇۋالسىڭىز ، مەن قانداق ئىمتىھان بېرەلەيمەن ؟

كومىسسىيە ئۇنىڭغا تازا بىر ھومىيىۋېتىپ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى . ئەنە شۇ بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدە ئىمىن رەمتىل ئالىقىنىغا يېزىۋالغان فورمۇلىلارغا قاراپ ئۈلگۈردى - دە ، مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ئىشلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى مېتىرچە ئارىلىقتا توختاپ كەينىگە بۇرۇلغان كومىسسىيە بايا ھېچنەرسە يازالماي تىتىلداپ كەتكەن ئىمىن رەمتىلنىڭ مانا

ئەمدى باش كۆتۈرمەي يېزىپ كېتىشىدىكى سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەستىن، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى.

ئىمىن رەھىمتىل ۋاقىت توشۇشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ 100 نومۇرلۇق بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا، 80 دىن ئارتۇق نومۇر ئالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دېگەندەك، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن چاقىرتىلغاندا كېلىپ، بۇ قېتىملىق ئىمتىھاندا 87 نومۇر ئالغانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلى خېلى ئارام تاپتى.

بىراق، ئويلىمىغان ئىش يەنە يۈز بەردى: ئىدارە ئۇنىڭ ئايرىم ئېلىنغان ماتېماتىكا ئىمتىھانىدىن 87 نومۇر بىلەن ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن بىللە، سالامەتلىك تەكشۈرتۈشىنىڭمۇ قايتا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ ئىمىن رەھىمتىل ئۈچۈن قايتا ئىمتىھان بەرگەندىنمۇ تەسكە توختايدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سول كۆزى تۇغۇلۇشىدىنلا ئاجىز بولۇپ، گەرچە بۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك نورمال پائالىيەتلىرىگە باشقا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىسىمۇ، لېكىن بىر قاراشتىلا سول كۆزىنىڭ ئاجىزلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دېمەك، دوختۇرغا تەكشۈرتۈلسە، ئۇنىڭغا «نورمال» دېگەن خەتنى يېزىپ بېرەلەيدىغان دوختۇرنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىمىن رەھىمتىل يەنە جىددىيلىشىشكە باشلىدى. گەرچە ئۇ بۇ ئۆتكەلدىنمۇ ھامان ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن قايسى ئۇسۇل، قايسى چارە ـ ئامالنى ئىشلىتىشنى بىلمەيلا قالغانىدى. دەسلەپتە ئۇ كۆزەينەك تاقاپ كىرىشنىمۇ ئويلاپ باقتى. ئەمما ئۇنداق قىلغاندا، سىرتتىن قارىغاندا بىر كۆزىنىڭ ئاجىزلىقى بىلىنمىگىنى بىلەن، ھەربىر كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۆلچەيدىغان چاغدا، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بىلىنىپ قالاتتى... دوختۇرلارغا پۇل خەجلىسىچۇ؟ بەش ئەزا بۆلۈمى دېگەندە يالغۇز بىرلا دوختۇر ئىشلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرلار ھەمىشە دېجورنى بولۇپ ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ئىمىن

رەمتىلىنىڭ كۆزىنى تەكشۈرىدىغان چاغدا قايسى دوختۇرنىڭ ئىشلەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەك تەس ئىدى...

ئىمىن رەمتىل ئەنە شۇلارنى ئويلاپ مۇۋاپىق چارە تاپالماي كېتىۋاتقاندا، ئالدىنقى قېتىمقى كوللېكتىپ ئىمتىھانغا بىللە قاتناشقان بىر ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىۋىدى، ئىمتىھان ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئىمىن رەمتىل بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزى دۇچ كەلگەن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، باشقا بۆلۈملەرگە ئۆزىنىڭ كىرىۋېرىدىغانلىقىنى، ئەمما بەش ئەزا بۆلۈمىگە كەلگەندە ساۋاقدىشىنىڭ ياردەم قىلمىسا ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ساۋاقدىشى ئۇنىڭ ئورنىدا كىرىشكە ماقۇل بولدى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل سالامەتلىك تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى مائارىپ ئىدارىسىگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭغا دوختۇرخانىنىڭ چوڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، ھەممە كاتاكچىگە «نورمال» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىمىن رەمتىلنىڭ چۈشى رېئاللىققا ئايلىنىپ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مەكتەپكە سىنىپىغا رەسمىي قوبۇل قىلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «سىفەن سىنىپى»دىكى ئىشلار

ئىمىن رەمتىل قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مەكتەپ سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئۆيگە بىرىپ يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ سىنىپقا ئوتتۇز توققۇز نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، قىزىق يېرى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇزى ئوغۇل، توققۇزى قىز ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» بولۇپ ئىشلەۋاتقان يەردىن كەلگەن بولغاچقا، بەزىلەر ئائىلىلىك بولغانلار ئىدى. جۈملىدىن سىنىپتىكى توققۇز قىزنىڭمۇ يەتتىسى ھەقىقىي قىز بولۇپ، ئىككىسى توي قىلىپ بولغانلاردىن ئىدى.

ئىمىن رەمتىل ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتەر - ئۆتمەي، ئۆگىنىش، يىغىن، تازىلىق، تەنھەرىكەت... قاتارلىق كۆندىلىك پائالىيەتلەر داۋامىدا يەتتە قىزنىڭ يېنىدا يەتتە ئوغۇلنىڭ پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، خۇددى ئاشىق - مەشۇقلاردەك بولۇپ يۈرۈشكىنىنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى. «ھەممىمىز ئوخشاش ساۋاقداش تۇرساق» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، «23 ئوغۇلنى قارىتىپ قويۇپ، يەتتە قىزنى يەتتە ئوغۇل ئىگىلىۋالسا قانداق بولغىنى؟... توي قىلىشقان بولسىغۇ نىكاھ ئىشىغا ئارىلاشقىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇلار توي قىلماي تۇرۇپ ئەر - خوتۇندەك بولۇۋالسا، ئاخىر يا بىرەرىنىڭ قورسىقىدا قېلىپ مەكتەپ قوغلاندى قىلىدۇ؛ يا سىنىپتىكى باشقا ئوغۇللاردىن كۆنلەپ، بىرەرى جېدەل چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇلارنىڭ ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى نورمال ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىگە قايتقىنى تۈزۈك...»

ئاشۇ ئۆيگە كەلگەن ئىمىن رەمتىل شۇ كۈنى كەچتىلا كەچلىك ئۆگىنىش باشلىنىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى :

— بالىلا ! — دېدى ئۇ خۇددى كىچىك بالىلاردەك تەلەپپۇزدا ، — تەقدىر ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىز ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كېلىپ ، بىر ئورتاق نىشان ئۈچۈن بۇ سىنىپقا توپلاندۇق . دېمەك ، بىز پەقەت ساۋاقداشلا بولۇپ قالماستىن ، تەقدىرداش ، تاماقداش ، قەلبداش ، سىرداشلاردىن بولۇپ قالدۇق . ئەمما ، يەتتە نەپەر قىز ساۋاقدىشىمىزنى مەشەدە يەتتە ئىنساپسىز شەخسىي ئىگىلىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ . ئىككىسىنىغۇ بىز ساۋاقداش بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئەرلىرى ئىگىلەپ ، پەتتە ئېلىپ بوپتىكەن . ئۇلارغا كۆز ئالايتساق بولمايدۇ . ئەممازە ، قالغان يەتتىسىنى يەتتە ئىنساپسىز ئىگىلىۋالسا ، بىز يىگىرمە نەپەر ئەركەك ئۇلارنىڭ ئاشنا ئويىنىشىغا گۇۋاھچى بولۇپ ، شالىمىزنى ئېقىتىپ يۈرەمدۇق ؟ ياق ! بىز ئۇنداق ماز پاينەكلەردىن ئەمەس… بۈنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھازىر مەن چىراغنى ئۆچۈرىمەن . يەتتە قىزىمىزنىڭ ھەربىرىنى تۆتتىن ئوغۇل نۆۋەت بىلەن سۆيىسىلەر . يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي : توي قىلىپ بولغان ئىككى چوكاننى سۆيۈۋېلىشقا بولمايدۇ ! ئۇقتۇڭلارمۇ ؟

— ئۇقتۇق ! — دەپ توۋلاشتى ئوغۇللارنىڭ كۆپىنچىسى كۈلۈپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا .

— ئەمىسە تەييار بولۇڭلار ! مەن بىردىن ئۈچكىچە سانايمەن . ئۈچ دېگەن سۆز بىلەن تەڭ چىراغ ئۆچىدۇ . سىلەرمۇ چىراغ ئۆچۈشى بىلەن تەڭ ئىشنى باشلىساڭلار بولىدۇ .

ئىمىن رەمتىل «بىر…» دەپ ساناقنى باشلىۋىدى ، بىرنەچچە قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ، قېچىش ئۈچۈن تالاغا قاراپ ماڭدى .

— قىزلارنى قاچۇرۇپ قويماڭلار ! — دېدى ئىمىن رەمتىل ساناق ساناۋېتىپ ، — ئىككى ، ئۈچ !

چىراغ ئۆچۈرۈلدى . پارتا ـ ئورۇندۇقلار تاراقشىپ ، قىيا ـ

www.uygurkitap.com

چىيالار باشلاندى . تەخمىنەن بىر مىنۇتلاردىن كېيىن ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى :

— ئەمدى تۇمشۇقۇڭلارنى تارتىڭلار ! سۆيۈشتىن توختاپ ، ھەممىڭلار ئورنۇڭلاردا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇڭلار !

چىراغ ياندۇرۇلدى . قىزلارنىڭ ھەممىسى يۈزىنى پارتىغا يېقىپ دۈم يېتىۋالغانىدى . ئوغۇللار بىر - بىرىگە قارىشىپ پىخىلداپ كۈلۈشەتتى .

— بۇگۈنكى كوللېكتىپ سۆيۈشۈش مەشىدە ئاخىرلاشتى . يەنە قاچان داۋاملىشىدۇ ، بۇنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىرنەرسە دەيمىز . بۇگۈنكى بۇ پائالىيەتتىن مەقسەت — يەتتە قىزىمىزنى شەخسىي ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش . ئەمدى ھەممىڭلار ئۆگىنىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار…

ئاشۇ قېتىملىق «چىراغ ئۆچتى» ئويۇنى گەرچە قارىماققا ئۇچىغا چىققان قىلىقسىزلىقتەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە شۇنىڭدىن باشلاپ سىنىپتىكى ئوغۇل - قىزلارنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللىشىپ ، ناتوغرا مۇھەببەتكە بېرىلىدىغانلار بارا - بارا ئۆزىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى .

ئەمما ، شۇنىڭ بىلەنلا «سىفەن مەكتىپى»دىكى بىر ئاڭلاپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان ئۆزگىچە ئىشلار ئاخىرلاشمىدى : 1980 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىمىن رەمتىل سىنىپىدىكى بىرنەچچە ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن بايرام ھارپىسىدىكى پائالىيەتلەرنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى . تالا سوغۇق بولغانلىقى ئۈستىگە ، پائالىيەتلەرمۇ تازا قىزىمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇلار «ئازراق قىزىۋالمايمىزمۇ ؟» دېيىشىپ ، بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ ھاراق ئىچىشتى . ئۇلار ھەممىسى ئوقۇغۇچى بولغاچقا ، «ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈپ» زاكوسكىغا بىر تەخسە شىمشىكە ، بىر تەخسە خاسىڭ مېغىزى توختىتىپ قويۇشتى . بىرئازدىن كېيىن قاۋاقخانىغا سىرتتىن يەنە باشقا ئادەملەر كىرىشتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەپكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ ،

قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىدىن چىقارمايدىغان «مەخەت سەيپۇڭ» لەقەملىك كوچا نوچىسىمۇ بار ئىدى . ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاغىنىلىرى ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ ، بۇ سۈركىلىش جېدەلگە ئايلىنىشقا ئاز قالغاندا ، ئىمىن رەمتىل ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ ، جېدەل بولۇپ قالسا ئۆزلىرىنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى پەملەپ ، قاۋاقخانىنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى .

لېكىن ، ھاراق دېگەن شۇنداق نەرسىكى ، ناۋادا قەلبىڭدە دەرد ـ ئەلەم بولسا ، ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن سېنى يىغلاتماي قويمايدۇ : ئەگەر ناخشىغا ئازراق ئىشتىياقىڭ بولسا ، ئۇ سېنى تاڭ ئاتقۇچە ناخشا توۋلىتىدۇ ؛ يەنە ئەگەر نوچىلىقتىن ئازراق تەمەيىڭ بولسا ، ئۇ سېنى يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ، بىر كىملەر بىلەن مۇشتلاشقۇزماي قالمايدۇ . مەخەت سەيپۇڭلارمۇ ئەنە شۇنداق نوچىلىقتىن تەمەيى بارلاردىن بولغاچقا ، بىردەمدىن كېيىن ئىمىن رەمتىللارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ مەكتەپكە باردى .

مەكتەپكە كېلىپ ، زاپخوزنىڭ ياتىقىدا ئەمدىلا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشقان ئىمىن رەمتىل مەخەت سەيپۇڭلارنىڭ كىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، بۈگۈن بىر مەيدان جېدەلدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى . شۇڭا ، ئۇ مەخەت سەيپۇڭلار ياتاققا كىرىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئالدىن تەييارلىق قىلىۋالماقچى بولۇپ ، كۆزىگە چېلىققان بىر تال ئوتۇنى يېنىدىكى ساۋاقدىشى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىغا قولىغا ئاسان چىققۇدەك قىلىپ قويۇپ قويدى . ئەمما ، ھاراق كۆتۈرۈپ كىرگەن مەخەت سەيپۇڭلار ياتاققا كىرگەندە ، ياتاقتىكىلەر ئادەمگەرچىلىك قائىدىسى بويىچە كۈرۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىۋىدى ، ھېلىقى ئوتۇن كۆرۈنۈپ قالدى .

— نېمە گەپ بۇ ؟ ! — دېدى مەخەت سەيپۇڭ ئەلپازىنى بۇزۇپ ، — مۇشۇ ئوتان بىلەن بىزنى ئۇرۇشامتىڭ تېخى ؟ !

ئۇ ئوتۇنى قولىغا ئېلىپ بىر ئېتىۋىدى ، كىمدۇر بىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بېشىغا تەگدى . شۇنىڭ بىلەن جېدەلنىڭ پەلتىسىغا ئوت يېقىلدى . ئىمىن رەھىمتۇللانىڭ ئاغىنىلىرى گەرچە مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن بىرىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېزىدىن كەلگەن بولغاچقا ھودۇقۇپ قېلىۋاتاتتى . ئىككىنچىدىن ، ئۇلار ئوقۇغۇچى بولغاچقا «مەكتەپ جازالارمۇ ؟» دېگەن ئەندىشىسىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . بۇنىڭ ئەكسىچە ، مەخەت سەيپۇڭنىڭ ئادەملىرى مۇشۇ ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلار بولغاچقا ، ئۆزىنى بازارنىڭ ئىگىلىرى ساناپ ، يۈرىكى توم ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە سان جەھەتتىنمۇ كۆپ بولغاچقا ، ئىمىن رەھىمتۇللانىڭ ئاغىنىلىرىنى ئۇرۇپ ، ياتاقتىن بىر - بىرلەپ قوغلاپ چىقىرىشقا باشلىدى .

ياتاقتا ھەممە ساۋاقداشلىرىدىن كېيىن قالغان ئىمىن رەھىمتۇللا تۆت تەرەپتىن تۆت نوچىنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئۇلار تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىپ مۇشت ئېتىشى بىلەن تەڭلا ئولتۇرۇۋېلىۋىدى ، ئۇلارنىڭ ئاتقان مۇشتلىرى بىر - بىرىگە تەگدى . ئىمىن رەھىمتۇللا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن شىپپىدە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، تالاغا قاراپ قاچتى .

— قاچتى ! تالاغا قاچتى ! — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئۆزىنى ئوڭلاپ .

ئىمىن رەھىمتۇللا قېچىپ كېتىۋېتىپ ، ئارقىسىدىن تۆت - بەش ئادەمنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى . ئۇ مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىنى ئوبدان بىلگەچكە ، قاچە - قاچە تەنتەربىيە مەيدانىغا باردى . كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپ ، ئاۋۋال ۋاسكېتبول مەيدانىنى بىر ئايلىنىپ ، سېتكا توپ مەيدانىغا كەلگەندە قەدىمىنى سەل ئاستىلاتتى . قوغلاپ كېلىۋاتقانلار «ئەمدى يېتىشىۋالدىغان بولدۇق...» دەپ ئويلاپ تازا كۈچەپ يۈگۈرگەندە ، ئىمىن رەھىمتۇللا قەدىمىنى تېزلىتىپ ، مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تارتىپ قويۇلغان تورنىڭ ئاستىدىن بېشىنى پەس قىلىپ غىپپىدە ئۆتۈۋالدى - دە ، ئىزىدا توختاپ ، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ تاماشىسىنى

كۆرۈش ئۈچۈن قاراپ تۇردى . مەخەت سەيپۇڭنىڭ دەمبەسقەدەم قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەملىرى قاراڭغۇدا مەيداندىكى تورنى كۆرمەي كارنىيىدىن ئىلىنىپ ، بىرىنىڭ تۆپىسىگە بىرى كېلىپ يىقىلدى . ئەسلىدە ئىمىن رەمتىلنىڭ قېچىپ يۈرۈپ ئۇلارنى تەنتەربىيە مەيدانىغا باشلاپ كېلىشتىكى مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۇلار ئۆزىنى ئوڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ، بىرنەچچىسىنىڭ ئاچ بىقىنىغا تىزلاپ ، قوڭلىرىغا نەچچىنى تەپتى .

بىراق ، ئۇلار ئاغرىق ئازابىغا چىداپ يەنە ئورنىدىن تۇردى . ئىمىن رەمتىل ئۇلارنىڭ تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ ، گويا يارىلانغان غالجىر يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە قاچتى . بۇ قېتىم ئۇ پۈتۈن مەيداننى بىر چۆرگىلەپ ، ئۇلارنى يەنە بايىقى تورنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىۋىدى ، بايىقى ئاچچىق ساۋاق ئېسىدە بولغاچقا ، ئۇلارمۇ ئىمىن رەمتىلگە ئوخشاش بېشىنى پەس قىلىپ تۇرۇپ تور ئاستىدىن ئۆتۈۋېلىپ قوغلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . ئەمدى ئىمىن رەمتىل ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ باشقا چارە تاپمىسا بولمايتتى . باشقا چارە تېپىش ئۈچۈن بىرەر ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچراشمىسا ، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس...» دېگەندەك ، ئۆزى يالغۇز ھېچ ئىش قىلالمايتتى . شۇڭا ، بىرەر ساۋاقدىشى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قېچىپ ـ قېچىپ ياتاققا كەلدى . ياتاقتىكى بىرنەچچىسى باياتىنقى جەڭگى ـ جېدەلنى كۆرۈپ ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋېلىشقانىدى . ئىمىن رەمتىل ئىشىكنى مۇشتلاپ «بۇ مەن !...» دەپ ۋارقىراپ يۈرۈپ ئىشىكنى ئاچقۇزدى . بۇ چاغدا قوغلاپ كېلىۋاتقانلار بەش ـ ئالتە مېتىرلا يەرگە كېلىپ قالغانىدى . ئىمىن رەمتىل ئىشىك تۈۋىدە لىق بىر چېلەك سۇ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، باشقىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن ، چېلەك يېنىدىكى تۇڭكە قاچىنى قولىغا ئالدى ـ دە ، مۇزدەك سوغۇق سۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ يۈز ـ كۆزىگە شالاقشىتىپ چېچىشقا باشلىدى . نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە گرادۇسلۇق سوغۇقتا سوغۇق سۇ ئادەمنىڭ يۈز ـ كۆزىگە چېچىلسا ، ئەلۋەتتە ئەندىكتۈرمەي قالماي-

دۇ . شۇڭا ، ھەربىر قېتىم سۇ چېچىلغاندا ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلار يۈز ـ كۆزىنى چاپاننىڭ يېڭى بىلەن توسۇشقا مەجبۇر بولاتتى . ئۇلار ئەمدىلا كۆزىنى ئېچىپ ئالدىغا مېڭىشقا تەمشىلىشى ھامان ، سۇ يەنە چېچىلاتتى . ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر چېلەك سۇ چېچىلىپ تۈگىتىلدى . ناۋادا ئۇلار سۇنىڭ تۈگىگىنىنى بىلىپ قالسا توسقۇنسىز ئېتىلىپ كەلمەي قالمايتتى . ئىمىن رەمتىل كىمدۇر بىرىنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى بىر داس يۇندىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئىشىك تۈۋىگە قويدى ـ دە ، ئۇنىمۇ بايىقى قاچا بىلەن چېچىشقا باشلىدى .

— يۇندىكەن !… خىق تۈفى ! — دېدى قوغلاپ كەلگەنلەردىن بىرى ئاغزى ـ بۇرنىنى بۇلغىۋەتكەن يۇندىنى يەرگە تۈكۈرۈپ تۇرۇپ .

گەرچە ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن قوغلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئۈستىۋېشىغا ئۈزلۈكسىز چېچىلغان سۇ بىلەن يۇندا بىر باشتىن مۇز بولۇپ قېتىپ ، ئۇلار گويا تاشقى پلانېتادىن كەلگەن ئادەملەرگە ئوخشاپ قالغانىدى . دەسلەپكى ھەيۋىسىمۇ سۇنۇپ ، بايىقى يولۋاستەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان ھالەتتىن ئەمدى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ، شۈمشىيىپ تۇرىدىغان ھالەتكە كەلدى . بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىمىن رەمتىل قولىدىكى تۈنىكە قاچىنى يېنىدىكى بىر ياتاقدىشىغا تۇتقۇزدى ـ دە ، ئۆزى باشقا ئاغىنىلىرىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . سىرتتىكىلەر بېشىنى ئىچىگە تىقىپ شۈمشىيىپ قالغاچقا ، ياتاقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى پەرق قىلالمىدى . ئۇلار ياتاق تەرەپكە بىر قەدەم ماڭسا ، يەنە بېشىغا يۇندا چېچىلاتتى . ئارقىسىغا يانايى دېسە ، شۇنچە ھەيۋەت بىلەن قوغلاپ كېلىپ ، مانا ئەمدى ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ قايتىپ كېتىشتىن ئىزا تارتاتتى . ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ، ئىمىن رەمتىل باشلاپ كەلگەن بىر توپ ئوقۇغۇچى ھەيۋە بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋىدى ، ئەمدى ئۇلار

هودۇقىنىدىن مەكتەپ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئىمىن رەمتىل بىرنەچچە يۈز مېتىر يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدى.

قۇلايسىز قىشلىق كىيىملەر بىلەن ھېلى قېچىپ، ھېلى قوغلاپ ھېرىپ كەتكەن ئىمىن رەمتىل ئاغىنىلىرى بىلەن مەيداندا بىر ئاز تۇرۇپلا ياتاققا كىرىپ كەتكەنىدى. ھايال ئۆتمەي سىرتتا يەنە «گولدۇر ـ غالاپ!» قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئىمىن رەمتىل ئىتتىك ياتاقتىن چىقىپ، بايا مەيداندا قالغان ئاغىنىلەرنى ئەمدى مەخەت سەيپۇڭنىڭ ئادەملىرى قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال ياتاققا كىرىپ، ياتاقتىكى بار بولغان ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ چىقتى. ئاندىن قوشنا ياتاقتىكىلەرنىمۇ ئېلىپ چىقىپ، ساۋاقداشلىرىنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى.

— توختاڭلار! — دېدى بىر ھەيۋەتلىك ئاۋاز.

ئىمىن رەمتىل بۇ ئاۋازنىڭ «سىفەن سىنىپى»نىڭ مەسئۇلى نىياز گايىتنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى توختاتتى.

— نېمە ئىش بۇ؟!... بۇ ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىككى قاش بولۇپ توڭگۇز توپىقى ئوينايدىغان يېرىمۇ ياكى مەكتەپمۇ؟!... بولدى، مەكتەپنى شۇنچىلىك پاراكەندە قىلغىنىڭلارمۇ ئەمدى يېتەر! ئەڭ ياخشىسى ھەممىڭلار چىرايلىقچە تارقاپ كېتىڭلار، ئاۋۋال سىرتتىن كەلگەنلەر چىقىپ كېتىڭلار! ناۋادا چىرايلىق گەپكە ئۇنىمساڭلار، ھازىرلا ساقچىغا تېلېفون بېرىمەن. ئۇ چاغدا ئۆيەڭلىگە قايتالماي قالىسىلەر... قېنى مېڭىڭلار! مەكتەپ ئىچىدىكىلەر ياتاقلىرىڭلارغا كىرىڭلار، سىرتتىن كەلگەنلەر ئۆيەڭلىگە كېتىڭلار!

مەخەت سەيپۇڭنىڭ ئادەملىرى بىردىن ـ ئىككىدىن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئىمىن رەمتىلنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

— ھەممىڭلار ئوقۇغۇچى تۇرۇپ، — دېدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئارقىسىدىن ياتاقتا كىرگەن نىياز گايىت، — كوچىدىكى لوكچەكلەر بىلەن ئارىلاشقىنىڭلار نېمىسى؟ نېمە دەپ ئۇلارنى مەكتەپكە باشلاپ كېلىسىلەر···

— بىز باشلاپ كەلمىگەن، مۇئەللىم، — دېدى كىمدۇر بىرى چۈشەندۈرۈپ، — ئۇلار چالا مەستكەن. كوچىدا دوقۇرۇشۇپ قېلىپ دودەنلىك قىلدى. بىز ئوقۇغۇچى بولغاندىكىن دەپ ئېغىرلىق قىلىپ قايتىپ كەلسەك، ئۇلار يەنە كەينىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ···

— كوچىدىكى لوكچەكلەر مەكتەپكە باستۇرۇپ كىلىپ زوراۋانلىق قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش كېرەك ئىدى. ئەمما، بايا بىر دەم كۆزەتسەم، ھەممىڭلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ قاچتىڭلار، ياخشىمۇ ئاراڭلاردا ئىمىن رەمتىل بولۇپ قاپتىكەن. بولمىسا بۈگۈن ئاخشام تاياقنى بولۇشغا يەپ، ئەتە يېڭى يىلغا باش ـ كۆزۈڭلار يېرىق ھالەتتە كىرىدىكەنسىلەر··· بولدى، ئەمدى ئۇخلاڭلار. قالغان گەپلەرنى ئەتە دېيىشىمىز.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە تۆت ساقچى كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئىمىن رەمتىل، سىنىپ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئەخمەت ۋە مەكتەپ مەسئۇلى نىياز گايىتلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىپ، ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە بۇ قېتىمقى جېدەلنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى قارارنى ئۇقتۇردى. قاراردا مەخەت سەيپۇڭنىڭ ئادەملىرىنىڭ مەكتەپكە باستۇرۇپ كىلىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن قەستەن جېدەل قىلغانلىقى ئەيىبلىنىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە جەرىمانە قويۇلغانلىقى، يەنە بەزىلىرىگە مەمۇرىي توختىتىش جازاسى بېرىلگەنلىكى قەيت قىلىنغانىدى.

بىراق، ئىش ئۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمىدى. مەخەت سەيپۇڭنىڭ جازاغا ئۇچرىغان ئادەملىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ھەمىشە دېگۈدەك ئىمىن رەمتىللەرنى پايلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى چۈشتە ئىمىن رەمتىل ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى «1 ـ ماي سودا سارىيى»غا بىر نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كىرگەنىدى.

مەخەت سەيپۇڭ ئۇچ ئادەمنى باشلاپ ، كۆزلىرىنى ئىمىن رەمتىلگە تىككىنىچە سودا سارىيىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ كەلدى . چۇشلۇك ئارام ئېلىش ۋاقتى بولغاچقا ، سودا سارايدا ئادەم ئاز ئىدى . ئىمىن رەمتىل ئۆزىگە يېقىن بىر ئىشىكتىن يوگورگەندەك چىقىپ مەيدانغا قاراپ ماڭدى . مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىدا ئىككى ساقچى تاماكا چېكىشىپ ، نېمىلەرنىدۇر سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى . ئىمىن رەمتىل يوگورگەندەك مېڭىپ ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى ـ دە ، يانچۇقىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا خەت يازغان بولۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى . ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پات ـ پات مەخەت سەيپۇڭلارغا قاراپ قويۇاتتى . مەخەت سەيپۇڭ دەسلەپتە ئىمىن رەمتىلگە يېتىشىۋالاي دەپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ساقچىنىڭ يېنىغا بېرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىزىدا توختاپ قالدى . ئاندىن ئۇمۇ ئادەملىرى بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ ، ئىمىن رەمتىلگە ئۇن مېتىرچە كېلىدىغان يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇردى . مەخەت سەيپۇڭلار ساقچىلارنىڭ بىردەم پاراڭلىشىپ ، گېپى تۈگىگەندە كېتىشىنى كۈتسە ، ئىمىن رەمتىل ساقچىلارنىڭ ئۇزۇنراق پاراڭلىشىشىنى ، مەخەت سەيپۇڭلارنىڭ زېرىكىپ ، ئاخىر كېتىپ قېلىشىنى كۈتەتتى .

ئالاھازەل ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ساقچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە پاراڭلىشىپ مېڭىۋىدى ، ئىمىن رەمتىلمۇ چاندۇرماي ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى . ئاشۇ كۈن بەلكىم ئىككى ساقچىنىڭ ئارام ئالغان كۈنى بولسا كېرەك ، ئۇلار پاراڭلاشقىنىچە تەنتەربىيە ئىدارىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن سوت مەھكىمىسى ئارىلىقىدىكى تار كوچىغا كىرىپ كېتىشتى . ئىمىن رەمتىل كەينىگە قاراپ ، مەخەت سەيپۇڭلارنىڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە تاماكا چېكىشىپ ، كۆزىنى ئۆزىدىن ئۈزمىگەن ھالدا قاراپ تۇرۇشقىنىنى كۆردى . ئىمىن رەمتىل ساقچىلارغا ئەگىشىپ يەنە ماڭدى . ئالاھازەل بىرەر يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن يول ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، ساقچىلار سول تەرەپكە بۇرۇلدى .

ئـمـن رەمتىل ئەمدى كەينىگە قارىۋىدى ، مەخەت سەيپۇڭلار كۆرۈنمىدى . ئەمما ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ كەينىگە يانسا ، ناۋادا ئۇنى پايلاپ تۇرغانلار كەتمەي يول ئېغىزىدىكى تامنىڭ كەينىگە ئـۆتۈۋالغان بولسا ، نەق ئالدىغا چىقىپ قالاتتى . شۇڭا ، ئىمىن رەمتىل بىردىنلا قەدىمىنى تېزلىتىپ ، ساقچىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە بىرنەچچە تار كوچىدىن ئۆتۈپ ، ئاخىر ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يان تەرىپىدىكى يول ئارقىلىق چوڭ كوچىغا چىقىپ مەكتەپكە قايتىپ كەتتى .





www.uyghurkitap.com

# «پۇلنى خوتۇن بىردۇ»

ئىمىن رەمتىللىنىڭ «سىفەن مەكتىپى»دە ئوقۇۋاتقىنىغا ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل بولۇپ قالغانىدى. بۇ بىر يىل داۋامىدا ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى بىر قىسىم تەڭتۇش باللار بىلەن تونۇشۇپ دوستلىشىپ قالدى. بىر كۈنى ئاشۇنداق دوستلىرىدىن ئىككىسى ئۇنى ئىزدەپ ياتاقىا كېلىشتى.

— يۇرۇڭلار، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇلارغا گەپنىڭ نەق يېرىنى قىلىپ، — ياتاق دېگەندە قۇرۇق كارىۋاتتىن باشقا ھېچنەرسە ساقلىغىلى بولمايدىكەن. سىلەرنى بازارغا ئاچىقىپ مېھمان قىلاي.

— بازارغا چىقىدىغان ئىش بولسا بىزنىڭ ئۆيگىلا بارايلى، — دېدى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ بىرى، — مەشەدە ئۆيىمىز تۇرۇپ، سىلىنى پۇل خەجلەتسەك سەت تۇرىدۇ.

— سىلىنىڭ ئۆيگىمۇ نەچچە قېتىم باردۇق. بۇ قېتىم ماڭا پۇرسەت بېرىڭلار...

ئۇلار بىردەم تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، ئاخىر كىتابخانا يېنىدىكى «قەنت، تاماكا، ھاراق دۇكىنى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر ماگىزىنغا كىردى. ياندىكى ئاشخانىغا چوڭ زىخلىق كاۋاپتىن ئوننى بۇيرۇتۇپ قويۇپ، ئۇن بوتۇلكا پىۋىنى ئالدىغا توختاتتى ـ دە، ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ ئىچىشنى باشلىۋەتتى. ئون زىخ كاۋاپنى پىشۇرۇپ ئەكىرگۈچە، ئالتە بوتۇلكا پىۋىنى ئىچىپ بولۇشقان ئىمىن رەمتىللەر كاۋاپ كىرگەندىن كېيىن يەنە ئون بوتۇلكا پىۋا كەلتۈرۈپ ئالدىغا توختاتتى. ئۇلار ئىستاكاننىڭ ئەڭ چوڭىنى تاللىغان بولۇپ، بىر بوتۇلكا پىۋا ئىككى ئىستاكانلا كېلەتتى. ئۈچ

دوست ئۇچ ئىستاكاننى سوقۇشتۇرۇپ تەك ئىچىش ئۈچۈن ، ھەر قېتىمدا يەنە بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا توغرا كېلەتتى...

ئالاھازەل ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ئادەم بېشىغا تۆت بوتۇلكىدىن توغرا كەلگەن پىۋا تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاۋۋال ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئىككى دوستى بىر ـ بىرلەپ ھاجەتخانىغا چىقىپ كىردى . ئەمدى ئىمىن رەمتىلگە نۆۋەت كەلگەنىدى . ئۇمۇ چىقىپ ئۇدۇل كىتابخانىنىڭ ھويلىسى ئىچىدىكى ھاجەتخانىغا ماڭدى . دەرۋازا يېنىدا شىرە قويۇپ ئولتۇرغان بىر بوۋاي قەغەزنى تەڭلەپ پۇلنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى ، ئالدىراپ ماڭغان ئىمىن رەمتىل «مانا ھازىر... چىقىپلا بېرىمەن» دەپ كىرىپ كەتتى . ئىشنى تۈگىتىپ ھاجەتخانا ئىشىكىدىن چىقىۋاتقاندا ، دەرۋازا يېنىدىكى بوۋاي يادىغا كەلدى ـ دە ، پارچە پۇل تەييارلاش ئۈچۈن قولىنى يانچۇقىغا ئۇزاتتى . ئەمما ، پۇل چاپاننىڭ يانچۇقىدا ئىدى ، چاپان بولسا پىۋا ئىچكەن ماگىزىندا دوستلىرىنىڭ يېنىدا قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ، ئازراق پارچە پۇل چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ، شىمىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقىپ بىر تىيىنمۇ پۇل تاپالمىدى . ھاجەتخانىدىن باشقا يول بىلەن چىقىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى . لېكىن ، بايىقى بوۋاي گويا ئىمىن رەمتىلنىڭ خىيالىنى بىلىپ قالغاندەك ، كۆزىنى ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى . باشقا ئامال تاپالمىغان ئىمىن رەمتىل بىرەر تونۇشىنىڭ كىرىپ قېلىشىنى كۈتۈپ ، ھاجەتخانىدىن چىقماي تۇرۇۋەردى . ئالاھازەل چارەك سائەتلەردىن كېيىن دەرۋازىدىن ئىككى قىز كىرىپ كەلدى . ئىمىن رەمتىل ئۇلارغا بىر قاراپلا ، ئۆزىگە ئوخشاش پاكار ، دىقماق كەلگەن بىرىنى تونۇپ قالدى : ئىككى ھەپتە ئىلگىرى بادامبەز ياللۇغى بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىغا ماڭغان ئىمىن رەمتىل ھېلىقى دىقماق كەلگەن قىز بىلەن دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا دوقۇرۇشۇپ قالغانىدى . ئۇ كۈنى ئۇ قىز ۋېلىسىپىت مىنىۋالغان بولۇپ ، قىزتىمىسى ئۆرلەپ ، پۇت ـ قوللىرى سىرقىراپ ئاغرىپ ئاران كېتىۋاتقان ئىمىن رەمتىلنى

سوقۇۋەتكىلى تاس قالغانىدى . يەنە كېلىپ ئىمىن رەمتىل ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان «كۆزىگە قاراپ ماڭسا بولمامتىكى...» دېگەن گەپنى قىلغان . شۇ چاغدا ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۇنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتكۈسى كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن گېپى ئاغرىپ گەپ قىلىشمۇ تەسكە چۈشۈۋاتقان بولغاچقا ، ئىچىدە «خەپ !...» دېيىش بىلەنلا بولدى قىلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتكەنىدى...

ئىمىن رەمتىل بۈگۈن ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئېلىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى سەزدى ـ دە ، ھاجەتخانىدىن چىقىپ ئۇنى ساقلاپ تۇردى .

— دوختۇرخانىدا ئىشلەمسىلەر ، قىزلار ؟ — دەپ سورىدى ئۇ گەپ قىلىشىۋاتقانلىقىنى دەرۋازا تۈۋىدىكى خەنزۇ بوۋايغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتەي گەپ قىلىپ .

— ياق ، بىز ھېچ يەردە ئىشلىمەيمىز .

— نېمانچە ئالدىرايسىلەر ؟ شۇنچە بەك قىستاپ كەتتىمۇ ؟

— سىلىنىڭ نېمە كارىلىرى ؟... قانداق ئادەم بۇ...

— بولدى ، ھېلى ئىشتانغا چىقىپ كەتمىسۇن ، ئىتتىكرەك مېڭىڭلار ، قالغان گەپنى سىلەر چىققاندا دېيىشەرمىز...

قىزلار «گېپىنىڭ سەتلىكىنى...» دېيىشكىنىچە پىخىلداپ كۈلۈشۈپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتىشتى . ئىمىن رەمتىل ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى . چۈنكى ، ئۇ بوۋاينىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى .

— سىزدە پۇل بەرمىدى ، — دېدى خەنزۇ بوۋاي ئىمىن رەمتىل دەرۋازا تۈۋىگە كېلەر ـ كەلمەي .

— ھازىر مەن بىلەن گەپ قىلىشقان ئىككى خوتۇننى كۆردىڭىزما ؟ — دېدى ئۇ بوۋايغا ، — ھە ، شۇنىڭ ماڭا ئوخشاش پاكارراق كەلگىنى مەندە خوتۇن بولىدۇ . پۇلنى خوتۇن بېرىدۇ .

خەنزۇ بوۋاي بىردە ئىمىن رەمتىلگە ، بىردە ھاجەتخانا ئىشىكىگە قاراپ قويۇپ ، «بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى . ئىمىن رەمتىل دەرۋازىدىن چىقىپ ، بۇ يەردە ھايال

ئۆتمەيلا باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان تاماشىنى كۆرۈش ئۈچۈن يولنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ، پىيادىلەر يولىغا ئېچىلغان بىر يايما دۇكاندىن مال كۆرگەن بولۇپ ئولتۇردى. هايال ئۆتمەي ھېلىقى ئىككى قىز ھاجەتخانىدىن چىقىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. خەنزۇ بوۋاي بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇلار قوللىرىنى شىلتىپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋاتىلداشقا باشلىدى:

— نېمە؟! بىز ئۇنىڭ خوتۇنىمىكەنمىز؟! يوق يەپتۇ! بىز دېگەن تېخى قىز تۇرساق، شۇنداق دېگەن ئادەم ئاغزىنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلسۇن!

— سىزدە كىزما، خوتۇنما، مەندە بىلمەيدۇ. بايا ھېلىكى ئادەم گەپ كىلگاندا سىزمۇ گەپ كىلدىيا؟ خوتۇن بولمىسا گەپ كىلامدا؟...

— گەپ قىلغانغا بىر كىم خەقنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالامدا؟ ئەمىسە سىزنىڭ قىزىڭىز بىر كۈندە ئون ئادەم بىلەن گەپ قىلىشسا، شۇ ئون ئادەمنىڭ خوتۇنى بولغان بولامدا؟

— مەندە كىز بالا يوك، خوتۇنمۇ يوك... بولدى، تولا ـ تولا گەپ بولمايدۇ. سىزدە پۇل بەمىسە، باشكا ھەممە گەپ بىكا...

ئىككى قىز بۇ كاج بوۋايدىن پۇل تۆلىمەي قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئاخىر ئىشەندى بولغاي، بىردەم قايناپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىۋېتىپ، بوۋايغا بىر كوي پۇلنى بەردى ـ دە، چالۋاقاپ چىقىپ كېتىشتى. بۇلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىمىن رەمتىلىنىڭ شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ھە، ئېرىڭلارنىڭ پۇلىنىمۇ تۆلىۋەتتىڭلارمۇ؟...» دېگەن گەپنى بىر دەۋالغۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئۇسسىيدىغان يەر تاپالماي ئاران تۇرغاندا، ئۆزىگە ئارتۇق ئاۋارىچىلىك تاپماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار ئۇزاپ كەتكۈچە ئىزىدا جىم ئولتۇردى. ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دوستلىرىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

## دوسىغا «چىقىش»

— پرولېتارىيات دېگىنىمىز ، پۈتۈن جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي مەھسۇلاتلارنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان ، زاغرا تىلىدا چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا ، چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان ، بوگۈنگە تاپسا ئەتىسىگە يوق ، سېرىقتال كۈن كۆچۈرىدىغان نامرات كىشىلەردىن ئىبارەت …

بۇ ، مەكتەپنىڭ داڭلىق سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى ھۆسەيىن سادىق سۆزلەۋاتقان چۈشتىن بۇرۇنقى ئىككىنچى سائەتلىك دەرسنىڭ مەزمۇنى ئىدى . ئۇ دەرس سۆزلەۋېتىپ ، ئىمىن رەھىمنىڭ قول كۆتۈرگىنىنى كۆرۈپ ، سوئالى بولسا سوراشقا رۇخسەت قىلدى .

— بۈگۈنكى دەرستىن ، — دېدى ئىمىن رەھىم ئورنىدىن تۇرۇپ ، — پرولېتارىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم . دەرس مەزمۇنىغا سېلىشتۇرۇپ باقسام ، مەنمۇ ئۆلچەملىك پرولېتارىيات ئىكەنمەن . چۈنكى ، ناۋادا مەكتەپ ئۈچ ۋاخ تاماق بەرمىسە ، شۇ كۈنى مەنمۇ ئاچ قالىمەن . ئاتا - ئانام كىيىم - كېچەك ئېتىپ بەرمىسە ، يالىڭاچ قالىمەن . دېمەك ، مېنىڭ تۇرمۇشۇممۇ موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ … ئەمما مەن شۇنى سورىماقچى : ناۋادا مەن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ بىلىمىمنى كۆپەيتىپ ، كەلگۈسىدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆپ پۇل تېپىپ ، ئۆزۈم ئىشلىگەننىڭ ئورنىغا باشقىلارنى ئىشلىتىدىغان دەرىجىگە يەتسەم ، شۇ چاغدىمۇ داۋاملىق پرولېتارىيات بولۇۋېرەمدىمەن ياكى …

— بولدى ، چۈشەندىم ، — دېدى مۇئەللىم ئىمىن رەھىمنىڭ

گىپىنى بۆلۈپ ، — ئېنىق جاۋاب شۇكى ، ئۇ چاغدا سىنىڭ سىنىپىڭ ئۆزگىرىپ ، كاپىتالىست كاتېگورىيىسىگە قوشۇلۇپ قالىسەن .

— ئۇنداقتا ، سىنىپىمنىڭ ئۆزگىرىپ كاپىتالىست خاراكتېرى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، مەن مەڭگۈ نامرات تۇرۇشۇم ، موھتاجلىقتىن قۇتۇلماي سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم كېرەكمۇ ؟ ...

— دەرس مەزمۇنىدىن چەتنەيدىغان مۇنداق داڭقان پوتى سوئاللارنى سورىشىڭغا رۇخسەت يوق !

— بۇ داڭقان پوتى ئەمەس ، بۇگۈنكى دەرسنى ئاڭلاۋېتىپ كاللامغا كەلگەن تەبىئىي سوئال ئىدى ، مەلىم ...

— سىنىپتا سەنلا بولىدىكەنسەن ، ھېچقاچان خاتىرجەم دەرس ئۆتكىلى بولمايدۇ ، ئىمىن . بولدى ، سوئاللىرىڭ بولسا دەرسنى بۇزماي ، سىرتقا چىقىپ ماتېرىيال كۆرۈپ جاۋاب ئىزدە . ماڭ ، ساڭا رۇخسەت قىلدىم...

چۈشتىن بۇرۇنقى تۆت سائەتلىك دەرسنىڭ ئىككىسىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش سوئاللار بىلەن مۇئەللىمنىڭ چىشىغا تېگىپ تەنقىد ئاڭلىغان ئىمىن رەمتىل چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا ، ساۋاقدىشى مۇسا مۇھەممەتنىڭ يېنىغا كەلدى .

— ئاداش ، — دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ، — قارىسام ، چۈشتىن بۇرۇنقى دەرستىن سەنمۇ زېرىكتىڭ . ياتاققا كىرسەكمۇ يا ئۇخلىيالمايمىز . ئۇنىڭدىن كۆرە بازارغا چىقىپ ، كۆزىمىزنىڭ پىتىنى ئۆلتۈرۈپ كەلمەيمىزمۇ ؟

— چىقساق چىقتۇق ، — دېدى مۇسا مۇھەممەتمۇ ، — «شوخ بولساڭ مازارغا چىق ، غەمكىن بولساڭ بازارغا» دەپتىكەن . چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە يەنە تېخى ئىككى سائەت باركەن . ئۇنىڭغىچە چىقىپ نېمە قىلساق قىلىپ چىرەلەيمىز .

ئۇلار كوچىغا چىقىپ قۇرۇقتىن قۇرۇق ئايلىنىپ يۈرۈشنى



www.uyghurkitap.com

بــىئەپ كۆردى ـ دە ، ئۇدۇل كەلگەن بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ پاراڭلاشقاچ هاراق ئىچىشتى . چۈشتىن كېيىنكى دەرسنى باشلاشقا ئون مىنۇتچە قالغاندا ئۇ يەردىن چىقىپ سىنىپقا ئاران ئۈلگۈردى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى چۈشتىن كېيىنكى تۇنجى سائەتلىك دەرسكە كىرگەن ئوقۇتقۇچى ئوبۇل مەتنىياز سىنىپقا كىرىپلا ئادىتى بويىچە .

ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ ، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشىپ جايىدا ئولتۇرۇشتى . ئوبۇل مەتنىياز مۇنبەر ئالدىغا كېلىپ قولىدىكى ماتېرىياللارنى قويغاندىن كېيىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك ئەتراپنى پۇراپ بېقىپ دېدى :

— قايسى ناكەسنىڭ ئىشى بۇ ؟ ! ئوقۇغۇچىنىڭ هاراق ئىچىپ سىنىپقا كىرگىنى نەدە بار ؟ ! قايسىڭ هاراق ئىچتىڭ ؟ !

سىنىپ جىمجىتلىققا چۆمدى . هېچكىمنىڭ هاراق ئىچكەنلەرنى مەلۇم قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئوبۇل مەتنىياز ئوقۇغۇچىلارنى ئارىلاپ يۇرۇپ پۇراشقا باشلىدى . ئىمىن رەمتىلنىڭ يېنىغا كەلگەندە گۇمان قىلىپ : «كۇ !··· دەپ باقە» دېۋىدى ، ئىمىن رەمتىل ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپ «كۇ ! ··· » دېدى . ئىمىن رەمتىلنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىتىپمۇ ئېنىق ئايرىيالمىغان ئوبۇل مەتنىياز ئەمدى مۇسا مۇھەممەتنىڭ يېنىغا كەلدى . ئىمىن رەمتىل مۇسا مۇھەممەتنىڭ بىقىنىدا قىچىقى بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا پايلاپ تۇرۇپ ، مۇئەللىم ئۇنىمۇ «كۇ !··· » دېيىشكە بۇيرۇغاندا بىقىنىنى قىچىقلىدى . بۇنى مۇئەللىم كۆرمى- گەچكە ، مۇسا مۇھەممەتكە كايىپ ، «تولا ھىجاقشىماي كۇ ! ··· دە» دەۋەردى . ئۇ هەر قېتىم «كۇ ! ··· » دەۋەتقاندا ، ئىمىن رەمتىل ئۆزى ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇپ قىچىقلاۋەردى . تۆتىنچى قېتىمغا كەلگەندە «كۇ ! ··· » بىلەن كۈلكە تەڭ قىستىغاچقا ، مۇسا مۇھەممەت «هۆ !··· » دەپ بىر ياندۇرۇۋېدى ، چۈشتە ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا ئىمىن رەمتىل بىلەن بىللە ئىچكەن زاڭ هاراق بىلەن

بىللە ئۇماچ بولۇپ قايتىپ چىقتى .

— هۇ توڭگۇز ! — دېدى ئوبۇل مەتنىياز ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قۇسۇۋېتىشكە تاسلا قالغان مۇسا مۇھەممەتنى، — دەرھال چىقىپ سۇپۇرگە بىلەن بىر شازا توپا ئەكېلىپ قۇسۇقۇڭنى تېز ئادالىۋېتىپ ، كۆزۈمدىن يوقال !

ئون مىنۇتلاردىن كېيىن تەرتىپ ئەسلىگە كېلىپ ، دەرس باشلاندى . ئوبۇل مەتنىياز يېرىم سائەت دەرس سۆزلىگەندىن كېيىن ئىمىن رەمتىلىنىڭ زادى هاراق ئىچكەن ـ ئىچمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنى دوسكىغا چىقارماقچى بولدى :

— ئىمىن رەمتىل ، — دېدى ئۇ قولىدىكى ماتېرىياللارنى مۇنبەرگە قويۇپ ، — دوسكىغا چىق !

ئىمىن رەمتىل ئورنىدىن تۇرۇپ شەپكىسىنى چىڭراق باستۇرۇپ كىيدى . ئاندىن ئۇدۇل دوسكىغا قاراپ ماڭدى ۋە دوسكا ئالدىغا بېرىپلا تامغا يامىشىپ ، دوسكىنىڭ رامكا چەسۋەكلىرىگە ئېسىلدى . قولى سىيرىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈۋىدى ، يەنە چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، پەستىكى چەسۋەكلەرگە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، ئۈستۈنكىسىگە سەكرەپ تۇرۇپ ئېسىلدى . گەج بىلەن قاتۇرۇلۇپ ، تامغا يەملەپ تۇتقۇزۇلغان چەسۋەكلەر ئىمىن رەمتىلنى كۆتۈرەلمەي ئاجراپ يەرگە تورۇكلاپ چۈشتى .

— هەي ! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟ ! — دېدى ئوبۇل مەتنىياز كايىپ ، — سەن ساراڭمۇ ـ ئوڭمۇ ؟ !

— مەن ئوك ، مەلىم . ئوك بولغاچقا سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دوسكىغا چىقىۋاتىمەن .

— مەن سېنى دوسكىنىڭ ئۈستىگە چىق دېمىدىم ، دوسكىنىڭ ئالدىغا كەل دېدىم !

— ئاپلا ، بالدۇرراق شۇنداق دېگەن بولسىلا ، بۇ ئۇقۇشماسلىقمۇ بولماس ئىكەن ، مەلىم .

ئوبۇل مەتنىياز ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا، ئۆزى دېگەن «دوسكىغا چىق ...» دېگەن گەپنى كونكرېت تەھلىل قىلسا ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىمۇ ياكى ئىمىن رەمتىللىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولماسلىقىنى ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، يەنە ئارتۇقچە گەپ قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئىمىن رەمتىللىنىمۇ ياتاققا چىقىپ ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى دوسكىغا چىقارماقچى بولۇپ قالسا، «دوسكىغا چىق» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «دوسكا ئالدىغا چىق ...» دەيدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# باهالاش

ئىمىن رەھىمتىل «سىفەن سىنىپى»نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن «خەلق ئوقۇتقۇچىسى»لىقتىن رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىققا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېزىدىن يەتتە - سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ئويبوغداي كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى»گە تەقسىم قىلىندى. بۇ مەكتەپكە بېرىپ نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ كەلدى.

— توۋا، — دېدى ئىمىن رەھىمتىل ياقىسىنى چىشلەپ، — ھەمئىيەتتە بەزىلەر «ناۋاينى ياغاچچىغا، موزدۇزنى شوپۇرغا باشلىق قىلىپ قويىدى ...» دەپ ئاغرىنسا، نېمە دەيدىغاندۇ دەپتىكەنمەن. ئانا ئەمدى بۇ قىسمەت بىزگىمۇ كەپتۇ. بىر سائەت دەرسنى ئوڭلاپ ئۆتەلمەيدىغان، ئەمما خۇشامەت دېسە باشلىقنىڭ ئۆيىدىن ئۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان بىرى بىزگە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ كەپتۇ. قاغىلىقتىكى شائىر ئابدۇللا ئوسماننىڭ «قاناتلىققا قاناتسىز شىلىق، ساۋاتلىققا ساۋاتسىز باشلىق ...» دېگەنلىرى ھەقىقەتەن راست ئىكەن ...

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر ئىمىر ئىمىن رەھىمتىلنى چاقىرتتى.

— ئاڭلىسام، — دېدى ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەن ئىمىن رەھىمتىلگە، — مەكتىپىڭلارنىڭ يېڭى ئىلمىي مۇدىرىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلەپ يۈرۈپسەن، ئىمىنجان. راست

شۇنداق بولدىمۇ ؟

— ئارقىسىدا سۆزلەپ يۈرمىدىم ، شوجاڭ ، ئوچۇق ـ ئاشكارا دېدىم . ھازىر سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىمۇ دەيمەن . ناۋادا ئۇ ساۋاقدىشىم بىر مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسا ، ماڭا بىرەر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىمۇ كىچىك كەلگۈدەك . شۇنداق بولغاندا مەن ب د ت غا باش كاتىپ بولالمىساممۇ ، بىرەر قىتئەگە باش كاتىپ بولسام بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ھەممە ئەھۋالى ماڭا بەش قولدەك ئايان . ناۋادا گېپىمگە ئىشەنمىسىلە ، بىرىپ ئەمەلىيەتتىن ئىمتىھان ئېلىپ باقسىلا . مەيلى ماتېماتىكا ، مەيلى ئەدەبىيات ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنى قاتار قىلىپ ئوڭ ـ سولغا ئۆرۈلۈپ مېڭىشنى ئۆگەتسىلە بولىۋېرىدىغان تەنتەربىيە بولسۇن ، ئون مىنۇت تەلەپكە لايىق دەرس ئۆتەلىسە ، بولدى مەن قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن …

— بولدى ، مەنمۇ ئىمتىھان ئېلىپ يۈرمەي ، سەنمۇ قۇلىقىڭدىن ئايرىلىپ قالمىغىن . بۇ ئىشنى كېيىنچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلارمىز .

ئاشۇ گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ ئارىدىن نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ بىر پارچە ئالاقىسىنى تاپشۇرۇۋالدى . ئۇنىڭغا ئىمىن رەمتىلنى يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا يۆتكىگەنلىكى ، بۇنىڭدىن كېيىن يېزىنىڭ پىئونېرلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلىقى يېزىلغانىدى .

ئىمىن رەمتىل يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئاۋۋال ئىلگىرى ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى چۈشىنىپ باقماقچى بولۇپ ئارخىپ ـ ماتېرىياللارنى ئىزدىدى . ئەمما ، ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنىڭ ئارخىپى تۇگۇل ، پىئونېرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىككىلىك خەت ياكى سان ـ سىپىر يېزىلغان بىرەر ۋاراق قەغەزمۇ تاپالمىدى . مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىلدىكى ، ئىشخانىنىڭ ئىلگىرىكى

پىئونېرلار خىزمىتى «ئىسمى بار ، جىسمى يوق» ئىشقا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ ، بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىنغانلار كۈندىلىك يوقلىمىدىن ئۆتۈپ ، ئىشخانا نېمە ئورۇنلاشتۇرسا شۇنى قىلىپ بولمىسا گېزىت ئوقۇپ كۈننى كەچ قىلاتتىكەن ...

ئىمىن رەمتىل ئولتۇرۇپ ئويلاندى : «هازىرغۇ هۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ تولىسى شۇنداق بولۇپ كەتتى . ئىشقا بۇيرۇسا ، قاتتىق تاپىلىسا قىلىدۇ . بولمىسا ئۈچ ۋاخ يوقلىمىدىن ئۆتۈپ ، ئىشخانىنى يىتتۇرۇۋەتمەي كۈننى كەچ قىلىسا ، خىزمەت ئۈنۈمى بىلەن هېچكىمنىڭ كارى يوق ... بىراق نېمىشقىكىن ، مەن ئۇنداق قىلالمايدىكەنمەن . مەيلى نېمە ئىش قىلسام قىلىپ ، ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان بۇ هاياتنى بىرەر ئەهمىيەتلىك ئىش بىلەن ئۆتكۈزمىسەم ، ئۆزۈمنى گويا جىنايەت سادىر قىلىۋاتقاندەك هېس قىلىپ قالىدىكەنمەن ... »

ئۇ بىرەر ئەمەلىي پىلان تۈزۈپ ، ئىشنى شۇنىڭدىن باشلاش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈنگىچە ماتېرىيال ئىزدىدى . ئەمما ، كەسپكە دائىر هېچقانداق پايدىلانغۇدەك ماتېرىيال تاپالمىدى . ئاخىر بۇ خىزمەتنى تەۋەككۈل قىلىپ ئۆزى بىلگەنچە ئىشلەپ بېقىش قارارىغا كەلدى . شۇنداقتىمۇ كۆڭۈلدە سان بولۇشى ، بىرەر مەۋقەنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ ، شۇنى چۆرىدىگەن هالدا هەرىكەت قىلىشى كېرەك ئىدى . ئۇ ئىلگىرى ئۆزى ئىشلىگەن مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىنى ، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەهۋالىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى . ئۆزى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلاردا دەرسنىڭ ۋە مەكتەپنىڭ هەرخىل تۈزۈملىرىنىڭ بېسىمى بىلەن تولۇق هېس قىلىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ ، مانا ئەمدى مەكتەپتىن ، دەرستىن ئايرىلىپ ، شەپكىسىنى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ ئولتۇرۇپ شۇنى چوڭقۇر هېس قىلدىكى ، گەرچە مەكتەپلەر تۈزۈمنى بارغانچە چىڭىتىپ ، دەرسنى جايىغا كەلتۈرۈپ ئۆتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ماهىيەت جەهەتتىن ئېيتقاندا ، ئوقۇغۇچىنىڭ كاللىسىغا قۇيۇپ

قويۇش شەكلىدە ئۆتۈلىدىغان بۇ دەرسلەر ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇرىنى بوغۇپ قويىدىكەن . قانىتى بوغۇپ قويۇلغان كەپتەر ئۆگزىدە پالاقلاپ يۈرسىمۇ ، لېكىن كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلالمىغاندەك ، تەسەۋۋۇرى بوغۇپ قويۇلغان ئوقۇغۇچىمۇ قورۇق نەزەرىيىنى ئاساس قىلىدىغان ئىمتىھاندىن ئۆتكىنى بىلەن ، بىرەر يېڭىلىق يارىتىش ، ئىجاد قىلىشقا كەلگەندە كارغا يارىمايدىكەن …

ئىمىن رەمتىل گەرچە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتابقا ئاساسەن ، بىر تۇتاش ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ ، لېكىن پىئونېرلار پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، ئەمەلىي خىزمەتلەرنى باشلىۋەتتى . ۋېلىسىپىت بىلەن ئەتراپتىكى مەكتەپلەرگە بىرمۇبىر بېرىپ ، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر قاتارىدا بالىلارغا ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن سىردىشىپ ، چۆچەك ، رىۋايەت ، ماقال ـ تەمسىل ۋە خەلق قوشاقلىرىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ ، خاتىرىلىۋېلىپ كېلىشنى تاپشۇرۇق بەردى . كېيىن بالىلار يېزىۋېلىپ كەلگەن قولىيازمىلارنى رەتلەۋېتىپ ، بولقا كەنتىدىن بىر بالىنىڭ ئاسمان جىسىملىرىغا دائىر نەرسىلەرنى يېزىپ كەلگىنىنى بايقاپ ، ئاتايىن بولقا كەنتىگە بېرىپ شۇ بالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئەھۋاللىشىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئىلمىي نۇجۇمدىن (ئاسترونومىيىدىن ) خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ، كېچىسى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى ، سامانيولىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ھەر ئايدا ئاينىڭ چىقىش ـ ئولتۇرۇش ھالىتىگە قاراپ ، قار ـ يامغۇر ياكى بوران ـ چاپقۇن قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدىغانلىقىنى ، بۇلارنى ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان بىر قەدىمىي كىتابتىن ئۆگىنىۋالغانلىقىنى بىلدى . بۇ ھال ئىمىن رەمتىلدە يەنە بىر يېڭى پىكىرنى ئويغاتتى . ئۇ كېيىنكى تاپشۇرۇقلىرىدا بالىلارغا ئاتا ـ

ئانىلىرى بىلەن ئوبدان سىردىشىپ، ئۆيدە قەدىمىي كىتابلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىشنى، ناۋادا بار بولسا ئىمكانقەدەر ئېلىپ كېلىشنى، ئېلىپ كېلىشكە ئىمكان قىلالمىغاندا، كىتابنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ يېزىۋېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. نەتىجىدە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا يانتاق يېزىسىدىكى ئەل ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمىي كىتابلارنىڭ تىزىملىكى تۈزۈپ چىقىلدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتتى. بۇ بىر نەچچە يىل داۋامىدىكى پىئونېرلار خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى ئىمىن رەمتىلنى ئەمدى چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئاجراتتى. چۈنكى، بۇ چاغلاردا چوڭلار مائارىپى خىزمىتى مائارىپتىكى باشقا خىزمەتلەرگە نىسبەتەن ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھالبۇكى، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆرۈنۈشتە مائارىپ خىزمىتىنى، جۈملىدىن چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىمىن رەمتىل يېزا ئورگىنىدىكى مەمۇرىي خادىملار قاتارىغا قوشۇۋېتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە دائىر بارلىق باھالاش، يىغىن ۋە باشقا پائالىيەتلەرگە بىر تۇتاش قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلىنغاچقا، كەسپىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشلىگەن ھەربىر ئىشقا نومۇر قويۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئايىغى ئۈزۈلمەس «باھالاش» لاردا، چوڭلار مائارىپىغا ئاران ئىككى نومۇر ئاجرىتىلغان بولۇپ، كەنتلەر بۇ ئىككى نومۇرنى ئالمىسىمۇ ئاتالمىش باھالاشنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىگە تەسىر يەتمەيتتى. بۇ تەڭسىز نومۇر ئىمىن رەمتىلنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئاراملىق بەرمىدى. ئاخىر ئۇ يا نومۇرنى ئۆزگەرتىش، يا بولمىسا بۇ خىزمەتتىن ۋاز كېچىش قارارىغا كېلىپ، بىر قېتىملىق ئومۇمىي باھالاشقا چىقىشنى ئوچۇق رەت قىلدى.

www.uyghurkitap.com

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان كادىرلار ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۆز تارمىقىنىڭ كۈندىلىك يوقلىمىسىدىن ئۆتۈپ مائاش ئالىدىغان تۇرۇقلۇق ، يېزا ئورۇنلاشتۇرغان ئومۇمىي باھالاشقا چىقىشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا رەت قىلىش تولىمۇ خەتەرلىك ئىش بولۇپ ، يېنىك بولغاندا شۇ ئايلىق مائاشتىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئېغىر بولغاندا خىزمەتتىن توختىتىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى . ئەمما ، ئىمىن رەمتىل بۇنى ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن ، باھالاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ يىغىندىلا «مەن بۇنداق باھالاشقا چىقالمايمەن !» دېدى .

— نېمە ئۈچۈن ؟ — دەپ سورىدى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئوسمان مۇھەممەت پىشقان رەھبەرلەردە بولىدىغان بىر خىل سەۋرچانلىق بىلەن ، — سەۋەبىنى دەپ بېقىڭلا قېنى .

— باياتىن بۇيان باھالاشنىڭ نومۇر قويۇش ئۆلچىمىنى ھەممىمىز ئوچۇق ئاڭلىدۇق . ئەڭ ئاددىيسى ، مەھەللىۋى ئوغۇت توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، يول تۆپىگە بىر ھارۋا قىغ ئاچىقسا ياكى بىر ھارۋا قامغاق دۆۋىلىسە ، ئون نومۇر بېرىلىدىكەن . ئەمما ، بىر كەنتنىڭ چوڭلار مائارىپى خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ ، ساۋاتسىزلىق يوقىلغان بولسا ، ئاران ئىككى نومۇر بېرىلىدىكەن . ئەجەبا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى بولغان مائارىپ ئاران ئىككى نومۇرلۇق مائارىپما ؟ ئەجەبا بىر كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش ـ بولالماسلىق مەسىلىسىنىڭ قىممىتىدىن بىر ھارۋا قىغنىڭ قىممىتى ئارتۇقما ؟ !

يىغىننى تۈگىتىپ ، باھالاشقا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان كادىرلار ئۇ بۇنىڭغا ، بۇ ئۇنىڭغا قارىشىپ پىچىرلىشىشقا باشلىدى . ئوسمان مۇھەممەت كادىرلارنىڭ كەيپىياتىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ، ئېغىز ئاچتى :

— ئىككى نومۇر ھەقىقەتەن ئاز بولۇپ قاپتۇ . مېنىڭچە ، نومۇر ئۆلچىمىنى ئۆرلىتىپ ، چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنى ئون

نومۇرلۇق قىلىپ بېكىتسەك قانداق؟
— شۇنداق قىلىلى، — دېيىشتى شۇجى نېمە دېسە شۇنى قوللاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن كادىرلار.
— مەن قوشۇلالمايمەن، — دېدى ئىمىن رەمتىل يەنە ئېغىز ئېچىپ، — بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان مائارىپ خىزمىتىنىڭ يەر ئۇسا قىلىش، ئۇغۇت توپلاش، چارۋا بېقىش ... دېگەندەك ئۆتكۈنچى خىزمەتلەرنىڭ كەينىگە تىزىلىشىغا ھەرگىز قوشۇلالمايمەن. يەرنى بۇ ھەپتە سۇغارغىلى بولمىسا، كېلەر ھەپتە سۇغىرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇغۇتنى بۈگۈن بەرگىلى بولمىسا، ئەتە بېرىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن بىر ئادەم ساۋاتسىز قالسا، ئۇنىڭ قەلبىنى بىر ھەپتە، بىر ئاي ياكى بىر-ئىككى يىلدىمۇ ئاقارتقىلى بولمايدۇ ...

بىر پەس تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ئىمىن رەمتىل مەسئۇل قىلىنغان چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى باھالاشتىكى نومۇر ئۆلچىمى ئون بەش قىلىپ بېكىتىلدى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئىمىن رەمتىل باھالىغۇچىلارغا قوشۇلۇپ، ھەرقايسى كەنتلەرگە مېڭىپ كەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا «باھالاش» دېگەن سۆزدىنمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان سۆز بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردە دېھقانچىلىقنىڭ يەرنى ئۇغۇتلاش، ئۇسا قىلىش، ھەيدەش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، مايسا پەرۋىشى، دورا چېچىش، «يازنىڭ ئۈچ ئىشى»، كۈزلۈك يىغىم ... دېگەندەك تۈگىمەس تۈرلىرى بويىچە بەزىدە ھەر ئايدا، بەزىدە ھەر پەسىلدە ئۈزۈلمەس باھالاشلار بولۇپ تۇرىدۇ. كەنتنى بىرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان باھالاش ئاياغلاشقاندىن — ئاياغلاشمايلا يېزىنى بىرلىك قىلغان باھالاشلار باشلىنىدۇ.

ئىمىن رەمتىل يېزىنىڭ باھالىشىنى تۈگىتىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا، ناھىيىنىڭ چوڭلار مائارىپى خىزمىتى بويىچە باھالاشقا

چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . گەرچە ناھىيىلىك چوڭلار مائارىپى خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ياسىن ھوشۇر كەسپىي خىزمەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان دۇرۇس ئادەم بولسىمۇ ، باھالاش داۋامىدىكى «ئارقا سەپ» ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى . لېكىن ، باھالاشنى ئۇ ئۆزى يالغۇز ئېلىپ بارالمىغاچقا ، باشقىلارغا سىپلىنىدىغان داستىخان باھالىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىسا ، نومۇر تارتىلىش خەۋپى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى . شۇڭا ، ئىمىن رەھىمتىل ئاتايىن ئويبۇغداي كەنتىگە بېرىپ ، يېزىنىڭ ئۇ يەردىكى بېلىق كۆلىدە ئىشلەيدىغان ياسىن بېلىقچى بىلەن كۆرۈشتى . ئەمما ، ھەمىشە دېگۇدەك ئەمەلدارلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەچكە ، ئادەتتىكى پۇقرانى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالغان ياسىن بېلىقچى ئىمىن رەھىمتىلنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە پىسەنتمۇ قىلمىدى . «خەپ !» دېدى ئىمىن رەھىمتىل قايتىپ كېلىۋېتىپ ئىچىدە ، «سېنىڭ ياغ تولۇپ ئادەم تونۇماس بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىڭنى ئېچىپ قويمىسام بولماپتۇ ··· »

باھالاشنى ئوڭۇشلۇق ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىمىن رەھىمتىل كەچتە ياسىن بېلىقچىنى قانداق باپلاش ھەققىدە ئويلىنىپ ، ئاددىيلا بىر چارىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا چىقىپ ، يېزىنىڭ ئومۇمىي يوقلىمىسى تۈگىشى ھامان ئېغىز ئاچتى :

— ئەجەب بەك بېلىق پۇراپ كەتتى . ئارىمىزغا ياسىن بېلىقچى چىرىۋالدىمۇ نېمە ؟

— راست ، بېلىق پۇراۋاتىدۇ ··· ياسىن بېلىقچىغۇ يوق ، بولمىسا .

— ياسىن بېلىقچى بولمىغىنى بىلەن ، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېلىق ئەكېلىپ يېگەنلەر باردۇ ھەقىچان .

— ···

بېلىق ۋە ياسىن بېلىقچى ھەققىدىكى بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ

شۇجى ئوسمان مۇھەممەت قىزىقسىنىپ سورىدى:

— ياسىن بېلىقچىغا نېمە بوپتۇ؟ ھەممىڭلار ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىپ كەتتىڭلىغۇ؟

دەل مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ئىمىن رەمتىل ئاخشامدىن بۇيان ئويلاپ قويغان گەپلىرىنى دېيىشكە باشلىدى:

— ئۆزلىرى ياتاق يېزىسىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاندىكىن، بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك گەپلەرگە ۋاقىت چىقىرالمايدىلا. ياسىن بېلىقچى بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، سىلىنى بىلمەيدۇ دەپ، كۆلدىكى بېلىقلارنى يېزا ئىگىلىك مەيدانىدىكى كىشىلەرگە سېتىپ خەجلىگىلى تۇرۇپتۇ.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— مەن خەقنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى توشۇپ يۈرىدىغان چېقىمچى ئەمەس. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم، خەقتىن ئاڭلىغان گەپنى خەقكە دەپ يۈرمەيمەن. ئۈلۈشكۈن بىر ئىش بىلەن ئويىبۇغدايغا بارغانتىم. ئۆيگە بىر - ئىككى تال بېلىق ئالغاچ كېتەي دەپ ياسىن بېلىقچىغا دېسەم، كۆلدە بېلىق قالمىدى دەپ ئۇنىمىدى. باشقىلاردىن ئۇقۇشسام، يەرلىك كىشىلەرگە ساتسام، ئوسمان شۇجى بىلىپ قالىدۇ دەپ، ساتمايدىكەن. لېكىنزە، باشقا يەرلەردىن كەلگەن كىشىلەرگە سېتىۋېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، كۆلنىڭ بېلىقىمۇ راست تۈگەي دەپ قاپتۇ...

— تېخى مۇنداق گەپمۇ بارمىكەن؟

— ئىشەنمىسىلە، ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان ئادەمدىن بىرنى ئەۋەتىپ ئېنىقلاپ باقسىلا.

شۇجى باھالاشقا چىققان «ئاما» ئارىسىدا «خالىسانە» بولۇنغان بۇ گەپلەرگە ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن ھەپتە قالماي، ياسىن بېلىقچى باشقا دېھقانلار قاتارىدا ھاشارغا ئەۋەتىلىپ، بېلىق كۆلىنى باشقۇرۇشقا باشقا ئادەم بەلگىلەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جاۋاب

1989 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق «دولان مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مەكىت ناھىيىسىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن بۇ يىغىنغا مەكىت ناھىيىسىدىكى دولان ئەلنەغمىچىلىرى، قەلەمكەشلەر، مەدەنىيەت، سەنئەت ساھەسىدىكى خادىملاردىن باشقا، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى نامدار يازغۇچى ـ شائىرلار، مۇقام تەتقىقاتچىلىرى، مەدەنىيەت، سەنئەت ساھەسىدىكى داڭلىق ئەربابلاردىن بولۇپ 150 تىن ئارتۇق ئادەم ئىشتىراك قىلدى.

يىغىن ناھىيە مەركىزىدە ئىككى كۈن داۋاملىشىپ، يىغىن ئەھلى «دولان» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى، دولان مۇقاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، دولان قىزى ئامانىساخاننىڭ ھاياتى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلەشكە قوشقان تۆھپىسى، دولانلاردا ساقلىنىپ قالغان قالۇن، قىل غېجەك ۋە دولان راۋابى قاتارلىق چالغۇلار ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ مۇھاكىمە قىلىشقاندىن باشقا، دولان دېھقانلىرىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن، مەكىت دولانلىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان يانتاق يېزىسىغا كەلدى.

سىرداش دوستى ئەختەم ئۆمەر بىلەن يىغىنغا بىللە قاتنىشۋاتقان ئىمىن رەمتىل يىغىن ئەھلىنىڭ يانتاققا كېلىشىدىن

ئالدىنقى كۈنى ئاخشىملا خەۋەر تاپقاچقا، شۇ كۈنى كەچ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئاتىسى رەمتىل ئاكا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاشقا تەييارلىق قىلغانىدى. لېكىن، مېھمانلارنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن بارغاندا، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن مېھمانلار ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ تۇرۇۋالدى:

— تېخى ھازىرلا داستىخاندىن بىكار بولدۇق، — دېدى ئەينى چاغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شائىر ئىمىن ئەھمىدى، — قورساقلار لىقمۇلىق بولۇپ قالدى، ئۇكام. ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ئۆيدىكىلەرنى بىكار ئاۋارە قىلمايلى.

— بىزنىڭ دولاندا، — دېدى ئىمىن رەمتىل گېپىنى ئۇچۇق قىلىپ، — چوڭ شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش مېھماننى كۆرۈپ ئاندىن قازان ئاسىدىغان ئىش يوق. ئاۋۋال قازاننى ئېسىپ داستىخاننى تەييار قىلىپ قويۇپ، ئاندىن مېھماننى تەكلىپ قىلىمىز ئىمىنكا. شۇ تاپتا قازان تەييار بولۇپ قالدى. بارمىساق بىر قازان تاماق بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنى ھېچ گەپ ئەمەس دېسەكمۇ، يېزىنىڭ داستىخىنى ھۆكۈمەتكە تەۋە. يانتاق خەلقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرمىز دەپ كېلىپ، خەلقنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇشنى رەت قىلساڭلار قانداق بولغىنى؟

مېھمانلار ئامالسىز ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۆيگە كېلىشتى. قولغا سۇ ئېلىپ داستىخان تارتىلغاندىن كېيىن، يەرلىك ئادەت بويىچە يوغان داش قازانغا سېلىپ پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان قوي گۆشى ئۈستىگە تۆت دانە ئاق نان تاشلانغان ھالدا سورۇنغا ئاچىقىلدى.

— ئەزىز مېھمانلارنى كېلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، مۇشۇ بىر پىيالە چاينى تەييارلىغاندۇق، — دېدى رەمتىل ئاكا قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل ئەتكەن بولسا...

— ھەشقاللا ، رەھمەت ! — دېيىشتى مېھمانلارمۇ بىر ئېغىزدىن .

رەمتىل ئاكا يەرلىك ئادەت بويىچە ، قوينىڭ گۆشىنى پارچىلاشقا مېھمانلارنى تەكلىپ قىلدى . ئەمما ، مېھمانلار ئارىسىدا بۇ ئىشقا قولى كېلىدىغانلار بولمىغاچقا ، مامۇت شەيخ ئاكىنى تەكلىپ قىلىشقا توغرا كەلدى . مامۇت ئاكا يەڭلىرىنى تۈرۈپ سورۇنغا كىردى ـ دە ، ئاۋۋال پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوينىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . ئاندىن يېشىل رەڭلىك تاۋار بەلۋېغىغا ئېسىۋالغان ئالاھازەل ئىككى غېرىچچە چىقىدىغان يوغان ئالا دەستە پىچاقنى قولىغا ئېلىپ ، قوينىڭ ئىنچىكە بېلىنى نىشانلاپ بىر چاناپلا ، پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى ئىككى پارچىغا ئايرىدى . ئاندىن سول تەرەپكە ئېسىۋالغان ئادەتتىكى پىچىقنى ئېلىپ ، گۆشنى بوغۇم ـ بوغۇملىرىدىن ئاجرىتىپ پارچىلاشقا كىرىشىپ كەتتى .

مامۇت شەيخ يانتاق تەۋەسىدىكى مەشرەپلەرنىڭ يىگىتبېشى ، ئاتالغان خەلق ئۇسسۇلچىسى ، داڭلىق بۆكەل[1] بولۇپ ، ئۇنىڭسىز توي ـ تۆكۈنلەر قىزىمايتتى . دولان ئۇسسۇلىنى شۇ قەدەر چىرايلىق ئوينايتتىكى ، بېلىدىكى تاۋار بەلبېغىدىن ھېچقاچان ئايرىمايدىغان جۇپ پىچاقنىڭ بويتاسمىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ سىلكىتىپ ، بوينىنى مۇرە ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ يېنىك لىكىلدىتىپ ، تاپىنىنى دۈمگە كەلتۈرۈپ يەرگە رىتىملىق ئۇرۇپ ئويناپ كېتىدىغان بولسا ، پۈتۈن مەيداندىكى ئەر ـ ئايال ، قېرى ـ ياش ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭدىن ئۈزۈلمەيتتى . مەيلى توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ياكى مېھماندارچىلىق بولسۇن ، قوي سويۇلماي سورۇن تۈزۈلمەيدىغان بۇ يۇرتتا ، سورۇنغا ئېلىپ چىقىدىغان پۈتۈن پىشۇرۇلىدىغان قوي گۆشىنى پارچىلاشمۇ بىر ھۈنەر بولۇپ ،

[1] بۆكەل - توي ـ تۆكۈنلەردە گۆش پارچىلايدىغان ئادەم .

مامۇت ئاكا يەتمىش ياشتىن ھالقىغىنىغا قارىماي ، بىر قويننىڭ گۆشىنى ئون مىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا پارچىلاپ بولاتتى. باشقا بۆكەللەر پالتا ـ كەكە ئىشلەتسە ، ئۇ بىر جۈپ پىچىقنىڭ چوڭىنى پالتا ئورنىدا سۆڭەكلەرنى چېقىشقا ، كىچىكىنى گۆشلەرنى پارچىلاشقا ئىشلىتەتتى . بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى مەكتەپكە كېلىپ ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ماھارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شائىر ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىنمۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەندى :

## ھەزىل

(دولان مەشرىپىنىڭ ئۇستىسى ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىزىقچى مويسىپىت مامۇت ئاكىغا چاقچاق )

يەتمىش ياشتىن ئاشقان چال ،
«يىگىت بېشى» بولامدۇ ،
كۆڭلى تېخى ياش تۇرسا ،
قېرىغاننى تۇيامدۇ !...

ياشلىقىغا ياناي دەپ ،
ئاق ساقالنى بويامدۇ ؟
ئوينىۋېلىڭ ، مامۇتكا ،
كۆڭگەن كۆڭۈل قويامدۇ !

مەيلى يەنە مەشرەپتە ،
دولانلىققا باش بولۇڭ .
كىممۇ خۇشتار قېرىغا ؟
بىزنى دوراپ ياش بولۇڭ .

لېكىن ئەمدى ماموتكا ،
كۆز بېقىشماڭ قىز بىلەن .
قىز ياشلىقنىڭ قىزىقى ،
ئوينىۋالسۇن بىز بىلەن .

بۈگۈنكى مېھمانلار ئارىسىدىمۇ ماموت ئاكىغا قايىل بولمىغانلار يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ قولى قاچىدا ، ئاغزى ئاشتا بولسىمۇ ، كۆزلىرى گويا سېھىرلەپ قويغاندەك ماموت ئاكىنىڭ ئەپچىل قوللىرىدىن ئۈزۈلمەيتتى . ماموت ئاكا گۆشنى مۇشتتەك ـ مۇشتتەك قىلىپ پارچىلاپ بولغاندىن كېيىن رەمتىل ئاكا ئاچقىپ بەرگەن داسقا سېلىپ ، دولانلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە ھەربىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىر پارچىدىن گۆشنى قويۇپ ماڭدى .

داستىخانغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن مېھمانلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى . بىر گۇرۇپپا يانتاق يېزىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئارالاڭقا ، ئىتتىپاق ، ئويبوغداي قاتارلىق كەنتلەرگە ، ئىككىنچى گۇرۇپپا ئۈيلۈق ، جەرەندۆڭ ، گۈلباغ قاتارلىق يېزىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەنتلەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئىمىن رەمتىل ئەختەم ئۆمەر بىلەن ئىككىنچى گۇرۇپپىدا بولۇپ ، بۇ گورۇپپىدا يەنە ئەخمەت ئىمىن ، تۇرسۇنجان لېتىپ ، تۇرسۇن يۇنۇس ، تاش ماموت ، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا قاتارلىق يازغۇچى ـ شائىرلارمۇ بار ئىدى . ئۇلار ھەر قېتىم تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن يېزا ـ كەنتلەرگە بارسا ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ باي ئائىلەرنىلا كۆرسىتىدىغانلىقىنى ، بۇ قېتىم دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆرۈش ئىستىكى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئىمىن رەمتىلدىن بۇ تەلىپىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشتى . ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ئىمىن رەمتىل ئۇلارنى يېزىغا يېقىن بولغان ئۈيلۈق كەنتىگە ئاپىرىپ ، ئۇدۇل كەلگەن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى . ئۆيدە ئىككى

www.uyghurkitap.com

كىچىك بالا بار بولۇپ، چوڭلار ئىشقا كەتكەنىدى. بالىلارنىڭ چوڭى ئالتە ياشلاردا، كىچىكى تۆت ياشلاردا بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى قىپيالىڭاچ ئىدى. ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى ئوچاقتا ئېسىقلىق تۇرغان ئۇماچ يۇقى قازان ئەتراپىدا چىۋىنلەر گىژىلدايتتى. مېھمانلار بالىلاردىن گەپ سورىۋىدى، تۇرغان تۇرقىلا ئەمەس، مىجەز ـ خاراكتېرىمۇ شەھەر بالىلىرىغا ئەسلا ئوخشىمايدىغان بۇ بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېتىزلىقتا كەتكەنلىكىنى تەستە دېگەندىن باشقا، ھېچقانداق سوئالغا جاۋاب بەرمەي، يېتىرقاپ تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ھەقىقىي دېھقانىنىڭ ئۆيى مانا مۇشۇ، — دېدى ئىمىن رەمتىل مېھمانلارغا چۈشەندۈرۈپ، — دادۇي، كەنت كادىرلىرى ۋە بىر كەنتتە بىر نەچچىدىن بولىدىغان ئالدىن بېيىغانلارنىڭ ئۆيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيى مانا مۇشۇ ئۆيگىلا ئوخشايدۇ. دېھقانىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن گەپ ئاڭلىماقچى بولساق، ئېتىزلىقتا بارساق بولىدۇ. كۈندۈزلىرى ئۆيدە تۇرالايدىغان دېھقانىنى بۇ يۇرتلاردىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس...

شۇ ئەسنادا ئىمىن رەمتىل بىرىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ تالاغا چىقتى. كەلگەن كىشى ئىمىن رەمتىل ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىرى بولۇپ، ئىمىن رەمتىلنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا «ساۋۇت شوجى بېرىپ باق دەپتى...» دېگەن جاۋابنى بەردى. ساۋۇت شوجى دېگىنى مۇشۇ كەنتنىڭ شوجىسى ساۋۇت كىچىك بولۇپ، بۈگۈنكى مېھمانلارنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا باي ئائىلىلەرگە باشلانمىغانلىقىدىن گۇمان قىلىپ، تىڭ تىڭلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەنىدى. مېھمانلار بۇنى بىلگەندىن كېيىن نارازى بولغان بولسىمۇ، ئاۋۋال ھەربىر ئادەم قىرىق ـ ئەللىك كويدىن ئىئانە پۇلى يىغىپ، بۇ پۇللارنى ئۆي ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىمىن رەمتىلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن باشقا ئائىلىلەرنى كۆرۈشكە چىقىپ كېتىشتى.

ئەتىسى پىلان بويىچە يىغىن ناھىيىدە يەنە بىر كۈن داۋام قىلماقچى ئىدى . ئەمما ، مەلۇم سەۋەبلەردىن يىغىن بىر كۈن بۇرۇن ئاياغلاشتى . يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئەتىگەندىلا يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، ناشتا قىلىپ بولۇپلا ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقىشتى .

ئەمما ، ئۇلار قايتىپ كېتىشكەن بىلەن ، ئىمىن رەمتىلگە كېلىدىغان ئاۋارىچىلىك تۈگىمىدى . ھايال ئۆتمەيلا يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئىمىن رەمتىلنى چاقىرتىپ سوئال - سوراقنى باشلىدى :

— سىلە بىر ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ ، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن مېھمانلارنى نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارسام ، يېزىمىزنىڭ يۈزىگە سەت تۇرا ، دېگەننى ئويلىمىدىڭلىمۇ ئىمىنجان ؟

— شۇجى ، ئۇلار خىزمەت تەكشۈرگىلى كەلگەن رەھبەرلەر ئەمەس . ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا كەلگەن يازغۇچى - شائىرلار ، ئۇلار ...

— بولدى ، ماڭا ئېزىپ ئىچۈرمىسەڭلىمۇ بىلىمەن . ئۇلار دەل يازغۇچى - شائىر بولغىنى ئۈچۈنلا خاتىرجەم بولالمايۋاتقان گەپ . يېزىمىز ئاپتونوم رايون بويىچە تىكلەنگەن بەش قىزىل بايراقنىڭ بىرى . يازغۇچى - شائىر دېگەن خۇددى كۆكۈيۈن ئاتنىڭ يېغىرىنى چاققاندەك ، جەمئىيەتنىڭ يېغىرىنى ئاچىدىغان خەق . ئۇلار قايتىپ بېرىپ ، قىلغىلى ئىش تاپالماي يېزىمىزنىڭ يېغىرىنى ئاچقىلى تۇرسا ، ناھىيە ، ۋىلايەت بىزگە بېسىم ئىشلىتىدۇ . بۇ بېسىمنى بىزگە كۆتۈرۈشۈپ بېرەلمەيسىلە ھەقچان .

— مەن مۇشۇ يىشىمغىچە دېھقانغا ھېسداشلىق قىلغان ئادەمگە ناھىيە ياكى ۋىلايەتنىڭ بېسىم ئىشلەتكىنىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن ، شۇجى . مەن دېھقاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارغانلار يازغۇچى - شائىرلار بولسىمۇ ، ئۇلار يېغىر ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس ، دېھقانلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن باردى . شۇڭا...

شۆجى ئىمىن رەتىلىنىڭ گېپىنى يەنە بۆلۈۋەتتى :

— شۇڭا ، شۇنچە بېيىغان دېھقانلارنى قويۇپ ، ئەڭ نامرات دېھقاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردىڭلا ، شۇنداقمۇ ؟ ئۇنداق ئادەم ئۇلارنى باشلاپ بېرىشتىن بۇرۇن نېمىشقا بىزگە خەۋەر قىلمايسىلە ؟

— بايا دېدىمغۇ ، ئۇلار دېھقاننى چۈشىنىش ئۈچۈن بېرىپ ، دېھقاننىڭ ئۆيىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ ئىئانىگە پۇل يىغىش قىلدى ...

— شۇنداق بولسىمۇ پارتكومدىن سورىشىڭلار كېرەك ئىدى ، پارتكوم ...

بۇ قېتىم ئىمىن رەتىل شۆجىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى :

— بولىدۇ ، ئاكا ، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلىلى . ئىئانە دېگەن ئەمەلىيەتتە سەدىقە بەرگەنگە ئوخشاش ئىش . بۇنىڭدىن كېيىن كوچىلاردىكى تىلەمچىلەرگە ياكى ئۆيلەرگە تىلەپ كەلگەن سائىللارغا سەدىقە بەرسەكمۇ سىلىدىن سوراپ بېرىلى .

ئىمىن رەتىل گېپىنى تۈگىتىپلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، شۆجىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەستىن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .



# ئەلگە ياققان قوشاقلار

— تــوۋا ، توۋا ، كـەنـت بـاشـلـىقى دېگەن شۇنداق چــوڭ نــېمــىــمىدۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان خەقنى ھاشارغا ئەۋەتىپ ، خوتۇنلىرىغا چاڭ سېلىپ كەلسە ، «كوللېكتىپ جوغلانما يېرى» دەپ ئــايــرىۋالغان نەچچە يۈز مو يەرگە بىچارە دېھقاننى بىكارغا ئىشلىتىپ ھوسۇلىنى سېتىپ پۇلىنى يانچۇقىغا سالسا ، كۆزىمىز كــۆرۈپ تــۇرۇپــمــۇ ھــېچنېمە دېيەلمىدۇق . مانا ئەمدى تېخىمۇ يوغىناپ ، ئۆزىنى گويا بىر دۆلەتنىڭ داھىيسىدەك ھېس قىلىدىغان بــولــۇپ كــەتــتــى ئــۇ مــەمەدان . سىلىمۇ ئاڭلىغانسىلە ، ئۇنىڭ كــاســاپىتىدىن بــۇ يىلــقى قۇربان ھېيتنى ئۆتــكۈزەلــمەيــدىغان بوپتۇق…

— مەنمۇ ئاڭلىدىم . تۈنۈگۈن ناھىيىگە بارغانتىم . كوچىدىكى كانايلارنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ كەنتنىڭ شۇجىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئــېلــىــنىپ ، تەشەببۇسنامە دەمدۇ ، مۇراجەت دەمدۇ ، بىرمۇنچە گــەپــلەرنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە ، بۇ يىلقى قۇربان ھېيت يازلىق يىغىمنىڭ ئالدىراش پەيتىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا ، كەنتىمىز قۇربان ھېيت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ، يازلىق يىغىم جېڭىگە ئومۇميۈزلۈك ئاتلىنارمىش …

ھەسەن ناۋاينىڭ ئاشخانىسىغا تاماق يېگىلى كىرىپ ، ئىككى دېــھــقــاننىڭ قىلىشىۋاتقان يۇقىرىقى گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئىمىن رەمــتــىل كەنت شۇجىسى سېتىۋالدىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . چۈنكى ، پۈتۈن يانتاق يېزىسى تەۋەسىدىلا ئەمەس ، ھەتتا ناھىيە ،

www.uyghurkitap.com

ۋىلايەت تەۋەسىدىمۇ ئۇنىڭدەك قۇرۇق ئاكتىپ، سولچىل باشلىقتىن يەنە بىرىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ ھەمىشە دېگۈدەك يېزىلىق ۋە ناھىيىلىك پارتكوملارغا ياخشىچاق بولۇش كويىدا، دېھقانغا زىيان سېلىش بەدىلىگە ئايرىم رەھبەرلەرگىلا ياقىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ تاپاتتى. يېزىلىق پارتكوم 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن كۆزگى بۇغداينى تېرىپ بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ ئۆز كەنتىدە 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن بۇرۇن تېرىپ بولىمىز دەپ، دېھقانلارنىڭ ئەمدىلا دان تۇتۇشقا باشلىغان قوناقلىرىنى ئورۇغۇزۇپ، تېخى تۈنجى تېرىمىمۇ تۈگىمىگەن كېۋەزلىرىنى قاراپ تۇرۇپ يەرگە ئاغدۇرغۇزۇپ ھەيدىتىۋېتەتتى. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئېتىزلىقتىن چىقالماي جاپالىق ئىشلىگەن دېھقان: «يەنە بىر ھەپتە مۆھلەت بەرسىلە، قوناق سەل قېتىشىۋالسۇن،... كېۋەزنى بىر قېتىم بولسىمۇ تېرىۋالايلى...» دەپ قانچە يالۋۇرسىمۇ، «بۇ دېگەن يېزىلىق پارتكومنىڭ قارارى، مەن ئارا تۇرالمايمەن...» دەپ ھەرگىز ئۇنىمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان بىرەر ئىش بولسا، يەرلىك پارتكوملارنىلا ئەمەس، ھەتتا قانۇن - نىزاملارنىمۇ قايرىپ قويۇۋېرەتتى. ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىككى تال ياغاچ كېسىشكە توغرا كەلسە، شۇ باھانە بىلەن يىگىرمە تال ياغاچ كەستۈرۈپ، ئون سەككىز تېلىنى ئۆزى بىلىدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، گېپى كەلگەندە سېتىپ خەجلەۋېرەتتى. ئۆز كەنتىدە ياكى قوشنا كەنتلەردە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا، «نېمە ئۈچۈن ياچېيىكىدىن سورىماپتۇ؟!...» دەپ چېچىلاتتى، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىمۇ بارغىلى قويمايتتى. ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئەڭ غەزىپىنى قوزغىغىنى، ئۇنىڭ ئۆز كەنتى تەۋەسىدە پىششىق خىشتىن ئېسىل چوشقا قوتىنى سالدۇرغىنى بولۇپ، ئاتالمىش «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ھەددىدىن ئاشقان سولچىل سىياسەتلەرنىڭ تەسىرىدە بىر مەھەل

ئەۋج ئالغان بولسىمۇ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خاتا سىياسەتلەرنى تۈزىتىش باسقۇچىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بۇ يەرلىك سىياسەتنى ئۇنىڭ يەنە كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئۇنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىزدىنىشىنىڭ قەدىرلىشىمگە ئېرىشىشتىكى دەستەك قىلىۋالغانلىقى ئىدى .

ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا ئۈچ بولغانسېرى ، ئۇنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى . بىر كۈنى بىرى «سېتىۋالدى شۇجى مەسچىتكە كىرىپ ، ئىمامغا نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇسىلا دەپ دەككىسىنى يەپتۇ ···» دېسە ، يەنە بىر كۈنى بىرى «سېتىۋالدى شۇجىنىڭ خادىك ھارۋىسىغا كەنت مۇدىرى چىقىپ سايتىكەن ، شۇجى خوتۇنىنى شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ تىللاپ كېتىپتۇ···» دەپ كېلەتتى . بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغانسېرى ئىمىن رەمتىلنىڭ غەزىپى تېخىمۇ كۆچىيەتتى . ئەمما ، ئۇلار ئىككىسى ئىككى كەسىپنىڭ ئادىمى بولغاچقا ، ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا بىۋاسىتە بېرىپ بىر نەرسە دېيىشى ئەپسىز ئىدى . شۇڭا ، نەچچە كۈن ئويلىنىپ ، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۆزگە ئىلمىغان سېتىۋالدى شۇجى ھەققىدە قوشاق توقۇپ تارقىتىۋېتىشتىن باشقا ياخشىراق ئامال تاپالمىدى .

ئەمما ، كۆڭۈلدە ئويلىماق ، ئېغىزدا ئېيتماق ئاسان بولغىنى بىلەن ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماق تولىمۇ تەس بولغاچقا ، ئىمىن رەمتىل ئىككى ئايغىچە ئۆزىگە يارىغۇدەك قوشاق توقۇيالماي تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئۆتتى . سېتىۋالدىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى قەلىمى كۈچلۈكرەك بىرىگە سۆزلەپ بېرىپ يازدۇرۇشنىمۇ ئويلاپ باقتى . ئەمما ، بۇنداق بولغاندا مەخپىيەتلىك ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ، ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاۋارىچىلىككە قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . شۇڭا ، ئۇ بۇ ھەقتە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىدى . ئاخىر ئىككى ئايدىن ئاشقاندا تۇنجى قوشاقنى يېزىپ پۈتتۈردى :

سپتىۋالدى ئاخۇن ، سپتىۋالدى ،
يولدىن تايدى سپتىۋالدى .
پىچاق قىلىپ ھوقۇقنى ،
ئەلۇ يۇرتنى شىلىۋالدى .

شۇنىڭدىن باشلاپ كۇندە دېگۇدەك بىر ـ ئىككى كۇپلېت قوشاق پۈتۈپ ، ئالدىنقىسىغا قوشۇلۇپ كۆپىيىۋەردى .

بىر كۇنى ئىمىن رەمتىل بىر ئىش بىلەن ئارالاڭقا كەنتكە ماڭغانىدى . كەنتكە ئاز قالغاندا ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ، يول بويىدىكى ئېرىقتا يۇز ـ كۆزىنى يۇدى . ئاندىن قولياغلىقى بىلەن يۇز ۋە قولىنى سۇرتۇپ بولۇپ ماڭغىلى تەمشىلىۋاتاتتى ، كەنت تەرەپتىن تونۇش بىر تراكتورچى چىقىپ كەلدى . ئىككىسى سالاملىشىپ بولۇپ قىسقىغىنا پاراڭلاشتى :

— توۋا ، توۋا ، ھەر قىسما ئىشلارنى كۆرىدىكەن كىشى ، — دېدى تراكتورچى گويا ئۆزى ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك .

— نېمە بولدى ؟ ئۆمرۇڭلىدە كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىشنى بۇگۇن كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسىلە ؟

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ ، مەلىم . راخمان نىياز ھاكىمنىڭ يېزىمىزدا نۇقتىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىلا . ئۇ ئادەم تۇنۇگۇن يېزىدىن تۆت تراكتورچىنى ئاچىقىپ ، ئاينا ئاۋۇ يەردە يەر ئاچقۇزۇۋاتاتتى . بايا تراكتور بىلەن توپا تۇرتۇۋاتساق ، يەر ئاستىدىن سېرىق سۆگەتنىڭ بىرەر مىڭ تال بادرىسى چۇۋۇلۇپ چىقتى . ھەممىمىز ھەيران قېلىپ تراكتورنى توختىتىپ ، راخمان ھاكىمنىڭ ئاغزىغا قالدۇق . راخمان ھاكىممۇ كۆرۈپ ھەيران قالدى . سۇرۇشتۇرۇپ يۈرۈپ ، بۇ بادرىلارنى سپتىۋالدى شۇجىنىڭ كۆمدۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بەك خاپا بولدى . ئەمما ، تراكتورچىلارنى يىغىپ : «بۇ ئىشنى تەكشۇرۇپ تولۇق ئېنىقلاپ چىقىشتىن بۇرۇن ھېچكىمگە دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ ! ...» دەپ



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچۇ ئادرېسى

ئۇقتۇردى .

ئىمىن رەمتىل بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بادرا كۆمۈش ۋەقەسىنى شۇئان قوشاققا قوشۇۋالدى .

ئارىدىن ئالاھازەل ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل ئارالاڭقادىكى ئىشىنى تۈگىتىپ ، قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى . كەنت ئىشخانىسى بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدىكى يول بويىغا ئېچىلغان بىر دۇكاندا پىۋا ئىچىشىپ ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەن ئىمىن رەمتىلنى چاقىرىپ قالدى . ئىمىن رەمتىل سورۇنغا كىرىپ ، راخمان ھاكىمنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى ۋە ھاكىمدىن باشلاپ بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى .

— يانتاققا كەلگەندىن بۇيان سەن توغرۇلۇق گەپ - سۆزلەرنى جىق ئاڭلىدىم ، — دېدى راخمان ھاكىم ئىمىن رەمتىل بىرنەچچە ئىستاكان پىۋا ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، — بۈگۈن بىر سورۇندا بولۇپ قاپتىمىز . قېنى شېئىر - قوشاقلىرىڭ بولسا بىرئوقۇغىنە ، مەن ئاڭلاپ باقاي .

ئىمىن رەمتىلدە ئالدىن تەييارلىق بولمىغاچقا ، كاللىسى قۇرۇق ئىدى . پەقەت يېقىندىن بۇيان سېتىۋالدى شۇجى ھەققىدە توقۇپ كېلىۋاتقان پىشمىغان قوشاقلارلا بار ئىدى . ھاكىم ئېغىز ئاچقانىكەن ، ئىككى كۇپلېت بىر نەرسە ئوقۇمىسا بولمايتتى . شۇڭا ، ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى :

— ھاكىمغا ئەرزىگۈدەك شېئىر - قوشاقلارغۇ يوق . لېكىن ، شۇنداقتىمۇ ھاكىمنىڭ لەۋزىنى يەردە قويغىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، يېقىندىن بۇيان ئەل - ئاۋام ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قوشاقلاردىن يادىمدا قالغانلىرىنى ئوقۇپ باقاي :

سېتىۋالدى ئاخۇن ، سېتىۋالدى ،
يەرنى «ئۇۋلاپ» ئېتىۋالدى .

كېۋەز ساتقان نەق پۇلنى،
زارات بانكىغا قويۇۋالدى .

سىتىۋالدى ئاخۇن ، سىتىۋالدى ،
سالام قىلسا قىتىۋالدى .
تەكشۈرگۈچى كەلگەندە ،
«مەن كېسەل ...» دەپ يېتىۋالدى .

سىتىۋالدى ئاخۇن ، سىتىۋالدى ،
دېھقانلارنى بۇلىۋالدى .
چەتكە قېقىپ پۇقرانى ،
مەنسەپدارنى يۇدۇۋالدى .

سىتىۋالدى ئاخۇن ، سىتىۋالدى ،
يەرگە بادرا كۆمۈۋالدى .
تراكتوردا تۈرتكەندە ،
راخمان هاكىم تېپىۋالدى .

ئالدىنقى قوشاقلارنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتكەن راخمان هاكىم ئاخىرقى قوشاقنى ئاڭلاپ شۇ هامان قاپىقىنى تۈردى ـ دە ، قايناپلا كەتتى :

— قانداق دېگەن گەپ بۇ ؟ ! كۆمۈلگەن بادرىنىڭ تېپىلغىنىغا تېخى ئىككى سائەتچە ۋاقىت بولغان تۇرسا ، بايىلا «هېچكىمگە دېيىشكە بولمايدۇ» دەپ ئورۇنلاشتۇرغان بۇ ئىش قانداق قىلىپ بۇ يەردە يوق ئىمىن رەمىتىلىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يېتىدۇ ؟ !... يانتاق دېگەن قانداق يەر بۇ ؟... ياكى سىلەرنىڭ مەخسۇس مەخپىي گەپلەرنى توشۇيدىغان جىن ـ شاياتۇنۇڭلار بارمۇ ؟ !... مەن يەنە بىر دەپ قوياي : بۇ گەپلەر مىشەدە قالسۇن ! يەنە قالايمىقان قوشاق

ئوقۇپ ، قالايمىقان گەپ تارقىتىپ يۈرسەڭلار ، كېيىنكى ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭلار ئىگە !...

ئىمىن رەمتىل شۇنىڭدىن باشلاپ سېتىۋالدى شۇجى ھەققىدە قوشاق توقۇشنى ۋە ھەم ئوقۇشنى توختاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئەل ئارىسىدا ، جۈملىدىن ئاشخانىلاردا ، ھاراق سورۇنلىرىدا ، ھەتتا بالىلىرىنى دۆلەتلىك ئىمتىھانغا ئېلىپ بارغان ئاتا - ئانىلار ئارىسىدا بۇ خىل قوشاقلار داۋاملىشىۋەردى . شۇنداق قوشاقتىن ئىككىنى ئىمىن رەمتىل يەكەندىكى ئىمتىھان مەيدانى ئالدىدا بالىلىرىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشقان مەكتىلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدى :

سېتىۋالدى ئاخۇن ، سېتىۋالدى .
بىر ئوبدانلا بېيىۋالدى .
نەشتەر قىلىپ ھوقۇقنى ،
ئەل - ئاۋامنى چېقىۋالدى .

سېتىۋالدى ئاخۇن ، سېتىۋالدى ،
ھېيتتا ھاشار تېپىۋالدى .
زۇلۇم سېلىپ ئەل - يۇرتقا ،
ئەسمەتخان دەپ نام ئالدى...

ئىمىن رەمتىل ئاشخانا ، چايخانا ، ھاراق سورۇنلىرىدا ؛ مەكىت ، يەكەن ، قەشقەرلەردە ... ئوقۇلۇپ يۈرگەن بۇ خىل قوشاقلارنى يىغىپ كۆرۈۋىدى ، ئۇنىڭ ئومۇمىي سانى ئاتمىش كۈپلېتتىن ئېشىپ كەتتى . بۇ قوشاقلارنى يىغىش داۋامىدا ئىمىن رەمتىل خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدىكى تارىخىي قوشاقلارنىڭ قانداق قىلىپ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «تاپشۇرۇق»

بەلكىم ئېتىز ـ ئېرىق ، زاۋۇت ـ كانلاردا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئوقۇتقۇچىلىقنى «يازدا سالقىن ، قىشتا ئىسسىق سىنىپلاردا قىلىنىدىغان راھەت خىزمەت ...» دەپ قارىشى مۇمكىن . ئەمما ، دۇنيادا ھەقىقەتەن ئىشنىڭ ئاسىنى يوق . بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ شارائىتى ناچار بولغانلىقى ئۈستىگە ، ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىلار گەپكە كىرگۈزەلمىگەن بەڭۋاش باللارنى گەپكە كىرگۈزۈشى ، ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان «قارا قورساق»لارغا بىر خەتنى ئون ، يۈز ، ھەتتا مىڭ قېتىمدىن تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ ساۋاتىنى چىقىرىشى كېرەك . ئېيتماق ئاسان بولغىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرماق تولىمۇ تەس بولغان بۇ بىر قاتار ئىنچىكە ئىشلار ئوقۇتقۇچى بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ روھىنى چارچىتىپ ، زېھنىنى خورىتىدۇ . شۇڭا ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خورىغان زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن ، يىلدا ئىككى قېتىم تەتىل قىلىش تۈزۈمى بارلىققا كەلگەن . بىراق ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملاشقان بۇ تەتىل تۈزۈمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يېزىلىرىدا يەرلىك سىياسەتلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ، ئوقۇغۇچىلار قويۇپ بېرىلگىنى بىلەن ، ئوقۇتقۇچىلار يەنە ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپلەرگە يىغىۋېلىنىدۇ .

ئىمىن رەمتىل يېزا مائارىپ ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان ، گەرچە ئۆز ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەش

پۇرستىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يېزىنىڭ كۆندىلىك يوقلىما تۈزۈمىگە چېتىلىپ قېلىپ، ئوقۇتقۇچىلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك تەتىللەردىن مەھرۇم قالدى. بۇنىڭغا زادىلا كۆنەلمىگەن ئىمىن رەمتىلدە مائارىپ ئىنستىتۇتلىرىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىش ئىستىكى تۇغۇلدى. شۇ چاغدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە مائارىپ ئىنستىتۇتلىرىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلار ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئىمىن رەمتىلمۇ مائارىپ ئىشخانىسىدا ئىشلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ خىزمىتىنى ئاۋۋال «ئىتتىپاق ئوتتۇرا مەكتىپى»گە يۆتكىدى. بۇ مەكتەپتە ئالتە ئاي ئىشلىتىۋەتكەندىن كېيىن 1990 ـ يىلى قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا باردى.

ئىمىن رەمتىلگە دەرسكە كىرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن تارتىپ تاكى ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارغىچە، پەزىلەتلىك بىلىم ئەھلىلىرىدىن، جان بېقىش كوچىسىغا كىرىۋالغان ساختا زىيالىيلارغىچە ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلاتتى. جان بېقىش كوچىسىغا كىرىۋالغان ئاشۇ بىر ئوقۇتقۇچى بىر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ ئىمىن رەمتىلنى چاقىردى:

— بۈگۈن كەچ ئۆيگە مېھمان كەلمەكچىدى، — دېدى ئۇ مەيدە يانچۇقىدىن ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىۋېتىپ، — سىزگە بىر تاپشۇرۇق بار. ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ بىر كىلو گۆش، «ئىلى لاۋجاۋ» ھارىقىدىن بىر كىلو، ئاندىن بىر توخۇ ئەكىرىپ بېرىڭ ... ھە راست، ئىككى قاپ تاماكىمۇ ئالغاچ كېلەرسىز، «قار لەيلىسى» ماركىلىقىدىن بولسۇن ...

ئىمىن رەمتىل پۇلنى ئېلىپ بازارغا ماڭدى. «بىزگە بىلىم بېرىۋاتقان مۇئەللىم بولغاندىكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، «بىرەر قېتىم پۇل خەجلىسەم ھېچ گەپ ئەمەس ...» ئۇ ئاشۇ ئوي بىلەن بىر كىلوگرام قوي گۆشىنى ئون بەش كويغا، بىر توخۇنى يىگىرمە كويغا، ئىككى بوتۇلكا «ئىلى لاۋجاۋ» ھارىقىنى قىرىق

سەككىز كويغا ، ئىككى قاپ تاماكىغا بىر تال چاقماقنى قوشۇپ توققۇز كويغا ئېلىپ ، مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەردى .

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئوقۇتقۇچى ئىمىن رەمتىللىنى يەنە چاقىرىپ ، ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوپمۇئوخشاش «تاپشۇرۇق» تىن يەنە بىرنى بەردى . بۇ قېتىم كۆڭلى چۈشۈن يەۋالغاندەك بولۇپ قالغان ئىمىن رەمتىل بازارغا كېتىۋېتىپ مۇئەللىم دەرسكە كىرگەن تۈنجى كۈننى ئىختىيارسىز ئەسكە ئېلىپ قالدى . ئۇ كۈنى ئۇ مۇئەللىم دەرسكە كىرىپ ، ئاۋۋال ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن شۇنداق دېگەنىدى :

— بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىمىز رەسمىي باشلاندى . ئۇستاز - شاگىرت بولۇشقان ئادەم بىر - بىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشمىسا بولمايدۇ . مەن بايا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم . ئەمدى نۆۋەت سىلەرگە كەلدى . قېنى ، بىر - بىرلەپ ئۆزۈڭلارنى تونۇشتۇرۇڭلار...

ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش باشلاندى . «شاگىرت»لار ئۆزىنىڭ ئىسمى ، يۇرتى ، ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ سانى ، كەسپى ... قاتارلىقلارنى شۇنچە تەپسىلىي تونۇشتۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇ مۇئەللىم : «قانچە پۇل مائاش ئالىسىز ؟ ...» دېگەن سوئالنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى . بۇ سوئالغا باشقىلار «بىر يۈز قىرىق كوي» ، «بىر يۈز ئاتمىش كوي» ، «بىر يۈز سەكسەن كوي» ... دەپ جاۋاب بەرسە ، ئىمىن رەمتىل ساددىلىق بىلەن «ئىككى يۈز قىرىق كوي» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى .

— بولىدىكەن ، — مۇئەللىم شۇ چاغدا ئىمىن رەمتىلنىڭ ئىسمىنى خاتىرىسىگە يېزىۋېلىپ ، — مائاشىڭىز مېنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى ئىكەن ، — دېگەنىدى .

«ئاشۇ چاغدا مۇئەللىم ئىسمىمنى بىكارغا يېزىۋالماپتىكەن - دە !» دەپ ئويلىدى ئىمىن رەمتىل ئىچىدە ، «لېكىنزە ، مۇشۇنداق ‹تاپشۇرۇق›نى ھەر ئايدا ئىككى قېتىم بېرىۋەرسە ، ھەر قېتىملىقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن يۈز كويدىن پۇل

كېتىۋەرسە ، خالاغا چىرىش ئۈچۈنمۇ ئىككى مو پۇل بولمىسا ھەرقانچە قىستاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ چىقارغىلى بولمايدىغان بۇ شەھەردە مەن قانداق جان باقارمەن ؟ »

ئىمىن رەمتىل مۇئەللىمنىڭ دەرستىن سىرتقى بۇ خۇسۇسىي «تاپشۇرۇق »لىرىدىن بىزار بولۇپ ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇنىڭ پەيزاۋاتلىق ساۋاقدىشى ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى : «مۇئەللىم» دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ ، «ئۆزۈڭلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈڭلار ... » دېگەندە ، مەن ئۆزۈمنىڭ دېھقان ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكىمنى ، ھازىرمۇ ئۆيۈمنىڭ يېزىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىم . شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم ئۆيگە بارىدىغان بولسام ، ئۇ مۇئەللىم «شەھەردىكى ئۇزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن تۇخۇملارنى ئىستېمال قىلىۋېرىپ ، ئاغزىمىزدىن شالىمىز ئاقىدىغان بولۇپ قالدى . ئۆيىڭىز يېزىدا بولغاندىكىن ، يەرلىك تۇخۇمدىن ئازراق ئالغاچ كېلەرسىز ... » دەپ تاپىلاۋەردى . بىر قېتىم ـ ئىككى قېتىم ئەمەس ، ئۆيگە قانچە قېتىم بارسام ، شۇنچە قېتىم زېرىكمەي تاپىلاپ تۇردى . ئەكەلمەي دېسەم ، ئىمتىھاندا نۆل ئېلىپ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرىدىم . ئەكەلسەم ، ئازغىنا كەم يۈز كىلومېتىر يەردىن خام تۇخۇمنى چاقماي ساق ئەكېلىش ئۈچۈن بەك قىينالدىم . ئاخىر چىداپ بولالماي ، مانا بۇ قېتىم تۆت مېكىيان بىلەن بىر خورازنى قەشقەردىن ئېلىپ ئەكىرىپ بەرسەم ، «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ شەھەرنىڭ كاتەكتەك بىنا ئۆيلىرىدە بۇ توخۇلارنى قانداق باقىمەن ؟ ... » دەيدۇ . مەن دېدىم : «خام تۇخۇمنى پەيزاۋاتتىن ئەكەلگەنگە قارىغاندا ، توخۇنى ئۆيدە بېقىپ تۇخۇملاتماق كۆپ ئاسان ، مۇئەللىم . ئەگەر سىلى باقالمىسىلا ، مانا مەن ئۆزۈم بېقىپ بېرىمەن ... » مۇئەللىم بېشىنى قاشلاپ ئارتۇقچە گەپ قىلالمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن پەيزاۋاتتىن تۇخۇم توشۇشتىن قۇتۇلدۇم ...

ئىمىن رەمتىل بۇ ئەمەلىي ھېكايىنى ئاڭلاپ تۆت كۈندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن ئۆيگە بېرىشقا رۇخسەت سوراپ مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كىردى .

— ھېلىقى قوشۇقچى تاغىڭىز باردۇ ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم ئۇنىڭدىن .

— بار ، — دېدى ئىمىن رەمتىلمۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ .

— ئۆتكەندە ئالغاچ كەلگەن قوشۇقلارنى بىزنىڭ سوۋېتتىن كەلگەن تۇغقانلار تالىشىپ ئەكېتىشتى . بۇ قېتىم يىگىرمە دانە قوشۇق قىردۇرۇپ ئالغاچ كېلىڭ .

— قوشۇق قىرغاننى مەنمۇ كۆرگەن ، مەلىم . ئۆرۈكنىڭ قاتتىق ياغىچىنى ھەرىدەپ ، كېيىن كەكىدە چېپىپ شەكىلگە كەلتۈرۈپ ، ئاخىرىدا بىردىن - بىردىن قىرىپ يىگىرمە قوشۇقنى ياساپ بولغۇچە ئاز دېگەندىمۇ بىر ھەپتە كېتىپ قالىدۇ .

— مەيلى ، بىر ھەپتە كەتسە - كېتەر ، مەكتەپ سورۇشتۇرسە ، جاۋاب بېرىدىغان ئادەم مەن . ئۆيدە ماتەم ئىشى بولۇپ قاپتۇ دەپ قوياي . بىر ھەپتىدىن كېچىكمەڭ . يىگىرمە تال قوشۇقنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇماڭ .

ئىمىن رەمتىل ئۆيگە كېلىپ ئون كۈن تۇردى . ئون كۈنگىچە ئاتا - ئانىسى ، ئاكا - ئۇكا ، ئاچا - سىڭىللىرى ۋە دوست ، يار - بۇرادەرلىرى بىلەن قانغۇچە پاراڭلاشتى . ئون كۈن توشقان كۈنى ئۆيدىكىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ناھىيە بازىرىغا كەلدى - دە ، جامە ئالدىدىكى بىنەپتىلىك بازاردىن بىر مېتىر ئاق داكا سېتىۋېلىپ سومكىسىغا سالدى . ئاندىن بېكەتكە كېلىپ بېلەت ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ ماڭدى . ئاپتوبۇس قەشقەر بېكىتىگە كەلگەندىن كېيىن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ھاجەتخانىغا كىردى - دە ، سومكىسىدىكى داكىنى يىرتىپ بېلىگە باغلىدى . ئاندىن ھاجەتخانىدىن چىقىپ مەكتەپكە ماڭدى .

— تاغام قازا قىلىپ كەتتى ، مەلىم ، — دېدى ئۇ مەكتەپكە بېرىپلا ئاۋۋال مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ، — مەن بارغاندا كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتىكەن . ساقىيىپ قالسا

قوشۇقلارنى قىردۇرۇپ ئالغاچ بارارمەن دەپ ساقلىدىم . لېكىن ، بىچارە جاپاكەش تاغام كۈندىن ـ كۈندىن ئاجىزلاپ ، ئاخىر ئۆلۈشكۈن كەچتە بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشتى...

ئىمىن رەمتىل مۇئەللىمنىڭ كەيپىياتىدىن ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگەن ـ ئىشەنمىگەنلىكىنى بىلەلمىدى . ئىشقىلىپ ، ئۇنىڭ كەيپىياتى سۇس ئىدى . شۇڭا ، ئىمىن رەمتىل ئولتۇرمايلا قايتىپ چىقتى .

— يالغان ! بىز ئىشەنمەيمىز ، — دېيىشتى ياتاقتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىمىن رەمتىلنىڭ «تاغام ئۆلۈپ كەتتى » دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ .

— ئىشەنمىسەڭلا ، ئەمىسە ھازا ئېچىپ بېرەي : ۋاي تاغام ! داڭلىق قوشۇقچى تاغام ! پۇل تاپقاندا ھوشۇقچى تاغام ! ...

— ...

ئىمىن رەمتىلنىڭ تاغىسىنىڭ «قازا قىلىشى» بىلەن مۇئەللىمنىڭ «قوشۇق تاپشۇرۇقى» ئەمدى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇن كوي پۇلنى تۇتقۇزۇپ بىر پاتمان سودىلىققا بۇيرۇيدىغان «تاپشۇرۇق »لىرى يەنە پات ـ پات داۋاملىشىپ تۇردى . ئاشۇنداق «تاپشۇرۇق »لارنىڭ بىر قېتىملىقىدا ئىمىن رەمتىل ئۆزىنىڭ يېنىدا سېرىق سىنت چاغلىق پۇل قالمىغانلىقىنى بىلدى ـ دە ، بازارغا چىقىپ مۇئەللىم بەرگەن ئۇن كوي پۇلغا كاۋاپ يەپ ، ئاشقىنىغا قاۋاقخانىغا كىرىپ تۆت سەر هاراق ئېلىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن بەخىرامان كىنو كۆردى .

— ئىمىن رەمتىل ! — دەپ چاقىردى مۇئەللىم ئەتىسى ئۇنى چۈشلۈك ئارام ئېلىشتا ، — ئىشخانىغا چىقىڭ .

مۇئەللىمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى ئىمىن رەمتىلگە ئايان بولغاچقا ، ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى :

— تۈنۈگۈن كەچ بۇلاڭچىغا ئۇچرىدىم ، مەلىم ، — دېدى ئۇ مۇئەللىمنىڭ كايىشلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، — سىلى دېگەن سودىلىقنى قىلىش ئۈچۈن دوقمۇشقا چىقسام ، بۇ ئەتراپتىكى

www.uyghurkitap.com

دۇكانلاردا «ئىلى لاۋجاۋ» يوق ئىكەن. باغچە ئالدىدىن ئەكېلەي دەپ بارسام، تۆت مەست ئالدىمنى توسىۋالدى. ئۇلارنىڭ بىرى بەك كۆچتۈڭگۈر نېمىكەن. گېلىمدىن سىقىپ بىر كۆتۈرۈۋىدى، پۇتۇم يەرگە تەگمەي تېپىچەكلەپ قالدىم. ئاڭغىچە قالغان ئۈچى يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ قۇرۇقداپ قويدى...

— بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان مەخسۇس ئەدەبىيات بىلىمىڭىزنى ئاشۇرغان ئوخشىمامسىز؟ ھېكايە توقۇشقا خېلى ئۇستا بولۇپ قاپسىز جۇمۇ...

— ئىشەنمىسىلە ياتاقتىكىلەر گۇۋاھ، مەلىم. سىلىنى مېھمانلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتماي چوقۇم دېگەنلىرىنى ئەكېلىپ بېرىمەن دەپ شۇنچە تىرىشتىم. لېكىنزە، قېرىشقاندەك بىرەر تونۇشۇممۇ ئۇچرىمىدى. بولمىسا تونۇشلاردىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ، سىلىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى چوقۇم ئورۇندايتتىم... ھېلىھەم بولسىمۇ ئەتە-ئۆگۈنگىچە ئۆيدىن پۇل كېلىشى ھامان تاپشۇرۇقلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندۇۋېتىمەن...

— مەۋسۇملۇق ئىمتىھان يېقىنلاپ قالدى. قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىپ بىر ئىش قىلارسىز...

ئىمىن رەمتىل مۇئەللىمگە يەنە بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئىشخانىدىن قايتىپ چىقتى. قىزىق يېرى، ئەتىسى كەچتە مۇئەللىمنىڭ چاقىرتىۋېلىشى بىلەن كوچىغا چىققانىدى، ئايلىنىپ-ئايلىنىپ باغچە ئالدىغا كەلگەندە، تۈنۈگۈن مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدا ئاغزىغا كەلگىنى بويىچە دەپ قويغان «بۇلاڭچى»غا رەسمىي ئۇچرىدى:

— توختا! — دېدى ئېغىر دەرىجىلىك مۇشتلاش تەنھەرىكەتچىلىرىدەك زور بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — مەن ھاراققا قانمىدىم. ماڭا يا ئىككى سەر ھاراق ئېلىپ بېرىسەن، يا بەش كوي پۇل بېرىسەن.

— مەندە پۇل يوق، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا گويا دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ ئۇچىغا قارىغاندەك بويۇنداپ قاراپ.

— نېمىشقا سەندە پۇل يوق ؟ ! — دېدى ھېلىقى زەبەردەس مەست ئىمىن رەمتىلىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئىگىز كۆتۈرۈپ .

— شۇ … شۇ ، ئاكام پۇل بەرمىدى …

— ئاكاڭ قېنى ؟ !

— يېنىمدا تۇرغان ئاشۇ ئادەم شۇ .

مەست ئىمىن رەمتىلنى قويۇۋېتىپ ، ئەمدى مۇئەللىمنىڭ ياقىسىدىن ئالدى :

— ئۇكاڭغا نېمىشقا پۇل بەرمىدىڭ ؟ !

— ھازىر بېرىمەن ، مانا ھازىر ، — دېدى مۇئەللىمmۇ پۇتى يەرگە تەگمەي تىرتاڭلىغان ھالدا .

— ئۇكاڭغا بەرسەڭ ، ئۇكاڭ ماڭا بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ئەكەل ، ماڭىلا بەر !

مەست مۇئەللىمنى يەرگە دەسسىتىپ قويدى . مۇئەللىم ھېلى مەيدە يانچۇقىنى ، ھېلى كاسا يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ، بەكمۇ تەستە بەش كوي پۇلنى ئېلىپ مەستكە تەڭلىدى .

— ئەمدى يولۇڭغا ماڭ ! — دېدى مەست ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇكاڭنى بوزەك قىلما ! بولمىسا مەندىن ئەدىپىڭنى يەپ قالىسەن ! …

مۇئەللىم ئۇنىڭ يېنىدىن تېزرەك كېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى . كېتىۋېتىپ ئىمىن رەمتىلنى ئىزدەپ ئەتراپقا قارايتتى . ئەمما ، ئىمىن رەمتىل ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى .

مۇئەللىم بۈگۈنكى مەست بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىنى ئىمىن رەمتىلنىڭ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ قالدىمۇ ياكى يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بارمۇ ، ئىشقىلىپ ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمىن رەمتىلگە ئەمدى «تاپشۇرۇق» بەرمەيدىغان بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پىكىر ساندۇقى

مەكتەپ مەيلى ئالىي مەكتەپ ياكى باشلانغۇچ مەكتەپ بولسۇن، ئادەم بالىسىغا بىلىم بېرىپ، كەلگۈسىنىڭ ئالىم ـ ئىنژېنېر، شائىر، يازغۇچى، دوختۇر، ھەربىي قوماندان، ھەتتا داھىيلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان خاسىيەتلىك جاي بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا تولىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ.

ئەمما، مەكتەپلەردىكى كونكرېت ئىشلارغا كەلسەك، ھەرقانداق بىر مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئىككى «قوشۇن»دىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە تاقابىل تۇرۇش كويىدا يۈرىدىغان بۇ ئىككى «قوشۇن» ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ھالدا زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بولماي قالمايدۇ. خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىلار باشقۇرغۇچى، ئوقۇغۇچىلار باشقۇرۇلغۇچى بولغىنى ئۈچۈن، كۆپىنچە ھاللاردا باشقۇرغۇچى تەرەپ ئۆز ئىرادىسىنى زىيادە گەۋدىلەندۈرۈپ، باشقۇرۇلغۇچى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ئاسانلا سەل قارايدىغان ئىش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ··· ئىمىن رەمتىل قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى مەكتىپىگە كەلگەن نەچچە ئايدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت داۋامىدا يۇقىرىقى نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدىكى ناتوغرا ئىستىللاردىن باشقا، مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا قارىتىلغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىمۇ ئاز بولمىغان تەكىسىزلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، گەرچە مەۋسۇم بېشىدا ئوقۇغۇچىلاردىن پۇل

يىغقاندا ياتاق پۇلى ۋەھاكازالاردىن باشقا ، يەنە سۇ پۇلى دەپ ئايرىم پۇل يىغىسىمۇ ، لېكىن ئوقۇغۇتۇش ۋە ياتاق بىناسى بىر بولغان بۇ مەكتەپتە ، كۈنىگە ئاران بىر سائەت سۇ بېرىلگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا بارلىق جۈمەكلەردە سۇ توختاپ كېتەتتى . نەتىجىدە ھاجەتخانىلار پۇراپ ، پۈتۈن بىنانى سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە ، ئوقۇغۇچىلار قول يۇيۇشقىمۇ سۇ تاپالماي قىينىلاتتى . بۇنىڭدىن بىزار بولغان ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك يىغىنلاردا كۆپ قېتىم پىكىر قىلغان بولسىمۇ ۋە مەكتەپمۇ «تۈزىتىمىز ···» دەپ كۆپ قېتىم ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىلار قىلغان پىكىرلەرنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىدى .

بىر نەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ ئىش يادىغا كېلىۋېلىپ ، مۇۋاپىق چارە تاپالمىغىنىغا ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن ئىمىن رەمتىل كەچتە سىرتتىن چالا مەست ھالەتتە ياتاققا قايتتى . ساۋاقداشلىرى ئاللىقاچان ئۇخلاپ بولغانىدى . ئۇمۇ ھاجەتخانىغا چىقىپ كىرىپ ئۇخلىماقچى بولدى . لېكىن ، ھاجەتخانىدىن يېنىپ ، قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇخانىغا كىرگەندە ھەممە جۈمەكنى ئېچىپمۇ بىر تېمىم سۇ تاپالمىدى . ئاچچىقىدا پۈتۈن بىنادىكى سۇخانىلارنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ ، بارلىق جۈمەكنى ئاخىرقى چەككىچە تولغاپ تولۇق ئېچىۋېتىپ ياتىقىغا چىقىپ ياتتى .

ئەتىسى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجەتخانىغا ماڭغاندا ، كارىدورنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكىنى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈۋېلىپ مېڭىپ يۈرۈشكىنىنى كۆردى ـ دە ، ئۆزىمۇ شىمىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈۋېلىپ ھاجەتخانا ۋە سۇخانىلارغا كىرىپ چىقتى . بۇ ئىش ئوقۇغۇچىلارغا قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ ئۇلارنى خۇشال قىلسىمۇ ، لېكىن ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئەدەپسىزلىك تۇيۇلۇپ ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويدى . چۈنكى ، ئۇلار ھېچبولمىغاندىمۇ ، كۈندە دېگۈدەك مايلاپ چاڭ قوندۇرماي ئاسراپ كەلگەن بەتتىنكىلىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىنى ئەسلا خالىمايتتى . شۇڭا ، جۈمەكنى ئېچىۋېتىپ سۇنى قويۇۋەتكەن ئادەم سىنىپ ـ سىنىپلاردا قاتتىق

سۇرۇشتە قىلىندى . بىراق ، بۇ ئىش سۇ پۇلى تۆلەپ تۇرۇپمۇ سۇغا ئېرىشەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغاچقا ، ئوقۇتقۇچىلار ھەرقانچە قىلغىنى بىلەن جۇمەكنى ئېچىۋەتكەن ئادەمنى تاپالمىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ بىنادىكى بارلىق جۇمەكلەر پات - پات ئېچىۋېتىلىپ ، بىنانى سۇ بېسىپ كېتىدىغان ئىشلار ھەپتىدە نەچچە تەكرارلىنىپ تۇردى . مەكتەپ ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ «يار قويۇپ بەرگۈچى»نى تاپالمىغاچقا ، ئاخىر كۈندە بىر سائەت سۇ بېرىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ ، پۈتۈن كۈن سۇ بېرىشكە مەجبۇر بولدى .

ياز ۋە كۈز كېتىپ قىش كەلدى . ئەمدى يەنە يېڭى - يېڭى زىددىيەتلەر چىقىشقا باشلىدى : بىنانىڭ ئىشخانا ۋە ئائىلىلىكلەر ئورۇنلاشقان قەۋەتلىرىنىڭ پارلىرى خېلى ئوبدان ئىسسىسىمۇ ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق بىناسىدىكى پار ئانچە ئىسسىمىدى . بولۇپمۇ كېچىلىرى پار قازانغا ئوت قالاش ۋاقتىلىق توختىتىلغان چاغلاردا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرى بەكلا سوۋۇپ كېتەتتى . بىر ئويغىنىپ كەتسە قايتا ئۇخلىمىقى تەسكە چۈشىدىغان ئىمىن رەھىتىل بۇنىڭغىمۇ چارە ئويلاپ تاپتى : ئىمىن رەھىتىلنىڭ كارىۋىتى ياتاقتىكى چوڭ - كىچىك پار تۇرۇبىلىرى كېسىشىپ ئۆتىدىغان بۇلۇڭدا ئىدى . دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە ئىمىن رەھىتىل پول سۈرتكۈچنىڭ سۇنۇپ كەتكەن دەستىسى بىلەن پار تۇرۇبىسىنى ئۇرۇپ ، دۇمباق چالغاندەك چالدى . ياتاقتىكى پار تۇرۇبىلىرىنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئىشخانا ، سىنىپ ۋە ئائىلىلەرگىچە تۇتاشقاچقا ، ئىمىن رەھىتىل ھەر كېچىسى توڭلاپ ئويغىنىپ كېتىپ پار تۇرۇبىسىنى چېلىشقا باشلىغاندا ، پۈتۈن بىنادا رىتىملىق تاراقشىغان ئاۋاز ياڭراپ ، باشقا ياتاقتىكى ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس ، ھەتتا ئائىلىلىكلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ ئويغىنىپ كېتىپ ئۇخلىيالمىدى . بۇ ئىش بىرنەچچە كېچە داۋاملاشقاندىن كېيىن مەكتەپ مەمۇرىيىتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ، پار تۇرۇبىسىنى قەستەن تاراڭلىتىپ ، بىنادىكىلەرنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئارامىنى بۇزغان ئادەمنى تۇتۇش ھەققىدە چارە ـ تەدبىر ئويلاشقا مەجبۇر بولدى . نۇرغۇن باش قاتۇرۇشلاردىن كېيىن ھەرقايسى سىنىپلاردىكى پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ئۇلارنى پاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە ، ھەربىر ياتاققا بىردىن پارتىيە ياكى ئىتتىپاق ئەزاسىنى مەخسۇس ئاشۇ ئىشنى كۆزىتىشكە ۋەزىپە بىلەن ئورۇنلاشتۇردى . ئىمىن رەمتىلنىڭ ياتىقىدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىدىن بولغان بىر ساۋاقدىشى بولۇپ ، ئۇمۇ پارتىيە ئەزاسى ئىدى . ئۇ مەكتەپ ئاچقان ھېلىقى مەخسۇس يىغىننىڭ روھىنى ئىمىن رەمتىلگە يەتكۈزۈش بىلەن بىللە ، ئەمدى پار تۇرۇبىسىنى چېلىشنى توختىتىشنى ، بولمىسا ئۆزىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— بۇ بىر ئادەمنىڭ ئوسال ئەھۋالدا قېلىش ـ قالماسلىق مەسىلىسى ئەمەس ، ئاداش ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا ياتاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ، — ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق ئىسسىنىشىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇش مەسىلىسى . ناۋادا سەن پارتىيە ئەزاسى بولغاندىكىن ، ياتاقلارنىڭ نورمال ئىسسىشىغا كاپالەتلىك قىلالىساڭ ، پار تۇرۇبىسىنى ھەر كېچىسى دۇمباق قىلىپ چېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ . ناۋادا ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمىسا ، يەنە يېرىم كېچىدە توڭۇپ ئويغىنىپ كەتسەك ، سوغۇق ياتاق ، سوغۇق يوتقاندا ئۇخلىيالمىغاندىكىن ، قىلغىلى ئىش تاپالماي تۇرۇبىنى يەنە چالىدىغان گەپ …

ئىمىن رەمتىلنىڭ تەڭلىكتە قالغان ساۋاقدىشى ئاخىر ياتاقتا يېتىشتىن ۋاز كېچىپ ، ھەركۈنى ئىككى قېتىم يول ئازابى تارتىشمۇ ۋە ئارتۇقچە ـ ئارتۇق كىرا تۆلەپ بىرمۇنچە زىيان تارتىشمۇ ، بىر مەزگىل كەچتە ئۆيىگە كېتىپ ، ئەتىگىنى كېلىپ ئوقۇش يولىنى تاللىدى . بۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ پارتكوم شۇجىسى باش بولۇپ مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ئورۇنلاشتۇرغان تەدبىرمۇ سۇغا

چىلاشتى . پەقەت قىشلىق تەتىل يېتىپ كېلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تەتىل قىلىپ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىنلا ، بىنادىكىلەر خاتىرجەم ئۇخلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتى .

ئەمما ، باشقۇرغۇچى تەرەپ بولغان مەكتەپ بىلەن باشقۇرۇلغۇچى تەرەپ بولغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى زىددىيەت شۇنىڭ بىلەنلا توگەپ كەتمىدى . ئىمىن رەمتىل مەكتەپكە بارغاندىن باشلاپلا مەكتەپ ئاشخانىسىدىكى تاماقنىڭ ناچارلىقىنى بىلگەن ھەمدە تاماق زالىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئېسىپ قويۇلغان «پىكىر ساندۇقى»غا نۇرغۇن قېتىم پىكىر يېزىپ سېلىپ باققانىدى . بۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، «ئېھتىمال مەكتەپ بۇ بىر ئادەمنىڭ پىكرى ئىكەن دەپ قالغان ئوخشايدۇ ...» دەپ ئويلاپ ، ساۋاقداشلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ، سىنىپ بويىچمۇ پىكىر يېزىپ باققان . بىراق ، بۇنىڭمۇ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىغانىدى .

بىر كۈنى ئىمىن رەمتىل ئاشخانىغا تاماققا چىقىش ئالدىدا ، قاچىسىنى يۇيۇپ مېڭىش ئۈچۈن ئاۋۋال سۇخانىغا كىردى ۋە ئۇ يەردە جېنى ئاز قالغان بىر چاشقان بالىسىنى كۆرۈپ قالدى . چاشقان بالىسى دورا يەپ قالغانمۇ ياكى سۇغا چۈشۈپ كەتكەنمۇ ، ئىشقىلىپ ، دۈگدىيىپ ئاران مېڭىپ يۈرەتتى . ئىمىن رەمتىل ئۇنى تۇتۇپ سەرەڭگىنىڭ قېپىغا سېلىپ تاماق زالىغا ئېلىپ چىقتى ۋە ھېلىقى پىكىر ساندۇقىنىڭ تۆشۈكىدىن سېلىۋەتتى . نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا ، ئىستىخىيىلىك ھالدا قىلىنغان بۇ ئىش ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئويلىمىغان ياخشى نەتىجە ئېلىپ كەلدى . يەنى ئاشخانىنىڭ زاپخوزى ئوقۇغۇچىلاردىن ئاشكارا كەچۈرۈم سوراپ ، تاماق سۈپىتىنى ياخشىلاشقا ۋەدە بەردى . ئۇلار ئەسلىدە پىكىر ساندۇقىنى ئېچىپ ، ئىچىدىكى ئۆلۈك چاشقان بالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن «بۇ بىرىنىڭ تامىقىدىن چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ ...» دەپ ئويلاپ خىجىل بولغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلاردىن ئەپۇ سورىغانىدى .

ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئاشخانىنىڭ تاماق سۈپىتىدە ھەقىقەتەن ياخشىلىنىش بولدى . ئەمما ، بۇ ياخشىلىنىش ئاران ئىككى ھەپتە داۋاملىشىپ ، يەنە بۇزۇلۇپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ قالدى . ئىمىن رەھىمتىل ئەمەلىيەتتە ئۇنۇم بەرگەن بۇ ئۇسۇلنى قايتا بىر سىناپ باقماقچى بولدى . بىراق ، بۇ قېتىم چاشقان بالىسى ئۇچرىمىغاچقا ، چىۋىن ، سۆۋەرەك ... دېگەندەك ھاشاراتلاردىن نەچچىنى تۇتۇپ ، پىكىر ساندۇقىغا شۇنى سېلىپ قويدى . بۇنىڭمۇ دەرھال ئۇنۇمى كۆرۈلۈپ ، يەنە بىر - ئىككى ھەپتە تاماق سۈپىتى ياخشىلاندى . لېكىن ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ تاماق سۈپىتى يەنە خېمىغا يېنىپ قالدى ...

ئىمىن رەھىمتىل بىلەن ئاشخانا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يوشۇرۇن كۆرەش داۋاملاشماقتا ئىدى . ئىمىن رەھىمتىل ھاشارات تۇتالمىغان چاغلاردا ، يولدا ئۇچراپ قالغان ماياق ، تېزەك ... دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ تېرىپ كېلىپ پىكىر ساندۇقىغا سېلىۋەردى . پىكىر ساندۇقىنى ئېچىپ بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەنلەر دەماللىققا ھەيران قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ھايال ئۆتمەيلا بۇنىڭ ئاشخانىدىكىلەرنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈن قەستەن قىلىنىۋاتقان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشتى . چۈنكى ، بىنانىڭ ئۈستىگە جايلاشقان مەكتەپ ئاشخانىسىدا ، ئات - ئېشەك ، قوي - كالا تېزەكلىرىنىڭ بولۇشى ئەسلا ئەقىلگە سىغمايتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئاشخانىدىكىلەر «پىكىر ساندۇقى»غا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا باشلىدى . زالنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئادەم كىرىشكە باشلىغاندىن تارتىپ ، تاكى ئاشپەزلەر قازان - قومۇشنى يىغىشتۇرۇپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتكەنگە قەدەر «پىكىر ساندۇقى»نى يوشۇرۇن نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى .

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ ، بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئىمىن رەھىمتىل ئاخشام مەكتەپ ئالدىدىكى يولدىن تۇتۇپ كىرگەن ئىككى موزايۋېشىنى سېلىۋېتىش ئۈچۈن پىكىر ساندۇقىغا قولىنى

تەڭلىشىگە، بىرى ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ «كاپ!» قىلىپلا قولىنى تۇتۇۋالدى. ئىمىن رەمتىل كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاشخانىنىڭ زاپخوزىنى كۆردى.

— ھە، ئاخىر تۇتتۇمما؟! — دېدى زاپخوز كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ھەئە، تۇتتىلا!

— ماڭە ئەمىسە، شۇجىنىڭ يېنىغا چىقىمىز!

— بەلەن گەپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىلىنى شۇجىنىڭ يېنىغا ئاچىقالماي يۈرەتتىم. بۇ قېتىم ئۆزلىرى چىقىدىغان ئىش بولسا، قېنى ماڭسىلا ئەمىسە!

— ئۇلار مەكتەپ شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىشتى. زاپخوز ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ، شۇجىغا بىر قۇر ئەھۋال چۈشەندۈرگەندىن كېيىن «مەن چىقىپ تاماق بەرمىسەم بولمايتتى...» دەپ، ئىمىن رەمتىلنى ئىشخانىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— بايىقى گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىز، — دېدى شۇجى ئىمىن رەمتىلگە، — ئاشۇمۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟! قېنى دەپ بېقىڭا، ئاشخانىدىكىلەرگە پىكرىڭىز بولسا، ئۇنى قەغەزگە يېزىپ پىكىر ساندۇقىغا سالماي، چاشقان، چۈۋىن، سۆۋەرەك... دېگەندەك مەينەت نەرسىلەرنى سېلىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟!... قېنى دەپ بېقىڭا، شۇنداق قىلغىنىڭىز راستمۇ؟!

— راست، — دېدى ئىمىن رەمتىل شۇجىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، — قېنى سىزمۇ بىر دەپ بېقىڭا، قەغەزگە پىكىر يېزىپ، ساندۇققا سېلىۋەرسە، ساندۇقنى ئاچقانلار پىكىر يېزىلغان قەغەزدە قوڭنى ئېرتىپ تاشلىۋېتىۋەرسە، بۇنداق ئىش بىر قېتىم - ئىككى قېتىم ئەمەس، بىر مەۋسۇمدا بەش - ئالتە قېتىم تەكرارلىنىۋەرسە، ھەتتا ياتاق - سىنىپلار بويىچە كوللېكتىپ پىكىر يېزىپ سالسىمۇ بۇنىڭ ھېچنېمىگە



www.uyghurkitap.com

پايدىسى بولمىسا، سىزچە يەنە ئۇلارنى تەرەت قەغىزى بىلەن داۋاملىق تەمىنلىشىمىز كېرەكمىدى؟...

— ئەجەبا قەغەزگە يېزىپ سېلىنغان پىكىرلەرنىڭ پايدىسى بولماي، چىۋىن - چاشقانلارنى سالسىڭىز شۇنىڭ پايدىسى بولدىما؟!

— دەل شۇنداق بولدى. تولا پىكىر يېزىپ زېرىككەندىن كېيىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي يۈرسەم، بىر چاشقان بالىسىنى تۇتۇۋالدىم. ئاچچىقىمدا ئۇنى پىكىر ساندۇقىغا سېلىۋەتسەم، ئىككى ھەپتىگىچە تاماقنىڭ سۈپىتى شۇنداق ياخشىلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئەمەلىي پايدىسى بولغان بۇ ئۇسۇلنى پات - پات سىناپ باقتىم شۇ...

شۇجى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان ئېسىل سىگارتتىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى. سەرەڭگە تېلىنى ئۆچۈرۈپ كۈلدانغا پاتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن بايىقىدىن تۆۋەنرەك تەلەپپۇزدا دېدى:

— مەيلى نېمىلا بولسۇن، سىز دېگەن بىر ئوقۇغۇچى. ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پىكىر ساندۇقىغا چىۋىن - چاشقانلارنى سېلىپ قويۇش ئەدەپسىزلىك. ئاشخانىغا ياكى مەكتەپنىڭ باشقا تارماقلىرىغا پىكىرىڭىز بولسا، بىۋاستە ماڭا دېسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇنداق قىلىقسىزلىقلارنى قىلىپ يۈرمەڭ... بۈگۈنكى بۇ ئىشقا كەلسەك، بۇنى يەنە ئايرىم تەكشۈرۈپ، كېيىن بىر نەرسە دەيمىز...

شۇجى ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىپ تاكى شۇ مەۋسۇم ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئۇ ئىش توغرۇلۇق باشقا ھېچقانداق گەپ بولۇنمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۇن بۇلاقچىلىرى

ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن چاغلاردۇر. ئۇ گويا بىر يىل ئىچىدىكى كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان باھار پەسلىگە ئوخشايدۇ. گەرچە بۇ پەسىلدە ئىللىق قۇياشنىڭ تەپتىدىن توڭ – مۇزلار ئېرىپ ئەگىز بولۇپ، باغۋارانلاردا تۈمەن خىل گۈل – چېچەكلەر ئېچىلىپ، تەبىئەت ئەركىسى بولغان ئۇچار قۇشلار خەندان ئۇرۇپ سايرىشىپ، بىر مىسلىسىز گۈزەل مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەندەك، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ھەربىر ياش يۈرەكمۇ مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن چەكسىز شېرىن ئارزۇ – ئۈمىدلەر ئىلكىدە ئۆز روھىنى چەكسىز گۈزەل بىر مەنىۋى مۇھىت بىلەن تويۇندۇرىدۇ. گەرچە گۈزەل باھار قوينىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ چېچەكلەرنىڭ ھەممىسى مېۋىگە كىرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ تۆكۈلگەن گۈل – ياپراقلىرى ئانا تەبىئەت قوينىدا ساقلىنىپ قالغاندەك ۋە ھەم نەۋ باھار قوينىدا خەندان ئۇرۇپ سايراشقان كۆيچى قۇشلارنىڭ بەزىلىرى باھارنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاۋازى قۇلاقلاردا ھامان ساقلىنىپ قالغاندەك، گۈزەل ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىكى شېرىن ئارزۇ – ئارمانلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىقتا تولۇق ئىشقا ئاشمىسىمۇ، ئاشۇ ئارزۇ – ئارمانلار ئۆزى تۇغۇلغان يۈرەكلەردە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەقەت شېرىن ئارزۇ – ئارمانلارلا ئەمەس، ھەتتا بەڭۋاش ياشلىق ھېسلىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ

سادىر قىلغان بەزى سەۋەنلىك ـ خاتالىقلارمۇ كېيىنكى كۈنلەر ئۈچۈن ئۆچمەس ئەستىلىك بولۇپ، ئۇمۇر خاتىرىلىرىنىڭ بەتلىرىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ...

ئىممىن رەھىمتىل ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئۆتۈلۈپ تۇرىدىغان دەرس، ئۇزۇلمەي بېرىلىپ تۇرىدىغان تاپشۇرۇق ۋە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىپ كېلىدىغان ئىمتىھانلارنىڭ بېسىمىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، بىر شەنبە كۈنى ئۇيناشقا قارتا، ئىچىشكە ھاراق، زاكۇسكىغا تۇخۇم قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، بەش نەپەر ساۋاقدىشىنى باشلاپ، قىزىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پاختەكلى يېزىسى تەۋەسىدىكى بىر كەنت يولىغا كەلدى. ئۇ سەھرادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاچقا، شەھەرنىڭ رىتىمى تېز بىر يىللىق تۇرمۇشى ئۇنىڭ روھىنى چارچىتىۋەتكەنىدى. كەنت يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بوستان سۆگەتلەر ئۇنىڭغا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سۆيۈملۈك سەھرانىڭ پۇرىقىنى ھىدلاتتى. ئۇلار ئېلىنىۋالغان ئەدىياللارنى سۆگەتلەرنىڭ ئاستىغا سېلىپ، گېزىتلەرنى داستىخان قىلىپ، ئۈستىگە ھاراق ۋە زاكۇسكىلارنى تىزىشتى. بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، نۆۋەت بىلەن بىرنەچچە رەت ئايلاندۇرۇپ بىرئاز قىزىۋېلىشقاندىن كېيىن قارتىنىڭ قېپىنى ئېچىشتى...

چۈشتىن كېيىنلا باشلىنىپ، كۆز كۆرمىگۈچە داۋاملاشتۇرۇلغان سورۇندا بەش نەپەر ساۋاقدىشىنىڭ ھەممىسى غەرق مەست بولۇپ، كەچلىك گۈگۈم بىلەن تەڭ ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

— تۇرە ئورنۇڭدىن! — دېدى بىرى ئىمىن رەھىمتىلنىڭ بېشىغا كېلىپ.

چۆچۈپ ئويغانغان ئىمىن رەھىمتىل چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قاراپ، ساۋاقدىشى تۇرسۇن مۇھەممەتنى كۆردى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە.

— ھا ! ـ ھا ! ـ ھا ! ھېچ ئىش يوق . سىلىنى بىر قورقۇتۇپ قويااي دەپ چاقچاق قىلدىم .

— چىك ئا ! — دېدى ئىمىن رەمتىل رەنجىپ، — شۇنىمۇ چاقچاق دېگىلى بولامدۇ؟ بولدى ، باشقا گەپنى قويۇپ ئۇخلاڭلا...

ئىمىن رەمتىل ئىزىدا موك يېتىپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى . ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى . بىر كەمدە بىرىنىڭ قاتتىق سىلكىشىدىن يەنە ئويغىنىپ كەتتى .

— قوپە ئورنۇڭدىن ! — دېدى ئۇنى سىلكىشلەۋاتقان ئادەم قوپاللىق بىلەن .

— ھەي ، تۇرسۇن مەمەت ، — دېدى ئىمىن رەمتىل بۇ قېتىم بېشىنى كۆتۈرمەستىن ،— ئادەمنى نېمانداق ئاۋارە قىلىۋېرىسىلە ؟ !

— كىم سېنىڭ تۇرسۇن مەمتىڭكەن ؟ ! قوپەۋە گۇي !

ئىمىن رەمتىل بىقىنىغا تەگكەن ئىككى تېپىكتىن ھوشىنى يىغىپ ، كۆزىنى ئاچتى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق بىر ئادەم دېۋەيلەپ تۇراتتى .

— نېمە بولدى ؟ ... سىلەر كىم ؟ — دېدى ئىمىن رەمتىل گاڭگىراپ .

— بىز يەرگە تەرەتسىز دەسسەيدىغانلارنىڭ پۇتىغا پاتىدىغان كۆتىچەك ؛ دەرەخكە چىقىپ قۇش چاڭگىلىرىنى چۇۋۇيدىغانلارنىڭ تېقىمىنى يىرتىدىغان پۇتاق ؛ ئۆزىنى بىلمەي گىدىيىدىغانلارنىڭ بېشىغا تېگىدىغان چوماق !...

— بولدى ، بۇ مەستىلىگە ئاغزىڭنى ئۇپراتما ! — دېدى ئۇ تەرەپتە تۇرغان بىرى ئىمىن رەمتىلگە گەپ قىلىۋاتقان ئادەمگە ، — ئۇنى بۇ يەرگە ئەكەل !

ئىمىن رەمتىل باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ، ئەتراپقا قۇلاق سالدى . ئۇنىڭغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە : «بىز دېگەن ئوقۇغۇچى ، ئۇنداق قىلماڭلار ئاكىلار...»

دېگەن ئاۋاز ھەمدە «ئوقۇغۇچى بولساڭ مەكتىپىڭدە يۈرۈشمەي ، بۇ يەردە يوق بارمىتى ؟ !» دېگەن دەشنام بىلەن «چاڭ ! ـ چۇڭ !...» قىلغان تەستەك ئاۋازى چىقىپ قالدى . ئارقىدىنلا يەنە بىر تەرەپتىن «گۈپ ! ـ گۈپ !...» قىلغان تېپىك ئاۋازى ۋە «بولدى ئۇرماڭلار ! خوش بولۇپ قالاي !...» دېگەن نىدالار ئاڭلاندى . ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغان ئىمىن رەمتىل بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشتىن باشقا ياخشى چارە يوقلۇقىنى بىلىپ ، ئاۋۋال ئىشتىنىنىڭ كاسا يانچۇقىدىكى بارى ـ يوقى يەتمىش بەش كوي پۇلىنى پەم بىلەن پايپاقىنىڭ ئىچىگە تىقتى .

— نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ ! سالە كىيىمىڭنى ! — دېدى ئۇنىڭ ئالدىدا دېۋەيلەپ تۇرغان ئادەم .

ئىمىن رەمتىل كۆڭلىكىنى سېلىپ قاراپ تۇردى .

— ماۋۇنىمۇ سالە ! — دېدى ئۇ قولىدىكى كالتەك بىلەن ئىمىن رەمتىلنىڭ ئىشتىنىنى نوقۇپ .

ئىمىن رەمتىل ئىشتىنىنى سېلىپ يەنە قاراپ تۇرغاندى ، ئالدىدىكى ئادەم قولىدىكى كالتەك بىلەن سۆڭگىچىگە بىرنى قويۇپ ، كالتە ئىشتان ، ھەتتا پۇتىدىكى بەتىنكىنىمۇ سېلىشقا بۇيرۇدى . «بۇ بىر توپ بۇلاڭچىلار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئىمىن رەمتىل ئىچىدە ، «ئامال تېپىپ چوقۇم قېچىپ كېتىشىم كېرەك !...»

ئىمىن رەمتىل ئىشتىنىنى ، بەتىنكىسىنى سېلىپ ، ئالدىدىكى ئادەمنىڭ «بۇيرۇقى»نى كۈتتى .

— ماۋۇنىمۇ سال دەپ ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم ؟ ! — دېدى ئۇ ئىمىن رەمتىلنىڭ كالتە ئىشتىنىنى نوقۇپ .

— بايا قورقۇپ كېتىپ بۇنىڭغا سىيىپ سالغانتىم ئاكا ، بۇ مەينەت كۆسارنى نېمە قىلارسىلە ؟

— تولا ئاغزىمنى غېرىچلىما ! سەن شۇمتەك قورقۇپ ئىشتانغا چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئەمەس ... سېنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بېرىپ قويمىسام بولمىغۇدەك !...

گەپ قىلىۋاتقان ئادەم قولىدىكى كالتەك بىلەن ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئىمىن رەمتىل قېچىش ئۈچۈن يۈگۈرۈۋىدى، ئۇ پۇتىغا بىرنى تېپىپ يىقىتىپ، ئۈستىدىن باسماقداپ ئۇرۇۋەردى. ئۇنىڭدىن پات قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋەتمەكچى بولۇپ دېدى:

— يالغۇز مېنىلا ئۇرۇۋېرەمسىلە؟ مېنى ئاكام باشلاپ كەلگەن تۇرسا، مەندە نېمە گۇناھ؟!...

— قېنى ئاكاڭ؟! ئۇ نەدە!؟

— ئاۋۇ يەردە...

ئىمىن رەمتىل ئۆزىمۇ بىلمەي بىر سۆگەت تەرەپنى كۆرسەتكەنىدى، ئۇنى ئۇرۇۋاتقان ئادەم سۆگەتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ يەرگە مۆكۈۋالغان بىرىنى ئۇرۇپ كەتتى. ئىمىن رەمتىل مۇشۇ پۇرسەتتە كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن، يەنە بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قولىغا چىققان بەتىنكىسىنى ئالدى ــ دە، دەرھال سۆگەتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى.

— ۋايجان! ... ۋاي بېشىم! بېشىم يېرىلىپ كەتتى! ...

ئىمىن رەمتىل بۇ ئاۋازنى تونۇپ قالدى. ئۇ ساۋاقدىشى تۇرسۇن مۇھەممەتنىڭ ئاۋازى ئىدى. «ئاپلا» دېدى ئۇ ئىچىدە، «ئۇ سۆگەتنى كۆرسەتمىسەم بوپتىكەن. ئۇ يەردە تۇرسۇن مۇھەممەتنىڭ بارلىقىنى كىم بىلسۇن ...»

ئۇلار تۇرسۇن مۇھەممەت ۋە باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىمىن رەمتىلنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالغان يەرگە بىر ــ بىرلەپ يىغىشتى. كىم گەپ قىلسا، ئۇيان ــ بۇيانغا قارىسا، شۇنى رەھىمسىزلەرچە ساۋايتتى.

— بايا بۇ گۈيلار بەشتەك تۇراتتى، ئەمدى بىرى يوقمۇ؟ — دېدى ئارىدىن بىرى.



www.uyghurkitap.com

— مىيەدە بىرى ئاكىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن كىچىك شۈمكەن ، قېنى ئۇ ، ھازىر مىشەدە باتى …
شۇ ئەسنادا بولاكچىلارنىڭ بىرى «نېمە قورسىقىڭنى قامالالىۋالدىڭ ؟ ! تۈز تۈرەۋە گۆي ، تۈز !… » دېگىنىچە كىمدۇر بىرىنى تېپىۋىدى ، «قىڭ !»گىدە چىقىپ كەتتى . بايا ئۆزىنى «كىچىك شۈمتەك » دېگەندە كۆلكىسى قىستاپ ئاران تۇرغان ئىمىن رەمتىل ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى . شۇ ھامان بىرى قول چىرىغىنى يېقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى :
— بويىغا قاراپ كىچىك شۈمكەن دېسەم ، بۇرۇتى تۇرمامدۇ ماۋۇ كىسپۇرۇشنىڭ ؟ !
ئىمىن رەمتىل كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قېچىۋىدى ، گەجگىسىگە بىر كالتەك تېگىپ دۈم چۈشتى . ئورنىدىن قوپۇپ بولغۇچە بەل ، دۈمبىلىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن تاياق ـ توقماق تېگىۋەردى . ئۇ مۇدۇرۇپ قوپۇپ جېنىنىڭ بارىچە قىزىل دەرياسى تەرەپكە قاراپ قاچتى . ئۇ باياتىن بۇيان تەگكەن ئاچچىق تاياق زەربىسىدىن شۇ قەدەر تېز قاچتىكى ، گەرچە بولاكچىلار باشلىقى «ئۇ قېچىپ كەتمىسۇن ! تېز تۇتۇپ كەل !» دەپ بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ ، ئۇنى قوغلاپ ماڭغانلار ھەرقانچە يۈگۈرۈپمۇ يېتىشەلمىدى . قاچە ـ قاچە مەكتەپ ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىمىن رەمتىل تۆمۈر رىشاتكىلىق دەرۋازىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ، باشقا ساۋاقداشلىرىنى ئويغىتىپ ، ئاۋۋال بىرىنىڭ ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى ئارىيەت ئېلىپ كىيدى . ئاندىن بولغان ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ ، تۇرسۇن مۇھەممەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرىنى قوتۇلدۇرۇشقا بارماقچى بولۇشتى .
— ھازىر كېچە سائەت ئۈچ بوپتۇ ، — دېدى بىرى ، — مەكتەپ داۋزىسىدىن قانداق چىقىمىز ؟
— بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار ، مۇنداق قىلايلى …

ئىمىن رەمتىل دەرۋازا تۈۋىگە كەلگەندە، ساۋاقداشلىرى بىلەن دېيىشىۋالغىنى بويىچە «ۋاي قورسىقىم! ۋايجان...» دەپ ۋارقىراپ تازا داۋراڭ كۆتۈردى. دەرۋازىۋەن چىقىپ سورىۋىدى، ساۋاقداشلىرى ئىمىن رەمتىلنىڭ سوقۇرئۈچەي بولۇپ قالغانلىقىنى، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارمىسا، سوقۇرئۈچەي تېشىلىپ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئىمىن رەمتىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئاخشام ئولتۇرۇش قىلغان سۆگەتلىك يولغا كېلىپ، ھەممە يەرنى ئىزدەشتى. ئەمما، تاڭ ئاتقۇچە ئىزدەپمۇ قۇرۇق بوتۇلكا، تاماكا قېپى ۋە تۇخۇم شاكىلىدىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمىدى. سائەت توققۇزلار بىلەن قىزىل دەرياسى بويىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ ناشتا قىلىۋېلىپ، ئىزدەشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. بۇ قېتىم ئاخشام ئولتۇرۇش قىلغان جايىنىلا ئەمەس، ئەتراپتىكى ئادەم بارلىكى يەرلەرگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىپ، يىپ ئۇچى ئىزدىدى.

ناھايەت، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغاندا، بىر دېھقان ئايال ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئىزدەپ كەلگەنلەر تۇرسۇن مۇھەممەتلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا كالتە ئىشتاندىن باشقا ھېچقانداق كىيىم يوق بولۇپ، يانچۇقلىرىدىكى پۇل، قوللىرىدىكى سائەتلىرىنىلا ئەمەس، كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ بۇلاڭچىلار ئېلىپ كېتىشكەنىدى. بىرلىرىنىڭ باشلىرى يېرىلغان، بىرلىرىنىڭ بۇرنى ماكچايغان، يەنە بىرلىرىنىڭ يۈز - كۆزلىرى كۆك بولۇپ، تونۇغۇسىز بىر ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇلار ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈپ، بەزىلىرى ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلسا، بەزىلىرى ھال ئېيتىشاتتى:

— ئىست! ئىست! مەكتەپتە قورساق ئاچسا تەييار تاماقنى يەپ، زېرىكسەك توپ ئويناپ، ھېرىپ قالساق ياتاقتا ئۇخلىماي، بۇ يەرگە نېمىشقىمۇ كەلگەندىمىز؟! ئىست!

— ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر، ئارىمىزدىن ئىمىن رەمتىل



www.uyghurkitap.com

قېچىپ كېتىپتىكەن . بولمىسا ئىرىك قېلىشىمىزمۇ بىر گەپ ئىدى جۇما .

— راست ، ئاخشام كۈتىچەك نوچى دېگەن بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قىلغان گېپىنى مەنمۇ ئاڭلاپ قالدىم : «بىرىنىڭ قېچىپ كەتكىنى يامان بولدى ، ئۇ چوقۇم ئادەم باشلاپ كەلمەي قالمايدۇ . بىز ئەمدى ئالىدىغاننى ئېلىپ ، بۇ دوزاخ كۆچۈكلىرىگە چېقىلمايلى» دېدى ئۇ…

— …

ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى . پاراڭ تۈگىگۈچە بىرەيلەن ياتاقتىن كىيىم - كېچەك ئېلىپ كەلدى . ئاندىن ئۇلارغا پاناھلىق بەرگەن دېھقان ئائىلىگە رەھمەت ئېيتىپ مەكتەپكە قاراپ مېڭىشتى . مەكتەپكە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ، ۋىلايەتلىك ئىككىنچى دوختۇرخانىغا كىرىپ ، يېرىلغان ، قانىغان يەرلەرنى تاڭدۇرۇشتى .

ئىمىن رەھمىتىل ئۇلارنى ياتاقلىرىغا ئەكىرىپ قويۇپلا ، ئۇدۇل ساتىراشخانىغا قاراپ ماڭدى . ساتىراش ئۇستام قولىغا خالاتنى ئېلىپ بولۇپ ، ئىمىن رەھمىتىلنىڭ باش - كۆزىگە قاراپ سورىدى :

— چاچ تېخى ئۆسمەپتۇ ، ساقالنىمۇ يېڭىدىن قىردۇرۇپلا . ئەمدى نېمە قىلاي دەيلا ؟

— بۇرۇتنى ئېلىۋېتىلى ئۇستام .

— بىر چىرايلىق ياراشقان بۇرۇتنى ئالدۇرۇۋېتىپ نېمىمۇ قىلارلا ئۇكام ؟

— ئاخشام بېشىمغا چىققىلى تاس قالدى بۇ بۇرۇت . «ئاش بولسا قازان ، جان بولسا جاھان» دەپتىكەن كونىلار . كېيىن يەنە ئۆستۈرۈۋالارمەن .

ئەمما ئىمىن رەھمىتىل بۇرۇتىنى ئاشۇ قېتىم ئالدۇرۇۋەتكەنچە ، تاكى مۇشۇ قۇرلار يېزىلىۋاتقان 2007 - يىلى يازغىچە قايتا بۇرۇت قويمىدى .

## «ئىتتىپاق»تىكى كالتە «جەڭ»

«ئىتتىپاق» — يانتاق يېزىسىدىكى داڭلىق كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسلىدىكى يۇرت ئىسمى «خامانكۆيدى» بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يانتاق يېزىسىنىڭ نامى «قىزىلبايراق»قا ئۆزگەرتىلىپ، يېزا تەۋەسىدىكى كەنتلەرگە «يۇگۇڭ»، «بەختلىك»، «8 - مارت» ... دېگەندەك ئىسىملار قويۇلغاندا، خامانكۆيدىنىڭ ئىسمىمۇ «ئىتتىپاق»قا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنىدى. كېيىن گەرچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن قالغان خاتالىقلارنى تۈزىتىش باسقۇچىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلارنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تا ھازىرغىچە «ئىتتىپاق» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ كەنت مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۆمەنتال يېزىسىغا ۋە يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىنىڭ 43 -، 45 - پولكلىرىغا، شۇنداقلا «ئالغا» دەپ يېڭى ئىسىم قويۇلغان «قالما» سۇ ئامبىرىغا بارىدىغان چوڭ يولنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانىدى. بۇلاردىن باشقا، «ئىتتىپاق» كەنتىنىڭ نوپۇسىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك ئەتراپتىكى قوشنا كەنتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇنلاشقاچقا، ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بۇ كەنتنىڭ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى ئۆزگەرتىلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ قۇرۇلغانىدى.

ئىمىن رەمتىل 1989 - يىلى ئاشۇ «ئىتتىپاق» ئوتتۇرا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەكتىپىگە يۆتكىلىپ يېرىم يىلدىن كېيىن ، يەنى 1990 ـ يىلى قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا باردى . 1992 ـ يىلى بىلىم ئاشۇرۇشنى تاماملاپ ، يەنە شۇ «ئىتتىپاق»تىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ ئىشلىدى . ئۇنىڭ ئوقۇش پۇتتۇرۇپ كېلىپ ئىشقا چىققىنىغا تېخى بىرنەچچە ئاي بولغان كۈنلەر ئىدى . بىر شەنبە كۈنى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار موزايدىن بىرنى ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ ، گۆشىنى «ئالىمەن» دېگەنلەرگە تەقسىملەپ بەردى . ئىمىن رەمتىل قاتارلىق ئۆيىگە قايتالمىغان بىر نەچچە ياش ئوقۇتقۇچى ، چوڭراق قازاندىن بىرنى تېپىپ كېلىپ ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن گۆشنىڭ ھەممىنى قازانغا سالدى ـ دە ، پىشۇرۇپ تەييارلىدى . ئاندىن «ئىلى داچۇ» ھارىقىدىن بىر يەشىك ئەكىرىپ ، ھەپتىلىك ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ، موزاي گۆشىنى زاكۇسكا قىلىپ ئىچىشمەكنى باشلىۋەتتى .

ئۇلار ئادەم بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يېرىم جىڭدىن ھاراق ئىچىپ ، ئىككى كىلوگىرامدىن گۆشنى يەپ بولۇپ تالاغا چىققاندا ، كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى . ئىمىن رەمتىل سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن راھەت ھېس قىلىپ ، پۇتلىرى ئۆزىگە تازا بويسۇنمايۋاتقان بولسىمۇ «يېڭى يېزىنچە دەسسەپ» ، مەكتەپ ئالدىدىكى چوڭ يولدا بىردەم ئايلاندى . ئاندىن بىللە ھاراق ئىچكەن شېرىكلىرى يادىغا كېلىپ ، ياتاققا قايتىش ئۈچۈن ماڭدى . شۇ تاپتا نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنغان گۆش بىلەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ، ئۇنىڭ قانلىرى قىزىپ ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ، يول ياقىسىدىكى تېرەكلەرنى ئىختىيارسىز مۇشتلاپ قوياتتى .

— كىمسەن ؟ ! — دەپ توۋلىدى بىر ناتونۇش ئاۋاز ئۇنىڭ كۆزىگە قول چىرىغىنى يېقىپ تۇرۇپ .

ئىمىن رەمتىل كۇچلۇك نۇردا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي ، قولى بىلەن كۆزىنى توستى . ئاندىن ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بېشىنى بىر سىلكىۋېتىپ ئەتراپقا قارىدى . ئۇ ئوڭ

تەرپىدىكى تونۇش يوغان تۆمۈر دەرۋازىنى ، سول تەرپىدىكى قورۇ تامىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ شۇ تاپتا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەنلىكىنى بىلدى . «قانداق گەپ بۇ ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ، «ئىمىن رەمتىل دېسە ، پۈتۈن يانتاقتىكى مائارىپچىلار بىلىدىغان تۇرۇقلۇق ، ئۆزۈمنىڭ مەكتىپىدە مېنى تونۇماي كۆزۈمگە چىراغ ياغقان قانداق گۆي ئۇ ؟ !···»

— مەن ئىمىن رەمتىل ، چىرىغىڭنى ئۆچۈرەۋە ئاداش !

— نېمە ؟ !

قول چىراغ ياققۇچى گاسمۇ ياكى ئىمىن رەمتىلدىن ئۆتەر مەستمۇ ، ئىشقىلىپ ، چىراغنى ئۆچۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە يەنە گەپ سوراپ ئەزۋەيلىگىلى تۇردى ، غەزەپتىن تاقىتى تاق بولۇپ ئاران تۇرۇۋاتقان ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ ئەزۋەيلەشلىرىگە چىداپ بولالمىدى ـ دە ، چىراغنى نىشانلاپ بىر تېپىۋىدى ، قول چىراغ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ چۈشتى .

— ئادەم بارمۇ ؟ ! ··· تېز كېلىڭلار ! ۋايجان !···

ئىمىن رەمتىل تولۇۋاتقان ئادەمنىڭ كىملىكىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بىرنەچچە مېتىر يەرگە قاڭقىپ چۈشكەن قول چىراغنى قولىغا ئېلىپ تۇراتتى ، مەكتەپنىڭ ئىچى تەرپىدىن «تېز بولۇڭلار ، تېز !» دېيىشىپ ، ئەنسىز يۈگۈرۈپ كېلىشىۋاتقان بىر توپ ئادەمنى كۆردى . پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ مەكتەپنىڭ قورۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالغان ياقا يۇرتلۇق ئىشلەمچىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇلارنىڭ قوللىرىدا كالتەك ، تۆمۈر گۈرجەك ، كەتمەن دېگەندەك نەرسىلەر بولۇپ ، ئەلپازى يامان ئىدى . ئىمىن رەمتىل قول چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرنەچچىسىنى چالا ـ بۇلا تونۇۋىدى . بىراق ، بۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق ئىدى . چۈنكى ، ئۇلار ياقا يۇرتلۇق بولغاچقا ئىمىن رەمتىلنى تونۇمايتتى . يەنە ئىزىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋەرسە باش ـ كۆزىگە تاياق ـ توقماق تېگىشىنى ئېنىق ھېس قىلغان ئىمىن رەمتىل قول چىراغنى تاشلاپ بەدەر قاچتى . ئۇنى



www.uyghurkitap.com

قـوغـلاپ كېلىۋاتقانلار «قاچتى ! ئەنە ئاۋۇ تەرەپكە قاچتى !...» دېيـىـشـىـپ چۇقـان سالغىنىچە گويا توشقان ئوۋلاشقا چىققان ئوۋچىلاردەك دەمبەسقەدەم قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى . ئىمىن رەمتىل قېچىپ كېتىۋېتىپ ، پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى . بەزىدە بـىـر نـەرسـىلەرگە پۇتلىشىپ دۈم چۈشەتتى ۋە يەنە شۇ هامان ئورنىدىن تۇرۇپ قاچاتتى . شۇ تەرىقىدە مەكتەپ ئىچىنى بىرنەچچە چۆرگىلىدى . تەرلەپ چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ، كۆڭلىكى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى . قېچىپ كېتىۋېتىپ ، تۇيۇقسىز هۆل كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە «پاق» قىلىپ تەگكەن كالتەك ئاۋازى بىلەن تەڭ ئالدىغا دۈم چۈشتى . ئۇ بىر يۇمىلاپ ئورنىدىن قوپتى . ئۇ ئورنىدىن قوپۇشىغىلا ، بايا دۈمبىسىگە تەگكەن كالتەك ئۇ يىقىلغان يەرگە كېلىپ قاتتىق تەگدى . ناۋادا يۇمىلىۋالمىغان بولسا ، بۇ قېتىمقى كالتەكنىڭ بېشىغا كېلىپ تېگىشىگە كۆزى يـەتـكـەن ئـىـمىن رەمتىل چاقماق تېزلىكىدە هەرىكەت قىلىپ ، كـالـتەكنى تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ بىر سىلكىۋىدى ، كالتەك ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قالدى .

— توختا ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن .

ئـۇنـىـڭـغا يـوپـۇرۇلـۇپ كېلىۋاتقانلار ئېگىز كۆتۈرۈلگەن كالتەكنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز توختاپ قېلىشتى .

— نـومـۇس قـىـلـمـاي مـەن بىر ئادەمـگە ئـون ئادەم كېلىشەمسەن ؟ ! نوچى بولۇشساڭ ، قېنى بىرگە بىردىن كېلىشە خۇمسىلار !

ئـۇلارنـىـڭ ئارىسىدىكى بىرى قولىدىكى تۆمۈر گۈرجەكنى تاشلىۋېتىپ ئالدىغا چىقتى . ئىمىن رەمتىل غوۋا ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ ئادەتتە جانبازلىقنى مەشىق قىلىپ ، ئۆزىنى نوچى هېسابلاپ يـۈرىـدىـغـان تامچى ئىكەنلىكىنى تونۇدى . تامچى جانباز خۇددى كـىـنـولاردىـكـى جـانبازلاردەك ، ئاۋۋال كۈچ يىغىش هەرىكىتى ئـىـشلەپ ، ئۆزىچە بىر مەيدان هەيۋە كۆرسەتتى ، ئاندىن ئىمىن

www.uyghurkitap.com

رەمتىلگە مۇشت ـ پەشۋا ياغدۇرغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ ئاتقان مۇشتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىلىدىن تۇتۇۋېلىشقا پۇرسەت ئىزدەيتتى. ئەمما، ئۇ گويا ئىمىن رەمتىلنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالغاندەك، توختاۋسىز مۇشت ـ پەشۋا ئېتىپ، ئىمىن رەمتىلنى يېقىن يولاتمايتتى. شۇ ئەسنادا ئىمىن رەمتىلنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تۇيۇقسىز بىر پەشۋا كېلىپ تەگدى. قۇلاق تۈۋىدىن ئوت چىقىپ كەتكەندەك بولغان ئىمىن رەمتىل ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ، پەشۋا ئاتقان پۇتنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تامچى جانبازنى مۇرىسىگە ئېلىپ يەرگە كۇچەپ ئۇردى. «گۇپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ جانبازنىڭ ئاچچىق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىمىن رەمتىل تاياق ـ توقماق تۇتۇشۇپ، كۆز ئالدىدا دېۋەيلەپ تۇرۇشقانلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى تېگىدىن قوپارماي تۇرۇپ مۇشتلاپ ۋە تىزلاپ يەرگە چاپلىۋەتتى.

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟! ئۇرە! — دەپ ۋارقىرىدى تاياق ـ توقماق تۇتۇپ تۇرغانلاردىن بىرى ئۆز ئادىمىنىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالماي.

تامچى جانبازنىڭ ئۈستىدىكى ئىمىن رەمتىل بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تاياق ـ توقماقلارنىڭ ئۆز بېشىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئارىلىق يېقىن بولغاچقا، ئەمدى قېچىپ ئۈلگۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاياق ـ توقماقلارنىڭ بېشىغا كېلىپ تېگىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئاشۇ جىددىي پەيتتە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دولان مەشرىپىدىكى بىر خىل ئويۇن «لاپ» قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى. بۇ ئويۇندا مەشرەپ بېگى ئۆز دورغىسىنى جاۋابكارنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇيتتى. دورغا جاۋابكارنى تۇتۇپ كەلگەندە، مەشرەپ بېگى «يەرگە باس!» دەپ توۋلايتتى. بۇ چاغدا جاۋابكار ئۇستاتلىق قىلىپ دورغىنىڭ ئاستىغا چۈشۈۋېلىپ، دورغىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالسا، ئەسلىدە جاۋابكارغا تېگىدىغان جازا تايىقى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى دورغىغا

تېگەتتى ...

«ئېيتماق ئاستا ، قىلماق تېز » دېگەندەك ، ئىمىن رەمتىل بىر ئۆرۈلۈپلا تامچى جانبازنىڭ ئاستىغا چۈشۈۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە ئۇنىڭغا تېگىدىغان تاياق ـ توقماق مانا ئەمدى تامچى جانبازغا تېگىشكە باشلىدى . شۇ تاپتا تامچى جانبازغا توختاۋسىز تېگىۋاتقان تاياق ـ توقماقلار ئادەمگە دېھقانلارنىڭ تاغاردىكى باش قوناقنى سوقۇۋاتقىنىنى ئەسلىتەتتى . ئىمىن رەمتىل تامچى جانبازنىڭ ئاستىدا يېتىپ ، تاياق ـ توقماقنىڭ نەگە تېگىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇردى . دەسلىپىدە دۈمبە ، بەل ۋە ساغرىسىغا تاياق تەگكەندە ، تامچى جانباز ئېچىنىشلىق ئىڭراپ ، «ۋايجان !... بۇ مەن ، بولدى ئۇرماڭلار !» دەپ توۋلىغانىدى . ئۇرۇۋاتقانلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭقىرىپ توختاپ بولغۇچە ، ئۇنىڭ بېشىغا بىر كالتەك كېلىپ تەگدى ـ دە ، ئۇ گويا جېنى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ، لاسسىدە جىمىپ قالدى .

— ئۇرماڭلار ! بولدى ئۇرماڭلار ! — دېدى ئۇرۇۋاتقانلار ئارىسىدىن بىرى ئەھۋالنى بايقاپ قېلىپ .

ئىمىن رەمتىل ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈكتەك ياتقان تامچى جانبازنى يانغا دۈملىتىۋېتىپ دەس ئورنىدىن تۇردى . ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا مەستلىكتىن تولۇق يېشىلگەنىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇنجى بولۇپ كەلگەن ئۇقۇم «ئۇ ئۆلۈپ قالسا ، ماڭا ئارتىلىپ قالىدۇ ...» دېگەندىن ئىبارەت بولدى . شۇڭا ، ئالدىدىكىلەرگە ئىختىيارسىز ۋارقىرىدى :

— ئۆز ئادىمىڭنى ئۆزۈڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشەمسەن ئەبلەخلەر ؟ ! ماڭ ، تېز بولۇش ! تىنىقى توختىماستا دوختۇرخانىغا ئاپىرىش !

ئۇلار ئىمىن رەمتىلنىڭ ھېچنېمە بولماي ئورنىدىن قوپقانلىقىنى ۋە تېخى ئۆزلىرىگە بۇيرۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى . گويا ئالدىن مەشىق قىلىپ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ، ھەممىسى تەڭلا ئېتىلىپ بىراقلا

يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى . ئىمىن رەمتىلگە يەنە قېچىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى . ئەمدى يىقىلىپ چۈشسە ، تىرىك قوپالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىمىن رەمتىل ئارقىسىغا قارىدى . ئەمدى گەرچە بايىقىدەك ھەممىسى تەڭ يوپۇرۇلۇپ كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇددى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىلىرىگە ئوخشاش ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . بولۇپمۇ كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ئىككىسى ھەممىنىڭ ئالدىدا بولۇپ ، ئىمىن رەمتىلگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈيتتى .

ئىمىن رەمتىل يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ، پۈتىدىكى بوغقۇچنى ئەتمەيلا كىيىۋالغان قاتتىق بەتىنكىنى سىلىپ تاشلاپ ، يالاڭئاياغ بولۇپ تېخىمۇ كۈچەپ قاچتى . قېچىپ كېتىۋېتىپ ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن دۆۋىلەپ قويۇلغان بادرىلارغا كۆزى چۈشتى - دە ، قولىغا چىققان بىر بادرىنى ئېلىپ كەينىگە قارىدى . ھەممىنىڭ ئالدىدا قوغلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئىككىسى يېقىنلاپ قالغانىدى . ئىمىن رەمتىل ئۆزۈن ۋە ئېغىر بادرىنىڭ بىر بېشىدىن تۇتۇۋېلىپ ، بار كۈچى بىلەن توغرىسىغا بىر چۆرۈۋىدى ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قورساقلىرىغا تېگىپ ، ھەر ئىككىسى قورسىقىنى تۇتقىنىچە تولغىنىپ ئالدىغا دۈم چۈشتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا يېتىشىپ كەلگەنلەر بىر تاياقتا ئىككى ئادەمنىڭ تەڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ تۇرۇپ قېلىشتى . ئىمىن رەمتىل قولىدىكى يوغان بادرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا بىر يۈگۈرۈۋىدى ، تەمتىرەپ تۇرۇپ قالغانلار كەينىگە ئۆرۈلۈپلا بەدەر قاچتى . ئەمدى قوغلاش نۆۋىتى ئىمىن رەمتىلگە كەلگەنىدى . بادرىنى گاھ كۆتۈرۈپ ، گاھ سۆرەپ ، يېتىشەلىسە ئۇرۇپ ، يېتىشەلمىسە داۋاملىق قوغلاپ ، تاكى قېچىۋاتقانلار بىردىن - ئىككىدىن جېنىنى ياقىغا ئالغۇچە سۈر - توقاي قىلدى . ئالدىدا بىرمۇ ئادەم قالمىغاندىن كېيىن توختاپ ئەتراپىنى تىڭشاپ باقتى . يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى بىلەن ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى كەلگەندىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى . قولىدىكى ئېغىر بادرىنى تاشلاپ ،

بايا تامچى جانباز يېتىپ قالغان يەرگە كەلدى . تامچى جانباز مىدىر - سىدىر قىلماي جىمجىت ياتاتتى . جىددىيلىشىشكە باشلىغان ئىمىن رەمتىل قولىقىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ تىڭشاپ باقتى . «خۇداغا شۈكۈر » دېدى ئۇ ئىچىدە ، «ھەر نېمە بولسا ئۆلمەپتۇ··· »

ئەمما ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلماي شۇ پېتى يېتىۋەرسە ئۆلۈپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئىمىن رەمتىل بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى . نە مەكتەپ ھويلىسىدا ، نە قورۇلۇش ئورنىدا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى . ناۋادا تامچى جانبازنى ئۆزى بىۋاسىتە دوختۇرخانىغا ئاپارسا ، داۋالاش چىقىمى ئارتىلىپ قالغاندىن باشقا ، ئەڭ مۇھىمى قانۇنىي مەسئۇلىيەتنىڭ ئارتىلىپ قېلىشى ئېنىق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ، جېدەل بولۇشتىن ئىلگىرى بىللە ھاراق ئىچكەنلەرنى ئىزدىدى . بايا ئۇلار جېدەل باشلانغاندا «ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىپ بالاغا قالماسلىق» ئۈچۈن ياتاقنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ ، ھېچنېمىنى ئۇقماس بولۇپ يېتىۋالغانىدى .

— مەن ئىمىن رەمتىل ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرگەندىن كېيىن ، — مېنى ئوبدان بىلىسىلەر . سىلەرگە شۇنى دەپ قويايكى ، ناۋادا ئۇ ئۆلۈم پىششىقى چىقىپ قالسا ، سىلەرمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر . توغرا ، جېدەلنى مەن ئۆزۈم تېرىدىم . شۇڭا ، ناۋادا ئۆلۈم پىششىقى چىقسا ، ئاۋۋال مېنى تۇتىدۇ . ئەمما ، ئۇ چاغدا مەن سىلەرنى چاتىمەن . گۆشنى تەڭ يېدۇق ، ھاراقنى تەڭ ئىچتۇق . مەسئۇلىيەتنىمۇ تەڭ تارتىمىز . مەن ئىمىن رەمتىلنى ئۇنداق قىلمايدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭلار ···

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ئىمىنجان؟ قېنى ئۆزۈڭلا بىر دەڭلا .

— قانداق قىلىتۇق ، بايىتىن بېرى تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ ، مېنى قوغلاپ يۈرگەن نوچىلارنى تاپىمىز . ئۇلار كېلىپ ئادىمىنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىسا ، سىلەر بىلەن مەن ئاپىرامدىمىز ؟ !

— ئەمىسە كېلىشتۇق . بىز ھازىر چىقىپ سىلىگە ئۇلارنى

تېپىشىپ بېرىمىز . باشقا ئىشلارغا بىزنى چېتىۋالمايسىلە جۇما؟
— هازىر دېدىمغۇ ، ئۆلۈم پىششىقى چىقمىسىلا باشقا ئىشلارغا مانا مەن ئىگە . ئەمما ، ئاۋۇ يەردە ياتقان نوچىنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارمىسا ئىش چاتاق . جۇرۇڭلار ، قورۇق گەپنى كېيىن قىلىپ تالاغا بىر چىقىلى .

ئۇلار ئىمىن رەمتىللگە ئەگىشىپ ياتاقتىن چىقىپ ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدى . بىرنەچچىسى هاجاتخانىغا ، بىرنەچچىسى ئېرىقنىڭ ئىچىگە ، يەنە بىرنەچچىسى قۇرۇلۇش ئورنىدىكى سېمونت خالتىلىرىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇلغان سۇلياۋنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ ، ھەممىسىنى تېپىپ تامچى جانبازنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشتى .

— قالاپ بېقىشە ، — دېدى ئىمىن رەمتىل يەردە ياتقان تامچى جانبازنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — ئۆز ئادىمىڭنى ئۆزۈڭ ئۇرۇشۇپ ، ئۆلەمجان قىلىپ قويۇشتۇڭ . ئەمدى ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىمىساڭ ئۆلىدۇ . ئۇ چاغدا ھەممىڭ قاماقتا يېتىشىسەن قورقۇنچاقلار !

ئۇلار ھوشسىز ھالدا ئوڭدا ياتقان تامچى جانبازنى كۆرۈپ مىدىرلىتىپ بېقىشتى . ئۇنىڭ بېشىنىڭ كالتەك تەگكەن ئارقا قىسمى يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ ، ھېلىمۇ قان سىرغىپ تۇراتتى .

— ئادەمنى قۇتقۇزۇش ھەممىدىن مۇھىم ، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئۆزئارا كۇسۇرلىشىۋاتقانلارغا قاراپ ، — قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشىمىز . ھازىر دەرھال دوختۇرخانىغا ماڭدىغان ئىشنى قىلمىساق ئۇلگۇرمەيدۇ .

— دوختۇرخانىغا نېمە بىلەن ئاپىرىمىز ؟

— ئادىلجان ،— دېدى ئىمىن رەمتىل كەسكىن تەلەپپۇزدا ،— سىلە دەرھال چىقىپ ، ئابدىرېيىم شوجاڭ دېدى دەپ ، سوپەك بولامدۇ ، ئات ھارۋىسى بولامدۇ ، نېمە تاپساڭلا شۇنى ئېلىپ كېلىڭلا . دوختۇرخانىغا جىددىي يۆتكەيدىغان كېسەل بار دەپ ئېنىق ئۇقتۇرۇپ دەڭلا...

ئادىلجان ئالدىراپ مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى . ئىمىن رەمتىل قوروللۇش قىلغۇچىلارغا دەپ يوتقان ـ كۆرپە ئاچىقتۇردى . ئاندىن تامچى جانبازنى تۆت ئادەمگە كۆتۈرتۈپ ، يول تۆپىسىگە ئاچىقىپ تەييار بولۇپ تۇردى . هايال ئۆتمەي ئادىلجان بىر ئات هارۋىسىنى چاپتۇرغىنىچە يېتىپ كەلدى . ئىمىن رەمتىل تامچى جانبازنى شۇ هامان هارۋىغا ئېلىشىپ بەردى ـ دە ، هارۋىكەش بالىغا تېز هەيدەشنى جېكىلەپ ئاتقا تاياق سالدى . ئىگىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇيرۇققا قاراپ مېڭىش ياكى تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ئات تۇيۇقسىز تەگكەن تاياقتىن چۆچۈپ قويۇندەك چېپىپ كەتتى .

ئىمىن رەمتىل گويا يەلكىسىدىن بىر تاغنى غولىتىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ ياتاققا كىردى . ئەمما ، كارىۋات يېنىغا كېلىپ بولۇپ ، ئولتۇرمايلا يەنە قايتىپ چىقتى . چۈنكى ، ئەتە يۈز بېرىش ئېهتىمالى بولغان بىر ئىش يادىغا كېلىپ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويغانىدى . يەنى ، قوروللۇشچىلارنىڭ گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ ، ئۇنى جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى . ئۇ ئاۋۋال قوروللۇشچىلارنىڭ ئاشخانىسىغا كىردى . ئارىسىغا لاي ئەمەس ، بەلكى توپا يېيىتىلىپ ، ۋاقىتلىق ئىشلىتىش ئۈچۈن سېلىنغان خىش تامنىڭ ئۈستىگە تۆت تال ياغاچ تاشلاپلا ، سولياۋ بىلەن چۈمكەپ قويۇلغان بۇ ئاشخانىدا قوروللۇش ماتېرىياللىرىغا قارايدىغان بىرلا بوۋايدىن باشقا ، شۇ تاپتا هېچكىم يوق ئىدى .

— بۇگۈنكى ئىشلارنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا ئائىلىنىڭ بارچە سىلىق گەپ قىلىشقا تىرىشىپ ، — ئۇلار مېنى ئۇرىمىز دەپ قاراڭغۇدا ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ئۆزى ئۇرۇپ چالا ئۆلەك قىلىپ قويۇشتى ...

— مەن بىلمەيمەن ، — دېدى بوۋاي تېخى ئىمىن رەمتىلنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا بېشىنى چايقاپ ، — مەن هېچنېمىنى كۆرمىدىم هەم هېچنېمىنى بىلمەيمەن .

ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ يالۋۇرۇپ باقتى . لېكىن ، بوۋاي بايىقى گېپىدە تەرسالىق بىلەن چىڭ

تـۇرۇۋەردى . يـاخشى گەپ قىلىپمۇ ، يالۋۇرۇپمۇ ئاقتۇرالمىغان ئىمىن رەمتىل غۇززىدە تۇتقان ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي چاچراپ ئورنىدىن قوپتى ـ دە ، ئوچاق ئالدىغا ئوت قالاش ئۈچۈن ئەكىلىپ قويۇلغان ئوتۇنلار ئارىسىدىن بارماق چوڭلۇقىدىكى بىر تال تاياقنى ئايرىۋېلىپ ، بوۋاينىڭ ناله ـ پەرياتلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن تاكى تاياق سۇنۇپ بىر غېرىچ قالغۇچە ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئاستىغا توختىماي ئۇرۇۋەردى . بوۋاي دەسلىپىدە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئادەم توۋلاپ بـاقتى . ھېچكىم كىرمىگەندىن كېيىن ئاغرىققا چىداپ بولالماي ئىمىن رەمتىلگە يالۋۇرۇپ تىزلاندى .

— بېشىڭنى كۆتۈر قېرى ! — دېدى تېخىچە ئاچچىقى يانمىغان ئىمىن رەمتىل تاياقنى بوۋاينىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ ، — ماڭا يالۋۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق . قېرى جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ ، بىر ۋاراق قەغەزگە تۆت قۇر خەت يېزىپ ، ئىمزايىڭنى قويساڭلا ئىش پۈتىدۇ . بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭ تېخى بۇ ئەمەس .

— يازاي ، نېمە دېسىڭىز شۇنى يازاي ، ۋايجان ... ۋايىيەي...

— ئەمىسە ماۋۇ قەلەمنى تۇتە !

ئىمىن رەمتىلنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ قەغەز تاپالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بوۋاي سۆڭگىچىنى سىلاپ دىڭگوسلاپ بېرىپ ، ياستۇقنىڭ ئاستىدىن بىر دەپتەرنى ئېلىپ كەلدى .

— ھە ئەمىسە ، يازە ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا ، — ئاۋۋال مېيەگە «ئىسپاتنامە» دەپ يازە . ھە ... ئەمدى ئاستىغا يازە : «بۈگۈن يانتاق يېزا ئىتتىپاق ئوتتۇرا مەكتىپىدە بولغان جېدەلدە ، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىلىۋاتقانلار ھاراق ئىچىشىپ ، ئۆزئارا تـايـاق ـ توقـماق كـۆتـۈرۈشـۈپ ، جەڭـگە ـ جېدەل قىلىشتى . مـەكـتـەپـنـىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىمىن رەمتىل ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويماقچى بولغاندا ، ئۇن ئادەم بىر بولۇپ ئىمىن رەمتىلنى ئۇرۇپ قوغلىدى ھەمدە ئىمىن رەمتىلنى ئۇردۇق دەپ ، قاراڭغۇدا پەرق قىلالماي بىر ـ بىرىنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ باش ـ كۆزلىرىنى يـېـرىشتى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن

كۆرگەچكە، بۇ ئىسپاتنى يېزىپ بەردىم.» ھە، ئەمدى ئاستىغا ئىمزايىڭنى قويە …

ئىسپاتنامە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىمىن رەھمىتىل دەپتەرنىڭ شۇ ۋارىقىنى پەم بىلەن يىرتىپ ئېلىپ، چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بوۋايغا قاراپ دېدى:

— مەن بايا يالۋۇرغاندا ئىمزىتىڭ بىلەن چىرايلىقچە يېزىپ بەرگەن بولساڭ، كېيىنكى تاياقنى يېمىگەن بولاتتىڭ. مەندىن رەنجىمە بوۋاي، ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىمىن رەھمىتىل ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇز - كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ ئەمدىلا ناشتا قىلىپ تۇراتتى، مەكتەپ ھويلىسىغا بىر ساقچى ماشىنىسى ھەيۋە بىلەن كىرىپ توختىدى - دە، ئىمىن رەھمىتىل تونۇيدىغان - تونۇمايدىغان ساقچىلاردىن سەككىزى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يانتاق يېزىلىق ساقچىخانىدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار يېنىدىكى ساقچىلارغا ئىمىن رەھمىتىلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى، ئىمىن رەھمىتىل تونۇمايدىغان بىرنەچچە ساقچى ئۇدۇل ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. «تۇگىشىپتىمەن» دەپ ئويلىدى ئىمىن رەھمىتىل ئىچىدە، «بۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا مېنى تۇتۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى رەسمىي تۇگىشىپتىمەن … ئەھۋالدىن قارىغاندا ھېلىقى نوچى ئۆلگەن ئوخشايدۇ …»

— ئىمىن رەھمىتىل دېگەن سەنما؟ — دەپ سورىدى ئېگىز بويلۇق، ئۇستىخانلىق، ئاق سېرىق كەلگەن بىر ساقچى ئىمىن رەھمىتىلنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ھەئە، مەن شۇ.

— بىز بىلەن ماڭ.

— نەگە بارىمەن؟

— نەگە بولاتتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە.

— مەن يا قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلمىسام، نېمىشقا بارىمەن؟

www.uyghurkitap.com

— قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلمىدىم دېدىڭما؟ خەقنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، باش - كۆزىنى يېرىۋەتسەڭ قانۇنغا خىلاپ ئەمەسمە-كەن؟ سەن ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتكەن بىرى هازىر ناهىيىلىك دوختۇرخانىدا ياتىدۇ. يېرىلغان يەرنى ئون يەتتە يېپىلىق تىكتى. هېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، باشقىلار ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئاپارمىغان بولسا قانسىراپ ئۆلەتتىكەن...

ئىمىن رەمتىلنىڭ قۇلىقىغا ئەمدى ساقچىنىڭ باشقا گەپلىرى كىرمىدى. تامچى جانبازنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتىپ ئاشقۇدەك خۇش خەۋەر ئىدى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ پۇت - قولىغا خېلى جان كىرگەندەك بولدى.

— ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، ئۇنى مەن ئۇرمىدىم...

ئىمىن رەمتىل گېپىنى تۈگىتىپ بولغۇچە، ساقچى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— مەن ئۇرمىدىم؟ ئۇنداقتا ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى ئۇرىدىغان ساراڭلار ئىكەن - دە! قۇرۇق گېپىڭنى قويۇپ بىز بىلەن ماڭ!

— ماڭا ئىشەنمىسەڭلار، مانا ماۋۇ ئىسپاتنامىنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

ساقچىلار ئىمىن رەمتىل يانچۇقىدىن ئېلىپ بەرگەن قەغەزنى خۇشياقمىغان هالدا قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن يەنە خۇشياقمىغان هالدا سورىدى:

— ئىسپات بەرگۈچىنىڭ ئۆزى قېنى؟

— قۇرۇلۇشچىلارنىڭ ئاشخانىسىدا. ئاينا، ئاۋۇ يەردە.

ئىككى ساقچى ئىمىن رەمتىل كۆرسەتكەن تەرەپتىكى لاپاس ئاشخانا تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئىمىن رەمتىل ئۇلارغا «مەن باشلاپ باراي...» دېمەكچى ئىدى. لېكىن، ساقچىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە قاراپ بۇ نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى. ئەمما، ئۆز تەقدىرىنىڭ شۇ تاپتا قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان بولغاچقا، ئىچى تىتىلداپ ئىزىدا تۇرالماي قالدى. چۈنكى، ناۋادا

بوۋاي ئۆزى يېزىپ بەرگەن ئىسپاتتىن يېنىۋېلىپ تاياق تەگكەن ساغرىسىنى كۆرسەتسە، ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلىشى ئېنىق ئىدى.

ساقچىلار ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، ئىمىن رەمتىلگە يىراقتىن بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئۇدۇل ماشىنىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى ۋە ماشىنىغا چىقىپلا كېتىپ قېلىشتى. ۋۇجۇدىغا بىر خۇشاللىق تارىغان ئىمىن رەمتىل يۈگۈرگەندەك مېڭىپ بوۋاينىڭ يېنىغا كىردى.

— ئون يەتتە يىپلىق تىكىپتۇ، — دېدى بوۋاي ئىمىن رەمتىل ئىبغىز ئېچىپ بولغۇچە گەپ باشلاپ، — يېزىلىق دوختۇرخانا داۋالىيالمايمىز دەپتىكەن، ناھىيىگە ئاپىرىپتۇ. ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا پۇلنىڭ گېپى بوپتىكەن، «خەق ئۇرۇپ مۇشۇنداق قىلىۋەتسە، يەنە بىز پۇل تۆلەمدىكەنمىز؟! ...» دەپ شەنۈيىگە ئاپىرىپتۇ... دەپ كەلسەم گەپ جىق. ئىشقىلىپ، ئاخشامقى جېدەل ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ قۇلىقىغىچە بېرىپ يېتىپتۇ. شۇڭا، مانا بۈگۈن ئەتىگەندە سەككىز ساقچى كېلىپ بولغان گەپ... ئاخشام مېنى ئۇرۇپ، مەجبۇرىي ئىسپات يازدۇرغىنىڭنى دەپ قويمىغانلا بولسام، بۇ چاغقا سېنىڭ پۇت ـ قولۇڭنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكەتكەن بولاتتى. لېكىننزە، ساڭا ئۇۋال بولمىسۇن دەپ قالدىم، ئۇكام. مەن ياش ۋاقتىمدا سەندەك جىگەرلىك، بالادىن قورقمايدىغان ئادەمدىن بىرنى كۆرگەن. ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم ئىدى. ئەمما، ئۇنى گومىنداڭنىڭ تۈرمىسى يەپ كەتتى، ئۇكام. سەن شۇ رەھمەتلىك ئاغىنەمنى يادىمغا سېلىپ قويدۇڭ. ئۇمۇ بىر قېتىملىق ماجىرادا مېنىڭ ئارامغا چۈشۈپ، بىر ئۆزى يالغۇز بىر توپ ئادەمنى سۇر ـ توقاي قىلغان. سەنمۇ ئۆزۈڭ يالغۇز بىزنىڭ ئون تامچىغا تېتىمدىڭ... ھەي، بۇ زاماندىكى ئادەملەر بارغانسېرى نامەردلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قېرىغاندا مەنمۇ نامەردلىك قىلىپ سېنى بالاغا قويماي دېدىم. جىگەرلىك، مەرد ئادەملەرنى كۆرسەم سۆيۈنۈپ قالىمەن،

ئۇكام ...

ئىمىن رەھىمتىل بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ تاكى ئاشۇ ياشقا كىرگۈچە ئۆزىگە يامانلىق قىلغان ئادەمگە بۇ دەرىجىدە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. «ئادەم دېگەن ئاجايىپ مەخلۇق ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، «بەزىدە بېشىڭغا كۈن كەلگەندە سېنىڭ ئىشەنگىنىڭنىڭ ئەكسىچە، سەن ياخشىلىق قىلغان ئادەمدىن يامانلىق كېلىدىكەن؛ بەزىدە بولسا سەن يامانلىق قىلغان ئادەمدىن ياخشىلىق كېلىدىكەن. ئالدىنقىسى ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، بۇ دۇنيادىن نەپرەتلەندۈرسە، كېيىنكىسى ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈپ ۋە چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، بۇ دۇنيادا يەنىلا گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىكەن. بۇ بەلكىم تەڭشەلمىگەن دۇنيانىڭ بىر خىل تەبىئىي تەڭشىكى بولسا كېرەك ...»

— ئىمىنجان! — دەپ توۋلىدى سىرتتا بىرى، — ھوي ئىمىنجان!

ئىمىن رەھىمتىل بوۋايغا سۈكۈت ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ، كۆزلىرى ئارقىلىق رەھمەت ئېيتتى ـ دە، سىرتقا چىقتى.

— شوجاڭ چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇنى چاقىرغان ئادىلجان مەكتەپ ھويلىسىدا تۇرۇپ، — سىلىنى ئىشخانىغا كىرسۇن دەيدۇ.

— بايا كەلگەن ساقچىلار، — دەپ گېپىنى باشلىدى مۇدىر ئىمىن رەھىمتىل كىرگەندىن كېيىن، — داۋالاش چىقىمىنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىشىمىزنى بۇيرۇدى. ھېلىمۇ تەلىيىڭلا بار ئىكەن، تامچى ساق قاپتۇ. ئالىمادىس ئۆلەپ قالغان بولسا قانۇنىي مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلۇش تەس ئىدى. ئەمدى داۋالاش چىقىمىنى بولسىمۇ ئۈستۈڭلىگە ئالمىساڭلا بولماس ...

بوۋاينىڭ ياخشىلىق قىلىشى بىلەن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، چىرايىغا كۈلكە ياماشقان ئىمىن رەھىمتىلنىڭ يەنە قۇيقا چىچى تىك تۇردى:

— نېمە دەۋاتىلا شوجاڭ ؟ ! ساقچىلار ئىسپاتنى كۆرۈپ ، قاراۋۇل بوۋايدىنمۇ بىۋاستە تەكشۈرۈپ ، ھەممە ئىشنى ئېنىقلاپ كەتكەن تۇرسا ، ئەمدى قوپۇپ مەسئۇلىيەتنى يەنە ماڭا ئارتماقچىمۇ ؟ !

— ياق ، ئىمىنجان ، گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋاپسىلە . مەسئۇلىيەت سىلىدە بولغان بولسا ، ساقچىلار سىلىنى قويۇپ كەتمىگەن بولاتتى ··· مەن دېمەكچىمەنكى ، مەسئۇلىيەت سىلىدە بولمىسىمۇ ، جېدەلگە سىلى ئارىلىشىپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ، ئاشۇ جېدەلدە يارىلانغان بىمارنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى سىلە ئۈستۈڭلىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ···

— مەن شۇنى سىلىگە ئۈچۈق دەپ قوياي شوجاڭ ، سىلىنىڭ ماڭا دەۋاتقانلىرى خۇددى «ھەسەلنىڭ قىلىنى ئېلىپ ، ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يە !» دېگەنگە ئوخشاش بىر گەپ . مەن تېخى ئۇ دەرىجىدە ساراڭ بولۇپ قالمىدىم . داۋالاش چىقىمىنى تۆلىمەيمەن .

— ئىمىنجان ···

— بولدى شوجاڭ ، ئاغزىلىرىنى ئۇپراتمىسىلا . يامىنى كەلسە جاۋابكار بولۇپ تۈرمىدە ياتسام ياتىمەنكى ، داۋالاش چىقىمىنى ھەرگىز تۆلىمەيمەن ! مېنى يەنە ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىلە .

ئىمىن رەمتىل شۇنداق دېگىنىچە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى . مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدى .

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ جېدەل ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرمۇ بارا ـ بارا بېسىقىپ قالدى . ئەمما ، شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار ئىتتىپاق ئوتتۇرا مەكتىپىدە كۆتۈرە ئالغان قۇرۇلۇش پۈتكۈچە ئىمىن رەمتىلنى نەدە كۆرسە شۇ يەردە قايتا ـ قايتا ئېگىلىپ سالام قىلىدىغان بولۇشتى . قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن بولسا «ئىتتىپاق» تەۋەسىگە ئىككىنچىلەپ دەسسىمىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ساراڭنى ساقايتىش

كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن يېزا مەركىزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ قائىدە ـ تۈزۈم، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش شارائىتى قاتارلىق كۆپلىگەن جەھەتلەردىن كۆرۈنەرلىك پەرقلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەيلى باشلانغۇچ مەكتەپتە، مەيلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك دېھقانىنىڭ بالىلىرى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن قېچىش ئەھۋالى ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى. چۈنكى، ئەتىيازدا تېرىقچىلىقتا، يازدا «يازنىڭ ئۈچ ئىشى»غا، كۈزدە كۈزلۈك يىغىمغا يېتىشەلمىگەن دېھقانلار بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا سالغاندىن باشقا، «جىگدە ياغىچى بادرا بولماس، دېھقان بالىسى كادىر بولماس» دېگەن تەمسىلگە بەك ئىشىنىپ، ھە دېسىلا بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىشنىڭ كويىدا بولاتتى. شۇڭا، ئىمىن رەمتىل يانتاق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ پات ـ پات «بالا چاقىرىش»قا مەجبۇر بولدى.

— دېھقان دېگەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان خەق، — دەيتتى مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇتقۇچىلارنى بالا چاقىرىشقا ئەۋەتىشتىن بۇرۇن يىغىپ يىغىن ئېچىپ، — بىر كۈنلۈك، بىر ھەپتىلىك ئىشنى دەپ بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي، كەلگۈسى ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدىغانلار كۆپ. ئۇلارغا چىرايلىق چۈشەندۈرمەن دېسەك ئاقمايدۇ. شۇڭا، بەزىدە مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللانمايمۇ بولمايدۇ. سىلەر مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاندىن كېيىن ئاۋۋال چىرايلىق دەپ

بېقىڭلار . بەك ئۇنىمسا ، ئۆيدە ئىشەك بولامدۇ ، هارۋىسى بولامدۇ ، قويى بۇلامدۇ ، تېلېۋىزور ، ئۇنىئالغۇسى بولامدۇ ، نېمىسى بولسا شۇنى ئېلىپ كېلىۋېرىڭلار . قالغان گەپنى مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن دېيىشىمىز ...

ئەنە شۇنداق بىر قېتىملىق يىغىندىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن ، ئىمىن رەمتىل بىر گۇرۇپپا ئوقۇتقۇچى بىلەن «ئۆيلۈك كەنتى»گە بالا چاقىرىشقا چىقتى . مەكتەپكە كەلمىگەنلەرنىڭ تىزىملىكى بويىچە ئۆيمۇئۆي بېرىپ ، بەزى ئۆيلەردىن قوي ، بەزى ئۆيلەردىن ۋېلسىپىت ، يەنە بەزى ئۆيلەردىن كالا ، ئىشەكلەرنى هەيدەپ چىقىپ مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى . ئۇلار مەكتەپكە كېلىپ بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ، «ئۆيلۈك كەنتى» دىكى دېھقان تۇرسۇن بېدىك مەكتەپتە پەيدا بولدى .

— شوجاڭ قېنى؟ شوجاڭ نەدە؟ — دەيتتى ئۇ كۆرگەنلا ئادەمدىن سوراپ .

— هە ، نېمە گەپ؟ — دېدى مۇدىر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشخانىسىدىن چىقىپ .

— سىلىنىڭ مەلىملىرى مېنىڭ بىر ئىشىكىمنى ئەكېلىپ مەكتەپكە سولىۋاپتۇ . ئۇ دېگەن ئىككى مىڭ كويغا بەرمىگەن نەسىللىك ئىشەكتى . ئاچ قېلىپ ، يا باشقا بىرەر ئىش بولۇپ ئۆلسە تۆلىيەلەملا ؟

— ئاۋۋال بالىنىڭ گېپىنى قىلسىلا ، بالىنىڭ . سىلىگە بالا مۇهىممۇ يا ئىشەكمۇ؟ بالىنى نېمىشقا مەكتەپكە ئەۋەتمىدىلە؟

— بالام ساراڭ ، مەكتەپتە ئوقۇيالمايدۇ .

— ساراڭ؟ يانتاقتا تېخى رەخىم بايدىن باشقا بىرەر ساراڭ چىققىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم . ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى تەتۈر كىيىپ ، بازارغا بارسىمۇ مۈرىسىگە بىر پۇچۇق كەتمەننى ئارتىۋالىدىغان ، قىشنىڭ جاڭ ـ جاڭ سوغۇقىدىمۇ كوچىغا ئوت قالاپ ، ئوچۇق مەيدىسىنى ئوتقا قاقلاپ تالادا ياتىدىغان رەخىم بايىنىمۇ يانتاقتا تېخى هېچكىم ساراڭ دەپ باققىنى يوق . تولا باهانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەي

بالىنى مەكتەپكە ئەۋەتسىلە .

— بولىدۇ ، شوجاڭ . ساراڭ بولسىمۇ ئوقۇتۇۋېرىمىز دېسىلە ، بالىنى ئەتىلا ئەكېلىپ قويىمەن . بەك بولمىسا ساراڭلار ساناتورىيە سىنىپىدىن بىرنى ئاچالا . ئەمما ئېشەكنى قانداق قىلىمىز؟

— بالا مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن .

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل . لېكىنزە ، بايا دېگىنىمدەك ئېشەك ئىككى مىڭ كويغا بەرمىگەن نەسىللىك ئېشەك . خەقنىڭ شۇنداقراق ئېشىكى بولسا ، دۇلدۇل دەيدۇ دېسىلە ، دۇلدۇل ! ئالىمادىس كېچىگىچە دۇلدۇلۇم ئۆلۈپ قالسا تۆلىيەلەملا ؟ !

مۇدىر تۇرسۇن بېدىكنىڭ قۇۋلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ، كېيىنكى ئاۋارىچىلىكتىن سەل قورقتى بولغاي ، ئىمىن رەمتىلنى توۋلاپ سورىدى :

— ماۋۇ ئادەمنىڭ ئېشىكى زادى قانداقراق ئېشەككەن ؟

— ئەخمەتشا قارىقاشنىڭ نەزەر مۇپتىغا يازغان نەزمىسىدە تەسۋىرلەنگەن قوتۇر ئات ئەسلىرىدە بارمۇ ؟ شۇ قوتۇر ئاتتىنمۇ مىڭ ھەسسە بەتتەر ئېشەككەن .

— ئۇنچىلامۇ ئەمەستۇ ؟ كېچىچە ئۆلەپ قالمىسىلا بولدى . ئەتە ئەتىگەنلىككە بالىسىنى ئېلىپ كېلىپ ، ئېشىكىنى ئەكېتىدۇ . شۇنىڭغىچە ئېشەك سىلىگە قالدى ئەمىسە ئىمىنجان .

— نېمە دېدىلە شوجاڭ ؟ كۈندۈزى دەرس ئۆتۈپ ، كېچىسى ئېشەك باقىمەنمۇ ئەمدى ؟ ماڭسا پېيى تارتىشىپ بەش - ئون مىنۇتتا بىر چامدايدىغان ، بەش - ئون قەدەم ماڭار - ماڭماي شاتىراقلايدىغان ، كۆزلىرىدىن چاپاق ، بۇرنىدىن ماڭقا ئېقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ جىنازىدەك ئېشەكنى ماڭا تاپشۇرۇۋاتامدىلا ؟ ئېشەك ئىگىسىنىڭ بايىقى گەپلىرى يادىلىرىدا يوقمۇ ؟ ئاشۇ جىنازىدەك ئېشەكنى دۇلدۇل دەۋاتسا ... رەنجىسىلىمۇ مەيلى ، مەن دۇلدۇلنى باقالمايمەن .

ئىمىن رەمتىل گېپىنى دەپ بولۇپلا ئالدى - كەينىگە قارىماي كەتتى . مۇدىر يەنە باشقا ئوقۇتقۇچىلارنى توۋلاپ ، ئېشەكنى

كېچىگىچە بېقىشقا ھاۋالە قىلىپ بېقىۋىدى، قوتۇر ئېشەكنىڭ ئەتىگىچە ئۆلمەي تۇرۇشىغا كۆزى يەتمىگەن ئوقۇتقۇچىلار بىكاردىن ـ بىكار تۆلەمگە قېلىشتىن قېچىپ، ھېچقايسىسى يېقىن كەلگىلى ئۇنىمىدى.

— دۆلدۆلۈمنى مىنىپ كېتەمدىمەن، يا ئۆلسە تۆلەشكە ھۆججەت يېزىپ بېرىپ ئېلىپ قالاملا؟ — دېدى تۇرسۇن بېدىك تەنە ئارىلاش.

— تولا بېشىمنى ئاغرىتماي، ئېشىكىڭنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يىتەۋە ئاكا، — دېدى مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ.

تۇرسۇن بېدىك ھېلى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئاران مېڭىپ قالغان قېرى ئېشىكىنى يېتىلەپ مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بالىسىمۇ «ساراڭ» دېگەن گەپ بىلەن قايتا سۇرۇشتە قىلىنمىدى. ئەمما، شۇنىڭدىن باشلاپ مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئايمۇئاي ئېشىشقا باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلار بالا چاقىرىشقا بارسا، ئاتا ـ ئانىلار «بالام ساراڭ» دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى. «ساراڭ» دېگەن سەۋەب بىلەن مەكتەپكە كەلمىگەنلەرنىڭ سانى قىرىق بىرگە يەتكەندە، مەكتەپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا يىغىن ئاچتى:

— بىز ھەممىمىز، — دېدى مۇدىر يىغىن ئاخىرىدا، — ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ نېنىنى يەۋاتقانلار. ناۋادا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى «مەن ساراڭ» دەۋېلىپ مەكتەپكە كەلمىسە، بىز قۇرۇق سىنىپقا دەرس ئۆتەمدۇق؟ قۇرۇق سىنىپقا دەرس ئۆتسەك، ئۇ ھالدا ھەقىقىي ساراڭ بىز ئۆزىمىز بولۇپ قالىمىز. شۇڭا، تەدبىر قوللىنىپ، قەستەن ساراڭ بولۇۋالغان ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلمىسەك قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ئىش ھازىرغىچە مەكتىپىمىز بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى...

يىغىندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار يەنە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ بالا چاقىرىشقا ئاتلاندى. ئىمىن رەمتىل بۇ قېتىم «جەرەندۆڭ» كەنتى

www.uyghurkitap.com

تـەۋەسـسـدىكى كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى يىغىشقا مەسئۇل بولۇپ چىققانىدى . تىزىملىك بويىچە تۇنجى بولۇپ تۇردى ئەسكەر دېگەن دېھقاننىڭ ئۆيىگە كەلدى .

— بالام ساراڭ ، مەكتەپتە ئوقۇيالمايدۇ ، — دېدى تۇردى ئەسكەر ئىشىك ئالدىغا كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارغا سوغۇق تېگىپ .

— بالاڭ راست ساراڭمۇ تۇردىكا ؟ — دەپ سورىدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ .

— ھەئە ، راست ساراڭ .

— بۈگۈن ساراڭنى ساقايتىدىغان ئىمىن دوختۇر كەلدى . ئەمىسە بالاڭنى ئېلىپ چىق .

تۇردى ئەسكەر ئۆيىدىن بالىسىنى چاقىرىپ چىقتى . ئىمىن رەمـتـىـل بـالـىـغا قـاراپ ، ئـۇنـىڭ يۈز ـ كۆزىنىڭ قەستەن يۈيۈلمىغىنىنى بىلىپ ، ئاۋۋال گەپ سوراپ باقتى :

— سېنى ئاتاڭ ساراڭ دەۋاتىدۇ . سەن دېگەن ئوقۇغۇچى ، ئـوقۇغۇچى يالغان گەپ قىلسا بولمايدۇ . قېنى دەپ باقە ، سەن راست ساراڭمۇ ؟

بالا يەر تېگىدىن ئاتىسىغا بىر قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى :

— راست ، مەن ساراڭ بولۇپ قالدىم .

— گېپىڭ راست ـ ھە ؟ ھېلى يېنىۋالساڭ بولمايدۇ جۇما .

— يېنىۋالمايمەن .

— ئۆيەڭدە نان بارمۇ ؟

— بار .

— ئەمىسە بىر نان ، بىر قاچا ، بىر داس ، بىر كەتمەن ، بىر كالتەك ئېلىپ چىق .

بالا يەر تېگىدىن ئاتىسىغا يەنە بىر قارىۋېتىپ ، ئۆيگە كىرىپ كـەتتى . تۇردى ئەسكەر «قېنى قانداق قىلالايتتىڭ ؟» دېگەندەك قىلىپ گىدىيىپ تۇرۋۋەردى . ھايال ئۆتمەي بالا بايا بۇيرۇلغان نـەرسىلەرنى ئاچىقىپ ئىمىن رەمتىلنىڭ ئالدىغا قويدى . ئىمىن رەمتىل كەتمەننى ئېلىپ ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە بىر دەمدىلا بىر

كــەتمەن گەندىنى ئەكېلىپ ، داسقا تۆكتى . ئاندىن ناننى قاچىغا سېلىپ ، يەنە بىر ياققا قويدى .
— سەن ساراڭ ، شۇنداقمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ .
— ھەئە ، مەن دېگەن ساراڭ .
— ماۋۇ قاچا بىلەن ماۋۇ داستىكى ئاشنىڭ قايسىنى ئىچكىلى بولىدۇ ؟
— قاچىدىكى ناننى يېگىلى بولىدۇ .
— ماۋۇ داستىكى ئاشنىچۇ ؟
— ياق ، ئۇ ئاش ئەمەس ، ئۇ دېگەن پوق . پوقنى يېگىلى بولمايدۇ .
— پوقنى يېمىسەڭ ، ئەمىسە ئىشتان - كۆڭلىكىڭنى سېلىپ ئۇسسۇل ئوينىغىنە .
— ياق ، مەن ئۇسسۇل ئوينىيالمايمەن .
— ئۇسسۇل ئوينىمىساڭ ، ئاتا - ئاناڭنى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللا ئەمىسە .
— نېمىشقا ؟ مەن ئاتا - ئانامنى تىللىمايمەن .
— ئەمىسە ماۋۇ كالتەكنى ئېلىپ ئۆزۈڭنى ئۇرە !
باياتىن بېرى ئىمىن رەمتىلىنىڭ ھەممە سوئالىغا جاۋاب بېرىپ تۇرغان بالا نېمىشقىكىن ئەمدى گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى .
— ئۆزۈڭنىمۇ ئۇرمىساڭ ، ئەمىسە ئوڭ - تەتۈر سۆزلەپ جۆيلۈپ باقە .
— ...
— كــۆرۈپ تۇرغانسەن تۇردىكا ، — دېدى ئىمىن رەمتىل تــۇردى ئەسكــەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، — باياتىن بېرى بالاڭدىن ساراڭنىڭ بەش تۈرلۈك ئىمتىھاننى ئالدىم . چۈنكى ، ساراڭ دېگەن بەش خىل بولىدۇ : بىرىنچى خىل ساراڭ چىچىپ پوقىنى يەيدۇ ؛ ئىككىنچى خىل ساراڭ ئىشتان - كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ يۈگۈرۈپ يــۈرىدۇ ؛ ئۈچىنچى خىل ساراڭ كىمنىڭ ئىسمى ئاغزىغا كەلسە شــۇنى ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى تىللايدۇ ؛ تۆتىنچى خىل ساراڭ

ئـۆزىنى ئۇرىدۇ ؛ بەشىنچى خىل ساراڭ كۈپكۈندۈزدە جۆيلۈپ ، ئـۆزىـگـە ئۆزى سۆزلەيدۇ . لېكىن ، سىنىڭ بالاڭ ئىمتىھاننىڭ بىرىدىنمۇ ئۆتەلمىدى . ئەمدى نېمە دەيسەن ؟

— ساراڭ مەن ئەمەس ، ئاشۇ بالا بولغاندىكىن ، بۇنى ئاشۇ بالىنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ ، ئۇكام .

— ھە ، شاكىچىك ، ئاتاڭ ئىختىيارنى ئۆزۈڭگە بەردى . ئەمدى ئۆزۈڭ بىر دەپ باقە ، مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇمسەن ياكى ساراڭ بولۇپ پوق يەمسەن ؟

بـالا داستىكى گەندىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ، جاۋاب بەردى :

— مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيمەن .

— ھەببەللى ، مانا ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ . ساراڭ بولۇپ پوق يېگەندىن ، مەكتەپتە ئوقۇغان مىڭ ئەۋزەل . ئەممىسە گېپىمىز گەپ ، ئەتە ئەتىگەندە مەكتەپكە بارىسەن . بىزمۇ باشقا نېرى - بېرى گەپلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيمىز . ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل ، مەلىم .

— گېپىڭ راست - ھە ؟

— راست .

— مانا بالاڭ ساقايدى ، تۇردىكا ، — دېدى ئىمىن رەمتىل تۇردى ئەسكەرگە قاراپ ، — ئەممىسە بىز كەتتۇق . ئەتە بالاڭ يەنە مەكتەپكە بارماي قالسا ، ئۇ چاغدا باشقىچىرەك دېيىشىپ قالمىز جۇما .

— ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە بالا مەكتەپكە بارماي نېمە ئىش قىلا ئۇكام ، — دېدى تۇردى ئەسكەرمۇ بېشىنى قاشلاپ .

ئىمىن رەمتىل گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە ، مەكتەپكە بارمىغان باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە قاراپ ماڭدى . شـۇ قـېـتـىـمـقى بالا چاقىرىشتىن كېيىن «ساراڭ» بولۇۋالغان بـالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى ئۆزلۈكىدىن «ساقىيىپ» ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئاشتى .

## «مەكتەپنى ساتمايمىز !»

يانتاق ئوتتۇرا مەكتىپى تۇمەنتال ، قۇرما قاتارلىق يېزىلارغا ۋە يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 43 - ، 45 - پولكلىرى ئارقىلىق مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسىغا تۇتىشىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۇستىگە جايلاشقان بولغاچقا ، يالغۇز مەكىت ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارماقلىرىدىكى خادىملارلا ئەمەس ، مۇشۇ يولدىن ئۆتكەن باشقا مائارىپ تارماقلىرىدىكى خادىملارنىڭمۇ بۇ مەكتەپكە تۇيۇقسىز كىرىپ قىلىش ئېھتىماللىقى چوڭ ئىدى . ئەمما سىنىپ ۋە ئىشخانىلارنىڭ ئاستىغا خىش بېسىلغاندىن باشقا ، مەكتەپ ئىچىدىكى يول ۋە مەيدانلار تېخى شۇ پېتى بولغاچقا ، ئادەم ماڭسىلا توپا ئۆرلەپ تۇراتتى . ئىمىن رەمتىل ئۆزى ئوقۇغان ۋە هازىر ئۆزى ئىشلەۋاتقان بۇ مەكتەپنىڭ تازىلىق مۇھىتىنى قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلاش نىيىتىدە مەكتەپ مۇدىرلىرىغا چېلەك ، سۇپۇرگە دېگەندەك تازىلىق سايمانلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى ، «راسخوت يېتىشمەيدۇ» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى . ئوقۇغۇچىلاردىن پۇل يىغاي دېسە ، كىتاب پۇلى ، بەدەل پۇلى دېگەندەك مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان پۇللارنىمۇ تۆلىيەلمەيۋاتقان بۇ دېھقان بالىلىرىغا ئېغىر كېلەتتى . ئۆزى يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئالاي دېسە ، بالىلاردىن يىغىپ بولالمايۋاتقان بەدەل پۇلى بىلەن كىتاب پۇللىرىنى تۆلەپ ئۈلگۈرتەلمەيۋاتاتتى . شۇڭا ، ئۇ ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ، ئاخىر مەكتەپ هاجەتخانىسىغا چۈشكەن ئوغۇتنى ئەتراپتىكى كۆكتاتچىلاغا سېتىپ ، شۇنىڭ پۇلىغا تازىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . شۇڭا ، هەر قېتىم

هاجەتخانىغا بارسا، چىقارغۇدەك ئوغۇت يىغىلغان ـ يىغىلمىغانلىقىغا قاراپ باقاتتى.

بىر كۈنى هاجەتخانىغا بېرىپ، تېخى چىقارغۇدەك توپلانمىغان ئوغۇتلارنىمۇ بىرىنىڭ ئاللىقاچان چىقىرىپ ئەكەتكەنلىكىنى كۆرۈپ هەيران قالدى. ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سوراپمۇ ئوغۇتلارنى كىمنىڭ چىقىرىپ ئەكەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بۇ ئىشقا جۇدۇنى تۇتقان ئىمىن رەمتىل ئۆزى بىۋاستە ئېنىقلاپ باقماقچى بولۇپ هاجەتخانىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. يولغا چېچىلىپ ماڭغان گەندە بىلەن رېزىنكە چاقلىق هارۋىنىڭ ئىزىنى يىپ ئۇچى قىلىپ ئىز ئىزلەپ، مەكتەپكە ئانچە يىراق بولمىغان بىر كۆكتاتلىققا كېلىپ توختىدى. ئېتىزلىققا سىنچىلاپ قارىۋىدى، كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزى يېنىغا گەندە كۆمۈلۈپ، سۇ قويۇشقا تەييارلانغانلىقىنى بايقىدى.

— بۇ كۆكتاتلار كىمنىڭ؟ — دەپ توۋلىدى ئىمىن رەمتىل ئېتىز بېشىدا تۇرۇپ.

— هە، نېمە گەپ؟! — دەپ سورىدى ئۆيدىن كۆكتاتچى چىقىپ.

— مەكتەپنىڭ خالاسىنى سەن چىقاردىڭما؟

كۆكتاتچى ئىمىن رەمتىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنى قايتا ـ قايتا چاقىرىپمۇ ئۆيىدىن چىقىرالماي ئاچچىقى كەلگەن ئىمىن رەمتىل مەكتەپكە قايتىپ كەلدى ـ دە، سىنىپتىكى كەپسىز ئوقۇغۇچىدىن ئۇننى ئېلىپ كۆكتاتلىققا قايتا كەلدى.

— ماۋۇ كۆكتاتنىڭ ئىگىسى بولسا تېز چىقسۇن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كۆكتاتچىنىڭ ئۆيىگە قاراپ، — ئەگەر چىقمىسا كۆكتاتلارنى يۇلۇپ مەكتەپ ئاشخانىسىغا ئېلىپ كېتىمىز!

ئىمىن رەمتىل بىر ئاز ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆكتاتچى ئۆيدىن چىقمىدى. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ بايىقى سۆزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ـ دە، باللارغا كۆكتاتلارنى يۇلۇشقا بۇيرۇق



www.uyghurkitap.com

قىلدى .
— توختاڭلار ! ۋاي توختاڭلار دەيمەن ! — دېدى كۆكتاتچى كۆكتات يۇلۇۋاتقان بالىلارغا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ .
— ھە ، نېمە گەپ ؟ ! — دېدى ئىمىن رەمتىل كۆكتاتچىنىڭ بايىقى گېپىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ .
— نېمىدەپ مېنىڭ كۆكتاتلىرىمنى يۇلىسىلەر ؟ !
— سەن نېمىدەپ مەكتەپنىڭ خالاسىنى چىقىرىپ كۆكتاتلىقىڭغا قويۇۋالىسەن ؟ !
— مەن ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغان تۇرسام ، كۆكتاتلىقىمغا قويامدىم ، قوناقلىققا قويامدىم ، ئۆزۈمنىڭ ئىشى . سېنىڭ نېمە كارىڭ ؟
— مەن مەكتەپنىڭ ئىگىسى . خالادىكى ئوغۇتنى ساڭا ساتامدىم ، باشقىلارغا ساتامدىم ، ئۆزۈمنىڭ ئىشى . سەن نېمىشقا ئوغۇتلارنى مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئاچىقىپ قويۇۋالدىڭ ؟ !
— ...
ئىمىن رەمتىل كۆكتاتچى بىلەن تاراقلىشىپ يۈرۈپ ، ئاخىر خالادىكى ئوغۇتنى مۇدىرنىڭ يەتتە يۈز كويغا سېتىپ ، پۇلنى يانچۇققا سالغانلىقىنى بىلدى . ئەمدى كۆكتاتچى بىلەن ئارتۇقچە تالىشىشنىڭ ئورنى قالمىغاچقا ، ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ مەكتەپكە قايتىپ كىردى .
ئەمما ، ئىمىن رەمتىلنىڭ بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلغۇسى يوق ئىدى . «بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ شوجىڭى بولغان ئادەم» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە ، «مەكتەپتىكى مىڭغا يېقىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنىڭ باشلىقى تۇرۇقلۇق ، ئۆزىنىڭ سۆپىتىنى ساقلىماي ، مەكتەپنىڭ خالاسىنى سېتىپ يەۋالسا ، خەق مائارىپچىلارنى نېمە دەيدۇ ؟ ... ھېلىمۇ بالا چاقىرغىلى بارساق ، دېھقان جىنىمدا كۆزگە ئىلماي ئىت - مۈشۈكلىرىنى تىللىغان بولۇپ بىزنى تىللاۋاتسا ... »
ئىمىن رەمتىل مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن بىرنەچچە كۈنگىچە

خاراموْش بولوْپ يوْردى . بىرىپ مائارىپ ئىدارىسىگە ئىنكاس قىلاي دىسە ، بىرىنچىدىن ، ئاشۇ بىر قىتىملىق ئىنكاس بىلەنلا مەسىلىنىڭ ھەل بولوْپ كىتىشى ناتايىن ئىدى . ئىككىنچىدىن ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «چىقىمچى» بولوْپ ، نامى پوْر كىتەتتى . گەپ قىلماي يوْرۇۋىرەي دىسە ، ئۇنىڭ ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلاپ زادىلا ئارام بەرمەيتتى . ئاشۇ ھالەتتە تىت ـ تىت بولوْپ يوْرگەن بىر كوْنى دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقتىدا مەكتەپكە ئىككى ناتونوْش كىشى كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئۆشىنىسىدە ئاسما سومكا ، قوللىرىدا بىرنەچچە تالدىن قەلەم بار ئىدى . ئىمىن رەمتىل بۇنىڭغا قاراپلا ، ئۇلارنىڭ پات ـ پات كىلىپ قەلەم سىتىپ كىتىدىغان زورلاپ ساتارلار ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە ، ئىشخانا ئالدىدا توْرۇپلا ۋارقىرىدى :

— ھەي ، خوجايىنلار ! يەنە نىمىدەپ كەلدىڭلار ؟ ! نىمە ؟ نىمە دىدىڭلار ؟ ! مەكتەپنى ساتامسىلەر دىدىڭلارما ؟ ! بولدى ، ئارقاڭلارغا يىنىڭلار ؟ مەكتەپنى ساتمايمىز ! ... نىمە ؟ سەن ساتمىساڭ شوجاڭ سىتىۋىرىدۇ دىدىڭلارما ؟ ! ياق ، بۇ قىتىم خاتالىشىپسىلەر . شوجاڭ خالادىكى پوقنى سىتىپ خەجلىۋالغان بىلەن ، مەكتەپنى ساتالمايدۇ ! مەكتەپنى سىتىۋەتسە بىز نىمە ئىش قىلىمىز ؟ ! ئوقۇغۇچىلار نەدە ئوقۇيدۇ ؟ ! ... بولدى ، ئارقاڭلىغا يىنىڭلار ! مەكتەپنى ھەرگىز ساتمايمىز ! !

ئىشخانا ئالدىدا تەنەپپۇسقا چىققان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ توْرغان موْدىر ئىمىن رەمتىلنىڭ قەستەن دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۈن ـ تىنسىز ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى . كۆزلىرىدىن كوْلكە ماراپ قالغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇ بۇنىڭغا ، بۇ ئۇنىڭغا قارىشىپ ، كوْلوْپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن ئاغزىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇۋالغىنىچە ، داڭ چىلىنىماي توْرۇپلا سىنىپلىرىغا كىرىپ كىتىشتى .

# موتىسكىلىتقا چىتىلغان ئىشلار

ھەر بىر دەۋردە، ھەر بىر يۇرتتا ئۆزىگە خاس بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل مودا شەكىللەنگەن بولىدۇ. بۇ خىل مودىنى گەرچە بىرەر نوپۇزلۇق ئورگان، تەشكىلات ياكى شەخسلەر تەشەببۇس قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ماددىي جەھەتتىكى ئوخشاش ئېھتىياج ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئوخشاش پسىخىكىلىق ھالەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنى ئاڭسىز رەۋىشتە قوبۇل قىلىشىۋېرىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە ساق ئىشتاننىڭ كاسا ۋە تىزلىرىغا بىر خىل چوڭ ياماق سېلىپ كىيىش مودىسىنى قوبۇل قىلغان ياتاقلىقلار «خەلق گۇڭشېسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەرلەر ئومۇميۈزلۈك ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن ۋېلسىپىت مىنىشنى مودا قىلىشىۋېلىشتى. ھەتتا ھاشارغا بارىدىغان دېھقانلارمۇ يوللارنىڭ توپا بولۇشىغا قارىماي، كەتمىنىنى ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ، يەيدىغان نېنىنى ۋېلسىپىتنىڭ رولىغا ئېسىپ بېرىپ، ۋېلسىپىتلىرىنى ئۆستەڭ بويىغا توختىتىپ قويۇپ ھاشارنى چاپىدىغان بولۇشتى. توپا يوللار ئاسفالتلاشقان ھازىرقى دەۋردە بولسا مەيلى كادىر، مەيلى دېھقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرەر - ئىككى مىڭ كويغا كۆچى يەتسىلا، موتىسكىلىت سېتىۋېلىپ مىنىش يەنە بىر خىل مودىغا ئايلاندى.

ئىمىن رەمتىل دەسلىپىدە «مودا قوغلىشىش دوراmچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس…» دەپ، موتىسكىلىت سېتىۋېلىشقا قىزىقمىغانىدى. كېيىن يىراق - يېقىندىكى توي - تۆكۈن، نەزىر -

www.uyghurkitap.com

چىراغلارغا قاتنىشىش ھەمدە خالىغان ۋاقىتتا خالىغان يەرگە بېرىپ ـ كېلىش قاتارلىق كۆندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە ئەپسىزلىك ھېس قىلىپ، موتسىكلىتتىن بىرنى سېتىۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى بىلگەن بىر يېقىن تونۇشى ئۆزىنىڭ «سوزۇكى» ماركىلىق موتسىكلىتىنى ساتماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئىمىن رەمتىلىنىڭ بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىنى ئېيتتى. ئىمىن رەمتىل بېرىپ موتسىكلىتنى كۆرۈپ باھاسىنى سورىدى ۋە ئۆزىمۇ ئويلىنىشىنى ئېيتتى. بىردەملىك تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئارىغا چۈشۈپ كېلىشتۈرۈپ قويۇشى بىلەن موتسىكلىت بەش مىڭ كويغا سودا قىلىندى.

— گېپىمىز گەپ، — دېدى ئىمىن رەمتىل موتسىكلىتنى مىنىپ كېتىش ئالدىدا، — ھازىر مېنىڭ يېنىمدا پۇل يوق، مەن بېرىپ خوتۇنغا دەپ قويۇپ كېتىمەن. سەل تۇرۇپ بېرىپ پۇلۇڭلىنى ئېلىۋالساڭلا بولىدۇ.

ئىمىن رەمتىل موتسىكلىتنى مىنىپ، «يانتاق بازىرىنىڭ پېشانىسى» ھېسابلىنىدىغان دوقمۇشتا بوتكا دۇكان ئېچىۋاتقان خوتۇنى تۇرسۇنگۈلنىڭ يېنىغا باردى ۋە موتسىكلىتنى ئالغانلىقىنى ئېيتىپ، «پۇلىغا كەلگەندە بېرىپ قوي ...» دەپ، يېنىدىن بەش مىڭ كوينى ئېلىپ خوتۇنىغا بەردى.

— ئۆزىڭىز بەرسىڭىز بولمامتى؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى بىر ياققا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان ئىمىن رەمتىلدىن.

— بولمايتتى، — دېدى ئىمىن رەمتىل موتسىكلىتنى ئاستا قوزغاپ كېتىۋېتىپ، — سەۋەبىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسەن.

دېگەندەك، ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ، موتسىكلىتنى سانقۇچى ئاۋۋال ئىمىن رەمتىلنىڭ يېنىغا كېلىپ موتسىكلىتنى ئەمدى ساتمايدىغان بولغانلىقىنى، شۇڭا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ، موتسىكلىتنى ئەكەتكىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— پۇلنى كىمدىن ئالغان؟ — دەپ سورىدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭدىن.

— سىلى هازىر مەندە پۇل يوق ، تۇرسۇنگۇلدىن ئېلىۋېلىڭلا دەپتىڭلا ، بېرىپ تۇرسۇنگۇلدىن ئالغان شۇ .

— ھەببەللى ، هازىرمۇ تۇرسۇنگۇلنىڭ يېنىغا بېرىپ ، پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ كېلىڭلا . ئاندىن موتونى ئاچىقىپ بېرىمەن .

موتىسىكلىت ساتقۇچى ئىمىن رەمتىلنىڭ پۇلنى ئۆزى ئالماي خوتۇنىغا بۇيرۇشىدىكى سەۋەبنى بىلەلمەي ، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئىمىن رەمتىل شۇ هامان خوتۇنىغا تېلېفون قىلدى :

— ۋەي تۇرسۇنگۇلما ؟ ... ئۆتكەندە بىزگە موتو ساتقان ھېلىقى ئاداشنى تونۇيدىغانسەن ؟ ... ھە شۇ . ئۇ هازىر موتونىڭ پۇلىنى قـــايتــۇرۇپ بــېرىمەن دەپ يېنىڭغا بارىدۇ . ئەمما ، بىز موتونى قـــايتۇرمايمىز . شۇڭا ، ئوبدان گەپ بىلەن يولغا سېلىپ قوي . گېپىمنى چۈشەنگەنسەن ؟ ھە ، موتونى ئالغان چاغدا پۇلنى سەن بېرىپ قوي دەپ يېنىمدىكى پۇلنى ساڭا بېرىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ ئــىدى . ئــۇ ئــاداشــقــا ئــانــىــســى كــىچىكىدە يېنىشقاقنى كۆپ يېگۈزۈپتىكەن . ئۇنىڭ يېنىۋېلىشىنى بىلىپ ، پۇلنى سەن ئارقىلىق بەرگەنتىم ...

كەچتە ئىمىن رەمتىل ئۆيىگە كىرىپ ئايالىدىن سورىدى :

— ھــېــلــىقى موتو ساتقان يېنىشقاق يىگەن ئاداش يېنىڭغا باردىمۇ ؟

— كەلدى . كېلىپ «ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ قويۇڭ» دەپ بىر تۇتام پۇلنى تەڭلەپتى ، «نېمە پۇل ئۇ ؟» دەپ سورىسام ، «ئۆتكەنكى موتونىڭ پۇلى» دەيدۇ . بىلمەس كىشى بولۇۋېلىپ ، «بۇ پۇلنى ئېلىپ نېمە قىلىمەن ؟» دېسەم ، «موتونى ساتمايدىغان بولغان . شــۇڭــا ، پــۇلــنــى قــايــتۇرغىلى كەلدىم» دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەلپازىمنى بۇزۇپ : «ئەر كىشىمۇ تۆت ئەدەمنىڭ ئالدىدا قىلغان سودىدىن يانامدۇ ؟ ئەگەر راست ياناماقچى بولسىڭىز ، ئۆيىڭىزگە بېرىپ ، بېشىڭىزغا ياغلىق ئارتىپ ، ئۇچىڭىزغا گۈللۈك كۆڭلەك كــىيىپ كېلىڭ» دېسەم ، يېنىدىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىپتى . ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئادەم قىزىرىپ ، ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ كېتىپ قالدى .

ئىمىن رەمتىل ئەمدى شۇنىڭ بىلەن موتسىكلىتىنىڭ ئاۋارىچىلىكى تۈگىدى دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان يەنە بىر چوڭ ئاۋارىچىلىك يۈز بەردى : بىر كۈنى نامازشام ۋاقتى بىلەن ئۇ بىر ئىش توغرۇلۇق رۇسۇل روزىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى . موتسىكلىتنى ئىشىك تۈۋىدە توختىتىپ قويۇپ هويلىغا كىردى . رۇسۇل روزى ئىشىك قېقىلغىنىنى ئاڭلاپ ئۆيىدىن چىقىپ ، ئىمىن رەمتىل بىلەن هويلىدا كۆرۈشتى . ئۇلار بىر ئىش توغرۇلۇق هويلىدا تازا قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا ، ئىشىك تۈۋىدىكى موتسىكلىت «گۇر ! !» قىلىپ ئوت ئالدۇرۇلدى ــ دە ، مىنىپ كېتىلدى . ئىمىن رەمتىل دەرهال تالاغا چىقىپ «كىمسەن ؟ ! توختا ! !» دەپ توۋلىدى . ئەمما ، موتسىكلىتنى ئېلىپ قاچقۇچى مايىنى تېخىمۇ جىق بېرىپ ، موتسىكلىتنى تېخىمۇ تېز هەيدەپ قېچىۋەردى . ئەتراپتا موتسىكلىتنى قوغلاپ يەتكۈدەك باشقا قاتناش قورالى يوق ئىدى . ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ موتسىكلىتنى كۆزدىن يوقىتىپ قويسا ، قايتا تاپالىشى ناتايىن ئىدى . شۇڭا ، ئىمىن رەمتىل «ئوغرى ! موتو مىنگەن ئوغرىنى تۇتۇڭلا !…» دەپ توۋلىغىنىچە ، بار كۈچى بىلەن موتسىكلىتنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە قوغلىدى .

موتسىكلىتنى مىنىپ قاچقان ئوغرى ئاسفالتلىق چوڭ يولغا ئەمەس ، تۇمەنتال يېزىسىنىڭ ياركۆل كەنتىگە بارىدىغان كەنت يولىغا قاراپ قاچقاچقا ، توپىلىق يولدا سۈرئەتنى ئۇنچىۋالا تېزلىتەلمىدى . شۇڭا ، ئىمىن رەمتىل ئالاھازەل بەش ــ ئالتە كىلومېتىر يەرگىچە موتسىكلىتنى كۆزدىن يوقاتماي قوغلىدى . بەتىنىكىسى پۇتىنى ئاغرىتىۋىدى ، قوغلاپ كېتىۋېتىپ بىردىن ــ بىردىن سېلىپ تاشلاپ ، يالاڭ ئاياغ بولۇپ يۈگۈردى . ئەمما ، نېمىلا دېگەنبىلەن موتسىكلىتنى پىيادە قوغلاپ يېتىشىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولغاچقا ، موتسىكلىتلىق ئوغرى بارا ــ بارا

يىراقلاپ ، ئاخىر كۆزدىن غايىب بولدى .
بىراق ، ئىمىن رەمتىل بۇنىڭلىق بىلەنلا قوغلاشتىن ۋاز كەچمىدى . «ھېچبولمىسا يولدا بىرەر ئادەم ئۇچرار ، شۇنىڭدىن سوراپ باقارمەن ... » دەپ ئويلايتتى ئۇ . ئاشۇ ئۈمىد بىلەن يەنە ئۈچ - تۆت كىلومېتىرچە يەرگە قوغلاپ بارغاندا ، يول ئۈستىدە بىرىنىڭ خۇددى ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتقىنىنى كۆرۈپ يېنىغا باردى . يولدا ياتقان بۇ ئادەم ئىمىن رەمتىلدەك ئىككى چىقىدىغان گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ ، ئۇنىڭ ھوشىدىن كەتكىنىنى ياكى ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىر قاراشتىلا بىلگىلى بولمايتتى . ئىمىن رەمتىل يېنىغا كېلىپ ئېڭىشىپ قاراپ بېقىپ ، ئۇنىڭ نەشە چەككەن مەست ئىكەنلىكىنى بىلدى . بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ ، يول ياقىسىدىكى بىر تال سېمونت سىم تۈۋرۈكىنىڭ چالا سۇنۇپ ، يانغا قىڭغىيىپ قالغانلىقىغا ، ئۇنىڭغا موتسىكلىتنىڭ سوقۇلغانلىقىنى جەزم قىلدى . ئەمما ، يولدا موتسىكلىت كۆرۈنمەيتتى . ئىمىن رەمتىل ئەمدىلەتىن كۆتۈرۈلگەن ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىدا موتسىكلىتنىڭ يىقىلىپ يەر سىجاپ ماڭغان ئىزلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، ئاخىر موتسىكلىتنى يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىدىن تاپتى . ئۇ ئاۋۋال ئېرىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، موتسىكلىتنى مۈرىدەپ ئىتتىرىپ يۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا يولغا ئېلىپ چىقتى . ئاندىن ئوغرى بىلەن ھېسابلاشماقچى بولۇپ يېنىغا كېلىۋىدى ، ئوغرىمۇ گويا ئۇخلاپ ئويغانغان ئادەمدەك لىككىدە قوپۇپ ئولتۇردى .

— قوپە ئورنۇڭدىن ! — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولۇپ .

— سەن كىم ؟

— مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دەپ ، سەن تېخى مەندىن سوراۋاتامسەن ؟ ! مەن كىم بولىتتىم ، سەن ئوغرىلاپ قاچقان مۇشۇ موتونىڭ ئىگىسى !

— تەلىيىڭ بار ئىكەن ، موتويىڭنى قولۇڭغا ئاپسەن . ئەمدى

مەن بىلەن ھەپىلەشمەي يولۇڭغا مېڭىۋال .

— ھەجەپ گېپىڭ چوڭيا سېنىڭ ؟ ! خەقنىڭ موتوسىدا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىتى گۇي ؟ ! قوپە ئورنۇڭدىن !

ئىمىن رەمتىل كېلىپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ تارتىۋىدى، ئۇ ئورنىدىن قوپۇۋېتىپ بىر كاللا قويۇپلا ئىمىن رەمتىلنى كەينىگە ئوڭدىسىغا چۈشۈردى . بېشى قېيىپ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن ئىمىن رەمتىل ئۆزىنى ئوڭلاپ ئورنىدىن تۇرغاندا ، ئۇ ئوغرى «قېنى نېمە قىلالايتتىڭ ؟ !» دېگەندەك قىلىپ گىدىيىپ تۇراتتى .

ئىمىن رەمتىل جان ئاچچىقىدا ئۇنىڭ كۆزىنى چەنلەپ مۇشت ئېتىۋىدى ، ئاتقان مۇشتى ئاران ئۇنىڭ كانىيىغا كېلىپ تەگدى . ئەمما ، موتسىكلىت ئوغرىسىنىڭ ئاتقان قايتۇرما مۇشتى بولسا ئىمىن رەمتىلنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تېگىپ ، مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى . ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ ئاچ بىقىنىنى نىشانلاپ پەشۋا ئېتىۋىدى ، ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇۋېلىشى بىلەن ، ئاتقان پەشۋا ئاران تېقىمىغا تەگدى . ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا مۇشت ـ پەشۋا بىلەن تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كاپ قىلىپ پاچىقىدىن تۇتتى ـ دە ، چېلىشىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ، يەنە بىر پۇتىغا قاتتىق بىرنى تېپىپ ، ئۇنى ئارقىسىغا يىقىتتى . ئەمما ئۇ بىر يۇملاپلا ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى . ئىمىن رەمتىل ئۆزىنىڭ پاكار ۋە چاققانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە بىقىنىغا ئىككىنى تەپتى . بۇ تېپىك بەلكىم ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ئۇ ئىنجىقلاپ تولغىنىپ كەتتى ۋە شۇ ھامان يېنىدىكى غىلاپقا قولىنى سوزدى . ناۋادا ئۇ يېنىدىكى پىچاقنى قولىغا ئېلىۋالسا ، غوۋا ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭغا قۇرۇق قول تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالاتتى . شۇڭا ، ئىمىن رەمتىل ئېرىق بويىغا سېلىنغان كۆچەتلەردىن ئۇدۇل كەلگەن بىرىنى سۇندۇرۇپ قولىغا ئالدى .

— راستلا تەلىيىڭ بارئىكەن ، — دېدى ئۇ ئوغرى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، — پىچىقىم يوق تۇرىدۇ . بولمىسا قارنىڭنى

چۆۋۈۋېتەتتىم ...

ئىمىن رەمتىل قولىدىكى كالتەككە ئايلانغان كۆچەت بىلەن بىر ـ ئىككىنى ئۇرۇپ قالدى . ئوغرى قانداق قىلدى ، كالتەكنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ بىر قايرىۋىدى ، كالتەك قاپ ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ كەتتى . ئۇ كالتەك سۇنۇقىنى چۆرۈۋېتىپ ، ئىمىن رەمتىلنىڭ قورسىقىغا بىر تېپىۋىدى ، ئىمىن رەمتىل كەينىگە نەچچە قەدەم دۈگجۈپ بېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، خۇددى قوش چۈجىنى باسقاندەك ئىمىن رەمتىلنى باسماقداپ ، باش ـ كۆزلىرىگە ھەدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى .

ئوغرى تۇتىمەن دەپ كېلىپ ئوغرىدىن تاياق يېيىش ئىمىن رەمتىلگە تولىمۇ ھار كەلگەنىدى . شۇ تاپتا ئۇ بىرەر ئامال تېپىپ ئوغرىنىڭ ئاستىدىن قوپۇۋالمىسا ، ئوغرى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ ، موتسىكلىتنى يەنە مىنىپ قېچىپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ، ئىمىن رەمتىل كىنولاردىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ ، بارلىق كۈچىنى قول بارماقلىرىغا يىغىپ ، ئوغرىنىڭ چاترىقىنى كۈچەپ قامالىدى ـ دە ، نەچچىنى تولغىۋەتتى . ئوغرى «ۋايجان !» دەپ تۈۋلىدىيۇ ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتكەنىدى . چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئىمىن رەمتىل ئۇستۈپشىدىكى تەرلەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ، ئوغرى ھوشىغا كېلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ چۇخبىينىنىڭ شوينىسىنى يېشىپ ، بىر قولىنى گەجگىسىگە ، بىر قولىنى مەيدىسىگە قىلىپ ، ئىككى باشمالتاقنى چىڭ باغلاپ بوينىغا ئېسىپ قويدى .

خۇددى ھىندىستان كىنولىرىدىكى كۆرۈنۈشلەردە ، ھەققانىيەتچى قەھرىمانلار ئوغرى ـ قاراقچىلار بىلەن جان پىدالىق بىلەن ئېلىشىپ ، ئۇلارنى مىلىق بىر جاپادا بويسۇندۇرۇپ بولغاندا ساقچى ياكى باشقىلار يېتىپ كەلگەنگە ئوخشاش ، ئىمىن رەمتىلمۇ مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ دېگەندە ئوغرىنى باغلاپ بولغاندا ، ياركۆل كەنتى تەرەپتىن بىر ئات ھارۋىسى يېتىپ كەلدى .

www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، — ياركۆلدىن كەلدىڭلارمۇ ؟

— هەئە ، تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە توي بوپتىكەن ، شۇنىڭغا بېرىپ يېنىشىمىز .

— مېنى هەقىچان تونۇماسلىقىڭلار مۇمكىن . مەن يانتاق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىمىن رەمتىل ...

ئىمىن رەمتىل ئۇلارغا باياتىن بېرى بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ ، يانتاق بازىرىغا بارغاندا رەمتىل رەجەپنىڭ ئۆيىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشىنى ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ساقچىخانىغا كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ، دەرهال كەلمىسە ، كېچىگىچە كېتىشكە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . ئۇلار ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۆيىنى سورىۋېلىپ ئاتقا قامچا سالدى . ئۇنىڭسىزمۇ ئۆيىگە ئالدىراپ ، مېڭىشقا تەمشىلىپ چاپچىپ تۇرىۋاتقان ئات هارۋىدىكى تۆت ئادەمنى خۇددى قۇرۇق هارۋىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ چېپىپ كەتتى .

ئىمىن رەمتىل كەينىگە بۇرۇلۇپ موتسىكلىتنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى :

— بەك نامەردكەنسەن ، — دېدى هوشىغا كەلگەن ئوغرى ، — ئەر كىشى تۇرۇپ ، ئەر كىشىنىڭ جان يېرىگە ئېسىلدىڭ ...

— سېنىڭچە ، تاياقنى «پىششىق ئاش» دەپ بولۇشىغا يەپ ، موتودىن ئايرىلغان بولسام ، ئاندىن مەرد بولغان بولامتىم گۇي ؟ ...

— بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ . ئۆمرۈمدە مانداق سەت ئاغرىقنى كۆرمىگەن . ۋايىيەي ، ئۇھ ... قولامنى باغلاپ قويمىساڭمۇ ئاغرىقنىڭ دەستىدىن مىدىرلىيالمايۋاتىمەن ...

— ئەمىسە مىدىرلىماي يېتىپ ئارال ئېلىۋال .

— ...

ئۇلار ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاكىسى ساقچىخانىدىن ئادەم باشلاپ

كەلگۈچە خېلى كۆپ پاراڭلاشتى . ساقچىلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن موتسىكلىتنى هارۋىغا بېسىپ ، هەممىسى هارۋىغا چىقتى - دە ، يانتاققا قاراپ مېڭىپ كېتىشتى .

ئەتىسى ئىمىن رەھىتىل موتسىكلىتنى ئاچقىلى ئۈچۈن ساقچىخانىغا كىرىۋىدى ، ساقچىلار دېلونىڭ تېخى پۈتمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ، يەنە بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بولسا ، موتسىكلىتنى ئاچىقماقچى بولغاندا ئۈچ يۈز كوي تۆلەشنى ئېيتتى .

— نېمە ، نېمە ؟ — دېدى ئىمىن رەھىتىل ئاچچىقىنى باسالماي ، — پۇل بېرىشكە توغرا كەلسە ، سىلەر ماڭا بېرىشىڭلار كېرەك . موتولۇق قاچقان ئوغرىنى پىيادە قوغلاپ ، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ ئېلىشىپ ئوغرىنى تۇتۇپ بەرسەم ، يەنە مەن پۇل بېرەمدىمەن تېخى ؟ ! ناۋادا ئوغرىنى سىلەر تۇتۇپ ، موتونى ماڭا ئەكېلىپ بەرگەن بولساڭلار ، ئۆزۈمنىڭ موتوسىنى ئۆزۈمگە مەن ئالغان پۇلدىنمۇ ئارتۇق پۇلغا ساتىدىكەنسىلەر .

— ئۇنچىلامۇ دەپ كەتمەڭلا ئىمىنجان ، ئۆيەڭلىدىن ئادەم چىقىپتىكەن . بىزمۇ كېچىنى كېچە دېمەي دەرھال نەق مەيدانغا باردۇق...

— شۇنىڭغا ئۈچ يۈز كوي ئالامسىلەر ؟

— ياق ، ئۇنىڭغىلا ئەمەس ، دېلو تىزىملاش رەسمىيەت ھەققى ئۈچۈن ئالىمىز .

— بىر دېلونى تىزىملىغانغا ئۈچ يۈز كويدىن ئالساڭلا ، خەقنىڭ ئوتتۇز كويغا ئالمايدىغان ۋېلسىپىتى يىتىپ كەتسە قانداق قىلىسىلەر ؟... بولدى ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ، مېنىڭ موتويىمنى بېرىڭلار .

ئىمىن رەھىتىل ئالدى - كەينىگە قارىماستىن بېرىپ ، ساقچىخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا توختىتىپ قويۇلغان موتسىكلىتنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قەرز ئىلتىماسى

بىر كۈنى ئىمىن رەمتىل بىر پارچە ئىلتىماسنى كۆتۈرۈپ، مەكتەپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى ئابلىز روزىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى.

— ھە، نېمە گەپ؟! — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم بىلەن بىللە يانتاق يېزىسىغا خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرغۇن قۇربان.

— ئابلىز ھاكىمغا بېرىدىغان ئىلتىماس بار ئىدى.

ئىمىن رەمتىل شۇنداق دېگىنىچە مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىلتىماسنى ئەدەپ بىلەن سۇندى. مۇئاۋىن ھاكىم ئىلتىماسنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

— ئىلتىماسقا بەش مىڭ كوي قەرز ھەل قىلىپ بېرىلسە دەپ يېزىپسىز. ئائىلەڭلەردە قىيىنچىلىق شۇنچىلا ئېغىرمۇ؟

— ياق، ئائىلەمدە ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق. لېكىن، مەن...

ئىمىن رەمتىلنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن مۇئاۋىن ھاكىم گەپنى كوچىلاپ سورىدى:

— ئائىلەڭلەردە قىيىنچىلىق بولمىسا، بەش مىڭ كوينى نېمىگە ئىشلىتىسىز؟

— بۇنى سىلىنىڭ ئۆزلىرىگىلا دېمەكچىدىم، ھاكىم.

مۇئاۋىن ھاكىم يېنىدىكى تۇرغۇن قۇربان بىلەن ئابدۇقادىر ئىمىرگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇلار مەقسەتنى چۈشىنىپ

ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

— بەش مىڭ كوي قەرز ھەل قىلىپ بەرسىلە ، بىزنىڭ شوجاڭنىڭ قېنىدىن بىر - ئىككى كىلو سېتىۋېلىپ ئۆزۈمگە سالدۇرماقچىدىم ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئەستايىدىللىق بىلەن .

مۇئاۋىن ھاكىم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك ، ئىتتىك ئىمىن رەمتىلگە قاراپ ، قايتا سورىدى :

— نېمە ، نېمە دېدىڭىز ؟ ... يەنە بىر دەڭا .

— بۇ مۇنداق گەپ ئىدى ، ھاكىم ، — ئىمىن رەمتىل گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — بىزنىڭ شوجاڭ تولىمۇ سوغۇق قان ، تەمكىن ، ئېغىر - بېسىق ئادەم . مەكتەپتە خېلى - خېلى ئىشلار يۈز بەرسىمۇ پىسەنتىگە ئالماي يۈرۈۋېرىدۇ . ئەمما ، مەن زادىلا ئۇنداق قىلالمىدىم . بولۇپمۇ يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىشتا شوجاڭ «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ؟» دەپ يۈرۈۋەرگىنى بىلەن ، مەن چىداپ تۇرالماي ئۆزۈمگە ئۆزۈم سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىم . دوختۇر ئاغىنىلىرىمدىن مەسلىھەت سورىسام ، دۇنيادا تېخى ۋىجدان ئازابىنى داۋالىيالايدىغان دورا كەشىپ قىلىنماپتۇ . شۇڭا ، شوجاڭنىڭ قېنىدىن بىر - ئىككى كىلو سېتىۋېلىپ ئۆزۈمگە سالدۇرسام ، ئاندىن مەنمۇ شوجاڭغا ئوخشاش ۋىجدان ئازابى تارتمايدىغان ئېغىر - بېسىق ئادەم بولالايمەنمىكىن دەيمەن .

— گېپىڭىزنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى چۈشەندىم . قېنى شۇ گەپنىڭ ئۆزىنى ئېنىقراق بىر دەڭا .

— مەكتىپىمىزدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىش پىرسەنتى كېمىيىپ كەتكەچكە ، بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئوقۇتقۇچىلار بالا چاقىرىشقا چىققاندۇق . تولۇقسىزنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر قىز خېلىدىن بېرى مەكتەپكە كەلمىگەچكە ، ئۆيىگە باردۇق . ئەمما ، ئۇ گەپ قىلغىلى ئۇنىماي تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇۋالدى . مەن ئۇنى باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن نېرىراق تارتىپ ئايرىم گەپ سورىسام ، ئۇنىڭ مەكتەپتە بەكمۇ ئوقۇغۇسى بار ئىكەن . لېكىن ، مەكتەپكە بېرىپ - كېلىش يولىدا بىر

www.uyghurkitap.com

قمارۋازنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىكەن. قمارۋاز ئۇ قىزنى نەچچە قېتىم قولىدىن تۇتۇپ قوناقلىققا سۆرەپ بوخورلۇق قىپتۇ. قىز ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىن قورقۇپ مەكتەپكە كېلەلمەيتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئاشۇ قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئاكىسىدەك ھېس قىلىپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. ئۇ نائەھلىنىڭ ئۆيىنى قىزدىن سورىۋېلىپ، ئۆزۈم بىر دېيىشەي دەپ بارسام، ئۆيىدە يوق بولۇپ چىقتى. كېيىن ھەممىمىز مەكتەپكە قايتتۇق. ئىشخانىغا چىرىپ شوجاڭغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدىم. شوجاڭ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ باش مەسئۇلى بولغاندىكىن، بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلار دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، شوجاڭ «بىر قىز بالىنى قوناقلىققا تارتسا نېمە بوپتۇ، ئىمىنجان؟ بېرىپ ئىشىڭلىنى قىلىڭلا» دېدى. ئىشىمنى قىلاي دەپ قانچە ئۇرۇنۇپ باقسامۇ، ئاشۇ ئىش كاللامغا چىرىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمىدى. بۇ ئىشنى ئۇنتۇيالماي تىت ـ تىت بولۇپ يۈرسەم، يېقىندا يەنە بىر قىز بالىنىڭ قورسىقىدا قاپتۇ...

— نېمە؟ — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم ئىختىيارسىز گەپ قىستۇرۇپ، — شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ تېخى؟!

— ئىشەنمىسىلە ھازىر چىقىپ ئۇ قىزنى باشلاپ چىرەي، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ باقسىلىمۇ بولىدۇ.

— ئاۋۋال گېپىڭىز تۈگىسۇن، قېنى داۋامىنى دەۋېرىڭ.

— بۇ ئىشنىمۇ شوجاڭغا ئىنكاس قىلسام، «مىڭغا يېقىن ئادەم بار مەكتەپتە، بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ قورسىقىدا قېلىش دېگەن مۇنچىلىك ئىش...» دەپ، چىمچىلاق قولىنىڭ تىرنىقىنى كۆرسەتتى. كېيىن ئويلاپ باقسام، بۇ قاندىكى ئىش ئىكەن. قېنىمنى شوجاڭنىڭ قېنىغا ئالماشتۇرماي تۇرۇپ، شوجاڭغا ئوخشاش «بىر قىز بالىنى قوناقلىققا سۆرىگەنگە نېمە بوپتۇ؟» دەپ ئىشىمنى قىلىپ يۈرەلمەيدىكەنمەن. شۇڭا، بۇ ئىلتىماسنى يېزىپ يانلىرىغا چىرىشىم...

مۇئاۋىن ھاكىم ئىختىيارسىز تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىدى . قويۇق ئاقۇش ئىسلارغا قاراپ ، خىيال بىلەن بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن دېدى :

— بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن . مەسئۇلىيەتنى بىرمۇبىر سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە ، قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئىش چىقىدىكەن . ناۋادا دېگەنلىرىڭىز راست بولىدىغان بولسا ، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئەستايىدىل ئويلاشمىساق بولمىغۇدەك ...

— دېگەنلىرىم قىلچىلىك يالغان چىقىپ قالسا ، كاللام بىلەن جاۋابكار بولۇشقا تەييارمەن . ئەگەر بىر تەرەپ قىلىشتا باش ئاغرىقى بولىدىكەن دېسىلە ، ئاشۇ باش ئاغرىقىنىمۇ مەن ئۈستۈمگە ئېلىپ ، ھەرقايسىلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتماي مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا ھۆددە قىلىمەن .

مۇئاۋىن ھاكىم ئابلىز روزى ئىمىن رەمتىلىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش تەسەۋۋۇرىنى تەپسىلىي ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىن ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلدى . باشقا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنى سىرتتا قالدۇرۇپ ، ئۆزى بىر ئىشخانىغا كىردى ۋە ئىمىن رەمتىلنى قورسىقىدا قالغان ھېلىقى قىز ئوقۇغۇچىنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى . ئىمىن رەمتىل ھايال ئۆتمەي ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ ، باشقا ئۇششاق - چۈششەك گەپلەرنى قويۇپ ، نەق گەپنىڭ ئۆزىنى قىلدى :

— قورسىقىڭنى تېڭىۋالغان لاتىنى يېشە !

قىز ئوقۇغۇچى ئالدىنى تام تەرەپكە قىلىپ تۇرۇپ ، ئۆزۈن كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى قايرىپ ، قورسىقىنى نەچچە قات قىلىپ تېڭىۋەتكەن ماتانى يېشىپ ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە يەرگە قاراپ تۇردى .

— مەن بايا نېمە دېدىم ؟ — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا ، —

تارتىنساڭ بۇ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بولدى ، تارتىنىشنى قويۇپ ، مايانغا قالا .

قىز ئوقۇغۇچى بېشىنى يەردىن ئۇستۇن كۆتۈرمەي ، ئاستا كەينى تەرەپكە ئۆرۈلدى . مۇئاۋىن ھاكىم ئۇنىڭ تومپىيىپ چىققان قورسىقىغا قاراپ ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى .

— قانچە ئاي بولدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېچىنغان ھالدا .

قىز ئوقۇغۇچى «ئالتە ئاي ...» دېگەن گەپنى ئاران دېيەلىدى .

— بولدى ، — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم ئىمىن رەمتىلگە قاراپ ، — بۇ قىز چىقىپ كەتسە بولىدۇ . شوجاڭغا دەپ قويۇڭ ، ئىشخانىدا ساقلاپ تۇرسۇن ، يىغىن بار .

مۇئاۋىن ھاكىم شوجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ ، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە قىسقىغىنا يىغىن ئاچتى . يىغىندا قورسىقىدا قالغان قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە ، بۇ ئىشلارغا سەل قاراپ ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىغان شوجاڭنى تەنقىد قىلدى ۋە ئاخىرىدا شۇنداق دېدى :

— بۈگۈندىن باشلاپ يانتاق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ شوجىڭى بىر ھەپتىگىچە ۋەزىپىسىدىن توختىتىلدى . بۇ بىر ھەپتە داۋامىدا مەن مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق شوجىڭى بولۇپ تۇرىمەن . مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسا مەن بىلەن ئالاقىلەشسەڭلار بولىدۇ . قالغان گەپلەرنى بىر ھەپتىدىن كېيىن ، يەنى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن دېيىشىمىز ...

بىر ھەپتە داۋامىدا يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدا ، ھەتتا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدە نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەر بولۇندى . بۇ گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەررەركى ، قورسىقىدا قالغان ھېلىقى قىز ئوقۇغۇچىنى چۆرىدىگەن ھالدا بولۇنغانىدى . سىرتتا مەيلى قانچىلىك گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھېچكىم ئاشۇ قىز ئوقۇغۇچىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئورنىنى باسالمايتتى. ناۋادا ئۇ قىز ئەرز قىلسا، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ دادىسى باسقۇنچى ھېسابلىنىپ قولغا ئېلىناتتى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە «مەن ئۆز رازىلىقىم بىلەن قىلغان ...» دەپ تۇرۇۋالدى. نەتىجىدە بۇ ئىشنى قانۇن ئارقىلىق ئەمەس، مەمۇرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىپ، بۇ ۋەزىپە يەنە ئىمىن رەمتىلگە يۈكلەندى.

ئىمىن رەمتىل ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن، ئاۋۋال قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ پىكىرلەشتى. ئۇلارنىڭمۇ دەۋا قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقى، بۇ ئىشنى بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيدىكىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرى چىرايلىق ھەل قىلىشىۋالىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن تىلخەت ئالدى. ئاندىن قورسىقىدا قالغان ئۇ قىزنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ قويرۇقىنى ئۈزدى.



# ئاتا تەستىكى

«ئۇچيۈز مو» يانتاق يېزىسىدىكى تەبىئىي كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كەنتتە مەكتەپكە كەلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار نىسبەتەن كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار بۇ كەنتكىمۇ پات - پات بالا چاقىرىشقا بېرىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ كەنت بىلەن يېزا مەركىزىنىڭ ئارىلىقى باشقا كەنتلەرگە قارىغاندا ئۇنچىۋالا يىراق بولمىغاچقا، بۇ قېتىم مەكتەپ مەسئۇللىرى ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچىنى بۇ كەنتكە ئەۋەتمەكچى بولدى. بىراق، ئايال ئوقۇتقۇچىلار مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆز پىكرىنى ئېيتىشتى:

— «ئۇچيۈز مو» كەنتىدە بالىسىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغان دودەن ئائىلىدىن بىرنەچچىسى بار. بىرەر ئەر ئوقۇتقۇچى بىللە بارمىسا بىزنى بوزەك قىلىدۇ.

— ئەمىسە ئىمىن رەمتىل بىللە بارسۇن، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى.

شۇنىڭ بىلەن ئىمىن رەمتىل ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى بىلەن «ئۇچيۈز مو» كەنتىگە بالا چاقىرىشقا باردى. ئۇلار ئۇچرىغان ئادەملەردىن سوراپ يۈرۈپ، مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىنى تەستە تاپتى.

— بالا ئاغرىق، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئىمىن رەمتىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ پەرۋا قىلمىغان هالدا.

— ئاغرىپ قالغان بولسا، يېنىغا چىرىپ روھىي تەسەللى بولسا بېرىپ كېتەيلى، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۆي ئىگىسىنىڭ گېپىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي.

— بولدى ، ئاۋارە بولماي كېتىۋېرىڭلا . بالا ساقايغاندا ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن .

— بىز بالىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى تۇرۇپ ، ئاغرىپ قالسا كارىمىز يوق كېتىپ قالساق سەت تۇرىدۇ . قېنى ، بىزنى بالىنىڭ يېنىغا باشلاپ چىسىلە .

ئىمىن رەمتىلنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۆي ئىگىسى بالىنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى . «ئاغرىق» بالا ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن ئەمەس ، مەھەللىدىن ئون مېتىرچە يىراقلىقتىكى چوڭ ئۆستەڭ بويىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇ ھازىرلا سۇدىن چىقىپ كەلگەن بولغاچقا ، يالىڭاچ بەدەنلىرى ھۆل ئىدى . چېچىدىن ئېقىۋاتقان لاي سۇنىڭ ساقىندىلىرى مۇرە ۋە گەجگىلىرىگە تامچىپ تۇراتتى . بالىنىڭ ساپساق تۇرغان تاشقى ھالىتىنى كۆرگەن ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭدىن بىۋاستە سورىدى :

— ئاڭلىسام ، ئاغرىپ قېلىپ مەكتەپكە بارماپسەن . نەرىڭ ئاغرىيدۇ ؟

بالا ئاتىسىغا بىر قاراپ قويۇپ ، ئىرنىقىنى تاتىلاپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىم تۇردى .

— كۆسىرىڭنى ساله ! — دېدى ئاتىسى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلغاندەك ، — بۇلار سېنىڭ ئاغرىق يېرىڭنى كۆرمىسە كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ .

بالا كالتە ئىشتىنىنى سىيرىپ تېقىمىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ يەرگە قاراپ تۇردى . ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى «ۋاي خۇدايىم ...» دېگىنىچە باشقا تەرەپكە قارىۋالدى . ئىمىن رەمتىل بالىنىڭ كىندىكى ئاستىغا قاراپ ھەيران قالدى . چۈنكى ، ئۇچى ئىششىپ قىزىرىپ ، مۇشتۇمدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، تۇۋىدە چوكىدەك بىر نەرسە ساڭگىلاپ تۇراتتى .

— مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ يەنە سۇغا چۈشتۈڭمۇ ؟ ! — دېدى ئىمىن رەمتىل بالىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ، — ماڭ ، ئۆيگە چىرىپ كىيىملىرىڭنى كىيىپ چىق ، سېنى دوختۇرغا ئاپارمىساق

بولماپتۇ .

— سىلى ئوقۇتۇشلىرىنى بىلسىلە مەلىم ، — دېدى بالىنىڭ ئاتىسى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ، — بالا مېنىڭ ، ئۇنى داۋالىتالمىدىمەن، ئوقۇتالمىدىمەن ، ئۆزۈمنىڭ ئىشى ، سىلى ئارىلاشمىسىلا .

— بالا سىلىنىڭ بولغىنى بىلەن ، مەن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئاتا ـ ئانا بالىنى ئىشىنىپ ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇرغانىكەن ، ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا مەسئۇل بولمىسا بولمايدۇ •••

— نېمانچە كاپشۇېرىلا دەيمەن ؟ ! ••• مەلىم دېگەننىڭغۇ يۈزى قېلىن بولىدۇ . تولا بېشىمنى ئاغرىتىپ كاپشۇەرمەي ، ئاۋۇ ئىككى خانىملىرىنى ئېلىپ ئاستا كېتىۋالسىلا .

ئىمىن رەمتىلىنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى . «كاپشىپ» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا ھار كەلگەنىدى .

— مەن تولا كاپشىيدىغان ئىت ئەمەس ! ئاغزىلىرىغا بېقىپ سۆزلىسىلە جۇما !

— ئاغزىمغا باقمىسام قانداق قىلىتىڭ ؟ ! چىرايلىقچە ئاستا كېتىۋالساڭ بولامىكى ، ھېلى بىكا ئىزا تارتىسەن ؟

ئۇلارنىڭ ۋارقىراشقىنى ئۆزلىرىگە بىلىنىشمىگىنى بىلەن ، ئەتراپتىكى ئۆيلەرگە ئاڭلانغان بولسا كېرەك ، ھايال ئۆتمەي بەش ـ ئالتە ئادەم پەيدا بولۇپ ، ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى . ئۇلارنىڭ چىراي شەكىللىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، بىر قاراشتىلا ئاكا ـ ئۇكا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . قوللىرىدا كەتمەن ، ئارا ، پالتا قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى . ئىمىن رەمتىل ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ، ناۋادا ئۇرۇشۇپلا قالسا ، ئۆيىگە ساق كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى .

— ھە ، گەپ بولسا ئەمدى قىلمايلىمۇ مەلىم؟ ! — دېدى بەلۋېغىغا ئىككى غېرىچ كەلگۇدەك بىر پىچاقنى ئېسىۋالغان شاپ بۇرۇتلۇق بىرى مەنسىتمەسلىك بىلەن .

— مەن ئوقۇغۇچىمنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتسام ، سىلىگە نېمە تو كەتتى ؟

— تېخى ھېچكىمگە تو كەتكىنى يوق . تو كېتىپ قالسا باشلىرى قېيىپ ، كۆزلىرى تورلىشىپ كېتەرمىكىن ھېلى !
كۆزنىڭ گېپى چىقسىلا ئىمىن رەمتىل ھاقارەت ھېس قىلىپ ، چىداپ تۇرالماي قالاتتى . ئۆزىنى ھاقارەتلەۋاتقان نوچىنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىپ ، نېمە بالا كەلسە كۆرۈشكە تەييارلانغان ئىمىن رەمتىل شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىنى كەينىگە قايرىدى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرغان ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، «يورۇڭ ئىمىنجان ، بۇ ئىشنى شوجاڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن . بىز كېتەيلى ...» دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ قولىدىن تارتىپ تۇرۇۋالدى .
— خەپ ! — دېدى ئىمىن رەمتىل چىشلىرىنى غۇچۇر-لىتىپ ، — بالىلىرىڭنى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىپ قويغان گۇناھقا ئەجەب ئۆكتەملىك قىلىشتىڭ ـ ھە ! خەپ توختاپ تۇرۇش ، جەددى ـ جەمەتىڭنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ كېتىشمە ! جەمەتىڭنىڭ يىلتىزىدىن ئۇچىنى قومۇرۇپ تاشلىمىسام ، يانتاقتا ئىمىن رەمتىل دېگەن ئىسمىمنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن !
— قېنى كۆرەرمىز !— دېدى شاپ بۇرۇتلۇقى كۆرەڭلەپ ، — شۇ چاغدىمۇ يەنە بىز بار !
ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى . بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىمىن رەمتىل يانتاق يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى ماگىزىندا بىرنەچچە دوستى بىلەن پاراڭلاشقاچ ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى . ماگىزىن ئالدىدا گېزىت قەغىزىگە تاماكا ئوراپ تۇرغان ھېلىقى شاپ بۇرۇتنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭ شۇ ھامان يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالغۇسى بار ئىدى . لېكىن ، ئۆزىگە پايدىلىق بىرەر باھانە ـ سەۋەب تاپماي تۇرۇپلا ، ئۇرۇشسا ، گۇناھنىڭ ئۆزىگە ئارتىلىپ قېلىشىنى ئويلاپ سەل تۇرۇۋالدى . ئاندىن بىللە ئولتۇرغانلاردىن چاندۇرماي سورىدى :
— ئاۋۇ شاپ بۇرۇتلۇق ئادەمنى تونۇمسىلە ؟

www.uyghurkitap.com

— ئىشىك ئالدىدا تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقان ئاۋۇ شاپ بۇرۇتنىما؟ ئۇ دېگەن «ئۇچيۇز مو» كەنتىنىڭ دادۇيجاڭى.

— ھە، مۇنداق دەڭلا. بىز پات - پات بالا چاقىرغىلى ھەرقايسى كەنتلەرگە بېرىپ قالىمىز. شۇڭا، ئۇنىمۇ سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ قوياي ئەمىسە...

ئىمىن رەمتىل بىللە ئولتۇرغانلارغا شۇنداق دەپ قويۇپ كوچىغا چىقتى - دە، دادۇيجاڭنىڭ ئالدىغا كېتىۋېتىپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— قانداق دادۇيجاڭ؟ بەلەن تۇردىلىمۇ؟ ماڭسىلا، مەن بىر مېھمان قىلىۋالاي!

ئاشۇ گەپلەرنى ئۇنلۇك دەپ بولۇپ، دادۇيجاڭنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، قۇلىقىغا پەس ئاۋازدا دېدى:

— ھۇ خوتۇنى تالاق گۇي! گېپىڭ بولسا ئەمدى دېگىنە!

دادۇيجاڭ دەماللىققا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەي، گاڭگىرىغان ھالەتتە تۇرۇپ قالدى.

— ماڭسىلا دەيمەن، دادۇيجاڭ! بۈگۈن ئاران بىر پۇرسەت كەپتۇ! بىزمۇ بالا چاقىرىمىز دەپ بەزىدە ئالدىلىرىغا بېرىپ قالىمىز. بىر پىيالە چېيىمىزنى ئىچىپ قويسىلا! — دېدى ئىمىن رەمتىل يەنە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ.

ئەمما، شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا، يەنە پەس ئاۋازدا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— زۇۋانىڭغا شوۋا ئىچتىڭمۇ گۇي؟ ئاغزىڭ يەملىشىپ قالمىغاندىكىن گەپ قىلمامسەن؟!

— ئاغزىڭنى بۇزما جۇما يەر كۈچۈكى! — دېدى دادۇيجاڭ ئاخىر قىزىرىپ.

— كۆردۈڭلارمۇ خالايىق؟ ماۋۇ ئادەم ساراڭمۇ نېمە؟ مەن مېھمان قىلاي دەۋاتسام تىللاۋاتىدۇيا؟!

يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئۇنلۇك دېگەن ئىمىن رەمتىل سەل ئېڭىشىپ يەنە پەس ئاۋازدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا دېدى:

— راست دەۋاتىمەن مۇناپىق ، ماگىزىنغا كىرسەڭ خوتۇنۇڭغا سامسا ئېلىپ بېرىمەن . ئالغاچ كېتەرسەن؟ ...

دادۇيجاڭ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ، ئىمىن رەمتىلنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىۋىدى ، دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىمىن رەمتىل يىقىلغان بولۇپ يەرگە پوككىدە چۈشتى . دادۇيجاڭ يەنە ئۇرماقچى بولۇپ ، ئىمىن رەمتىلنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تارتىۋىدى ، ئىمىن رەمتىل ئورنىدىن تۇرغان پېتى سەكرەپ چىقىپ بىر كاللا قويدى . دادۇيجاڭ دەلدەڭشىگىنىچە كەينىگە نەچچە قەدەم داجىپ بېرىپ توختىدى . خېلىغىچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ، مەست ئادەمدەك ئەگىپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى بىر سىلكىۋېتىپ ، گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىۋىدى ، گەپلىرى قولاشماي قالدى . «تۇفى ! ...» دەپ ئالىقىنىغا تۈكۈرۈۋىدى ، ئۈچ تال چىشى قان بىلەن ئالىقىنىغا چۈشتى .

— ماۋۇ گۈينى ! — دېدى ئۇ ئاغزىدىكى قاننى يەرگە تۈكۈرۈپ تۇرۇپ ، — ئۈچ تال چىشىمنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇيا ؟ !

ئۇلار ئۇۋۇغا ئېتىلغان بۆرىدەك بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشكەندى . ئەتراپتىكىلەر ھەر ئىككىيلەننى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇشقىلى قويمىدى . ئىمىن رەمتىل بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قولىدىن سۆرەپ دېگۈدەك ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشتى . ئىمىن رەمتىلدىن ئۆچىنى ئالالمىغان دادۇيجاڭ چۈشۈپ كەتكەن ئۈچ تال چىشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ساقچىخانىغا باردى . ساقچىلار نەق مەيدانغا چىقىپ ئەھۋال ئىگىلىۋىدى ، كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى «ئىمىن رەمتىل مېھمان قىلاي دېسە ، دادۇيجاڭ ئارتۇقلىق قىلىپ تىللىدى . بۇنى ئاز دەپ ئىمىن رەمتىلنىڭ تەستىكىگە بىرنى ئۇردى ...» دەپ پاكىت بېرىشتى . ساقچىلار ئىمىن رەمتىلنى چاقىرتىپ چىقىپ ، ئىككى تەرەپنى مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ، دادۇيجاڭنىڭ چۈشۈپ كەتكەن ئۈچ تال چىشىنى ئىمىن رەمتىل ئىگە بولۇپ سالدۇرۇپ قويۇشقا كېلىشتۇردى .

www.uyghurkitap.com

كەچتە تاماق يەپ بولۇپ ياتقان ئىمىن رەمتىل بوگۈن بولغان ئىشلارنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلىمىغانىدى .

— ئاپلا ! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، — مۇرەسسەگە ماقۇل بولۇپ چاتاق قىپتۇق .

— نېمە بولدى ؟ نېمىنى چاتاق قىپتۇق ؟ — دەپ سورىدى رەمتىل ئاكا ھەيران بولۇپ .

— دادۇيجاڭ چىشنى ئۆزى سالدۇرۇۋالىدىغان ، پۇلىنى بىز بېرىدىغان بولغىنىمىزنىڭ ئۆزى چاتاق بوپتۇ ، ئاتا . ناۋادا ئۇ ئۈچ تال چىشنى ساپ ئالتۇندىن سالدۇرۇۋالسا ، نەچچە مىڭ كويغا ئاران پۈتىدۇ . سالدۇرۇپ بولغان چىشنى قومۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ . قالاپ تۇرۇپ ئۈچ - تۆت مىڭ كوي زىيان تارتىمىزمۇ ئەمدى ؟ ...

— راست ... ئەگەرچەندە ئۇ چىشنى ئالتۇندىن سالدۇرۇۋالسا ، بىزگە پۇلىنى تۆلەشتىن باشقا چارە يوق . بۇ ئىش نېمىشقا بۇرۇنراق يادىمىزغا كەلمىگەندۇ ...

— ...

ئۇلار ئاشۇ ئىش توغرۇلۇق خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ، تۈن تەڭ بىلەن ئۇخلاپ قېلىشتى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ساقچىخانىدىن چاقىرتقىچىمۇ ئەنسىرەپ يۈرۈشتى . ساقچىخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل دادۇيجاڭنىڭ ئاغزىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى . ساقچى دادۇيجاڭغا چىش سالدۇرغان تالوننى بېرىشنى ئېيتىۋىدى ، دادۇيجاڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر قەغەزنى ئېلىپ ساقچىغا بەردى ۋە ئىمىن رەمتىلگە قاراپ ھىجايدى . ئىمىن رەمتىل دادۇيجاڭنىڭ ئاغزىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئۈچ تال سېرىق چىشنى كۆرۈپ ، ئاخشامدىن بۇيانقى ئەندىشىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ بولغانلىقىغا ئىشەندى - دە ، ئۆزى بىلەن بىللە كىرگەن ئاتىسىغا قارىدى . رەمتىل ئاكىمۇ دادۇيجاڭنىڭ ئاغزىدىكى پارقىراپ تۇرغان ساپسېرىق چىشلارنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز ئىمىن رەمتىلگە قارىدى . ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقان كۆزلىرىدىن بىر خىل

مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى .

— ئۆتكەنكى مۇرەسسەگە ئاساسەن ، — دېدى ساقچى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، — دادۇيجاڭ سالدۇرغان ئۈچ تال چىشنىڭ پۇلىنى ئىمىن رەمتىل تۆلەيدۇ . مانا تالون ، مۇشۇ تالونغا يېزىلغان پۇلنى بەرسەڭلا بولىدۇ .

ئىمىن رەمتىل تالوننى قولىغا ئېلىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭغا «يىگىرمە توققۇز كوي» دەپ يېزىلغانىدى . كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە بىر قارىدى . ئاندىن تالوننى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئاتىسىغا بېرىپ ، ئۆزى يانچۇقىدىن ئوتتۇز كوينى ئېلىپ دادۇيجاڭغا بەردى . دادۇيجاڭ پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىشىغا ، ئىمىن رەمتىل قولىنى تەڭلەپ تۇرۇپ دېدى :

— بىر كوينى قايتۇر !

— يېنىمدا پارچە پۇل يوق ، تالاغا چىققاندا تېگىشىپ بېرەي .

— ئەمىسە هازىر چىقىپ تېگىشىپ چى . مەن پۇلنى ساقچىنىڭ ئالدىدا بەردىم ، يەنە ساقچىنىڭ ئالدىدا ئالىمەن .

— سىلى بىر كوي كۆرمىگەن ئادەم بولمىغاندىكىن ، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەڭلا ، — دېدى ساقچى ئىمىن رەمتىلگە .

— تالوندا ...

ئىمىن رەمتىل گېپىنىڭ داۋامىنى قىلالماي قالدى . چۈنكى ، رەمتىل ئاكىنىڭ تەستىكى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تەگكەنىدى .

— قوپە ئورنۇڭدىن ! — دېدى رەمتىل ئاكا ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ، — جېدەل ئەمدى بېسىقاي دەۋاتسا ، بىر كوينى دەپ يەنە جېدەل تېراي دەۋاتامسەن ؟ ! ماڭە ! ...

رەمتىل ئاكا ئىمىن رەمتىلنى ئالدىغا سېلىپ تالاغا چىقتى . ئىمىن رەمتىل پات ـ پات قولىقىنى سىلايتتى ھەمدە يەنە پات ـ پات ئارقىسىغا قارايتتى . دادۇيجاڭمۇ چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل ئاتىسىغا دېدى :

— دادۇيجاڭغا دەيدىغان بىر ئېغىز گېپىم بارتى ئاتا ، ئۇنى دەۋالمىسام ئارماندا قالىمەن .

رەمـــتـىـل ئاكا ئارتۇقچە گەپ قىلماستىن، «قېنى تېز دە ...» دەپ ، ئۆزى سەل نېرىغا بېرىپ تۇردى .

— يادىڭلىدا بادۇ دادۇيجاڭ ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئەمدى تـەلـەپـپـۇزـىـنـى ئـۆزگـەرتىپ ، — مـەن مەھەللەڭلـگە بارغاندا ، سەككىزىڭلا بىر بولۇپ ئارىغا ئېلىۋېلىپ زورلۇق قىلغانىدىڭلا . شۇ چـاغـدا مـەن «يـىـلـتىزىڭدىن ئۇچنى قومۇرۇۋەتمىسەم ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن ...» دەپ ۋەدە قىلغان . ئۇچ تال چىش ئاشۇ ئۇچ يـىـلتىزغا ھېساب بولسۇن . ئەمدى بولدى قىلىلى . سىلەمۇ بىز دېگەن سەككىز ئاكا ـ ئۇكا دەپ خەققە زورلۇق قىلىشنى تاشلاڭلا . يـەنـە زورلـۇق قـىـلـساڭلا ، بۇ قېتىم بىر جېنىمنى ئۇچ جانغا تېگىشىۋېتىمەن ...

ئىمىن رەمتىل گېپىنى دەپ بولۇپ ، دادۇيجاڭنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن ، رەمتىل ئاكىنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى . ئاندىن ئاتا ـ بالا ئىككىسى پاراڭلىشىپ ماڭغاچ ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى .

# ئىمىن رەمتىل دېگەن مەن شۇ !

يانتاق بازىرى ئاۋام خەلق ئارىسىدا «شەنبە بازار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئاشۇ شەنبە بازارنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان چوڭ دوقمۇشنىڭ كۆزگە تاشلىنىدىغان يېرىگە ئىمىن رەمتىل ئىشسىز ئائىلىلەرنىڭ بىر بوتكا دۇكان ئېچىپ بەرگەنىدى . دۇكاندىكى تىجارەتنىڭ ھەرھالدا يامان ئەمەس يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باشقا تونۇش ـ بىلىشلەرمۇ ئۇنىڭ يېنىغا بىردىن ـ ئىككىدىن بوتكا توختىتىشتى . بۇنداق بوتكىلار بارغانسېرى ئاۋۇپ ، بىرنەچچە يىلدا سەككىز ـ ئونغا يېتىپ قالدى . يىلمۇيىل ئاۋۇپ بېرىۋاتقان بۇ بوتكىلارنىڭ بازارنىڭ رەتلىك ، تەرتىپلىك بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان يېزا رەھبەرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ ، بوتكىلارنى باشقا مۇۋاپىق ئورۇنغا يۆتكىمۇېتىشنى قارار قىلىشتى .

دەرستىن چۈشۈپ بوتكىغا كەلگەن ئىمىن رەمتىل ئائىلىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، قايناپ سۆزلەپلا كەتتى :

— قارار قىلسا قىلىۋەرسۇن ! بوتكا مۇشۇ ئىزىدا تۇرۇۋېرىدۇ . ئىمىن رەمتىلنىڭ بوتكىسى يا يولغا تاقاشمىسا ، يا باشقا دۇكانلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالمىسا نېمىدەپ يۆتكەيدىكەن ؟ ! قېنى بوتكىنى يۆتكەپ باققىنىنى مەن بىر كۆرەپ باقاي ! ئىمىن رەمتىل دېگەن مەن شۇ ! ...

مەيلى تىجارەت ، مەيلى باشقا ئىشتا بولسۇن ، بىر ـ بىرىنى دوراپ ، بىر ـ بىرى بىلەن بەس سېلىشقا كۆنۈپ كەتكەن بۇ كىشىلەر ئىمىن رەمتىلنىڭ بايىقى قايناشلىرىنى ئاڭلاپ ، كۆڭلىدە

«ئىمىن رەمتىل يۆتكىمىسە، بىزمۇ يۆتكىمەيمىز» دەپ ئويلاشتى - دە، يېزا ئۇقتۇرغان ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت ئىچىدە بىرمۇ ئادەم بوتكىسىنى يۆتكىمىدى. تۆتىنچى كۈنى يېزىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن باشلىقى ئۇنغا يېقىن «خەلق ئەسكىرى»نى باشلاپ چىقىپ، بوتكىلارنى بىر باشتىن مەجبۇرىي يۆتكەشكە باشلىدى. مەكتەپتە تۇرۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىمىن رەمتىل بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كۆڭلىدە ئويلاپ قويغان چارىسىنى ئەمدى ئىشلەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ئاۋۋال كوچىغا چىقىپ بىر مەپىنى كىرا قىلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئاندىن ئانىسى مەرەمنىساخان ئاچىنى مەپىگە چىقىرىپ بوتكىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بوتكا ئىچىگە ئورۇن سېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

بوتكىلارنى بىر باشتىن يىقىتىپ يۆتكەپ كېلىۋاتقانلار ئىمىن رەمتىلنىڭ بوتكىسىغا كەلگەندە، ئىچىدىكى مەرەمنىساخان ئاچىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— ئىمىن رەمتىل! — دېدى ھېلىقى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قاتتىق تەلەپپۇزدا، — ھەممە بوتكىلار يۆتكىلىپ بولدى. سىلىنىڭ بوتكا پېشانىگە چىققان سۆگەلدەك چوقچىيىپ تۇرسا قامىلشامدۇ؟ بوتكىنى يۆتكەڭلا!

— بۇ بوتكا تىجارەت قىلىپ، ئىككى ئادەمنى باقىدىغان بوتكا. تىجارەت دېگەننى بازاردا قىلماي مازاردا قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئامال بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ.

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قورۇق پوپوزا بىلەن ئىمىن رەمتىلنىڭ بوتكىسىنى يۆتكىگىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، تېز - تېز مېڭىپ يېزىلىق ساقچىخانىغا كىرىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەيلا ساقچىخانا باشلىقى بىلەن ئىككى ساقچىنى باشلاپ چىقتى. قولىغا توك كالتىكىنى ئېلىۋالغان ساقچىخانا باشلىقى ئۇدۇل ئىمىن رەمتىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا نېمىشقا بويسۇنمايسىز؟ بوتكىنى دەرھال يۆتكەڭ! بولمىسا بىز چارە قوللىنىمىز!

— سىز ساقچىخانا باشلىقىكەنسىز ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، — قېنى سىزدىن سوراپ باقاي : ساقچىخانا قانۇن ئىجرا قىلامدۇ ياكى بازار باشقۇرامدۇ ؟ ئەگەر ساقچىخانا بازار باشقۇرسا ، بازار باشقۇرۇش پونكىتى نېمىش قىلىدۇ ؟ !

— ساقچىخانا ئەلۋەتتە قانۇن ئىجرا قىلىدۇ . بىزمۇ هازىر مانا قانۇن ئىجرا قىلىۋاتىمىزغۇ ! ؟

— ئەمىسە ماۋۇ نېمە ؟ — ئىمىن رەمتىل قولىغا ئېلىپ تەقلەپ قويغان تىجارەت كىنىشكىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئەگەر بىز كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان بولساق ، باج تاپشۇرمىساق ، قانۇنسىز تىجارەت قىلدىڭ دەپ قانداق چارە قىلسا مەيلىتى . ئەمما ، بىزنىڭ تىجارىتىمىز قانۇنلۇق تۇرسا ، قانۇنلۇق تىجارەتنى قوغدىماي ، ساقچىخانا ئارىلاشسا سىزچە بۇ توغرا بولامدۇ ؟

ساقچىخانا باشلىقى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىغا «مانا بولدىمۇ ؟ » دېگەندەك بىر قاراپ قويۇپ ، ئادەملىرىگە دېدى :

— جۇرۇڭلا ، بىز قايتىپ كېتەيلى .

ئۇسال ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ كەتكەن كىشىلەر ئالدىدا يەنە ئۆزىنى ئوخشاتقۇسى كېلىپ ، «خەلق ئەسكەرلىرى»گە بوتكىنى يىقىتىشقا بۇيرۇق قىلدى . ئەمما ، ئىمىن رەمتىل مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن بوتكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۆرە تۇردى . بىر يەردە مەشرەپ ياكى باشقا تاماشا بولىدىكەن دېسە ، قىلىۋاتقان ئىشىنى ، ئىچىۋاتقان ئېشىنى تاشلاپ قويۇپ بېرىپ تاماشا كۆرىدىغان يانتاقلىقلار بايىقى بوتكا كۆچۈرۈش جېڭىنى كۆرۈش ئۈچۈن ، بوتكا ئەتراپىغا يىغىلىپ كەتكەنىدى .

— خالايىق ! — دېدى ئىمىن رەمتىل پەستىكى كىشىلەرگە قاراپ قولىنى سوزۇپ ، گويا كىنولاردا ئاممىغا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان زاتلاردەك بىر قىياپەتتە ، — تەشكىلنىڭ كۆزىنى بوياپ مۇئاۋىن

يېزا باشلىقى بولۇۋالغان بۇ ئادەمنى ھەممىڭلا بىلىسىلە. ئەمما ئۇنىڭ يېزا تەۋەسىدە يەتتە يەرگە ئۆي سېلىپ، ئالتە كەنتتە سېلىقسىز بىكارغا يەر تېرىپ، چىقىمنى دېھقانلارنىڭ پاتىڭغا يۆكلەپ قويغىنىنى بىلەمسىلەر؟ ! ... مەن ئىمىن رەمتىل ئۈچ كۈندىن بۇيان ھەممىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ چىقتىم. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ۋە ئوغرىلىقچە تېرىپ كېلىۋاتقان يەرنىڭ قايسى ئورۇندا ھەم قانچىلىك كۆلەمدە ئىكەنلىكىنى مانا ھازىر ئوقۇپ بېرىمەن...

ئۇ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. جىنىنىڭ بارچە ۋارقىراپ سۆزلىگەنلىكتىن، يۈزلىرى قىزىرىپ ئاۋازىمۇ پۈتۈپ قالاي دېگەندى. لېكىن، ئۇ بەرداشلىق بېرىپ بار ئاۋازى بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى:

— خالايىق! ھەممىنى ئاڭلىدىڭلار. ئۆتمۈشتىكى باي - زومىگەرلەردىن ئېشىپ كەتكەن ئاشۇنداق بىر نائىنساپنىڭ بىزگە باشلىق بولۇش سالاھىيىتى بارمۇ؟ ! ئۇ شۇنچە كۆپ يەرنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىپ ھوسۇلىنى سېتىپ يېسە بولىدىكەنۇ، بىز دوپپىدەك يەرگە بوتكا توختىتىپ قانۇنلۇق تىجارەت قىلساق، كۆچۈرۈۋېتىمەن دەپ زوراۋانلىق قىلسا بولامدۇ؟ ... قېنى دەپ بېقىڭلا، بولامدۇ، بولمامدۇ؟ !

پەستە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەر توپى ئىختىيارسىز ۋارقىراشتى:

— ياق، بولمايدۇ!

ئىمىن رەمتىل ئاغزى قۇرۇپ، گاللىرى چاپلىشىپ كەتكۈچە سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدا ئاپئاق شىلىمشىق كۆپۈكلەر پەيدا بولۇپ قېتىپ قېلىشقا باشلىدى.

— ئۇلار كەتتى، — دېدى ئايالى تۇرسۇنگۈل بوتكا ئۈستىدىكى ئىمىن رەمتىلگە قاراپ، — ئەمدى يېنىپ چۈشۈڭ.

ئىمىن رەمتىل پەستىكى ئادەملەر توپىغا قاراپ بېقىپ ئاستا بوتكىدىن سىيرىلىپ چۈشتى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەتىسى ئىمىن رەمتىل دەرستىن چۈشۈپ بوتكا يېنىغا كەلگەندە، «خەلق ئەسكەرلىرى» بوتكا يېنىدىكى بىر تۈپ سېدە دەرىخىنى كېسىۋاتاتتى. دەرەختە بوتكىغا تارتىلغان ئېلېكتر سىمى بولۇپ، دەرەخ كېسىۋېتىلسە بوتكىنىڭ توك مەنبەسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالاتتى. بۇ ئىشلارغا قاراپ ئىمىن رەمتىل يېزا رەھبەرلىرىنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تۈتۈش قىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما سورۇشتۇرۇپ كەلسە سېدە دەرىخى يېزىغا تەۋە بولغاچقا، ئۇنى كېسىشكىمۇ ئارىلاشسا ئۆزىنىڭ پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلماستىن قاراپ تۇردى.

بىردىن - ئىككىدىن توپلىنىشقا باشلىغان كىشىلەر ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ يەنە گەپ سوراشقا باشلىدى:

— ئىمىنجان، بۇ سېدىنى كېسىپ نېمە قىلىدىكەن؟

— سېدىنى كېسىپ نېمە قىلاتتى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئانىسىغا مەپە ياستىمىدىكەن.

بىرى ئىمىن رەمتىلنىڭ مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلىدى. ئىمىن رەمتىل ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ، تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلىغان ئادەم باشقا بىرى بولماستىن، دەل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئىدى.

— هازىر سىز نېمە دېدىڭىز؟

ئىمىن رەمتىل تېخى هازىرلا دېگەن گېپىدىن قاراپ تۇرۇپ تانالمىدى. «خاپا بولماڭ. مەن خاتا دەپ سالپتىمەن ...» دەي دېسە، تۈنۈگۈندىن بۇيانقى قىلغان ھەممە ئىشلىرى نۆلگە تەڭ بولاتتى. شۇڭا، ئۇ خۇپسەنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— بايا كەلسەم خەقلەر مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ ئانىسى ماڭالمايدىكەن، مۇشۇ سېدىنى كېسىپ مەپە ياستىپ بېرىدىكەن دېيىشكىلى تۇرۇپتىكەن. مەنمۇ خەقتىن ئاڭلىغىنىمنى دېدىم شۇ.

— كىم شۇنداق دېدى؟ شۇ ئادەم مۇشۇ يەردە بارما؟

— قېنى ئۇ ئادەم؟ بايا مىشەدە تۇرىتى ...

ئىمىن رەمتىل ئەتراپقا بىر قاراپ قويۇپ ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرۇۋەردى . مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، ئىمىن رەمتىلنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ، بوتكىدىن ئالاھازەل ئەللىك مېتىر يىراقلىقتىكى ئۆستەڭنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى . ئاندىن ئېسىل تاماكىدىن بىر تال چىقىرىپ ئىمىن رەمتىلگە تۇتتى .

— سىز بىلمەيدىغان ئوخشايسىز ، يېزا باشلىقى مەن تاماكا چەكمەيمەن .

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى تاماكىنى ئۆزى تۇتاشتۇرۇپ تازا بىر شورىۋەتكەندىن كېيىن دېدى :

— سىز مېنى مەپە ياستىدۇ دەپ تىلىلىسىڭىز ، مەن خاپا بولمىدىم ، مەن سىزنى بوتكىنى يۆتكەڭ دېسەم ، سىزمۇ خاپا بولماڭ . سىزمۇ بىلىسىز ، سىز بوتكىنى يۆتكىمىسىڭىز ، يۆتكەپ بولغان بوتكىلارنى خەق يانا ئەكېلىپ مىشەگە قويىدۇ . شۇڭا ، سىزنىڭ بوتكىنى يۆتكىمەي بولمايدۇ ، ئاداش…

ئىمىن رەمتىل مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ بۇ يۇمشاق بېسىمى ئالدىدا دەماللىققا باشقا چارە تاپالماي قالدى . ناۋادا ئۇ يەنە تەرسالىق بىلەن رەت قىلسا ، ئۇنىڭ ئىمىن رەمتىل بايا ئويلاشمايلا دەپ تاشلىغان ھېلىقى گەپكە ئېسىلىۋېلىش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . ئىمىن رەمتىلنىڭ بىر نەرسە دېگىلى ئۇنىماي ئولتۇرۇۋالغىنىنى كۆرگەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئۇنىڭغا يەنە بىرقەدەم يول قويدى :

— بۈگۈن بوتكىنى يۆتكەپ تۇرۇڭ ، بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە ئەكەلسەڭىز بولىدۇ . لېكىن ، بۈگۈن يۆتكىمىسىڭىز زادى بولمايدۇ .

— بۇ بوتكا بەك ئېغىر ، يېزا باشلىقى ، — دېدى باشقا مۇۋاپىق گەپ تاپالمىغان ئىمىن رەمتىل ، — ئۇنى يۆتكەشتە …

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى :

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، بوتكىنى مەن يۆتكەپ بېرىمەن …

ئەمدى يەنە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى .

ئىمىن رەمتىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇدۇل مەكتەپكە كەتتى . مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئۇنىڭ بوتكىسىنى «خەلق ئەسكەرلىرى»گە بۇيرۇپ ئاۋايلاپ يۆتكەتكۈزدى .

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە ھېيت كەلدى . ئىمىن رەمتىل ئەتىگەندىلا ئاتىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن «كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى»غا باردى . رەمتىل ئاكىنىڭ تۇپراق بېشىدا ئولتۇرۇپ ، ئۆزى بىلگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى . ئۇ ئەمدىلا دۇئانى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇراي دەۋاتقاندا ، ئۇدۇلدىكى بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا ھېلىقى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى كېلىپ ئولتۇردى . رەمتىل ئاكا ھايات ۋاقتىدا بۇ كىشى بىلەن پەقەت خۇشى يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە رەمتىل ئاكا بار چاغدا قويۇلغان بوتكىمۇ مۇشۇ كىشىنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇقى بىلەن يۆتكىۋېتىلگەنىدى ... مۇشۇ ئىشلار كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكەن ئىمىن رەمتىلنىڭ ۋۇجۇدىغا بېسىپ بولماس بىر خىل غەزەپ ئوتى تارىغاندەك بولدى .

— ئاتا ! — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى ئىمىن رەمتىل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ، — بەزى تۈزكور ، نادان بەندىلەر كىچىككىنە ئىمتىيازغا ئېرىشسە ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ ، ئەتراپىدىكى قان - قېرىنداشلىرىنى خۇددى ئىتقا ئوخشاش چىشلەشكە باشلايدىكەن . ھايات ۋاقتىڭدا ئاشۇنداق كىشىلەرگە بەك ئۆچ ئىدىڭ ، ئاتا . توخۇ يېگەك ئىت خۇيىنى ئۆلگۈچە تاشلىمايدۇ بالام ، دەيتتىڭ . راست ئىكەن ، ئاتا . نەپسانىيەتچىلىك يولىنى تاللىغان ئادەملەرمۇ توخۇ يېگەك ئىتقا ئوخشاش ، خۇيىنى ئۆلگۈچە تاشلىيالمايدىكەن . يۇرتقا شۇملۇق تىلەيدىغان ، قان - قېرىنداشلىرىنىڭ ھەققىگە قارا سانىمىسا كۆڭلى تىنمايدىغان ئۇنداق نائەھلىلەرنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ئەۋزەل ئەمەسمىدى ، ئاتا ؟ ! نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم نائەھلىلەر ئۆلمەي ، ئاق كۆڭۈللەر بالدۇر كېتىدۇ ، ئاتا ؟ ! ... مەن ساڭا جەننەت تىلەش بىلەن بىللە ، سېنىڭ ۋەھەم يۇرتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ ياشاۋاتقان ئاشۇ نائەھلى نەپسانىيەتچىلەرگە ۋەيلۇن دوزاخ تىلەيمەن ئاتا ! ئامىن ! !...

ئىمىن رەمتىل دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنى چۈشۈرمەي تۇرۇپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ باقتى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بايىقى ئورۇندا كۆرۈنمەيتتى. ئىمىن رەمتىلنىڭ نەپرەتكە تولۇپ كەتكەن ئىچ ـ باغرى تېخى بوشىمىغان، تىلىغا تىزىلىپ كېلىۋاتقان تىللايدىغان سۆزلىرىمۇ تېخى تۈگىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تىللايدىغان ئادەم شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولغاچقا، شىمىنىڭ توپىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى. پەقەت شۇ چاغدىلا تۇپراق بېشىغا چىققان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خۇددى قىزىقارلىق بىر جەڭنامىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى شۇنچە دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇشۇپ كەتكىنىنى بىلدى.

ئاشۇ قېتىملىق تىللاشتىن كېيىن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى تۇپراق بېشىغا چىقىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئىمىن رەمتىلنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، ئۇ ماۋۇ يول بىلەن چىقسا، ئۆزى ئاۋۇ يول بىلەن چىقىدىغان بولدى. ئىمىن رەمتىل تۇپراق بېشىدا ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىۋاتقان بولسا، تاكى دۇئا تۈگەپ، ئۇ قايتىپ كەتكۈچە يىراقراق يەردە ئۆزىنى كۆرسەتمەي ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى.

* * *

ئىمىن رەمتىل يېزىدىكى باشقا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قاتارىدا، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ھەم بەزىدە ئادەم سېلىپ نەچچە ئون مو يەر تېرىپ قويغانىدى. دېھقانلار ھۆددە توختام پۇلىنى تولۇق تۆلىيەلمىگەنلىكتىن، يەرنى تاشلاپ بېرىدىغان ئەھۋاللار ھەممە كەنتتە دېگۈدەك بولۇپ تۇرغاچقا، بۇنداق يەرلەرنى كەنت مەسئۇللىرى ھۆددە پۇلىنى تولۇق تۆلەش شەرتى ئاستىدا باشقىلارغا ۋاقىتلىق ھۆددە بېرەتتى. مۇنداق يەرلەرگە ھۆددە پۇلىدىن باشقا، يەنە سۇ ھەققى، تراكتور ھەققى، ئاق ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق ... قاتارلىق چىقىملار بولۇپ، ھەر مو



www.uyghurkitap.com

يەر ئۈچۈن ئۈچ يۈز كويدىن تۆت يۈز كويغىچە پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەتتى . ناۋادا بۇ چىقىملار قاتتىق تىزگىنلەنمىسە ، ئاخىرقى ھېسابتا ئالغان ھوسۇلدىن چىقىم ئېشىپ كېتىپ زىيان كېلىپ چىقاتتى . مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئىنچىكە ھېساب قىلىپ بېشى قېتىپ ئولتۇرغان ئىمىن رەمتىل يېزىلىق يەر باشقۇرۇش پونكىتىدىن كەلگەنلەر بىلەن سوغۇققىنا كۆرۈشتى .

— بىز سىز تىرىۋاتقان يەرنىڭ باشقۇرۇش ھەققىنى يىغقىلى كەلگەنتۇق ، — دېدى ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلەرنىڭ بىرى .

— نېمە ؟ مەن باشقۇرۇۋاتقان يەرنىڭ باشقۇرۇش ھەققىنى سىلەر يىغقىلى كەلدىڭلارما ؟ !

— ھەئە ، يېزا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان . تېرىلىۋاتقان ھەربىر مو يەر ئۈچۈن بىر تۇتاش باشقۇرۇش ھەققى ئالىمىز .

— قېنى دەپ بېقىڭلا ، قايسىڭلا مېنىڭ يېرىمنى باشقۇرۇشۇپ بەردىڭلا ؟ يەرنى باشقۇرۇش دېگەن گەپ ، ئۇنى ئوسا قىلىپ ھەيدەپ ، ئەتىيازدا ئۇرۇق سالغاندىن تارتىپ ، تاكى كۈزدە ھوسۇلنى يىغىۋالغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز كونكرېت ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنىڭ ھەممىسىگە ئەمگەك كۈچى ھەم مەبلەغ كېتىدۇ . مەبلەغ دېگەن پۇل دېگەن گەپ . مەن يەرلىرىمگە كېتىۋاتقان پۇلنى يەتكۈزەلمەي بېشىم قېتىپ ئولتۇرسام ، سىلەر يەنە پۇل ئالىمىز دەپ كەلسەڭلا ، بۇ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئىش بولمامدۇ ؟ !

— سىزنىڭ يەرگە سالغان مەبلىغىڭىز باشقا گەپ . بىزنىڭ ئالىدىغان باشقۇرۇش ھەققىمىز يەنە باشقا گەپ ...

— قانداق باشقا گەپ ؟ ! مەن يەرگە سالغان مەبلەغمۇ پۇل ، سىلەر ئالىمىز دەۋاتقان باشقۇرۇش ھەققىمۇ پۇل ! قېنى دەپ بېقىڭلا ، سىلەر نېمىگە ئاساسەن باشقۇرۇش ھەققى ئالماقچى ؟ قېنى قايسىڭلا بىر مو يېرىمگە سۇ قويۇپ بەردىڭلا ؟ قايسىڭلا بىر رەت زىرائەتنى ئوتاپ بەردىڭلا ؟ ! ... زادى نېمە قىلىپ بەرگەنگە ھەق ئالماقچىسىلەر ؟ !

www.uyghurkitap.com

— باشقۇرۇش ھەققى دېگەننى تازا چۈشەنمەيدىغان ئوخشايسىز مەلىم . باشقۇرۇش ...

— توغرا دېدىڭلا ، مەن مۇئەللىم ، مۇئەللىم دېگەن دەرس ئۆتىدىغان ئادەم . ماڭا سىلەر دەرس ئۆتمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلا . ناۋادا باشقۇرۇش ھەققى ئېلىشقا توغرا كەلسە ، مانا مەن ئالسام بولىدۇ . چۈنكى ، يەرلىرىمنى باشقا بىرى ئەمەس ، مەن ئۆزۈم باشقۇرۇۋاتىمەن . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى سىلەر چىرايلىق قايتىپ كېتىڭلار . بولمىسا ئىمىن رەمتىل دېگەن مەن شۇ !

ئۇلار ئۇ كۈنى قايتىپ كېتىپ ، ئەتىسى ئادەم ئالمىشىپ يەنە كېلىشتى . لېكىن ھېچقايسىسى ئىمىن رەمتىلدىن بىر تىيىن پۇل ئالالمىدى . تېخى ئۇنىڭ ئەكسىچە ، يېزىنىڭ شۇ يىللىق يەر باشقۇرۇش ھەققىنىمۇ ئىمىن رەمتىلنىڭ سەۋەبى بىلەن يىغىۋېلىشقا مۇمكىن بولمىدى .

* * *

يەنە بىر كۈنى ئىمىن رەمتىل مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مائاشنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇپ ، خىزمەت ئىستاژى ۋە ئۇنۋانى ئوخشاش بولغان باشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ ئاتمىش كوي ئاز مائاش ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . بۇنى ئېنىقلاپ بېقىش ئۈچۈن مەكتەپ كاسسىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ جەدۋەلنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى . دېگەندەك ، جەدۋەلگە يېزىلغان مائاشتىلا ئۇنىڭ بىر دەرىجىسى چۈشۈپ قالغانىدى .

— بۇنى مائارىپ ئىدارىسى بىلىدۇ ، — دېدى كاسسىر ، — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شتات ، يۆتكىلىش ۋە مائارىپ رەسمىيەتلىرىنى مائارىپ ئىدارىسى بىۋاستە باشقۇرىدۇ ...

ئىمىن رەمتىل ئەتىسى مائارىپ ئىدارىسىگە كېلىپ مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن كۆرۈشتى .

— مائاش ئىشىنى كادىرلار ئىدارىسى باشقۇرىدۇ ، — دېدى

ئۇلار، — بىز خالىغانچە ئۆزگەرتسەك بولمايدۇ. كادىرلار ئىدارىسىگە بېرىپ بېقىڭ.

ئىمىن رەمتىل كادىرلار ئىدارىسىگە بېرىۋىدى، ئۇلار شتات ۋە مائاش رەسمىيەتلىرىنى كادىرلار ئىدارىسى باشقۇرسىمۇ، لېكىن كادىرلارنى كونكرېت ئورۇنغا تەقسىملەپ بولغاندىن كېيىن ئۆسكەن مائاشنى شۇ كونكرېت ئورۇن ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىمىن رەمتىلنىڭ كەم ئىشلىنىپ قالغان بىر دەرىجە مائاشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدى. مەكتەپ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە كادىرلار ئىدارىسى ئارىلىقىدا بىر ھەپتە قاتراپ ھېچنەرسىنى ھەل قىلالمىغان ئىمىن رەمتىلنىڭ يەنە قۇيقا چېچى تىك تۇردى. ئۇ ئاۋۋال مەكتەپتىن بىر دەرىجە مائاشىنىڭ كەم ئىشلىنىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئىسپات خېتىدىن بىرنى ئېلىپ مائارىپ ئىدارىسىگە كەلدى. ئاندىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خېتىنى مىڭ تەستە ئېلىپ يەنە كادىرلار ئىدارىسىگە باردى. بۇ قېتىم بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، بىر تاكسى شوپۇرىغا ئەللىك كوي پۇل بېرىپ، ماشىنىنى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا ئەكېلىپ توختىتىپ، يېرىم سائەت ساقلاپ تۇرۇشنى، ئەگەر يېرىم سائەتتىن ئېشىپ كەتسە، يەنە ئەللىك كويدىن تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ ئالدىن پەرەز قىلغىنىدەك، ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن خادىملار ئىمىن رەمتىل ئالدىغا قويغان مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىسپاتلىرىغا شۇنداق بىر كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپلا، «بۇ بىر ئادەم بېجىرەلەيدىغان ئىش ئەمەس. بىرنەچچەيلەن دەرقەمتە تۇرۇپ بىللە ئىشلىمىسە بولمايدۇ. كېلەر ھەپتە كېلىڭ ...» دېيىشتى.

— مېنىڭ ھەر كۈنى كېلىۋاتقىنىمدىن خەۋىرىڭلا يوق ئەمەس، — دېدى ئىمىن رەمتىل سىلىق قىلىپ، — ھېلىمۇ مەكتەپ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە سىلەرنىڭ ئىشخانا ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرگىنىمگە نەچچە ھەپتە بولدى. سىلەرنىڭ يەنە مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭلارنى بىلىپ، بىر كىرا ماشىنىسى بىلەن دېيىشىپ

قويدۇم . مىشەدىن چىقىپلا ئۇدۇل ۋىلايەتلىك كادىرلار باشقارمىسىغا باردىم . سىلەرمۇ بىر پارچە ئىسپات يېزىپ بېرىڭلار ، ماشىنا ئاينا ، مېنى ساقلاپ قالدى .

ئىشخانىدىكىلەر ئىمىن رەمتىلگە ئىشەنمىگەندەك ، دېرىزىدىن سىرتىغا قاراپ بېقىشتى . دەل شۇ چاغدا شوپۇرمۇ بىلگەندەك ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ يەرگە چۈشۈپ ، سائىتىگە بىر قاراپ قويدى .

— سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ ، — دېدى ئىشخانا خادىمى ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ .

ئۇ ھايال ئۆتمەي باشقا ئىككى خادىمنى باشلاپ كىردى . ئۇلار مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خەتلىرىنى يەنە بىر كۆرۈپ چىقىپ ، تارتمىلىرىدىن ئارخىپ خالتىلىرىنى ئالدى . ئاندىن ئالدىغا يېيىپ ، ئۇششاق سان ـ سىپىرلار بىلەن تولغان جەدۋەللەرنى بىر پەس سېلىشتۇردى . ئۇلارنىڭ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىدىن ئىمىن رەمتىل بىر دەرىجە مائاشى ھەقىقەتەن چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئاي توشۇپ يېڭى ئايلىق مائاش جەدۋەلگە ئىشلەش ۋاقتى كەلگەندە ئۆزگەرتمىسە ، ھازىرلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەمما ، ئاشۇ چۈشەنچە بىلەنلا چىقىپ كەتسە ، ئىشىنىڭ قۇيرۇقىنى يەنە قوم باسىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . شۇڭا ، قەستەن سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، ئۇلارنى ئالدىراتتى :

— ماشىنىنىڭ بىر سائەتلىكىنى ئەللىك كويدىن دېيىشكەن ، مەن بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم ، شوپۇر پۇلنى ئېلىۋېرىدۇ . مېنىڭ بۇ يەردە بىكار ساقلاپ تۇرغىنىمدىن قەشقەرگە ماڭغىنىم ياخشى . تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭلار .

— ئىسمىڭىز نېمىتى ؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن بىرى .

— ئىمىن رەمتىل دېگەن مەن شۇ .

ئۇلار بۇ ئىسمنى بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىمىن رەمتىلنىڭ جاۋابىدىن ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشتى .

— چۈشۈپ قالغان بىر دەرىجە مائاشىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە گەپ يوق، — دېدى ئۇلاردىن بىرى چۈشەندۈرۈپ، — ئەمما ئۇنى ئاي ئاخىرىدا مائاشقا ئىشلىگەندە تۈزەتمىسەك، بۈگۈنلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مۇنداق قىلايلى: سىزمۇ قەشقەرگە بېرىپ يۈرمەڭ. بىزمۇ سىزگە بىر پارچە ئىسپات خېتى يېزىپ بېرەيلى. خەتنى ئېلىپ ئاي ئاخىرىدا كەلسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى ئىمىن رەمتىل سەل ئويلىنىۋېلىپ، — قېنى قالغىنىنى ئاي ئاخىرىدا ئەمەلىيەتتىن كۆرەرمىز.

ئىمىن رەمتىل ئۈچ پارچە خەتنى ئېلىپ ئاي ئاخىرىدا كېلىۋىدى، دېگەندەك ئۇنىڭ كەم ئىشلىنىپ قالغان بىر دەرىجە مائاشى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىلدى.



## باشلىقلا تەكلىپ

جەمئىيەت كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر تورى بىلەن قاپلانغان مۇرەككەپ بىر دۇنيا . بۇ دۇنيانى قاپلاپ تۇرغان كۆرۈنمەس تورنىڭ بىر ئۇچى «مەن» ، «ئۇ» ۋە «سىز» دىن باشلانسا ، يەنە بىر ئۇچى ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنە ، ساۋاقداش ، ئەمەلدار ، پۇقرا... دېگەندەك سان ـ ساناقسىز نۇقتىلار بىلەن تۇتىشىدۇ . بەزى نۇقتىلار بىلەن بىۋاسىتە تۇتاشسا ، بەزى نۇقتىلارغا ۋاسىتىلىك تۇتىشىدۇ . بەزىدە ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدىكى تور كونىراپ ئۈزۈلۈپ كەتسە ، بەزىدە يېڭى نۇقتىلار پەيدا بولۇپ ، يېڭىۋاشتىن تور توقۇلىدۇ ...

ئىمىن رەمتىل ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى دارىلمۇئەللىمىندە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى بىلەن بەكرەك مۇستەھكەم ۋە «ئىرماش ـ چىرماش» ئىدى . شۇڭا ، توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يىتىم ۋە باشقا باردى ـ كەلدىلەردە كۆپىنچە ھاللاردا ئاشۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بولاتتى . بۈگۈنمۇ بىر يېزىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابدۇكېرىم ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە چاقىرىلغان بولۇپ ، ئىمىن رەمتىل بارغاندا باشقىلار تېخى كېلىپ بولالمىغانىدى .

— كېلىڭلا ئاداش ، كېلىڭلا ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەخمەت ئىمىن رەمتىلنى سافاغا باشلاپ .

ئىمىن رەمتىل ئۆي ئىگىسى باشلىغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . ئابدۇكېرىم ئەخمەت ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغاچ ، بىر

پىيالە چاي قويۇپ ئالدىغا قويدى . هايال ئۆتمەيلا باشقا ساۋاقداشلارمۇ بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى . ئۆيگە كىرىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى «شياڭجاڭ» ، «جوجاڭ» ، «بوجاڭ» ، «شوجاڭ» ، «يۈەنجاڭ» لار بولۇپ ، بىر - بىرىدىن سالاپەتلىك ئىدى . ھەر قېتىم بىر مېھمان ئۆيگە كىرسە ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشۈپ ، تەكەللۇپ بىلەن ئۇنى تۆرگە باشلايتتى . خۇددى «كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقار» دېگەن تەمسىلدىكىدەك ، ئۆيگە يېڭىدىن كىرگەن ھەر بىر مېھمان تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ، بۇرۇن كەلگىنى بولسا ئورۇن بوشىتىشقا مەجبۇر بولاتتى . نەتىجىدە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ تۆرگە باشلانغان ئىمىن رەھىمتىل تەدرىجىي ھالدا ئاياغقا سۈرۈلۈۋەردى . تېخىمۇ قاملاشمىغىنى ، سۈرۈلۈپ - سۈرۈلۈپ بېرىپ ، ئەڭ ئاخىر سافادىن سىقىپ چىقىرىلىپ پەگادا قالدى .

— خوش مېھمانلار ، — دېدى ئىمىن رەھىمتىل ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ، — ھەممەيلەن دىدار كۆرۈشۈپ بولدۇق ، ئەمدى مەن كېتەي .

— چاقچاق قىلماڭلا ئىمىنجان ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەخمەت ، — مېھمانلار تېخى ئەمدى يىغىلىپ بولدى . مانا ھازىر داستىخان سالىمىز ...

— داستىخاننى سىلە سېلىۋېرىڭلا ، مەن ماڭغاچ تۇراي .

ئىمىن رەھىمتىل شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا قاراپ مېڭىۋىدى ، ئابدۇكېرىم ئەخمەت ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپ دېدى :

— ساراڭ بولۇپ قالمىغانسىلە ، ئىمىنجان ؟ مېھمانغا چاقىرسا كېلىپ ، ھەممەيلەن تەخ بولۇپ داستىخان تارتىلىۋاتقاندا قويۇپ كېتىدىغان ئىش نەدە بار ؟

— ساراڭ بولۇپ قالمىغانلىقىم ئۈچۈن كېتەي دەۋاتىمەن . قېنى ئۆزۈڭلا دەپ بېقىڭلا ئەمىسە : ئۆيگە مېھمان چاقىرىپ ، ھەممىدىن بۇرۇن كەلگەن مېھماننى دەسلەپتە تۆرگە باشلاپ قويۇپ ،

كېيىن ئىشكىنىڭ تۈۋىگىچە سۈرۈپ ئەكېلىپ قويىدىغان ئىش نەدە بار ؟ ...

— خاپا بولماڭلا ئىمىنجان ، مەن دىققەت قىلماپتىمەن . مانا هازىر سىلىگە ئايرىم ئورۇندۇق قويۇپ بېرىمەن .

— هازىرغۇ ئورۇندۇق قويۇپ بېرەرسىلە ، ئەمما يەنە بىر مېھمان كەلسە ئۇ ئورۇندۇقنا ئۇنى باشلىساڭلا ، مەن نەدە ئولتۇرىمەن ؟ !

— ئۇنچىۋالا زىغىرلاپ كەتمەڭلا ئىمىنجان ، سىلىنى مېھمانغا چاقىرغان ئادەم ئورۇن تېپىپ بېرىدۇ ...

— ئورۇننىغۇ تېپىپ بېرىدىكەنسىلە . ئەمما ، ئۇ ئورۇندا يەنە بىر يېڭى مېھمان كىرگۈچە ۋاقىتلىق ئولتۇرىدىكەنمەن شۇ . شۇڭا ، سىلىگە ھەمدە مەشەدە ئولتۇرغان بارلىق باشلىق ساۋاقداشلىرىمغا باشقىلار ھەرگىز دېمەيدىغان بىر سەمىمي تەكلىپ بېرەي : ئۆيەڭلىگە مېھمان چاقىرساڭلا ، بىرىنچىدىن ، مېھمان بىلەن ئورۇننى ساناپ چاقىرىڭلا . ھەرگىزمۇ مېھمان توققۇز ، ئورۇن سەككىز بولۇپ قالمىسۇن ؛ ئىككىنچىدىن ، باشلىق بىلەن مەندەك پۇقرانى ئارىلاشتۇرۇپ چاقىرساڭلا ، پۇقرانى ھەرگىز تۆرگە باشلىماڭلا ؛ ئۈچىنچىدىن ، ...

— بولدى ، ئىمىنجان ، ئەمدى بولدى قىلىڭلا . مېھمانلىرىنىڭ ئالدىدا بۈگۈن مېنى شۇنچىلىك ئىزا تارتقۇزغىنىڭلىمۇ يېتەر ... مانا ئورۇندۇق ، ئولتۇرۇڭلا ...

ئۇ كۈنى ئىمىن رەمتىل راستىنىلا كەتمەكچى بولۇپ ماڭغانىدى . لېكىن ، ئۆي ئىگىسى ۋە باشقا مېھمانلارنىڭ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ مەھكەم تۇتۇۋېلىشى بىلەن كەتمەي قويىدى .

ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ ، ساۋاقداشلار ئارا يەنە بىر يىغىلىشقا توغرا كەلدى . بۇ قېتىم مېھمان چاقىرغۇچى بىر ئىدارە باشلىقى ئىدى . باشلىق بىلەن پۇقرا ، ساۋاقداشلار بىلەن تونۇش - بىلىشلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ سورۇندا ، داستىخان تارتىلىپ غىزا

يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىچىشۋازلىق باشلاندى.
— ئىمىنجان، ئۆتكەندە مەن ئاغرىپ بالنىتسىدا يېتىپ قالغاندا سىلى ئىككى قوغۇن ئېلىپ كىرىپتىكەنسىلە. سىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شۇ قوغۇنلارنىڭ باھاسىنىڭ گېپى بولۇۋىدى، مەن ئېنىق بىلمىگەچكە جاۋاب بېرەلمىگەنىدىم. ئەمدى سوراپ باقاي، شۇ قوغۇنلارنى ئۇچ كويدىن ئالتە كويغا ئالغانمىدىڭلا؟ — دەپ سورىدى باشقا بىر يېزا باشلىقى.
ئىمىن رەمتىل يېزا باشلىقىغا قاراپ ئىختىيارسىز باش چايقىغىنىچە، گەپ - سۆز قىلماي تۇرۇۋەردى.
— نېمە بولدى؟ ئۇنۇڭلا ئىچىڭلىغا چۇشۇپ كەتتىغۇ؟ ئالتە كويلۇق قوغۇن بىلەن مېنى يوقلىغىنىڭلىغا ئەمدى خىجىل بولۇۋاتامسىلە؟
— ھەي شاڭجاڭ، ھەي شاڭجاڭ، — دېدى ئىمىن رەمتىل بېشىدىكى شەپكىسىنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇۋېلىپ، — قىلغان ئىشىمغا مىننەت قىلغانلىق بولۇپ قالمىسۇن، گەپ قىلماي دەپ ئۆزۈمنى قانچە تۇتۇۋالسامму، ئاغزىمنى تاتىلاپ زورلاپ گەپ قىلدۇرىدىغان بولدۇڭلا. مەن ئۇ ئىككى قوغۇننى باھا تالىشىپ يۈرۈپ، مىڭ تەستە بىر يۈز ئەللىك كويغا ئالغان. ئۆزلىرى ئويدان ئويلاپ باقسىلا، سىلىدەك كاتتىلارنىڭ دەستىدىن بۇ يەردە دېھقاننىڭ قوغۇن - تاۋۇز تېرىيالمىغىنىغا قانچە يىللار بولغاندۇ؟ بىچارە دېھقان «بالىلىرىمىز بولسىمۇ يەر» دەپ دۆڭلۈكنىڭ ئارىسىدىكى پارچە - پۇرات يەرلىرىگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىسىمۇ، سىلەر بېرىپ «بەشتە بىر تۇتاش» سىياسىتىدىن چەتنەشكە قەتئىي بولمايدۇ ... دەپ، چېچەكلەپ بولغان قوغۇنلارنىڭ پېلىكىنى قاراپ تۇرۇپ يۇلۇۋەتتىڭلا. نەتىجىدە نەچچە يىللاردىن بۇيان بېشەكشىرىن، ماموت قازى، كۆكچى، ناشپەر دېگەندەك داڭلىق قوغۇنلارنىڭ ماكانى بولغان مەكتتە بىرمۇ دېھقان قوغۇن تېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ خىل ئەھۋال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا

جايلىرىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە داۋاملاشقاچقا، دورا بولىدىكەن دېسىمۇ بىر قوغۇن تېپىلمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، سودىگەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن قوغۇن كىرگۈزۈپ، بىر باھاغا ئون، ھەتتا يۈز باھا قوشۇپ ساتتى. سىلىدىن ئاددىيغىنا بىر سوئال سوراپ باقاي: ھازىر بازاردا بىر خالتا ئۇن قانچە پۇل؟

— بولدى، ئىمىنجان، — دېدى كىمدۇر بىرى يېزا باشلىقىنىڭ جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، — شاڭجاڭ يېزىنىڭ خىزمىتى بىلەن ئالدىراش تۇرسا، بازارغا چىقىپ ئۇننىڭ باھاسىنى سوراپ يۈرۈشكە نەدە چولىسى؟

— گەپ شاڭجاڭنىڭ چولىسىنىڭ تېگىش ـ تەگمەسلىكىدە ئەمەس، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئەستايىدىللىق بىلەن، — شاڭجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى خۇشامەتچىلەر ئۇن، ياغ، گۆش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈڭگۈتۈپ تۇرسا، شاڭجاڭ ئۇنىڭ باھاسىنى ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ ـ دە. مەيلى قۇلىقىڭلارغا ياقسۇن، مەيلى ياقمىسۇن، مەن ساۋاقداشلىق، سورۇنداشلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن يەنە بىر سەممىي تەكلىپ بېرىپ قوياي: باشلىق دېگەنلىك — ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشى دېگەنلىك. بىر يۇرت، بىر جامائەتنىڭ بېشى بولغان ئادەم، شۇ يۇرتتا بىر چارەك بۇغداي قانچە پۇل، بىر خالتا ئۇن قانچە پۇل، بىر كىلو گۆش قانچە پۇل بولارنى بىلمىسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولىدۇ. ماقۇل، ئۇن، ياغ، گۆش ... ۋەھاكازالارنى خۇشامەتچىلەر ئۆزى خالاپ ئەكېلىپ بەرگەندىكىن، بىكارغا يېسەڭلىمۇ مەيلى. ئەمما، بازار ـ ئۇچاغا چىققاندا ئانچە ـ مۇنچە سوراپ، ئۇن، ياغ، گۆش دېگەنلەرنىڭ باھاسىنىمۇ بولسا بىلىۋېلىڭلار ...

ئىمىن رەمتىلنىڭ بۇ سەممىي تەكلىپى كىملەرگە يېقىپ، كىملەرگە ياقمىدى، بۇنى بىر قاراشتا بىلگىلى بولمايتتى. چۈنكى، سورۇندىكىلەر جىمىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەتتە تاماكا

چەكمەيدىغانلارمۇ شۇ تاپتا بىر تالدىن تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ چىشلىۋالغانىدى.

— گېپىڭلا تۈگىگەن بولسا رومكىنى قولۇڭلىغا ئېلىڭلا، — دېدى ئۆي ئىگىسى بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان ئىستاكان رومكىنى كىچىك تەخسە ئۈستىگە ئېلىپ ئىمىن رەمتىلگە تەڭلەۋېتىپ.

ئىمىن رەمتىل ئۇ كۈنى سورۇندىن بۇرۇنلا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، غىپپىدە كېتىۋالدى. چۈنكى، سورۇندىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. مۇشۇنداق ئىچىۋەرسە مەست بولۇپ قېلىپ، ئەتىسى بىر كۈنلۈك دەرستىن قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئىمىن رەمتىل ھەممە چارىدىن غىپپىدە كېتىپ قېلىش چارىسىنى ئەۋزەل بىلدى.



## ئۈچىدىغان ئىشەك

بىر جەمئىيەتتىكى مەكتەپ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەينىكى. چۈنكى، جەمئىيەتتىكى ئەڭ سەزگۈر، رېئال مەسىلىلەر ئالدى بىلەن مەكتەپلەردە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتنىڭ باشقا قاتلاملىرىدىكى كىشىلەر بەزىدە سالغۇاتقا چىقىرىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ مەكتەپلەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىكى گەپكە ئايلىنىپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ. بۇ كەيپىيات شۇ مەكتەپكە، ھەتتا شۇ جەمئىيەتكە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاشۇ تەسىر، ئاشۇ كەيپىياتلارنى گويا مەلۇم بىر دائىرىدىن تارتىلغان ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاتساق، ئاشۇ تورنىڭ مەركىزى ھامان بىر ئۆمۈچۈك بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ...

يانتاق يېزىسىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ ئەينىكى بولغان يانتاق ئوتتۇرا مەكتىپىدىمۇ گەرچە ناھىيىنىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتلەر ئۆز ئەينى بويىچە تەكرارلانمىسىمۇ، لېكىن باشقىچە شەكىللەردە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى: بىر كۈنى كەچ دەرستىن چۈشكەندە، «ئاۋات يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ۋاسكېتبول كوماندىسى بىز بىلەن دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە كېلىدىكەن ...» دېگەن گەپ بىلەن، مەكتەپ بويىچە ھەممە ئادەم سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئالدى بىلەن مەيدان ـ يوللارغا سۇ چېچىلىپ، سىيرىپ سۈپۈرۈلدى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلار قويۇپ بېرىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار يىغىن زالىنى تۈزەشكە ئېلىپ قېلىندى. چۈنكى، ئاۋات ئوتتۇرا مەكتىپى گەرچە يانتاققا شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن مەمۇرىي تەۋەلىك جەھەتتىن

مارالبېشى ناھىيىسىگە قاراشلىق بولغاچقا ، ناھىيە ئاتلاپ كەلگەن مېھمانلارغا زىياپەت بېرىش پىلانلانغانىدى .

يىغىن زالى زىياپەتكە لايىق تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن شىرە - ئۈستەللەر ئۈستىگە قوغۇن - تاۋۇز ، ھەرخىل مېۋە - چېۋە ، پېچىنە - پىرەنىك ، گازىر - پۇرچاق دېگەندەك نازۇنېمەتلەر تىزىلىپ تەخلەپ قويۇلدى . ئاندىن ئىشىك قۇلۇپلىنىپ ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئەتە ئەتىگەندە كېلىش ئۇقتۇرۇلدى .

ئىمىن رەھىمتىل ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە كەلگەندە ، بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى مۇدىرنى چۆرىدىگەن ھالدا زالنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . مۇدىر بولسا ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى .

— قانداق دېگەن گەپ بۇ ؟ قۇلۇپ ساپساق ، دېرىزىلەرمۇ ئېچىلمىغان ، لېكىن بىز ئاخشام تەييارلاپ قويغان نازۇنېمەتلەرنىڭ بىرىمۇ يوق ...

— ئاچقۇ چىمدە ئىدى شوجاڭ ؟ — دەپ سورىدى ئىمىن رەھىمتىل يېقىن كېلىپ .

— ئاچقۇنى مەن ئۆزۈم ئېلىپ قالغان .

— دەرۋازىۋەندە يەنە بىر تال ئاچقۇ قالغان بولغىيتى ھەقىچان ؟

— ياق ، ئاخشام ئىككى ئاچقۇنىڭ ئىككىلىسىنى ئۆزۈم ئېلىۋالغان .

زال ئالدىغا ئولاشقانلار ھەر خىل قىياسلارنى قىلىپ بېقىشتى . زالنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، دېرىزىلەرگە ، تاملارغا ، ھەتتا تورۇسلارغىچە تەپسىلىي قاراپ چىقىشتى . نەتىجىدە ئاچقۇچ بىلەن قۇلۇپنى ئېچىپ ئىشكتىن كىرمىسە ، باشقا ھېچقانداق يەردىن كىرىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقى تېخىمۇ ئىسپاتلاندى .

— قالىغاندا ، سىلى كېچىدىن ئۇخلاپ قالغاندا ، يانلىرىدىكى ئاچقۇچلارنى بىرەر شەيتان ئاچقىپ ، مېۋە - چېۋىلەرنى ئەكېتىپتۇ - دە ، شوجاڭ ، — دېدى ئىمىن رەھىمتىل زالدىن چىقىۋېتىپ .

مۇدىر بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇراتتى ، داڭ چېلىنىپ ، بۇگۇنكى تۇنجى سائەتلىك دەرسنىڭ باشلانغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى . ئوقۇتقۇچىلار ئالدىراپ سىنىپلارغا قاراپ مېڭىشتى . مۇدىر مەكتەپنىڭ زاپخوزىغا يەنە قوغۇن ـ تاۋۇز ، گازىر ـ پۇرچاق سېتىۋېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى . ئىمىن رەمتىل ئاغزىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ ، كېچە زالدىن يوق بولۇپ كەتكەن نازۇنېمەتلەرنىڭ مۇدىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكىنىنى بىلىپ بولغانىدى . ئەمما ، ئۇ ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى .

نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى : مەكتەپ مەيدانىنىڭ كەينىدىكى بىر بىكار يەردە ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تۇرۇۋېرىپ قۇرۇپ پىششىق ياغاچقا ئايلانغان تۆت تال ۋاسا ياغاچ بار ئىدى . ئەتىگەندە ئىشقا كەلگەن ئىمىن رەمتىل مۇدىرنىڭ بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىنى ئەگەشتۈرۈپ ، يەردىكى ئىزلارغا قاراپ سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلىدى :

— مانا مىيەدە ئېشەكنىڭ تېزىكى تۇرىدۇ ... مىيەدە هارۋا چاقىنىڭ ئىزى تۇرىدۇ . داۋزىنىڭ ئاچقۇسى مەندە تۇرسا ، مەكتەپ ئىچىدە هېچكىمنىڭ ئېشەك هارۋىسى بولمىسا ، قانداق شەيتان ياغاچلارنى هارۋىغا بېسىپ ئەكەتكەندۇ ؟ ...

— دەرۋازىۋەن مۇشۇنداق ئىشلارغا قالىماي نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ ئۇنىڭدىن سورىساقلا ئىش بىردەمدە ئېنىقلىنىدىغۇ ؟

— تۈنۈگۈن كەچ داۋزىنىڭ ئاچقۇسىنى مەن ئېلىپ قالغانتىم . بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى نەدىن بىلەي ...

— بىز قورۇق داۋراڭ سالماقچىمۇ ياكى يىتكەن ياغاچلارنى تاپماقچىمۇ شوجاڭ ؟ — دەپ سورىدى ئىمىن رەمتىل بىر نەرسىنى پەملەپ .

— باياتىن بېرى بىزنى قىلغىلى ئىش تاپالماي ، ئېشەكنىڭ تېزىكىنى ساناۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭلا ، ئىمىنجان ؟ بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە هېلى زالدىكى مېۋە ـ چېۋىلەر يوقاپ كەتسە ، هېلى مەيداندىكى ياغاچ ـ تاشلارنى هارۋىغا بېسىپ ئەكەتسە ، ئۇنى



www.uyghurkitap.com

تاپمساق قانداق بولىدۇ ؟
— راست تاپىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ چارىسى ئاسان ، شوجاڭ ، ياغاچلار تېخى ئاخشام ئوغرىلىنىپتۇ . مەكتەپنىڭ مەيدان ، يوللىرىنىڭ ھەممىسى توپا . توپا يولغا ئېشەك ۋە هارۋا چاقىنىڭ ئىزى بەك ئېنىق چىقىدۇ . شۇ ئىزنى كۆزدىن يوقاتماي ئىزدىسەكلا ، ياغاچلارنى بىردەمدە تاپىمىز ··· مانا ، ماۋۇ ئېشەكنىڭ تۇۋىقىنىڭ ئىزى . بۇ ئىزنىڭ يۆنىلىش تەرىپى ئاۋۇ تەرەپتە تۇرىدۇ . دېمەك ، ئېشەك ئاشۇ تەرەپكە ماڭغان گەپ ···
ئىمىن رەمتىل ئېشەك ۋە هارۋا چاقىنىڭ ئىزىنى بويلاپ قىرىق - ئەللىك مېتىرچە مېڭىۋىدى ، ئۇنىڭ ساۋاقدىشى مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى تۇرغۇن مۇھەممەت ئاستا يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :
— ئاداش ، بۇ ئىزنى ئىزدەۋەمەڭلا . تېخى ئۇقمۇدۇڭلىما ؟ ياغاچ شوجاڭنىڭ هويلىسىدا بار . بۇ ئىزنى ئىزدەۋسەڭلا ، هېلى ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىپ ، شوجاڭ پوق بولىدۇ .
— بىزنىڭ شوجاڭ پوق بولغىلى نەۋاخ ؟ ئۆتكەندە مەكتەپنىڭ خالاسىنى سېتىپ خەجلىۋالغاندىلا پوق بولۇپ بولغان ئۇ . قالاڭلا ، تۇرغان تۇرقىغا ، سامان تىققان تاغاردەك تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنىڭ ئىچىدىكىسىنىڭ ھەممىسى پوق ئۇنىڭ ! ···
— ئاداش ، مەن دەپ قاپتىمەن . بولدى قىلىڭلا ئەمدى . هېلىمۇ بىچارە شوجاڭنى نەچچە قېتىم پوق قىلدىڭلا . ئۇ شۇ پوق بولغىنىچە تۇرۇپ تۇرسۇن . بۇ ئىزنى ئىزدەۋسەڭلا ، ئەمدى ئۇ ئوغرى بولۇپ قالىدۇ . بۇ يۇرت ئۇنىڭغا هارام بولىدۇ . ئۇنىڭغا ئىچىڭلا ئاغرىمىسىمۇ ، كىچىك بالىلىرىغا بولسىمۇ ئىچىڭلا ئاغرىسۇن ···
ئىمىن رەمتىل تۇرۇپ ئېرىپ قالدى .
— بولىدۇ ، — دېدى ئۇ تۇرغۇن مۇھەممەتكە ، — ئەمىسە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلىۋېتەي .
ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىز ئىزدەشنى يەنە داۋاملاشتۇردى .

ئەمما ، ئەمدى نىشاننى ئۆزگەرتتى . ئاۋۋال يەردىكى ئىزلارغا ئاساسەن شوجاڭنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭغان بولسا ، مانا ئەمدى قەستەن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

— مانا ، ئىزلار بۇ يەرگە كەلگەندە ماۋۇ يولغا قايرىلىپ داۋزا تەرەپكە قالاپ مېڭىپتۇ ··· مانا ، داۋزىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ . ئاينا ، داۋزىنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ ئېشەك ھەمدە ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئىزى تۇرىدۇ ···

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىپ ، ئۇ كۆرسەتكەن يەرلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن قاراۋاتقان مۇدىر ئىختىيارسىز گەپ قىستۇردى :

— داۋزا كېچىدىن بېرى ئېتىكلىك تۇرسا ، ئېشەك ھارۋىسى قانداق چىققاندۇ ؟

— داۋزىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ چىققان ئوخشايدۇ ، شوجاڭ . مانا قالىسىلا ، ماۋۇ تەرەپتە ئېشەكنىڭ تىرەجەپ تۇرۇپ سەكرىگەن ئىزى ، ئاۋۇ تەرەپتە يەرگە قاتتىق چۈشۈپ مۇدۈرۈپ كەتكەن ئىزى تۇرىدۇ . قالىغاندا ئۇ ئېشەك راستتىنلا ئۇچىدىغان ئېشەككەن جۇما ! ئۇچىدىغان ئېشەكنىڭ ئىزىنى ئىزدەيمىز دەپ بىزمۇ ئەخمەق بوپ قاپتۇق . ئاسماندا ئۇچىدىغان ئېشەكنىڭ ئىزىنى يەردىن ئىزدەپ ئەخمەق بولغۇچە ، ئەمدى بولدى قىلىپ ئىشىمىزنى قىلىلى ، شوجاڭ···

شۇنداق قىلىپ ، يىتكەن ياغاچىنىڭ گېپى بارا - بارا يوقالدى . ئاردىن يەنە بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتتى . بىر كۈنى ئايلىق مائاشنى ئېلىش ئۈچۈن كاسسىر پاتەمخاننىڭ يېنىغا كىرگەن ئىمىن رەمتىل بۇ ئايلىق مائاشتىن قىرىق كوي كەملەپ كەتكىنىنى بىلىپ ، ئەجەبلىنىپ سورىدى :

— نېمە ئىش بۇ پاتەمخان ؟ ئىلگىرى «خۇدا بەرسە پەيغەمبەرنىڭ قىلالماپتۇ» دەيدىغان تەمسىل بار ئىدى . مانا ئەمدى «پەيغەمبەر»لەر ئۆزىنى خۇدادىن چوڭ چاغلايدىغان بولۇپ كەتتىمۇ ، ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشتىن بىر ئايدا تەپ تارتماستىن

قىرىق كوي تۆتۈپ قالسا، مائاشتىن باشقا بىرەر سىنىتمۇ تاپاۋتى بولمىغان ئوقۇتقۇچى قانداق جان باقىدۇ؟

— مەنمۇ ئۇقمىدىم، ئىمىنجان. ئىشقىلىپ، شوجاڭ «تام چېقىش ھەققى ئۈچۈن ھەربىر ئوقۇتقۇچىدىن قىرىق كويدىن تۆتۈپ قېلىڭ» دەپتى، مەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدىم شۇ.

ئىمىن رەمتىل قىرىق كوينىڭ تۆتۈلۈشىدىكى سەۋەبنى بىلگەندىن كېيىن ئىشخانا ئالدىغا چىقىپ تازا سۆزلىدى:

— ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشتا قايسى گۇينىڭ ئانىسىنىڭ ھەققى باردۇ؟ بىز يا تام چېقىپ بېرىڭ دەپ تەلەپ قىلمىساق، تامنى ئۆزى چاقتۇرۇپ پۇلنى بىزگە تۆلەتسە، قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا قالغاندەك ئىش بولامدۇ؟ ئوقۇتقۇچى يا بۇ گۇيلىنىڭ سېغىن كالىسى بولمىسا...

ئىمىن رەمتىل باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇ ئىشنى ئۇقسا، پۇل تۆتۈشقا نارازى بولۇپ ئىنكاس قايتۇرىدىغانلار كۆپىيىدۇ؛ ئۇ چاغدا مۇدىر ئامالسىز پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. گەرچە قىرىق كويدىن پۇلنىڭ تۆتۈپ قېلىنىشىنى خالايدىغان بىرمۇ ئوقۇتقۇچى بولمىسىمۇ، ئەمما ھېچكىم ئىمىن رەمتىلگە قوشۇلۇپ نارازىلىق بىلدۈرمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئىمىن رەمتىلگە ئايان ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا «تەشكىل بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايدۇ» دەيدىغان بىر خىل قاراش بولۇپ، تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا، ئۇلار مۇدىرنىڭ كېيىنچە ئۆچ ئېلىشىدىن قورقاتتى.

ئىمىن رەمتىل ئەمدى باشقىچە ئامال تېپىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، شىرە ئۈستىدىكى «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»گە كۆزى چۈشتى ـ دە، شۇئان شۇ گېزىت تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان بىر تونۇشى يادىغا كەلدى. ئىمىن رەمتىل كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قەدىناس دوستى، ساۋاقدىشى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھېلىقى كىشى بىلەن ئوبدان تونۇشلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۆزىمۇ ئەختەم

ئۆمەرنىڭ تونۇشتۇرۇپ قويۇشى ئارقىلىق ئۇ كىشى بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشلاردىن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، سىرتقا چىقىپ دەرھال شۇ كىشىگە تېلېفون قىلدى. ئۇ كىشى ئىمىن رەمتىل ئىنكاس قىلغان ئەھۋالنى ۋە ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرۋەقە ئاساسىي قاتلاملاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە خالىغانچە چېقىلىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى تۈگىتىش ئۈچۈن گېزىتنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى تولۇق، كۆز قارىشى ئېنىق بولغان ماقالە - تەقرىزلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بايا ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ماقالە قىلىپ يېزىپ دەرھال تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئېيتتى.

ئىمىن رەمتىل بىر خىل خۇشال كەيپىياتتا ئىشخانىغا قايتىپ، قولىغا قەلەم - قەغەز ئالدى. بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن باش قۇرغا: «تام چاققان پۇلنى كىم تۆلەيدۇ؟» دېگەن ماۋزۇنى يازدى. ئۇ ماقالىنى ئانچە بەك كۆچىمەيلا تېز يېزىپ پۈتتۈردى. چۈنكى، ماقالىنىڭ يېزىلغانلىقىنى ۋە مائارىپ گېزىتىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى مۇدىر بىلسە، مەسىلىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ، گېزىتكە ئەۋەتىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. ئىمىن رەمتىل ماقالىنى پۈتتۈرۈپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا چىققاندا، مۇدىر بۇ ئىشتىن ئاللىبۇرۇنلا خەۋەر تېپىپ بولغانىدى، ئەمما ئۇ ئىمىن رەمتىلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ سورىدى:

— ھە ئىمىنجان، كىرىپ قاپسىلە، بىرەر ئىش بارمىدى؟

— ئىش بار، شوجاڭ، بولغاندىمۇ مۇھىم ئىش بار دېسىلە. مائارىپ گېزىتىگە يوللايدىغان بىر ماقالە بار ئىدى. شۇ ئىش توغرۇلۇق شۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. تېلېفون ھەققىنى مەن تۆلەيمەن.

— قېنى ئۇ ماقالە؟ ئاۋۋال مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

— ئەڭ ياخشىسى ، گېزىتكە چىققاندا كۆرسىلە ، شوجاڭ .
مۇدىر ئىمىن رەمتىلگە قاراپ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدە كۈلۈپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن «سىزنىڭ ماقالە دەپ يازغان نەرسەڭ گېزىتكە چىقامدۇ تېخى ؟ ...» دېگەن مەنىستىمەسلىك چىقىپ تۇراتتى . ئىمىن رەمتىل تۇرۇپكىسى ئوچۇق قالدۇرۇلۇپ ، نومۇر باسىدىغان جايغا توغرىلاپ قاڭالتىر ساندۇق ياسىتىپ ، شۇ ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ قۇلۇپلاپ قويۇلغان تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى . ئادەتتە باشقىلارنىڭ بۇ ئىشخانىدىن تېلېفون ئېلىشىنى چەكلەيدىغان مۇدىر ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ھېلىقى كىشى بىلەن راست ياكى يالغان سۆزلىشىدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كېلىپ ، تېلېفوننىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ ، قاڭالتىر ساندۇقنى ئېچىپ بەردى ۋە قۇلۇقنى دىك تۇتۇپ تۇردى . ئىمىن رەمتىل ھېلىقى كىشىگە تېلېفون قىلىپ ، ماقالىنىڭ پۈتكەنلىكىنى ، شۇڭا گېزىتنىڭ تەپسىلىي ئادرېسىنى بىلمۈپلىش ئۈچۈن تېلېفون قىلغانلىقىنى ئېيتتۇدى ، ئۇ كىشى تەپسىلىي ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى . مۇدىر تۇرۇپكىدىن چىقىۋاتقان «غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ» دېگەن سۆزلەرنى ۋە «ماقالىنى بۇگۈنلا سېلىۋېتىڭ ...» دېگەن ئاۋازلارنى ئېنىق ئاڭلىدى .
— ماقالىنى ئەۋەتمەي تۇرۇڭلا ، ئىمىنجان ، — دېدى ئۇ ئەمدىلا تۇرۇپكىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئىمىن رەمتىلگە ، — مەسىلىنى ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز .
ئىمىن رەمتىل مۇدىرغا بىر قاراپ قويۇپ ، ئىشخانىدىن ئۈن - تىنسىز چىقىپ كەتتى . مۇدىرمۇ ئىشخانىدىن چىقىپ ئىشىكنى قۇلۇپلىدى - دە ، ئۇدۇل مالىيە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى .
ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي ، كاسسىر پاتەمخان ئىمىن رەمتىلنى چاقىرتىپ ، مائاشىنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتتى . ئىمىن رەمتىل سوراپ بېقىۋېدى ، ئەمدى قىرىق كوينى تۇتمايدىغان

www.uyghurkitap.com

بولغانلىقى ئايان بولدى .

بىراق ، بۇنىڭلىق بىلەن مەكتەپتىكى ناتوغرا ئىستىل ، بولمىغۇر ئىشلار توگەپ كەتمىدى : ئىمىن رەھىمتىللانىڭ سىنىپىدا ئىمىن ئىسمايىل ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا ئوقۇيتتى . ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ، دۇتارنى شۇنچىلىك چىرايلىق چالالايتتىكى ، ئىمىن رەھىمتىل كۈندە دېگۈدەك ئۇنى دۇتار چالغۇزۇپ ئاڭلايتتى . ناۋادا ئۇ ھازىرغىچە ھايات ياشىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە تالانتى بايقىلىپ ، بۈگۈن تېلېۋىزىيە سەنئەت پروگراممىلىرىدا ماھارەت كۆرسەتكەن بولاتتى . بىراق ، تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىدە ئۇ ئېغىر يارىلىنىپ ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى . ئىمىن رەھىمتىل بۇ ئامراق ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كۆپ ئازابلاندى . گەرچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى ئازابىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلاپ ، ئاخىر ئۇنىڭ سۇغۇرتا پۇلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەرمەكچى بولدى .

بىراق ، مەكتەپ بىلەن ناھىيىلىك ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتى ئوتتۇرىسىدا نەچچە ھەپتە قاتراپ يۈرۈپ ، مىڭ تەستە ئۇنىڭ سۇغۇرتا پۇلىنى ھەل قىلغاندا ، شىركەت دىرېكتورى مەكتەپكە كېلىپ ، سۇغۇرتىنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە ، ئىمىن ئىسمايىلنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئازغىنا پۇلنى قايتۇردى . دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلاردىن سۇغۇرتا پۇلى يىغقاندا چۈشەندۈرگەن سان بىلەن ھازىرقى قايتۇرۇلغان پۇل ساندا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى ھېس قىلغان ئىمىن رەھىمتىل ئىمىن ئىسمايىلنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، شىركەت دىرېكتورىغا بۇ خىل قايتۇرۇشتىن رازى ئەمەسلىكىنى ، شۇڭا قايتا ھېسابلاپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— مانا ، ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ ، — دېدى شىركەت دىرېكتورى دەپتەرنى ئېلىپ كۆرسىتىپ ، — مەكتەپىڭلاردىكى ھەربىر

ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرغان سوغـۇرتا سوممـــىسى ئۈچ يۈەن ، شـۇ بويىچە ھېسابلىغاندا...

— نېمە؟ نېمە دېدىڭىز؟ ... ئېزىپ كەتتىڭىزمۇ نېمە؟ يەنە بىر دەڭا .

شـىركەت دىرېكتورى مەۋسۇم بېشىدا ئوقۇغۇچىلاردىن بىر تـوتـاش سـوغۇرتا پۇلى يىغقاندا ، مەكتەپنىڭ ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئۈچ كويدىن پۇل تاپشۇرغانلىقىنى قايتا بايان قىلدى .

— سىز ئوغرىمۇ ياكى بىزنىڭ شوجاڭ ئوغرىمۇ؟ — دېدى ئـىمىن رەمتىل ئاچچىقىنى باسالماي ، — پۇل يىغىدىغان چاغدا بـىچـارە ئـوقـۇتـقـۇچـىـلار «مـەكـتـەپ پـارتـىـيـە ياچېيكىسى ئورۇنلاشتۇرغان ، شوجاڭ ئۆزى بىۋاسىتە قول تىققان ئىش بۇ ... » دەپ ئـوقۇغۇچىلارنى قاڭغىر قاقشىتىپ يۈرۈپ ، توققۇز كويدىن پۇلنى يىغىپ كاسسىرغا ئۆتكۈزسەك ، مانا ئەمدى سىز مەكتەپ ئۈچ كويدىن پۇل تاپشۇردى ، دەۋاتىسىز . ئۇنداقتا بىز توققۇز كويدىن يىغىپ بەرگەن پۇلنىڭ قالغان ئالتە كويى نەگە كەتتى؟ ! بىچارە بـالـىـلار كىـتاب پۇلىنىمۇ نەچچە ئايغا سوزۇپ ئاران ـ ئاران تـۆلەۋاتقان چاغدا ، ئاتا ـ ئانىسىغا يالۋۇرۇپ ياكى دەم ئېلىش كۈنلىرى مەدىكار ئىشلەپ پۇل تېپىپ ، توققۇز كوي پۇلنى مىڭ تەستە تاپشۇرسا ، ئۇنىڭ ئالتە كويىنى يانچۇققا سېلىشقا يۈزۈڭلا قانداق چىدىدى؟ ! مەكتەپنىڭ ۋەجىنى يەپ تويماي ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشىنى تۇتۇپ تويماي ، مانا ئەمدى ئوقۇغۇچى تاپشۇرغان سوغۇرتا پۇلىنى يېيىشكە باشلىدىڭلارمۇ؟ ! بۈگۈن شىركەت ۋە مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى دەرقەمدە تۇرۇپسىلەر . سوغۇرتا سوممىسىنىڭ زادى قانچە پۇلدىن تۆلەنگەنلىكى ئاممىنىڭ ئالدىدا ئايدىڭلىشىپ كەتسۇن . قېنى ئېيتىڭە ۋاڭ جىگلى ، مەكتەپ زادى قانچە پۇل تاپشۇردى؟ !

— مەن بايا بىرنەچچە قېتىم دېدىم . مانا ئالدىڭىزدا شوجاڭمۇ تۇرۇپتۇ . قالغىنىنى شوجاڭدىن سوراڭ .

ئىمىن رەمتىل ھەممە غەزىپى يىغىلغان كۆزلىرىنى مۇدىرغا ئـاغـدۇرۇپ ، گـەپ قـىـلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللەپ

تۇراتتى ، مۇدىر ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئېغىز ئاچتى :

— ئوقۇغۇچىلاردىن توققۇز كويدىن پۇل يىغقىنىمىز راست ، ئەمما مەكتەپنىڭ زۆرۈر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغان ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ، سوغۇرتىغا ئۈچ كويدىن ئۆتكۈزۈپ ، قالغان پۇلنى مەكتەپ مالىيىسىدە ئېلىپ قالغانتۇق...

— شوجاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ! — دېدى ئىمىن رەمتىل ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ، — مەن بۇ يەردە يەنە بىر دەم تۇرسام ، ھېلى بىكار پارتلاپ كېتىمەن . ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يەردىن كېتىۋالاي . قالغىنىنى مىشەدىكى كۆپچىلىك ئۆزۈڭلار بىر نەرسە دېيىشىۋالارسىلەر .

ئىمىن رەمتىلنىڭ شۇ تاپتا ئۇدۇل بىرەر قاۋاقخانىغا كىرىپ قانغۇچە بىر ئىچكۈسى بار ئىدى . ئەمما ، ساق ۋاقتىدا غەزىپىنى باسالمايۋاتقان يەردە ، مەست بولۇپ قالسا ئۆزىنى تېخىمۇ كونترول قىلالماي ، بىرەر ۋەقە چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن موتسىكلىتىنى مىنىپ مەقسەتسىز مېڭىۋەردى . بىر چاغدا ئۆزىنى «ئەزىزبەگ ھاجى ئۆستىڭى» دەپ ئاتىلىدىغان قوش ئۆستەڭ بويىدا كۆرۈپ ، موتسىكلىتىنى توختاتتى . ئاندىن قىزىپ كەتكەن نېرۋىسىنى سەگىتىش ئۈچۈن كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلاپ خېلى ئۇزۇنغىچە سۇغا چۆمۈلدى .

مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوغۇرتا پۇلىغا خىيانەت قىلىش سەتچىلىكى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن گەرچە ئىمىن رەمتىل مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ، دەرھال بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ يانتاق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئەۋەتتى . خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەندىن كېيىن دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇتقۇچىلار ئۆگىنىشكە تەشكىللىنىپ ، ئىككى ھەپتىگىچە ئۇزلۇكسىز يىغىنغا قاتناشتۇرۇلدى . يىغىندا ئالدى بىلەن گېزىت - ژۇرناللاردىكى

پاكلىق قوغۇلۇشىغا دائىر ماقالە ـ ئوبزورلار تەكرار ـ تەكرار ئوقۇپ ئۆگىنىش قىلىنغاندىن كېيىن گۇرۇپپا مەسئۇللىرى ۋە مەكتەپتىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ھەدەپ مەكتەپ ئىستىلىنى تۈزەش توغرۇلۇق پىكىر بايان قىلىشتى. پىكىرنىڭ ئاخىرىدا ھەممىسى ئوخشاشلا بىرلا مۇقامنى تەكرارلاپ، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆز ئىدىيىسىدىكى پاكلىقتا، مۇقىملىقتا زىت خاھىشلارنى پاش قىلىپ، ئىدىيىنى توغرىلاپ، يېڭى قىياپەت، يېڭى روھىي ھالەت بىلەن بۇ قېتىمقى كۆرەشكە ئاتلىنىشنى تەكىتلەشتى. ئىمىن رەمتىل خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ دەسلەپتە كەلگەندىكى ھەيۋىسىگە قاراپ، مەكتەپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ تۈزۈلۈشىدىن ئۈمىد كۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشلارنىڭ بارا ـ بارا ئۆزگىرىپ، خۇددى ئوغرىنىڭ ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىرىغىنىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقىنىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ناتوغرا ئىستىل ئىگىلىرىنىڭ يەنە داۋاملىق يىغىن باشقۇرۇپ، ناتوغرا ئىستىللارنى ئوقۇتقۇچىلاردىن تاپماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە تاقەت قىلالمىدى:

— مەكتىپىمىزگە، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پىكىر قىلىپ، — خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى. ئىككى ھەپتىدىن بۇيانقى ھەممە گەپنى يىغىنچاقلىساق، «تۈزەش» دېگەن بىرلا گەپكە مەركەزلىشىدۇ. ئۇنداقتا بىز نېمىنى تۈزىمەكچى؟ ئىككى ھەپتىدىن بۇيان بولۇۋاتقان گەپلەرگە قارىغاندا، ناھايىتى ئېنىقكى، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىمەكچى. ناتوغرا ئىستىل دېگەن نېمە؟ نەق گەپنىڭ ئۆزىنى قىلغاندا، ناتوغرا ئىستىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوغۇرتا پۇلىنى تۇتۇپ قېلىپ يانچۇققا سېلىش قاتارلىق نەپسانىيەتچىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. خوش، ئۇنداقتا مەكتىپىمىزدىكى ناتوغرا ئىستىل كىملەردە كۆرۈلدى؟ ئوقۇتقۇچىلاردىما؟ ياق، ياق. بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز كىتاب پۇلىنى تۆلىيەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇلىنى مائاشىدىن تۆلەپ

قويسا قويۇۋاتىدۇكى ، ئوقۇغۇچىنىڭ سىرىق سىنتىغا ھەرگىز قارا ساناپ باقمىدى . بۇ مۇشۇ يەردە قالاپ ئولتۇرغان ھەربىر ئادەمگە بەش قولدەك ئايان بولغان پاكىت . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، بەنە ئوقۇتقۇچىلارنى تۇزەشنى تەكىتلەش — خۇددى بىر ماشىنىنىڭ رولىدىن چاتاق چىقىپ يولدىن تېيىپ كەتسە ، ئۇنى ئوڭشايمەن دەپ ماشىنىنىڭ چاقىنى چىقىرىپ ھەپىلەشكەندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ ؟ يانتاق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى ماشىنىنى ئوڭلىماقچى بولغانلارغا تەكلىپ شۇكى ، ناۋادا كاللاڭلار جايىدا بولسا ، ماشىنىنىڭ ساپساق چاقى بىلەن ھەپىلەشمەي ، چاتاق چىققان رولنى ئوڭشاڭلار !…

يىغىن زالى جىمجىتلىققا چۆمدى . خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر گەرچە باشقىلارنى داۋاملىق پىكىر بايان قىلىشقا ئۈندىسىمۇ ، لېكىن ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى . ھەتتا ئىسمىنى ئاتاپ پىكىر قىلىشقا زورلىسىمۇ «ئويلىنىۋاتىمەن …» دەپ تۇرۇۋالدى . ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان يىغىن باشقۇرغۇچىلار ئاخىر بۈگۈنكى يىغىننىڭ ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە توختىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى .

خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر شۇ كۈنىلا ناھىيىگە قايتىپ ، ئەھۋالنى مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدى . ئىدارە رەھبەرلىك كوللېكتىپى باش قوشۇپ ئەستايىدىل كېڭەشكەندىن كېيىن ئاممىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ ، ئەمەلىي مەسىلىنى ئەمەلىي ئۇسۇل ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى . نەتىجىدە مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋەزىپىسىدىن ۋاقىتلىق توختىتىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى مۇدىر قىلىپ بەلگىلەندى .

بىراق ، يېڭى مۇدىر مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئىشنى ئوخشاشلا يىغىن ئېچىش ، ئۆگىنىش قىلىشتىن باشلاپ ، ئىككى ھەپتىگىچە ئوقۇتقۇچىلارغا زادىلا ئاراملىق بەرمىدى . ئىمىن رەمتىل يېڭى مۇدىر بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى



www.uyghurkitap.com

كۆزدە تۇتۇپ ، دەسلەپتە ئۇنى قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولغانىدى . ئەمما ، ئۇنىڭمۇ «مەكتەپنى تۈزەيمەن ...» دېگەن قاراش بىلەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، تىغ ئۇچىنى ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، يەنە تاقىتى تاشتى :

— «مەكتەپ باشقۇرۇش قوللانمىسى» دېگەن نېمە ئۇ ؟ ! — دېدى ئىمىن رەمتىل بىر قېتىملىق يىغىندا ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ناۋادا مائارىپ ئۇچۇن ھەقىقەتەن «مەكتەپ باشقۇرۇش قوللانمىسى» زۆرۈر بولۇپ قالغان بولسا ، بېيجىڭدىكى مائارىپ مىنىستىرلىقى ، ئاپتونوم رايوندىكى مائارىپ كومىتېتى ۋە ۋىلايەت ، ناھىيىلەردىكى مائارىپ ئىدارىلىرى قاراپ تۇرارمىدى ؟ مەكتەپ يالغۇز بىزنىڭ يانتاقتىلا بار نەرسە ئەمەس . مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە مەكتەپ بار . بېيجىڭ ـ شاڭخەيدەك ، ئۈرۈمچى ـ قەشقەردەك نى ـ نى مۇتەخەسسىسلەر توپلاشقان چوڭ شەھەرلەردىكى مەكتەپلەردە بولمىغان «مەكتەپ باشقۇرۇش قوللانمىسى»نىڭ بىزنىڭ يانتاقتا مەيدانغا كېلىشى قانداقتۇر بىزنىڭ يېڭىلىق ياراتقىنىمىز ئەمەس . ئەكسىچە خۇددى ئاتىنىڭ تايچىقى ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغاندەك بىر ئىش . ئىشەنمىسەڭلا ، قوللانماڭلارنى قېنى يۇقىرىغا ئەۋەتىپ بېقىڭلار ، نېمىدەپ جاۋاب كېلىدىكىن ، بىر كۆرۈپ باقايلى ...

ئىمىن رەمتىلنىڭ پىكىر قىلىشى بىلەن ، يېڭى مۇدىر تۈزگەن سەكسەن ئۈچ ماددىلىق «مەكتەپ باشقۇرۇش قوللانمىسى»غا قارشى تۇرغۇچىلار كۆپەيدى . بەزىلەر «ئىشخانىلاردىكى تاملارغا چاپلانغان ھەر خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىمىزدە مەكتەپ باشقۇرۇش قوللانمىسىنىڭ ھەممە مەزمۇنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، شۇڭا يەنە قايتا قوللانما تۈزۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ » دېيىشسە ، يەنە بەزىلەر «بىزنىڭ مەكتەپ تۈزگەن بۇ يەرلىك قوللانمىنىڭ ماددىلىرى جىق بولغىنى بىلەن كۈچى ئاز ، ناۋادا ناھىيە ، ۋىلايەت ياكى ئاپتونوم رايونىڭلا ئەمەس ، ھەتتا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشقا

يەرلىك سىياسەتلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇنداق ئەمەلىي كۈچى يوق پاق ـ پاق قوللانمىنىڭ بىزگە كېرىكى يوق» دېيىشتى. بۇ خىل قارشى پىكىرلەر ئاۋۇپ مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەندە، بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئادەم ئەۋەتىپ، ئىمىن رەمتىللىدىن يەنە پىكىر ئېلىپ باقتى:

— مەكتەپنىڭ «رولى» ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئەھۋال قانداقراق؟ «ماشىنا» ئەمدى چاتاق چىقارماي مېڭىۋاتامدۇ؟

— نەدىكىنى، — دېدى ئىمىن رەمتىل گەپنىڭ ئۇچۇقىنى قىلىپ، — بۇرۇن گەرچە رولدىن چاتاق چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رول ماشىنىنىڭ رولى ئىدى. مانا ئەمدى ماشىنىنىڭ يۇمىلاق رولى ئېلىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوپەكنىڭ[1] ئاچماق رولى سېلىپ قويۇلۇۋىدى، ماشىنىنىڭ مېڭىشى تېخىمۇ تەسكە توختاۋاتىدۇ...

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئىنكاسلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇدىرنى يەڭگىللىك بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، جۈملىدىن ئۇ تۈزگەن «مەكتەپ باشقۇرۇش قوللانمىسى»نىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بىر مەۋسۇم ئاخىرلىشىپ، ئەمەلىي خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسى ھەممىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇ مۇدىرنىمۇ ئالماشتۇرۇپ، ئورنىغا ھازىرقى مۇدىر ئەسقەر قۇربانىنى تەيىنلىدى.

---

[1] سوپەك — ئاچماق روللۇق قول تراكتورى.

# ئۆزۈلمەس چاقچاقلار

ئىمىن رەمتىل ئەمدىلا مەكتەپكە كېلىپ ئىشخانىغا كىرىپ تۇراتتى، يېنىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

— ۋەي! — دېدى ئۇ قاتلىما يان تېلېفوننى ئېچىپ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ.

— ۋەي، ئىمىنجانما؟ قانداق ئەھۋالىڭلا، تىچلىقما ئاداش؟

— تىــچــلىق، تىچلىق، تۇرغۇنجانمۇ سىلە؟ ئۆزۈڭلا نەدە هازىر؟

— مەن بېيجىڭدا، ئاداش. بېيجىڭدىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن.

— بېيجىڭغا بېرىپ بولدۇڭلىما؟ هازىر سائەت قانچە بولدى ئۇ يەردە؟

— بېيجىڭغا كېلىپ بولغىلى ئۈچ كۈن بولدى، ئاداش، هازىر سائەت ئوندىن بەش مىنۇت ئۆتتى ... بۈگۈن تيەنئەنمېنگە كېلىپ مــاۋزېــدۇڭ خــاتىرە سارىيىغا چىگەنتۇق. تېخى هازىرلا قايتىپ چــىــقــىپ، ئــاشــۇ خــاتــىــرە سارايىنىڭ ئالدىدا سىلىگە تېلېفون قىلىۋاتىمەن.

— هە مۇنداق دەڭلا. بۇ يەردە سائەت تېخى سەككىزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتتى. ئەمدى ئىشخانىغا چىرىپ تۇرۇشۇم ... هە ئاداش، تيەنئەنمېننى ناهايىتى شاماللىق دەپ ئاڭلىغۇدىم، ئۇ يەرگە كەلگەن بولساڭلار چېچىڭلارنى ئۇچۇرۇپ كەتمىگەندۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئاداش. چېچىم جايىدا. سىلەنىزە ...

تېلېفوندىن پىخىلداپ كۈلگەن كۈلكە ئاۋازى كەلدى. ئىمىن رەمــتــلــمــۇ ئــىــختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. چۈنكى، ئىمىن

رەمتىلىنىڭ ئەختەم ئۆمەر ، تۇرغۇن مۇھەممەت ، مۇختار قادىر ، ئابلەت ماموت ، ئۆمەر ياسىن ، ئادىل مۇھەممەت (تۇران) ، مۇتەللىپ مۇھەممەت ، ھەسەن ناۋاي قاتارلىق ساۋاقداش يالى ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس لەقىمى بولۇپ ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئاشۇ لەقەملىرى ئارقىلىق چاقچاق قىلىشاتتى . بۇ قېتىم بىر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بىلەن ئىچكىرىگە كەتكەن تۇرغۇن مۇھەممەت بېيجىڭغا بېرىپ ماۋزېدۇڭ خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋېتىپمۇ ئىمىن رەمتىلگە چاقچاق قىلىشنى ئۇنتۇمىغانىدى . تۇرغۇن مۇھەممەتنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىدا چاچ بولمىغاچقا ، ئاغىنىلىرى ئۇنى «تېخنىك» ، «پىلانچى» دەپ ئاتاپ ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق چاقچاق قىلاتتى .

تېلېفوندىكى چاقچاقلار يەنە داۋام قىلدى :

— ئەتە بېيجىڭدىن قايتىمىز ، ئاداش ، — دېدى تۇرغۇن مۇھەممەت ، — سىلىگە نېمە ئالغاچ بېرىشىمنى بىلەلمەي تېلېفون قىلىشىم . قېنى ئۆزۈڭلا دەڭلا ، نېمە ئالغاچ بارىمەن ؟

— تاغاق ، — دېدى ئىمىن رەمتىل شۇئانلا ، — تاغاق ئالغاچ كېلىڭلا ئاداش ، تاغاق .

— تاغاق دېگەن مەكتىتىمۇ بار ، ئاداش . كۆزەينەك ئالغاچ بارايمىكىن دەيمەن . بۇ يەردىكى كۆزەينەكلەر ئاجايىپ ئېسىلكەن دەڭلا .

— بېيجىڭ بىلەن مەكتىنىڭ ئارىلىقى بەك ئۇزاق ، ئاداش . كۆزەينەك ئالساڭلا چېقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ بېشىڭلىغا غەم چۈشىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە كىچىكرەك تۆمۈر تاغاقتىن بىرنى ئالغاچ كەلسەڭلا ، ئۆزۈڭلىگىمۇ ئاسان بولىدۇ …

ئۇلار يەنە بىردەم چاقچاقلىشىۋېتىپ ، ئاندىن بىر ـ بىرىگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىشىپ تېلېفونلىرىنى يانلىرىغا سالدى .

ئۇلارنىڭ بۇ خىل چاقچاقلىرى باللىق چاغلىرىدىنلا باشلانغانىدى . ئالدىنقى بۆلەكلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك ،

رەمـــتىل ئاكا ھەممە ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ئادەم بولغاچقا ، بىر تەرەپتىن ، ئىمىن رەمتىلنى ياخشى ئوقۇشقا دەۋەت قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭغا تىجارەت يوللىرىنى ئۆگىتەتتى . ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىمىن رەمـــتـــىل دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ، تەتىل ۋە يەكشەنبىلىك ئارام ئېلىشلاردىن پايدىلىنىپ ساتىراشلىق ھۈنىرىنى ئـۆگـــىنىپ بولغانىدى . «ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى تۈرلۈك ھـۈنـەرمـۇ ئـاز» دېـگەن ئەقىدە بويىچە ، ئەمدى ئۇ ھەم ھۈنەر ئۆگىنىش ، ھەم پەسىلدىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ، يانتاق بـازىـرىـنىڭ قايناق دوقمۇشىغا غالتەك توختىتىپ ، دوغاپچىلىق قىلىۋاتاتتى .

— كـېلە خېرىدار ، كېلە ! — دەپ توۋلايتتى ئۇ دوغاپنى سورۇپ تۇرۇپ ، — مۇز داۋاندا مۇزلاپ كەلگەن ، مايماق تۆگىگە ئارتىپ ئەكەلگەن مۇزدەك دوغ ! يەنە ئىچسەڭ يەنە بار ، يۈرىكىڭگە پايدا بار ، مۇنداق راھەت قايدا بار ؟ !

— كېلە خېرىدار ، كېلە ! — دېدى بىر كەمدە بىر تونۇش ئاۋاز ئىمىن رەمتىلنىڭ يېنىدىلا ، — كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ ئىچ ، چىشىڭ توڭسا سۈزۈپ ئىچ . كېلە خېرىدار ، كېلە !

خېرىدارغا دوغاپ سېتىۋاتقان ئىمىن رەمتىل يېنىغا قاراپ ئـابلەت مامۇتنى كۆردى . ئۇ ئىمىن رەمتىلگە دوغاپ سېتىشىپ بەرگـەن بـولـۇۋېـلـىپ ، ئۇستىلىق بىلەن ئاستىرتتىن چاقچاق قىلىۋاتاتتى .

— كېلە خېرىدار ، كېلە ! — دەپ توۋلىدى ئىمىن رەمتىلمۇ شـۇ ئـانلا ، — ياپتىغا كەتمەي دېسەڭ كېلە خېرىدار ، ساختىغا كەتمەي دېسەڭ كېلە خېرىدار !

خېرىدارلارنىڭ سەل ھوشىيارراقلىرى «كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ ئـىچ» دېـگـەن چـاقـچـاقنىڭ ئىمىن رەمتىلگە قارىتىلغانلىقىنى پـەمـلـىسىمۇ ، لېكىن «ساختىغا كەتمەي دېسەڭ كېلە خېرىدار»

دىگەن چاقچاقنىڭ ئابلەت ماموتقا قارىتىلغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ لەقىمىنىڭ «ساختا» ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ئۇلار بىر داس دوغاپنى كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن بىردەمدە سىتىپ تۈگەتتى.

يانتاق يېزىسى ماموت شەيخ، ھۈسەيىن يەھيا، ھەسەن يەھيا، مۇھەممەت تۇردى، تۇرەك ئاۋۇت، توختى موللا، ئەخەت راۋاب، ئابدۇجېلىل قالۇن قاتارلىق داڭلىق نەغمىچى، ئۇسسۇلچى، قىزىقچى، قالۇنچىلار توپلاشقان جاي بولغاچقا، قانداقلىكى يەردىن ناھىيىگە مېھمان كەلسە، ئۇلارنى يانتاققا باشلاپ چىقىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. مەشرەپ ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە ئالاھىدە سەزگۈر بولغان يانتاقلىقلار مەشرەپنىڭ گېپى چىققان ھامان تەرەپ ـ تەرەپتىن خۇددى سۇدەك ئېقىپ كېلىپ، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەيدانىنى بىردەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن مەيداننىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا يانتاقتىكى ساقچىلارمۇ يېتىشەلمەي، بەزىدە ناھىيىدىن ساقچى ئەكېلىشكە توغرا كەلسە، بەزىدە يېزا كادىرلىرىنى ئاجرىتىشقا توغرا كېلەتتى. يەنە بەزىدە تېخى ساقچى ۋە يېزا كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان تەرتىپ ساقلاش خادىملىرىمۇ يېتىشەلمەي، يېزا باشلىقلىرى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىشقىمۇ مەجبۇر بولاتتى.

— ماۋۇ خەقنى! — دېدى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان راخمان نىياز ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، — تىنچ ئولتۇرەۋە خەق! ئولتۇرۇڭشە!!

ئۇ قولىغا ئۈزۈن دەستىلىك بىر بايراقنى ئېلىۋالغان بولۇپ، مەشرەپ مەيدانىنىڭ ئالدىنى تالىشىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن كىشىلەر توپىغا بايراقنى ھەربىر شىلتىسا، كىشىلەر گويا ئۇن ئىككى بال تەيفېڭ بورىنى چىقىپ ئارقىسىغا ئىتتىرگەندەك داۋالغۇپ تۇرۇپ ئارقىسىغا داجىيتتى. تەرتىپ ساقلىغۇچىلار



www.uyghurkitap.com

ۋارقىراپ - جارقىراپ پۈتۈن كۈچى بىلەن خەقلەرنى ئارقىسىغا ئىتتىرىپىمۇ ئاچالمىغان مەيدان راخمان نىيازنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قولىدىكى بايراقنى كىشىلەرنىڭ بېشىغا تەڭلەپ بىرنەچچە قېتىم پۇلاڭلىتىشى بىلەن ئېچىلىپ، كۆرۈنەرلىك كېڭەيدى.

— راخمان نىياز مەيدانغا چىقمىغان بولسا، ئاۋۇ بىچارە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولغان، — دېدى ئىمىن رەمتىل يېنىدا ئولتۇرغان ئەختەم ئۆمەرگە.

— ھەئە، شۇنداقتەك تۇرىدۇ، — دېدى ئەختەم ئۆمەر مەيدان تەرتىپىنى تۈزەپ بولالماي چىلىق - چىلىق تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەن مۇتەللىپ مۇھەممەتكە قاراپ قويۇپ، — خېلىلا ھەرەج تارتىپتۇ بۇ بىچارە، سىزمۇ ھە، ھۇ دېيىشسىڭىز بولمامدۇ؟

ئىمىن رەمتىل جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، ئۇلارنىڭ يېنىغا ھەسەن ناۋاي كېلىپ قىستالدى.

— لەقەمنى خىزىر قويىدۇ دېگەن گەپ راستكەن جۇما، — دېدى ئىمىن رەمتىل، — قىستىشىلىپ ئاران ئولتۇرۇۋاتساق، ماۋۇ ئاداشنىڭ ئىشىنى...

— ئوت - چوغنىڭ ئارىسىغىمۇ ئۇسۇپ كىرىپ كېتىۋېرىدىغان قارا كۆسەيگە ئوخشاش، ئارىمىزغا قىستىلىپ كىرىۋالدى دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى ئەختەم ئۆمەر ئىمىن رەمتىلگە دېگەن بولۇپ ھەسەن ناۋاينىڭ لەقىمىنى ئاشكارىلاپ.

ھەسەن ناۋاي ئەختەم ئۆمەر بىلەن جانجىگەر دوستلاردىن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈن مېھمانلار قاتارىدا كۆرۈپ، چاقچاقنىڭ تېمىسىنى ئىمىن رەمتىلگە يۆتكىدى:

— قىستالماي ھەرقانچە كەڭرى ئولتۇرساقمۇ، بۈگۈن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن مەشرەپنى ئاران بىر كۆزىمىزدە كۆرەلەيمىز، ئاداش. بىز دېگەن دوست بولغاندىكىن، قىستالساقمۇ ئۆتۈشمە بولۇپ يېقىن ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىمىزگە بىر كۆرگۈدەك بولسىمۇ جاي بېرەيلى.

كۆز ھەققىدىكى چاقچاق بەكرەك يالغاچلىنىپ كەتسە، ئىمىن رەمىتىلىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ جېدەل چىقىرىشىدىن ئەنسىرىگەن ئەختەم ئۆمەر چاقچاق تېمىسىنى يەنە باشقا ياققا بۇرىدى:

— مۇختار مېزىلىكنى كېلىدىكەن دەپ ئاڭلىغانتىم، ھېچ كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟

— ساختا خەۋەر ئاڭلىغان ئوخشايسىز. ئابلەتتىن ئاڭلىغانمۇيا ؟

— ياق، تۈنۈگۈن تۇرغانجان دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، بىرى شۇنداق دېگەن.

بىر مەيدان مەشرەپ ئاخىرلىشىپ، ئەمدى دېھقان قىزنىقچىلار مەيدانغا چىقىشقانىدى. ئاپتاپتا تاۋلىنىپ چىلان رەڭگە كىرگەن چىرايى ۋە ئۇستىخانلىق ئېگىز بەستى ئادەمگە ئېتىمىزلىقتىن ھازىرلا كىرگەندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ماموت مۇھەممەت مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، مەشرەپ ئەھلىگە ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز! يىگىت بېشىمىز ھەرقايسىلىرىنىڭ شەرىپىگە مېنى بىر پەدە سۇناي چېلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئالدىراشلىقتا ياغاچ سۇناينى ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇنى ئېلىپ كېلىمەن دەپ ھەرقايسىلىرىنى ساقلاتقۇچە، يېنىمدىكى تەييار گۆش سۇناينى چېلىپ بېرەي ...

ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، بارماقلىرىنى ئاچتى. ئاندىن ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىغا سول قولىنىڭ باشمالتىقىنى تەگكۈزۈپ، خۇددى ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر سۇناينى ئاغزىغا توغرىلاپ تۇتۇپ تۇرغاندەك ھالەتنى شەكىللەندۈردى. گېلىنى قىرىپ ئاۋازىنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن باشمالتىقىدا بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، «تىت ـ تىت ـ تىت! تات ـ تات! ...» قىلىپ ئاۋاز چىقاردى. بۇرنى چىڭ قىسىۋېلىنىپ كانىيىدىن چىقىرىلغان بۇ سۇنئىي ئاۋاز شۇ دەرىجىدە زىل ئىدىكى، ناۋادا مەشرەپ ئەھلى ئۇنى

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، راست سۇناي چېلىۋاتىدۇ دەپ قالغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دوراپ چېلىۋاتقان ئاھاڭمۇ دەل سۇناي ئاھاڭى بولۇپ، مامۇت مۇھەممەتنىڭ بارماقلىرىنى تىنىمسىز ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سۇناي پەدىسىنى بېسىۋاتقان قىياپىتىمۇ شۇنچىلىك ئوخشىغانىدى.

— ئاپلا، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئەختەم ئۆمەرگە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، — سۇناي دېگەننى ناغرا بىلەن چالمىسا ئەپلەشمەيتتى. ناغرا تېپىلمىغان بولسا، بىر دۇمباق بولسىمۇ چانمايتتى.

— مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئىشخانىسىدا، — دېدى ھەسەن ناۋايمۇ چاقچاقا قوشۇلۇپ، — بىر كونا دۇمباق تۇراتتى. مۇتەللىپجاننى تېپىپ شۇنى ئاچىقايمۇيا؟

بۇ چاقچاقلارنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقىنىنى بىلگەن ئەختەم ئۆمەرمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ناغرا ـ دۇمباق دېگەنلەرنى مەخسۇس چوكىدا چالمىسا، كۆسەي بىلەن چالغىلى بولمايدۇ، ئاداش.

ھەسەن ناۋاي يەنە چاقچاق قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن بۇيان، بىرنەچچە ئايدا بىر قېتىم كۆرۈشۈش نېسىپ بولۇۋاتقان بۇ دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىماسلىق ئۈچۈن، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ كۈلۈپلا قويدى.

مامۇت مۇھەممەت گۆش سۇنىينى چېلىپ بولغاندىن كېيىن كىمدۇر بىرى «ۋاي داد! بۇ يۇرتنىڭ بېگى بارمۇ؟» دەپ تۇۋلىغىنىچە مەيداننى ئايلىنىشقا باشلىدى.

— كىمنى بولى[1] قىلدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ھەسەن ناۋاي مەشرەپتىكى كومېدىيىلىك ئويۇنلارنىڭ باشلانغانلىقىنى پەملەپ.

---

[1] بولى — دولان مەشرەپلىرىدىكى خەلق ئويۇنلىرىدا قەستەن گۇناھ ئارتىپ، ئويۇن چىقىرىشقا قارىتىلغان سۆز.

— بابا توختى مولللىنى قىچقىرىپ قولىقىغا بىرنەرسىلەرنى دەۋاتاتتى، — دېدى ئىمىن رەمتىل كۆزىنى مەيداندىن ئۈزمىگەن ھالدا، — ھەقىچان شۇنى بولى قىلىپ، قوشاقلىرىنى ئوقۇتامىكى

— پاشىشاپ! ھەي پاشىشاپ! — دەپ توۋلىدى نەغمىچىلەر ئارىسىدىكى مەشرەپ بېگىنىڭ رولىنى ئالغان ھۆسەيىن يەھيا، — ماۋۇ مەيداننى قالايمىقان قىلىپ داد ئېيتىپ يۈرگەن كىسپۇرۇشنى ئالدىمغا كەلتۈر!

پاشىشاپنىڭ رولىنى ئالغۇچى، داد ئېيتقۇچىنى «بەگ»نىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ تىزلاندۇردى.

— ھە نېمە گەپ؟! — دېدى «بەگ» سۈر - ھەيۋە بىلەن، — نېمىدەپ مەشرەپ مەيدانىنى قالايمىقان قىلىپ، پېيىنى بوغمىغان تەخەيدەك قالايمىقان قاتراپ يۈرىسەن؟!

— ئۆزلىرىگە داد ئېيتىپ كەلدىم، بېگىم. ئادىل ھۆكۈم بولسا ئەرزىمنى ئېيتىمەن. بولمىسا توكۇ خورىزىمنى توقۇماي قاشقا تارتىپ مىنىپ، بېيجىڭغا ئەرزگە بارىمەن!

— ھۆكۈمنى سورىساڭ، مەندىكى ھۆكۈم مازدىن قاتتىق، ياغاچ پىچاقتىن ئىتتىك، قۇشقاچ مېڭىسىدىن يوغان. قېنى پاشىشاپ، بۇ ئەرزخوردىن سوراپ باق، نېمە ئەرزى باركىن؟

— بېگىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھە، بېگىم شۇندا - شۇندا دەيدۇ. ئاۋۋال ئەرزىڭنى ماڭا ئېيتىسەن. ئۇنىڭ بېگىمگە ئېيتقۇچىلىكى بولسا، مەن يەتكۈزىمەن. بولمىسا بېگىمنى ئاۋارە قىلمايلا مەن ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن.

— باياتىن بېرى ئانچە - مۇنچە چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ، بىزنى بولى قىلماقچى بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى ھەسەن ناۋاي گۇمانسىراپ ئىمىن رەمتىلگە.

— ياقەي، ئائىلىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن تەبىئىي مەشرەپلەردە شۇنداق قىلىسمۇ، بۇگۈنكىدەك نەچچە مىڭ ئادەم يىغىلغان ئاممىۋى مەشرەپلەردە جازانى كۆتۈرەلىگۈدەك، ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويسا

خەقنى كۆلدۈرەلىگۈدەك ئادەمنى تاللاپ بولى قىلىدۇ، بۇلار.

ئۇلار بۇ گەپلەرنى قىلىشىپ بولغۇچە، داد ئېيتقۇچىنىڭ ئەرزىمۇ ئاخىرلىشىپ، پاششاپ «بەگ»كە قاراپ: «دەۋاگەر شۇندا ـ شۇندا دەيدۇ بېگىم ...» دەۋاتاتتى.

— دەۋاگەردىن سوراپ باق، — دېدى بەگ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — ئاشۇنداق گۇناھكار مۇشۇ سورۇندا راست بارمىكەن؟

— ھۆكۈم بولسا بار، بېگىم ...

بەگ ئالدىدىكى دەررىنى قولىغا ئالدى ـ دە، «ھۆكۈم ـ ھۆكۈم دەيسەن، ساڭا ھۆكۈمنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ قويمىسام ئىشەنمەيدىغان ئوخشايسەن» دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، دەۋاگەرنىڭ دۈمبىسىگە نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

— ۋاي رەھىم قىلسىلا بېگىم، مەن بىلمەپتىمەن ...

— ھۆكۈمنىڭ تەمىنى تېتىدىڭمۇ؟ قانداقراقكەن؟

— ۋاي تېتىدىم، بېگىم، بەك تېتىدىم. شېكەردىن ئاچچىق، قىزىلمۇچتىن تاتلىقكەن.

— پاششاپ! دەۋاگەرنى ئالدىڭغا سېلىپ بېرىپ گۇناھكارنى تېپىپ كەل!

دەۋاگەر بىلەن پاششاپ گۇناھكارنى ئىزدىگەن قىياپەتتە مەيداننى بىر ئايلاندى. ئاخىر بىر بۇلۇڭدىن چاپىنىنى تەتۈر كىيىپ، بېلىدىكى بەلۋاغقا ئەسكى چۆگۈن بىلەن چۈۋۈق سۈپۈرگىنى ئېسىۋالغان توختى موللىنى تېپىپ بەگنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۈم، بېگىم! — دېدى توختى موللا قەستەن باشقا ياققا قاراپ سالام قىلىپ.

— پاششاپ! — دەپ تۇۋلىدى بەگ غەزەپلىنىپ، — ماۋۇ گۇناھكارنى يەرگە باس! يۇرتنىڭ بېگىنى بىلمەيدىغان بۇ تەلۋىگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قوياي!

پاششاپ بىلەن توختى موللا بىر ـ بىرىنىڭ تېگىگە يىقىلىش

ئۇچۇن چېلىشىپ كېتىشتى . چۈنكى ، كىم ئۇستىگە چىقىپ قالسا ، بەگ شۇنى ئۇرۇۋېرەتتى . ئاخىر توختى موللا بىر ئامالنى قىلىپ پاشىشاپنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ ، ئۇنى تېگىدىن چىڭ قۇچاقلاپ يېتىۋالدى . بەگ قولىدىكى تاياقتەك تىك تۇرىدىغان قاتتىق دەررە بىلەن پاشىشاپنىڭ بەل ۋە ساغرىلىرىغا نەچچىنى ئۇرۇپ توختىدى .

— ھە ، كىمنىڭ بەگ ئىكەنلىكىنى ئەمدىغۇ بىلگەنسەن؟

— ۋاي بىلدىم ، بېگىم ، بىلدىم .

— ئەمىسە قايتا سالام قىلىپ باقە قېنى .

دەۋاگەر بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ قايتا سالام قىلدى . بەگدىن گۇناھىنى تىلىدى . ئاندىن بەگ ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلىدى . سوراق داۋامىدا گۇناھكارنىڭ قولىغا تۇمىقىنى ئېلىۋېلىپ ، نەغمىچىلەرنى دوراپ نەغمە قىلغان «گۇناھى» دەلىللەنگەندىن كېيىن بەگ پاششاپقا بۇيرۇدى :

— ئۇنداق بولسا ئوتتۇز ئوغۇل ، توققۇز قىزدىن سوراپ باق . گۇناھكارنى قانداق جازالىساق ئۇلار رازى بولىدىكەن؟

تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراشقان سادالار ئاڭلاندى . بىرلىرى «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بەرسۇن !» دېسە ، بىرلىرى «ساماسا ياقسۇن !» دېيىشەتتى . يەنە بىرلىرى «مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن» دېيىشەتتى . «گۇناھكار» تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ نەغمىچىلەرنى دورىغىنى ئۈچۈن ، بۇ گۇناھقا ماسلاشتۇرۇپ ئاخىر ئۇنىڭغا «مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئويناش» جازاسى بېرىلدى .

توختى موللىنىڭ چاپانىنى تەتۈر كىيىپ ، بېلىگە چۆگۈن ۋە سۇپۇرگىلەرنى ئېسىۋېلىشى دەل ئاشۇ مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئۈچۈن ئىدى . ئۇ ياناتاقتىكى مەشرەپلەرنىڭ قىزىقچىسى بولۇپ ، بىرەر مەشرەپتە بولى قىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇلسا ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋېتەتتى . بولۇپمۇ ئۇ يېڭى ـ يېڭى قوشاقلارنى توقۇشقا ماھىر بولۇپ ، بۇ خىلدىكى ھەجۋىي تۈس ئالغان قوشاقلارنى ناخشىغا قوشۇپ ئوقۇپ مۇزىكىسىز ئۇسسۇل

ئوينىسا تولىمۇ قىزىقارلىق بولاتتى .

بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى . ئۇ دېھقانچىلىقنىڭ تۈرلۈك جاپالىرىدا قېتىپ تارشىدەك بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى پۈت ھەرىكىتىگە ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىككى يانغا ئىرغاڭلىتىپ ، يېڭىدىن توقۇۋالغان قوشاقلىرىنى مۇزىكىسىز ناخشىنىڭ تېكىستى قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى :

ئەتىيازدا كېۋەز تېرىسام ،
غوزىلىرى كۆزدە ھىڭگايدى .
چوكانلارنىڭ كۆركەم مەيدىسى ،
لاتا - پىتە بىلەن دىڭگايدى .

ئەتراپ كۈلكە ، چاۋاك ، قىيقاس سادالىرى بىلەن تولدى . ئەرلەر قاقاقلاپ كۈلۈپ ئىختىيارسىز چاۋاك چالسا ، ئاياللار بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ پىخىلداپ كۈلۈشەتتى . بېلىگە ئېسىلغان چۆگۈن ، سۇپۇرگىلەرنى پۇلاڭلىتىپ ، مەيداندا مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئوينىۋاتقان توختى موللا كۈلكە - قىيقاسلار سەل بېسىققاندا ، ناخشا ئاھاڭىنى باشقا كۈيگە يۆتكەپ ، يەنە باشقا قوشاقلارنى ئوقۇدى :

چالا ئۇندى تېرىسام ،
دورىلانغان چىگىتلەر .
بولدى پەيدا شەھەردە ،
بوستان چاچلىق يىگىتلەر .

قوشاق تۈگىشى بىلەنلا ، گويا بىرى رېژىسسورلۇق قىلىۋاتقاندەك ، مەيداندا تەڭلا كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى . گەرچە بىر نەچچە سېكۇنت داۋام قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن نەچچە مىڭ ئادەم

تەڭلا كۆلگەن بۇ كۆلكىدىن كېچە قوينى زىلزىلىگە كەلدى .

توختى موللىنىڭ ئۇسسۇلدىن توختاپ مەشرەپ ئەھلىگە ئېگىلىپ سالام قىلىشىدىن ، ئۇنىڭ قىزىقچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىنى بىلگەن كىشىلەر تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىراشتى :

— يانا ئوقۇپ بەرسۇن !

— بارىكاللا توختى موللا !

— ياشاپ كەت ، توختى باي !

— كۆپچىلىك توختى موللىنىڭ يانا قوشاق ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن بىر چاۋاك چېلىۋېتەيلى !

— ...

ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن نەغمىچىلەرنىڭ قاتارىغا ماڭغان توختى موللا كىشىلەرنىڭ ۋارقىرىشىپ توختىماي چاۋاك چېلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ، يەنە مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا قايتىپ كەلدى . چاۋاك چېلىشىۋاتقان كىشىلەر ئەمدى جىم بولۇشۇپ ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى .

شەھەرلەردىن چىققان سۇ ،
بۇلغىۋەتتى تارىمنى .
سۆيسەم لېۋىم بۇلغاندى ،
قىزىل تۇمشۇق يارىمنى .

مەجبۇر بولدۇم شۈكلاشقا ،
ماسكا تاقاپ سۆيۈشكە .
شۇ يارىمنىڭ ئىشقىدا ،
ئوتتۇن قالاپ كۆيۈشكە ...

توختى موللا ئۇسسۇلدىن توختاپ مەشرەپ ئەھلىگە سالام

قىلىۋىدى ، كىشىلەر يەنە تۈشمۇتۈشتىن ۋارقىرىشىپ ، چاۋاك چېلىپ تۇرۇۋېلىشتى .

— بەختىخاننى ئوقۇپ بەرسۇن ، بەختىخاننى ! — دەپ توۋلىدى كىمدۇر بىرى قايتا ـ قايتىلاپ .

توختى موللا يەنە مۇزىكىسىز ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ ، قوشاقلىرىنى باشلىدى :

ئەرگە تەگسەڭ ماڭا تەگ ،
دۆلەت كۆرەرسەن بەختىخان .
پەشلىرىڭنى قىستۇرۇپ ،
تېزەك تېرەرسەن بەختىخان .

خام ياڭاقنىڭ پوستى قاتتىق بەختىخان ،
چۈچۈگەندە سەۋزە تاتلىق بەختىخان .
قوشاق قاتتىم خوتۇن قەدرى ئۆتۈلگەچ ،
بولۇۋېلىڭ ماڭا ياتلىق بەختىخان ...

توختى موللا قوشاقنى تۈگىتىپ ، كىشىلەر ئاڭقىرىپ بولغۇچە يۇگۇرگەندەك كېلىپلا نەغمىچىلەر قاتارىغا قوشۇلۇپ ئولتۇرۇۋالدى . نەغمىچىلەر شۇ هامان يېڭى بىر مۇقامغا نەغمە باشلىدى . يىگىتبېشىنىڭ مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا تەكلىپ قىلىشى بىلەن ، ئاپئاق ساقاللىق مويسىپىتلار ، بېشىغا قارا كۆرپە تۇمىقىنى قىستۇرۇپ كىيىشكەن قىران ئەرلەر ، ئايەملىك ئەتلەس كۆڭلەكلىرىنى كىيىپ چىقىشقان قىز ـ چوكانلار مەيدانغا چۈشۈپ ، دولان مەشرەپ ئۇسسۇلىنىڭ باشلانمىسى بولغان چېكىتمىنى باشلىۋەتتى . يىگىتبېشى كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ، ئەختەم ئۆمەر ۋە ئىمىن رەمتىللەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، «ئىككىڭلارغا ھەشقاللا !» دەپ ئالاھىدە تەكلىپ

قىلغانىدى ، لېكىن ئەختەم ئۆمەر يېنىدىكىلەرنىڭ زورلىشىغىمۇ قارىماستىن ئورنىدىن قوزغالغىلى ئۇنىمىدى .

— ئەختەمجان شەھەر بالىسى بولۇپ قالدى ، — دېدى ئىمىن رەمتىل چاقچاق قىلىپ ، — ئەمدى نەغمىچىلەرنىڭ دېپىغا ئەمەس ، رېستورانلارنىڭ دۇمبىقىغا تانسا ئوينايدۇ ...

— كۆزەيـنـىـكـىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، — دېدى ئەختەم ئۆمەرمۇ چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ، — كۆزەينىكىم بولسا تاقىۋالسام ، مەشرەپتىمۇ ئويناۋېرەتتىم ...

مەشرەپ يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى . ئەختەم ئۆمەر ئەتىسى ئەتىگەندە قەشقەرگە قايتىدىغان بولغاچقا ، دوستلىرىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيـتـىپ ، بۇرۇنراق قايتىپ كەتتى . ئىمىن رەمتىل ، ھەسەن نـاۋاي ، مـۇتـەللىپ مۇھەممەت قاتارلىق ئاغىنىلەر ئەتىگەنلىككە ئۇزىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ ، ۋاقىتلىق خوشلاشتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئەختەم ئۆمەرنى قەشقەرگە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن كەچتە دوستى تۇرغۇن مۇھەممەتنىڭ كەينىدىن بـېـرىـپ ، قـەدرىنى قىلىپ كېلىشنى مەسلىھەتلەشتى . چۈنكى ، تۇرغۇن مۇھەممەت نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن ، شېھىتدۆڭ يېزىلىق ئوتتۇرا مـەكـتـەپـنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ ، يېڭى خىزمەت ئورنىغا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى .

ئۇلار بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ ، ئالاھازەل يىگىرمىگە يېقىن دوست ۋە ساۋاقداش شۇ كۈنى كەچتە شېھىتدۆڭگە باردى .

— ھـېـلـىـقى داڭدار خانىمىڭلار كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — دەپ سـورىـدى ئـىـمـىـن رەمـتـىل زىياپەت باشلىنىپ ئۆزئارا پاراڭ باشلانغاندا .

— توي قىلىپ يۆتكىلىپ كەتتى .

— ھەر نېمە بولسا ، بېشىنى بىر ئوڭشاپ قويۇپسىلە ئاداش ، ساۋاب بولىدۇ .

مۇشۇ پاراڭدىمۇ چاقچاقنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىشۋاتقىنىنى سەزگەن تۇرغۇن مۇھەممەت دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى :

— خەقنىڭ كۆزى باركەن ، ئاداش . داڭدار خانىملار ھامان يەردە قالمايدىكەن .

— ھازىرغۇ خەق خېرىدار چىقىپ ئەمرىگە ئاپتۇ ، ئاداش . لېكىنىزە ، داڭدارلارنىڭ توي قىلمىقىمۇ ، ئۆيىنى بۇزمىقىمۇ بىردەملىك ئىش . ئەتە - ئۆگۈنگىچە يەنە بېشىڭلىنى ئاغرىتمىسا مەيلىغۇ .

ئۇلار كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشۇپ ، باش توخۇ چىللىغاندا بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا خوشلاشتى .

2007 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بۇ دوستلار ئۈچۈن ھەم خۇشاللىنارلىق ، ھەم ئازابلىق بىر كۈن بولدى . خۇشاللىنارلىقى شۇكى ، بۇ كۈنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن پوسكام نېفىتلىكىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ كەلگەن مۇختار قادىر ھونزادە چاغانلىق ئارام ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، مەكتىتىكى ئاتا - ئانىسىنى يوقلاشقا كەلگەنىدى . ئۇنىڭ مەكتىتىكى دوست - بۇرادەرلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەچتە «يېڭىھايات رېستورانى» غا جەم بولۇشتى . ئىمىن رەمتىل گېپى ئاغرىپ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەچكە ، يىغىلىشقا كېلەلمىگەنىدى . سورۇندىكى ساۋاقداشلارنىڭ كۆڭلى قويماي ، تۇشمۇتۇشتىن تېلېفون قىلىشتى . ھەتتا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇشۇ سورۇندا بار بولغان مۇئاۋىن باشلىقى پەرھات نۇرنى تېلېفون قىلغۇزۇپ ، ئىمىن رەمتىل يېرىم سائەت ئىچىدە يېتىپ كەلمىسە ، مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرىدىغان بولۇشتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى ئىمىن رەمتىل بىركەمدە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ .

ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەنلىكتىن ھەم گەپلىرى تازا

قولاشمايتتى ، ھەم گېلى خىرقىراپ قالغاندى .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېيىشتى ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ، — ھە كەلدىڭلىما ئاداش . قاراڭغۇدا يولنى پەرق قىلىپ تېپىپ كەپسىلە ياخشى ...
ئۇلار كۆرۈشەر - كۆرۈشمەيلا چاقچاقلىرىنى يەنە باشلىۋەتكەندى .
— كۆزۈم يولنى پەرق قىلالمىغاندا بۇرنۇمغا تايىنىمەن . بۇرنۇم مېزىلىك پۇراقلارنى سېزەلەيدۇ ، — دېدى ئىمىن رەمتىلمۇ مۇختا قادىر بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ ، — دەسلەپتە تۇرغۇنجان تېلېفون قىلغاندا بۇرنۇمغا مۇشۇ يەردىكى ئېسىل پۇراق ئۇرۇلغان . مۇشۇ پۇراقنى ئاپشاركىدەك پۇراپ تېپىپ كەلدىم .
— بايا پۇرىغان بولسىڭىز ئەمدى تېتىپ بېقىڭ ، — دېدى سورۇننىڭ ساھىبخانى مەمتىمىنجان بىر رومكا ھاراقنى ئىمىن رەمتىلگە تەڭلەپ .
ئىمىن رەمتىلنىڭ يېقىندىن بۇيان ھاراق - شاراب ئىچمىگىنىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە گېلى قاتتىق ئاغرىپ ، ئاۋازىمۇ پۇتۇپ گېپىنى ئۇقتۇرالماس دەرىجىگە چۈشۈپ قالغاچقا ، رومكىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى . ئەمما ، «نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كۆرۈشەلمىگەن دوستىمىز مۇختار قادىر بىلەن جەم بولغانلىق شەرىپىگە ...» دەپ ھەممەيلەن تەڭ زورلاپ يۈرۈپ ، ئاخىر رومكىنى قولىغا ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى .
— مۇشۇنىڭ بىلەن گېلىڭلىنىڭ ئاغرىقى ساقىيىپ كېتەمدۇ تېخى ، — دېدى ئابلەت ماموت ئىمىن رەمتىلنىڭ رومكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ، — گېلىڭلا زۇكامدىن ئاغرىغان بولسا ، زۇكام دېگەننىڭ دورىسى ھاراق .
— ھازىرقى ھاراقلارنىڭ ساختىسى جىق . ساختا ھاراقنىڭ پايدا قىلىشى ناتايىن ...
سورۇن باشلانماي تۇرۇپلا باشلانغان بۇ خىل چاقچاقلار تاكى

سورۇن ئاخىرلىشىپ ، ساۋاقداشلار خوشلاشقانغا قەدەر داۋاملاشتى . ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونلاردا ئىمىن رەمتىل ۋە باشقا ساۋاقداشلار ، دوستلارغا تېلېفوندىن كۈتۈلمىگەن بىر شۇم خەۋەر كەلدى :

— مۇختار قادىر تۇگەپ كەتتى !

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىدى :

— نېمە ؟ ! ياق ، ياق ! مۇمكىن ئەمەس . تېخى ئاخشاملا بىز بىر سورۇندا تۇرساق ...

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان دوستلار ، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ، شۇ ھامان مەرھۇم مۇختار قادىر ھونزادىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى . دېگەندەك ، مەرھۇمنىڭ ئاتا - ئانىسى ، ئاكا - ئۇكا ، ئاچا - سىڭىل ۋە باشقا قان - قېرىنداشلىرى زار - زار يىغلاپ ھازا ئاچماقتا ئىدى . ئىمىن رەمتىل ئاۋۋال قادىر ئاكا بىلەن ، ئاندىن مەرھۇمنىڭ باشقا ئەر قېرىنداشلىرى بىلەن «ئەلھۆكمىلىللا» ئېيتىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، مۇشۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىشكەن دوستلىرى ، ساۋاقداشلىرى ۋە باشقا جامائەت بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشتى . گەرچە ئۇ ھازىدارلار سېپىگە قوشۇلۇپ ھازا ئېچىپ ، ياش تۆكۈپ يىغلىمىغان بولسىمۇ ، لېكىن يۈرىكى يىغلىماقتا ئىدى . ئاخشام مەرھۇم بىلەن بىر سورۇندا دىدارلىشىپ ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرغىنىدىن خۇشاللانغان بولسا ، مانا ئەمدى گويا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى . ئاشۇ ئەيىبلەش ئىلكىدە ، ئۇ ئەمدى ھاراق دېگەن نەرسىنى قەتئىي ئاغزىغا ئالماسلىققا ئۆزىگە ئۆزى قەسەم قىلدى .

# ئەختەم ئۆمەر ۋە ئىمىن رەمتىل

ئەدەبىي ئىجادىيەت گەرچە يازغۇچى ـ شائىرلاردىن دادىللىق بىلەن مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، باشقىلار يارىتىپ باقمىغان يېڭى ئوبراز، يېڭى پېرسوناژ ۋە يېڭى ئۇسلۇبلار ئارقىلىق باشقىلار تېخى دېمىگەن ئەھمىيەتلىك يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل يېڭى پىكىرلەر كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئـولتۇرۇپ ياكى ئاسمانغا قاراپ ئوڭدا يېتىپ قىلىنغان قۇرۇق خىيالىي تەپەككۇرلار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى رېئاللىق قوينىدىكى ئەمەلىي كەچۈرمىشلەردىن سۈزۈۋېلىنغان ئەھمىيەتلىك تەپسىلاتلار بەخش ئەتكەن تۇرتكە ـ ئىلھاملار ئاساسىدىكى جانلىق تەپەككۇر ئـارقـىـلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا، ئۆز بـېـشـىـدىـن ئۆتكۈزگەن ئەمەلىي كەچۈرمىشلەر ئاساسىدا قەلەم تـەۋرىـتـىـشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە گەرچە بىر يـازغـۇچىنىڭ يازغان بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېـگـۈدەك ئـۇنـىـڭ ئـۆزىـنـىـڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىۋاستە كـەچۈرمىشلىرى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا ئۆز كـۆزى بـىلەن كۆرگەن، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان، ئۆزىگە بەش قـولـدەك تـونـۇش بـولغان مۇھىت ئىچىدە يۈز بەرگەن، ئۆزى چۈشىنىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىدىغان يازغۇچى ـ شـائـىـرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قـىـلالايـدۇ. چـۈنكى، ئادەم ھەرقانچە ئەقىللىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئاۋۋال ئۇ كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رېئال نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەنگەن بولىدۇ . ھەتتا ئۇنىڭ قۇرۇق خىياللىرىنىڭ يىلتىزىمۇ كولاپ كەلسە ئاخىرقى ھېسابتا رېئاللىق بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ .

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى دادىللىق بىلەن ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق سىناقتا ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئۈچ مۇنەۋۋەر يازغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ ، ئىسمى ئەل قەلبىگە ئويۇلغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زور شۆھرەت قازىنىشىدا گەرچە يەنە باشقا ئامىللار بولسىمۇ ، ئاشۇ ئامىللار ئىچىدىكى مۇھىم بىر ئامىل دەل بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇنىڭ قۇرۇق خىيالىي تەپەككۇرغا تايىنىپ ئەمەس ، بەلكى رېئاللىقتىكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ، قولىقى بىلەن ئاڭلىغان ، ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان بولغان تونۇش مۇھىت ئىچىدىن ، رېئاللىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەڭ يارقىن نۇقتىلاردىن ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ئەھمىيەتلىك ئەمەلىي تەپسىلاتلارنى تاللاپ يېزىشقا ماھىر بولغانلىقىدا بولۇپ ، بۇ تەپسىلاتلارنىڭ خېلى كۆپ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىمىن رەمتىل بىلەن تۇتىشىدۇ .

1981 - يىلى ئەختەم ئۆمەر ئىمىن رەمتىل بىلەن بىللە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مەكتەپ شۆبە سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1984 - يىلغىچە يانتاق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتى خادىمى بولۇپ ئىشلىدى . ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئاشۇ يىللاردا باشلانغان بولۇپ ، «توقاچ» ، «كىنوخانا ئىشىكىدە» ۋە «قان ساتقۇچى» قاتارلىق دەسلەپكى ھېكايىلىرى ئاۋۋال ناھىيىلىك رادىئو ئىستانسىسىدا ، ئاندىن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى . بۇ چاغلاردا ئەختەم ئۆمەر بىلەن ئىمىن رەمتىلدىن ئىبارەت ئىككى قەدىناس دوست ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، ئەختەم ئۆمەر يازغان ھەربىر ھېكايە ۋە ئاشۇ ھېكايىدىكى تەپسىلاتلار ،

پېرسوناژلار ھەققىدە تەپسىلىي پىكىرلىشىپ تۇراتتى.

بىراق، 1984 - يىلى 10 - ئايدا ئەختەم ئۆمەر خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىككى دوستنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ پىكىرلىشىپ تۇرۇش پۇرسىتى ئازىيىپ كەتتى. ئۇ چاغلاردىكى ئۇچۇر ئالاقىسىمۇ بۈگۈنكىدەك قولاي بولمىغاچقا، ئۆزئارا ئالاقە قىلىشقا توغرا كەلسە، پەقەت پوچتىدىن ئەۋەتىلىدىغان خەتكىلا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. ۋەھالەنكى، ئەختەم ئۆمەر قەشقەرگە يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «قەشقەر گېزىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرى ياراتقان پايدىلىق بەدىئىي مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن، تاھىر تالىپ، تۇرسۇن نىياز، ئابلا ئەخمىدى قاتارلىق ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ خالىس ئىلھام بېرىشلىرى بىلەن، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە بىر بالداق يۈكسىلىش بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان ھېكايە - پوۋېستلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلدى. ئاشۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرى بولغان ئىمىن رەمتىل باشقا ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشاش ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان ئۆزگىچە تونۇش ئوبرازلاردىن سۆيۈنسىمۇ، ئەمما يەنە قىيامەتلىك چىن دوستلاردىلا بولىدىغان سەمىمىيلىك بىلەن، ئەسەرلىرىدىكى قىسمەن نۇقسانلار ھەققىدىمۇ ئوچۇق - يورۇق پىكىرلىشەتتى.

ئىمىن رەمتىل ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قېرى قىز» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكنىڭ يانتاقتىكى دوستلارنىڭ بىر قېتىملىق پارىڭىدىن ئېلىنغانلىقىنى، بەزى زۆرۈر بەدىئىي توقۇلمىلار قوشۇلغاندىن كېيىن، ھېكايىنىڭ بەدىئىي تۈسىنىڭ تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، ئوقۇغان ئادەمگە بېغىشلايدىغان بەدىئىي زوقىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. «قۇملۇق تىنترەۋاتىدۇ» پوۋېستىنى ئوقۇپ، «كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن

ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش » قا يېزىلارغا ئەۋەتىلگەن شەھەرلىك ياشلارنىڭ تونۇش چىرايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرسانلىق كەچۈرمىشلىرى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى . «ئاق جۇۋان » ، «تىنچىسىز شاخچىلار » ، «ئوغلىنىڭ سۆيگىنى » ، «سېغىنىش كويى » ، «قىيامەتتە قالغان سەھرا » ، «ئاھ ، مېنىڭ كىندىك قېنىم !» …

ئىمىن رەمتىل ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىۋاتقان بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي تولۇق ئوقۇيتتى . «تارىم » ، «قەشقەر ئەدەبىياتى » ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ «كارۋان » مەجمۇئەسىدە كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىۋاتقان بۇ ئەسەرلەر گەرچە ئەختەم ئۆمەر قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن يېزىلغان ۋە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىك ، پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىمىن رەمتىلگە تونۇش ئىدى ، ھەتتا «ئاھ ، مېنىڭ كىندىك قېنىم !» ماۋزۇلۇق پوۋېستتىكى نۇر ئېلى دەل ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۆزى ئىدى !

ئىمىن رەمتىل قەدىناس دوستىنىڭ ئالاھىدە قەلەم تەۋرىتىپ ، مەخسۇس ئۆزىگە ئاتاپ پوۋېست يازغىنىدىن سۆيۈنسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىنىڭ يەنە بىر يەرلىرى يېرىم ئىدى . ئۇنىڭدىكى بۇ كۆڭلى يېرىملىق ، ئۇنىڭغا ئاتاپ يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىتىلغان بولماستىن ، بەلكى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىدە مىللەتنىڭ ئومۇرتقىسى بولغان دېھقانلارنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا ئىگە بولالمىغانلىقىدىن ئىدى . ئىمىن رەمتىل قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بۇ سەمىمىي ئويلىرىنى خەت قىلىپ يېزىپ ئەختەم ئۆمەرگە ئەۋەتتى .

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ ئەختەم ئۆمەر يۇرتقا كەلگەندە ، ئۇلار مەخسۇس مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇچۇق - يورۇق پاراڭلاشتى :

— خېتىڭىزنى كۆردۈم ، — دېدى ئەختەم ئۆمەر كۈلۈپ

تۇرۇپ ، — ھېكايە ـ پوۋېستلىرىڭىزدا گەرچە يېزا تۇرمۇشى بولسىمۇ ، ئەمما ساپلا مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى يېزىپسىز ، دەپسىز . سىزنىڭچە ، نېمىنى كۆپرەك يازسام مۇۋاپىق بولىدۇ ؟

— بىزدە ئەسەر كۆپ ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئەستايىدىللىق بىلەن ، — لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئارىسىدا دېھقان تۇرمۇشى ، تېخىمۇ ئۇچۇق ئېيتقاندا دېھقانىنىڭ دەردى يېزىلغانلىرى تولىمۇ ئاز . شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، جەمئىيەتنىڭ ، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ مىللەتنىڭ ئومۇرتقىسى بولغان دېھقانلارنى چۈشىنىشى تولىمۇ يېتەرسىز . يېقىندا بىر گەپنى ئاڭلاپ بەك ئاچچىقىم كەلدى . بىر قاپاق زىيالىي شۇنداق دەۋاتىدۇ : «دېھقان دېگەن ئېتىزدا ئىشلەشكىلا يارىتىلغان . دېھقانىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسە ، چورۇق بىلەن سۇپىغا چىقىدۇ . پاكىزلىقنى سۆيمەيدىغان ئۇنداق قارا قورساق نادانلارنى پاتىڭغا دەسسەپ ئىشلەتمىسە بولمايدۇ ...» بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئوتتۇز ئىككى چىشىنى تۆكۈۋەتكۈم كەلدى . ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئېتىزلىقتىن چىقالماي ، قىشتا توك يېرىپ ھاشار چېپىپ ، يازدا چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ ئورما ئورۇپ ، ھاكىم ـ ۋالىيلاردىن تارتىپ تاكى دۇۋانىگىچە ھەممە تىرىك جاننىڭ گېلىنى بېقىۋاتقان بىچارە دېھقاندا نېمە گۇناھ ؟ ! ... بىز ھەممىمىز دېھقانىنىڭ بالىلىرىغۇ ؟ دېھقانىنى پەس كۆرگەن گۇيلارمۇ ئۆزىنى شەھەرلىك ھېسابلىغان بىلەن ، بىرنەچچە ئەۋلاد سۈرۈشتۈرسە ، ئاتا ـ بوۋىسى يەنىلا دېھقان بولۇپ چىقىدۇ . دېھقانىنىڭ ئۈستۈبېشى توپا ـ تەرەت ، كىيىم ـ كېچەكلىرى كىر ـ قاسماق بولغىنى بىلەن ، دۇنيادا دېھقاندەك كۆڭلى ئاق ، ئىنساپلىق قوۋم يوق ... شۇڭا سىزنى دېھقانىنى كۆپرەك يازسىكەن ، دەيمەن ...

— دېگەنلىرىڭىزغۇ ئورۇنلۇق ، — دېدى ئەختەم ئۆمەر ئىمىن رەمتىلنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ ، — مېنىڭمۇ دېھقانغا ئالاھىدە ھۆرمىتىم بار . ئەمما ، قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن

دېھقانلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىم يوق دېيەرلىك بولۇپ قالدى . يازاي دېسەممۇ تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى بىلمەيمەن .

— تەپسىلاتلىرىنى مانا مەن سۆزلەپ بېرىمەن . بۇگۈنكى بىر ئىشنىلا دېسەم ، چۈشتىن كېيىن بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى قىياقلىقئۆي كەنتىگە بالا چاقىرغىلى بارغانتۇق . ئەسلىدە بىزنىڭ مەقسىتىمىز بالىسىنى مەكتەپكە ئەۋەتمىگەن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، قولىمىزغا چىققىنىنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىش ئىدى . ئەمما ، بىز بارغان ئۇ ئۆيگە شۇ كۈنى يەتتە يەردىن ئادەم بېرىپتۇ . بىرىنچى قېتىم بارغانلار «سۈنى ئېتىزلىققا قويماي ، يولغا يار ئالدۇرۇۋېتىپسەن ... » دەپ ئىككى يۈز كوي جەرىمانە ئاپتۇ . ئىككىنچى قېتىم بارغانلار «كالا ـ قويلىرىڭغا ۋاكسىنا سالدۇرۇپ قۇلىقىغا پىستان قاقتۇرماپسەن ... » دەپ ئەللىك كوي جەرىمانە ئاپتۇ . ئۈچىنچى قېتىم بارغانلار «كېۋىزىڭنىڭ ئۇچىنى ئۈزمەپسەن» دەپ يۈز كوي جەرىمانە قويغانىكەن . دېھقاندا پۇل قالمىغاچقا ، ئۇلار ئېغىلدىكى ئېشەكنى ئېلىپ كېتىپتۇ . تۆتىنچى قېتىم بارغانلار «ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا قاتناشماپسەن ... » دەپ ئەللىك كوي جەرىمانە قويۇپ ، ئۆيدىكى تېلېۋىزورنى ئېلىپ كېتىپتۇ . بەشىنچى قېتىم بارغانلار «خالا جاينى ئۆلچەملىك سالماپسەن ... » دەپ يۈز كوي جەرىمانە قويۇپ ، كالىسىنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ . ئالتىنچى قېتىم بارغانلار «ئورمان بەلۋېغىدىن ئېتىزىڭغا يول ئېچىپ ، تېرەكلەرنى قۇرۇتۇۋېتىپسەن ... » دەپ يۈز كوي جەرىمانە قويۇپ ، مېھمانخانا ئۆيدىكى كونا گىلەمنى ئېلىپ كېتىپتۇ . يەتتىنچى بارغانلار «تراكتور ھەققىنى تۆلىمەپسەن... » دەپ ، ئېلىپ كەتكىلى ھېچ نەرسە تاپالماي ، شوتىسى سۇنۇپ كەتكەن ھارۋىنىڭ بىر پاي چاقىنى چىقىرىپ ئېلىپ كېتىپتۇ . بىز سەككىزىنچى قېتىم بېرىپ قالغاچقا ، ئېلىپ كەتكۇدەك ھېچ نەرسە تاپالماي قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق ...

ئەختەم ئۆمەر ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ

تەپسىلاتلارنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى. بىر چاغدا ئىمىن رەھىمتىل سائىتىگە بىر قاراپلا، «ئاپلا ···» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە بولدى؟ نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى ئەختەم ئۆمەر ئۇنىڭ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ.

— ھازىرلا كېلىمەن. ھاجەت قىلىۋېلىپ كېلەي.

ئىمىن رەھىمتىل شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ساق ئىككى سائەت ساقلاپ تىت - تىت بولۇپ كەتكەن ئەختەم ئۆمەرمۇ ئاخىر ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەتىسى قايتا ئۇچراشقاندا، ئەختەم ئۆمەر ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىپ:

— نېمە ئىش بۇ ئىمىنجان؟ بىز ئىككىمىزمۇ بىر - بىرىمىزگە يالغان ئېيتىشامدۇق ئەمدى؟ ···

— خاپا بولماڭ. تۈنۈگۈن راستلا جىددىي ئىشىم چىقىپ قالغان.

— ھەرقانچە جىددىي ئىش بولسىمۇ، ئوچۇق دەپ قويۇپ كەتسىڭىز، مەن ئىككى سائەت ساقلاپ ئاۋارە بولماستىم ···

— كەچۈرۈڭ، ئۇ ئېغىز ئېچىش تەس بولغان بىر مەخپىي ئىش ئىدى ··· ناۋادا تۈنۈگۈن ئوچۇقىنى دېسەم، رەسمىي ئىشقا چاقچاق ئارىلىشىپ قالاتتى. سىز بارغىلى قويمايتتىڭىز.

ئىمىن رەھىمتىلنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بەكۋاش ياشلىقنىڭ شېرىن سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېس قىلغان ئەختەم ئۆمەر تېخىمۇ كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى:

— تۈنۈگۈنغۇ دېمەي ماڭا يالغان ئېيتىپ كېتىپ قاپسىز. بۈگۈن دەپ بېقىڭا قېنى، مېنى ئىككى سائەت ساقلاتقۇدەك قانداق مۇھىم ئىش ئىدى ئۇ؟

— راستىنى دېسەم، بىر قىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ قويغانتىم. سىز بىلەن پاراڭلىشىپ ۋاقىتقا قالماپتىمەن. بىر كەمدە قالسام، دېيىشكەن ۋاقىت توشۇپ ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىزگىمۇ چۈشەندۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇدۇل شۇ يەرگە

چاپتىم .

— ھە دەۋېرىلك ، قۇلىقىم سىزدە .

— بۇنىمۇ بىرەر ئەسەرگە قوشۇپ يازاي دەۋاتامسىز نېمە ؟ ··· بوپتۇ يېزىلك . ئىسمىنى سىز سورىماڭ ، مەن دېمەي .

— خاتىرجەم بولۇڭ . سىز ئىسمىنى دېگەن تەقدىردىمۇ مەن ئەينەن يازمايمەن . ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىسمىدىن تارتىپ ھەربىر ۋەقەلىك ، ھەربىر تەپسىلاتقىچە ئاپتورنىڭ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ ، يېڭىۋاشتىن قۇراشتۇرۇشىدىن ئۆتىدۇ . رېئاللىقتا نېمە بولسا ، شۇنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويىدىغان ئىش يوق··· قېنى ، تارتىنماي دەۋېرىڭ .

— بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ ، — ئىككىمىز تا ھازىرغىچە بىر - بىرىمىزدىن ھېچقانداق سىرىمىزنى يوشۇرۇپ باقمىدۇق ··· بوپتۇ ، دەپ بېرەي . بىرەر ئەسىرىڭىز ئۈچۈن دېتال بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس··· تۈنۈگۈن سىزگە ھاجەت قىلىۋالاي دەپ قويۇپ ، جەرەندۆك يولىدىكى قېرى جىگدىنىڭ ئاستىغا باردىم . ھېلىقى قىز ئۆيىدىن ئوتقا چىققان بولۇپ ئۇ يەردە مېنى ساقلىماقچى ئىدى . دېگەندەك ، مەن بارسام ، ئۇ يالغۇز ساقلاۋاتقانىكەن . «چىققىنىڭىزغا ئۇزۇن بولدىمۇ ؟ » دەپ سورىدىم . «ياق ، تېخى بايىلا چىققان ··· » دېدى ئۇ تەرلەپ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىگە قالاپ . مەن ئۇنى ئۇزۇن ساقلىتىپ قويماي دەپ ، سىزدىن ئايرىلىپلا يۈگۈرگەندەك تېز ماڭغاندىم . ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا مېنىڭ جىددىيلىشىشىم قوشۇلۇپ ، بارغانچە بەك تەرلەپ كەتتىم . يۈز - كۆزۈمدىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى . گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىمنى ئاچسام تەر كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ، كۆڭلىكىمنىڭ يېڭى بىلەن يۈزۈمدىكى تەرلەرنى ئېرتتىم . «مەڭ ، مانىڭدا ئېرتىڭ ··· » دېدى ئۇ چىرايلىق رېشىلىيە ئىشلەنگەن بىر قولياغلىقنى ماڭا تەڭلەپ . مەن ياغلىقنى قولۇمغا ئېلىپ ، ئاۋۋال يۈز - كۆزۈمدىكى تەرلەرنى

ئېرتتىم . ئۇ ياغلىققا ئەتەي ئەتىر سېپىپ قويغانمۇ ياكى قىزلارنىڭ قولياغلىقى شۇنداق مېزىلىك پۇرامدۇ ، ئىشقىلىپ ، بۇرنۇمغا ئاجايىپ مېزىلىك بىر پۇراق ئۇرۇلدى . مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ، ياغلىقنى بۇرنۇمغا تۇتۇپ پۇرىدىم . «سەتلىكىنى قىلىنىڭ ، خوتۇنى ياغلىق توقۇپ بەرمىدىمىكىن...» دېدى ئۇ ناز ئارىلاش كۈلۈپ . «ماڭا ياغلىق توقۇپ بېرىپ كۆڭلۈمنى ئېلىش ئون يىلدىمۇ يادىغا يەتمەيدۇ ئۇ كالا كومشانىڭ» دېدىم مەن . «ئەمىسە نېمىشقا ئالغان؟ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن نومۇس قىلمامدىكىن...» دېدى ئۇ يەرگە قاراپ كۈلۈپ . ئۇنىڭ مېنى غەيۋەتخورلۇقتا ئەيىبلىشى خېلى ئوبدانلا يۈزۈمنى قىزارتتى . ئەمما ، ئۇنىڭغا خوتۇنۇمنى ماختاپ بەرسەم تېخى بولمايتتى . شۇڭا ، ھەممىنى ئۆيدىكىلەرگە دۆڭگىدىم : «ئۇ تومپايىنى مەن ئۆزۈم خالاپ ئالغان ئەمەس . ئانام بىلەن ئاتام ئاشۇ خوتۇننى ئۈچ كۈنلۈك بولسىمۇ ئالمىساڭ ، بىز ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى ئەمەس دەپ تۇرۇۋېلىپ ، مەجبۇري چېتىپ قويغان . ئالغاندىن كېيىن نەچچە قېتىم قويۇۋېتىمەن دەپ قويسام ، كۆز كەلسۇن ، يانا ئازراق چىدا ، قىش چىقىپ كەتسۇن ... دەپ يۈرۈپ ، مانا ئەمدى بىرنى تۇغۇپ ياتتى . ئەمدى ئاشۇ ياتقىنى ھېساب ، ھەرگىز يۆتكەپ كەلمەيمەن .» ئۇ مېنىڭ بۇ گەپلىرىمگە ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىمگە بىر قاراپ قويۇپ دېدى : «بولدى ، پو ئاتماڭ . ئەمدى مېنى گوللىيالمايسىز . بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە ئىككىنچى چىقمايمەن...» ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ، ماڭا كۆڭلى بارلىقىنى بىلەتتىم . شۇڭا ، مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا : «ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ . قالغىنىنى ئەمەلىيەتتىن كۆرىسىز . بۇ قېتىم ئۇنى قويۇۋېتكىنىم قويۇۋېتكەن . ئۆيگە ھەرگىزمۇ ئەكەلمەيمەن» دېدىم . ئۇ ئەمدى سەل يۇمشاپ «ئىشقىلىپ ، ئۆيگە بۇرۇنراق داستىخان تاشلاپ قويىدىغان ئىشنى قىلىڭلا ، خەقلە ئۆيدىكىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتىدۇ ...» دېدى .

ئەتىسى ئۆمەر ئىمىن رەمتىلىنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، كۆڭلىگە خاتىرىلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىر سورۇندا ئون ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەسەرگە دېتال بولىدىغان تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئەستە تۇتۇۋالالايتتى. ھەرگىز دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ خاتىرىلەپ يۈرمەيتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئىمىن رەمتىل سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كۆڭۈل خاتىرىسىگە تولۇق تىزىماقتا ئىدى.

ئىمىن رەمتىلىنىڭ سۆزلىرى داۋام قىلىۋاتاتتى:

— «ماقۇل. مەن خوتۇنۇمنىڭ خېتىنى بېرىپلا، ئۆيدىكىلەرنى چىگۈزەي. بۇ يىل 10 ـ ئايدا تويىمىزنى قىلايلى» دېدىم مەن. «قېنى، كۆرەرمىز ...» دېدى ئۇ ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، ئەمما كۆزلىرى شۇ تاپتا خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتكەندى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئويناپ يەرگە قالاپ نازلىنىپ تۇرغان ئاشۇ ھالىتىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. ئاشۇ ياخشى كۆرۈشتىن قوزغالغان تەلۋە ھېسسىياتىمنى باسالماي، ئۇنىڭ بىخەستە تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بېلىدىن تۇتۇپ قۇچاقلىۋالدىم. «ۋىيىەي!» دېدى ئۇ چۆچۈپ مېنى ئىتتىرىپ «ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مېنى قويۇۋېتىڭ! روزا ـ رامزاندا سەت تۇرىدۇ، قويۇۋېتىڭە! سىز روزا تۇتمىغان ئوخشىماسىز! ...» ئۇ قۇچىقىمدا بېلىقتەك پىلتىڭلاپ، قولۇمدىن ئاجراشقا ئۇرۇناتتى. «مەنمۇ روزا تۇتتۇم» دېدىم ئۇنىڭغا، «بۇنىڭلىق بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. بىرنى، پەقەت بىرنىلا ...» ئۇ تېخىمۇ بەك پىلتىڭلاپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ دېدى: «توي قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنداق قىلىساق ھەرگىز بولمايدۇ. سىز مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ؟ قويۇۋېتىڭ! ...» ئۇنىڭ چىرايىغا قاراسام، كۆزلىرىدىكى بايىقى خۇشاللىق ئاللىقاياقلارغا غايىب بوپتۇ. قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۈم: «سىز خاتا چۈشىنىۋالدىڭىز. مەن ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلماقچى ئەمەس. پەقەت بىرنى سۆيۈۋالسىلا بولدى. سۆيگەنگە روزا بۇزۇلمايدۇ.» ئۇ «ياق!» دېگىنىچە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ زادىلا ئۇنىمىدى. مەن بىر هازا ھەپىلىشىپ، ئاران ئۇنىڭ بويىنىغا بىرنى سۆيۈۋالدىم. لېكىن، قولۇمدىن بوشىنىشقىلا ئۆرۈنۈپ كۆچەپ يۇلقۇنۇپ بوشىنالمىغاندىن كېيىن سول بىلىكىمنى چىشلىۋالدى. مەن «ۋاي! ...» دېگىنىمچە ئۇنى قويۇۋېتىپ، بىلىكىمگە قالىدىم. ئىككى تال قوناقنى پاتۇرۇۋەتكەندەك چوڭقۇر ئىز قاپتۇ. «بىلىكىمدىن قان ئېقىۋاتىدۇ» دېدىمەن قەستەن يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ. ئۇ گېپىمگە ئىشەندى. «ۋاي راستىما؟ مەنغۇ ئۇنچىلا قاتتىق چىشلىمىگەن. ئەكېلىڭە كۆرۈپ باقاي ...» ئۇ يېقىن كېلىپ بىلىكىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ چاقچاق قىلغىنىمنى بىلدى. «ھۇ، يالغانچى، ئەسكى!» دېدى ئۇ ئەركىلەپ مەيدەمگە نوقۇپ. ئۇ يەردە ئەمدى ئۇزۇن تۇرساق بولمايتتى. يولدىن بىرەرى ئۆتۈپ كۆرۈپ قالسا، بىردەمدىلا ئاجايىپ - غارايىپ سۆز - چۆچەكلەرنى توقۇپ تارىتىۋېتەتتى - دە، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولاتتى. شۇڭا، كېلەر قېتىم كۆرۈشىدىغان ۋاقتىمىزنى دېيىشىۋېلىپ، ۋاقىتلىق ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق ...

بۇ ئەمەلىي تەپسىلاتلار كېيىن ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ماۋزۇلۇق ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان پوۋېستىنىڭ ئالتىنچى بابىدىن ئورۇن ئالدى. پوۋېستتا ئىمىن رەھىمىلىنىڭ ئىسمى ياسىن مەدەككە، قىزنىڭ ئىسمى بولسا نۇسرەتكە ئۆزگەرتىلگەنىدى. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن، تونۇلغان ئوبزورچى مامبەت تۇردى «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يازغان داڭلىق ئوبزورىغىمۇ «سۆيگەنگە روزا بۇزۇلمايدۇ» دېگەن ئاشۇ تاتلىق سۆزنى ماۋزۇ قىلىپ قويدى.

ئىمىن رەھىمىلىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ، ئەختەم

ئۆمەرنىڭ ھېكايە ـ پوۋېستلىرىغا كىرگۈزۈلگەن مۇنداق دېتال ـ تەپسىلاتلار تولىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇلارنى بىرمۇ بىر تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ئۇچۇن، تەبىئىيكى، ئايرىم تېما تۇرغۇزۇپ ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىغا بىر ـ بىرلەپ مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ھازىرچە بۇ تېمىنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، ئىمىن رەمتىل بىلەن ئەختەم ئۆمەرنىڭ دوستلۇق، ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ئۆزگىچە تەپسىلاتلارغا كېلەيلى:

باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەختەم ئۆمەر 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن، ئىمىن رەمتىل بىلەن بولغان دوستانە سېغىنىشى كۈچەيسە، يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تۈپەيلىدىن، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا كېلىپ چىققان قىزىقارلىق ئىشلارمۇ كۆپىيىپ باردى:

— كېلىڭ، كېلىڭ، — دېدى ئەختەم ئۆمەر ئىشىكنى چەكمەيلا كىرىپ كېلىۋاتقان ئىمىن رەمتىلنى كۆرۈپ بىر كۈنى.

ئۇلار تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىپ، يۇرتتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە پاراڭلىشىپ چىققاندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل ھاجەتخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كىرگەندە ئەختەم ئۆمەر يۇرتتىكى يوسۇن بويىچە ئىمىن رەمتىلنىڭ قولىغا سۇ بەردى. ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى يەردە قويۇپ، قول سۇرتۇش ئۇچۇن لۆڭگە ئېلىپ بېرىپ بولغۇچە، ئىمىن رەمتىل ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىكى مىخقا ئېسىپ قويۇلغان بىر لۆڭگىنى ئېلىپ قولىنى سۇرتۇشكە باشلىدى.

— ئاپلا، — دېدى ئەختەم ئۆمەر كۈلۈپ تۇرۇپ، — قولىڭىزنى يەنە قايتا يۇيىدىغان بولدىڭىز ... قېنى قولىڭىزنى

تۇتۇق .

— قەشقەردە مېھماننىڭ قولىغا ئىككى قېتىم سۇ بېرىدىغان يېڭى قائىدە چىقمىغاندۇ؟ ھازىر يۇدۇمغۇ؟

— ھازىر يۇغانتىڭىز . لېكىن مەن قول لۆڭگىسىنى ئېلىپ بېرىپ بولغۇچە، پۇت لۆڭگىسىدە قولىڭىزنى ئېرتىۋالدىڭىز. شۇڭا، قايتا يۇمىسىڭىز بولمايدۇ .

ئىمىن رەھىمتىل ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ پۇت لۆڭگىسىنى ئىشلىتىپ قويغىنىدىن ئىزا تارتتىمۇ ياكى ئۆز ئۆيىدە لۆڭگىلەرنى پۇت لۆڭگىسى، قول لۆڭگىسى دەپ ئايرىماي ئىشلىتىشۈپرىشكە كۆنۈپ كەتكەچكە، شەھەرنىڭ بۇ ئىنچىكە ئادىتىگە ئۆچلۈكى كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ، تەرسالىقى تۇتتى :

— لۆڭگە دېگەن قول بىلەن يۈزنى ئېرتىدىغان نەرسە تۇرسا، پۇت لۆڭگىسى دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ... بولدى، نېمە لۆڭگىسى بولسا بولىۋەرسۇن، مەن بىر قېتىم قولۇمنى يۇيۇپ ئېرتىپ بولدۇم، شۇ ھېساب .

— ئىمىنجان، تەرسالىق قىلماڭ . يېزا بىلەن شەھەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئوخشىمايدۇ ...

— ھە، مۇنداق دەڭ تېخى! سىززە، قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېلەر ـ كەلمەيلا ئايىنىپ كەتتىڭىزمۇ نېمە؟! ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىمۇ شەھەرلىك، سەھرالىق دېگەن پەرق پەيدا بولدىما؟ سىز ياناتاقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟! مەن سىزگە دەپ قوياي : سىز مەيلى قەشقەردە بولۇڭ، مەيلى بېيجىڭ ـ شاڭخەيدە بولۇڭ، تۇغۇلغان يېرىڭىزدىن تانالمايسىز . سىز دېگەن ياناتاقلىق! ... مەن ياناتاقلىق ئەختەم ئۇمەرنىڭ ئۆيىگە كەلدىم . ياناتاقلىقنىڭ لۆڭگىسى ياناتاقلىققا ھالال . ھېلىغۇ پۇتىڭىزنى ئېرتقان لۆڭگىدە قولۇمنى ئېرتىپتىمەن، يۈزۈمنى ئېرتسامۇ ماڭا ھالال! ...

ئۇ چىڭقىلىپ سۆزلەپ قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۆز گېپىنى

ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، باش - كۆزىدىن تەپچىپ چىقىۋاتقان تەرلەرنى بايىقى لۆڭگە بىلەن كۈچەپ سۈرتۈپ، يۈز - كۆز ۋە بويۇنلىرىنى تېخىمۇ قىزارتىۋەتتى. بالىلىقىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى، ساۋاقدىشىنىڭ بۇ تەرسالىقى ئالدىدا ئەختەم ئۈمەر نېمە قىلىشنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى.

— بولدى، — دېدى ئۇ ئاخىر قولىدىكى ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى يەرگە قويۇپ، — قول ئۆزىڭىزنىڭ، ئىمىنجان، كىچىكىمىزدە بەزىدە نەپسىمىز تاقىلداپ كەتسە «··· ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە هالال» دەپ، قولىمىزنى يۇمايلا بىر نەرسىلەرنى تۇتۇپ يەۋېرەتتۇق. بۈگۈنمۇ سىزنىڭ شۇنى بىر تەكرارلىغۇڭىز كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. بولدى، ئەمدى بۇلارنى يەنە تالىشىپ ئولتۇرمايلى ···

كىرىسلو ئالدىدىكى چايئىشكاپ[1] ئۈستىگە پېچىنە - پىرەنىكلەر تىزىلىپ، پىيالىلەرگە چاي قۇيۇلدى. چىڭقىلىپ سۆزلەۋېرىپ تەرلەپ كەتكەن ئىمىن رەمتىل ئۇسساپ كەتكەنىدى. چاينى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ پىيالىنى قۇرۇقداپ قويدى. ئەختەم ئۈمەر قايتا چاي قۇيۇۋېتىپ سورىدى:

— قورساق قانداق؟

— قورساق توق. بايا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا تاماق يەۋالغان.

ئەختەم ئۈمەر نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ، ئىمىن رەمتىلنىڭ كۆزىگە قارىدىيۇ، لېكىن دېمەكچى بولغان گېپىنى يۇتۇۋېتىپ هېچنەرسە دېمىدى. چۈنكى، ئۇ تېخى ئەمدىلا پەسكويغا چۈشكەن ئىمىن رەمتىلنىڭ يەنە قايناپ سۆزلەپ كېتىشىنى خالىمايتتى.

ئەمما، «قورققان ئىش هامان يۈز بېرەر» دېگەندەك، ئىمىن رەمتىلنى سۆزلىتىدىغان ئىش يەنە يۈز بەردى:

— ئىمىنجان، — دېدى ئەختەم ئۈمەر ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ، بىزنىڭ ئۆيدىغۇ قانداق ئولتۇرسىڭىز

---

① چايئىشكاپ — چاي ئۈستىلى.

www.uyghurkitap.com

مەيلى ، لېكىن باشقا ئۆيدە سافادا ئۇنداق ئولتۇرسىڭىز ئەدەپسىزلىك بولىدۇ …

ئىككى پۇتىنى كرىسلو ئۇستىگە ئېلىپ ، خۇددى تام ئۇستىدە ئولتۇرغان تامچىدەك زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىمىن رەمتىل يەنە سۆزلەپلا كەتتى :

— ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئۆيدە ئىمىن رەمتىلنىڭ ئىختىيارى ئولتۇرۇش ھوقۇقى يوقمىكەن ؟ ! سافا ئۇستىدە زوڭ ئولتۇرسا بولمايدۇ دەپ بەلگىلىمە چىقمىغاندۇ ؟ يانتاقتىكى ئۆيلىرىمىزدە سافا بولمىغىنى بىلەن ، كۆڭۈل ئازادىلىكىمىز بارتى . ئولتۇرامدۇق ، ياتامدۇق ياكى ھەتتا سەكرەمدۇق ، ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى ئىدى . مانا ئەمدى شەھەرنىڭ سافالىق ئۆيلىرىدە ئىمىن رەمتىلنىڭ قانداق ئولتۇرۇشىنىمۇ چەك قويۇلۇۋاتىدۇ . قانداق دېگەن گەپ بۇ !…

— بۇ ھېچقانداق گەپ ئەمەس ، ئىمىنجان ، سافانىڭ ئاستىنى پۇرژىنىلىق سىملارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ياسايدىكەن . مۇنداق ئولتۇرۇۋالسىڭىز ، پۇرژىنىلار سۇنۇپ كېتىپ ، سافا كاردىن چىقىدۇ .

— بىر ـ بىرىمىز ئۈچۈن جېنىمىزنىمۇ ئاياشمايدىغان دوستلار مانا ئەمدى شەھەرلىك ، سەھرالىق بولۇشۇپ ، بىر قوتۇ سافانىمۇ ئايايدىغان بولۇشتۇقما ؟ ! … مانا ئەمىسە ! سۇنسا تايىنلىق تۆلەپ بېرەرمەن !

ئىمىن رەمتىل سافانىڭ ئۇستىگە چىقىپ ، كىچىك بالىدەك سەكرەشكە باشلىدى . ئەختەم ئۆمەر بۇ تەرسا دوستىنىڭ كىچىك بالىدەك قىلىقلىرىغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى .

كەچتە ئەختەم ئۆمەر خوتۇنىغا ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا تازا كۆنەلمەيدىغانلىقىنى ، شۇڭا يەپ ـ ئىچىش ، يېتىپ ـ قوپۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مىجەزىنى ئىپادىلىسە ، ھەيران قالماستىن توغرا

چۈشىنىشنى تاپىلىدى . ئىمىن رەمتىلمۇ ئارزۇگۇلنى كۆرگەندىن كېيىن باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولدى . ئەتىسى ئــەختەم ئۆمەر بىلەن خــوشلىشىپ مەكــتكە قــايتقۇچــە شۇنچە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ، شۇنچە سىپايە بولۇپ كەتتى .

ئــارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ ، ئىمىن رەمتىل ئابلەت مامۇت قاتارلىق دوستلىرى بىلەن قەشقەرگە يەنە بىر كەلدى . بۇ قېتىم ئــۇلار ئەختەم ئۆمەرنى ئىشخانىسىدىن چاقىرىپ چىقىپ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە شۇنچە تەكلىپ قىلىشىغا قارىماي بازارغا چىقتى . ئاۋۋال ئۇدۇل كەلگەن بىر ئاشخانىدا تاماق يەپ قورساقنى توقلىۋالغاندىن كېيىن «خەلق باغچىسى»غا كىرىپ ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشتى .

— سۈرەتكە چۈشۈپ قويامسىلە ؟ — دەپ سورىدى بىر كەمدە بىر سۈرەتچى كېلىپ ، — باغچىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشسە بەك تەبىئىي چىقىدۇ …

— چۈشىمىز . هازىر چۈشسەك قاچان چىقىدۇ ؟

— يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن .

ئۇلار سۈرەتكە چۈشمەكچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ئــەخــتــەم ئۆمــەردىــن باشقىلار چالا مەست بولۇپ ، دەلدەڭشىپ قــېــلــىــشقانىدى . سۈرەتچى ئۇلارنى سۈرەتكە كۆپرەك چۈشۈشكە قىزىقتۇرۇپ ، بىردەم بىر تۈپ ئارچا دەرىخىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلسە ، يەنە بىردەم رېشاتكا ئىچىدىكى گۈللەرنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئــولتۇرغۇزاتتى . ئاپپاراتىكى فىلىيونكا تۈگەپ ، ئىككىنچىسىگە يەڭگۈشلىگەندە ، مەستلەرنىڭ بىرى سورىدى :

— هە ، هازىرغىچە چۈشكىنىمىز قانچە پۇللۇق بوپتۇ ؟

— بۇ يۇيۇپ چىقىرىش سانىغا باغلىق . بىر تالدىن يۇساق ئــەرزانــراق توختايدۇ . لېكىن ، سىلەر تۆت ئادەم ئىكەنسىلەر . هەقچان تۆت تالدىن يۇغۇزۇپ ، هەربىرىڭلار بىر تالدىن ساقلاپ قويىسىلەرغۇ دەيمەن ؟

— هەئە ، خاتىرە قىلىپ ساقلايمىز …

www.uyghurkitap.com

— ئەمسە ھېسابلاپ باقاي ، ھە . ئوتتۇز ئالتە تال سۇرەت ھەربىرى تۆت تالدىن كۆپەيتىلسە ، ھە …

ئۇ بىر ھازا ھېسابلاپ ، سۇرەتلەرنىڭ پۇلىنى بىر يۈز قىرىق ئىككى كوي چىقىرىپ ، ئۇلارغا ئېتىبار قىلىپ ، بىر يۈز يىگىرمە كوي ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— مەن سىيىۋىلىپ كېلەي ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئابلەت ماموتقا كۆز يۇمۇشلاپ .

ئابلەت ماموت ئىمىن رەمتىلنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ ، يېنىدىكى دوستىنى باشلاپ ئۇمۇ ھاجەتخانا تەرەپكە ماڭدى .

— شەھەرلىك بىلەن شەھەرلىك ئۆزى چىقىشىدۇ ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئابلەت ماموتلار بىلەن ھاجەتخانىدا ئۇچرىشىپ ، — بىز ئاستا ، پەم بىلەن كېتىپ قالىلى …

ئۇلار ھاجەتخانىدىن چىقىپ ، خۇددى بىرى كۆرۈپ قالسا تۇتۇۋالىدىغاندەك ئالدىراپ - سالدىراپ باغچىدىن چىقىپ كېتىشتى .

سۇرەتچىنىڭ يېنىدا يالغۇز قالغان ئەختەم ئۆمەرنىڭ يانچۇقىدا پۇل قالمىغانىدى . چۈنكى ، ئۇ بايا ئۆيدىن چىققاندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە تۆتەيلەن يېگەن تاماق ، كاۋاپ … ۋەھاكازالارنىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلەپ ماڭغان . شۇڭا ، ئۇ ئىمىن رەمتىللەرنى قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتۈپ بىردەم تۇرۇپ باقتى . ئەمما ، ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . سۇرەتچى ئۇلارنىڭ كېتىپ قالغىنىنى پەرەز قىلىپ ، ئەختەم ئۆمەرگە تېخىمۇ بەك يېپىشتى . ئەختەم ئۆمەر مەست ئاغىنىلىرىنىڭ بۇ چاقچىقىغا تۇرۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويسا ، تۇرۇپ ئاچچىقى كېلەتتى . ئۇ سۇرەتچىنىڭ يېنىدا يېرىم سائەتچە تۇرۇپ باققاندىن كېيىن ئاغىنىلىرىنىڭ ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى .

— مەنمۇ مۇشۇ شەھەرلىك ، رادىئو ئىستانسىسىدا

ئىشلەيمەن، — دېدى ئۇ سۈرەتچىگە ئاخىر، — ناۋادا ماڭا ئىشەنسىلە، ھازىرلا بېرىپ پۇلنى ئەكېلىپ بېرىمەن...

ئەمما، «تەرەققىيات» ئاتلىق تورمۇزسىز پاراۋوزغا چىقىۋېلىپ، توختاۋسىز ئىلگىرلەۋاتقان ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قانۇن ۋىجداننى تونۇمايدىغان دەۋردىن ھالقىپ، ئادەم ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان دەۋرگە كېلىپ قالغاچقا، سۈرەتچىمۇ ئەختەم ئۆمەرنىڭ سەمىمىي سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى:

— مېنىڭغۇ سىلىگە ئىشەنگۈم بار، — دېدى سۈرەتچىمۇ كۆڭلىدىكى سۆزنى قىلىپ، — لېكىننزە، زامان ئىشەنچسىز بولۇپ كەتتى. سىلى - بىزغۇ بۇرۇن تونۇشمايدىكەنمىز. نى - نى تونۇش ئادەملەر، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ پۇلنى دەپ بىر - بىرىنى ئالداپ، ئۇچرىشىپ قالسا يۈزىنى داپتەك قىلىپ سەت ھىجىيىپ، ئەتىلا رازى قىلىۋېتىمەن... دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەتىدىن بىرەر مىڭى ئۆتسىمۇ يەنە يۈرۈۋېرىدىغان بولۇپ قېلىشتى. خاپا بولمىسىلا، بىرەر نەرسىلىرىنى قويۇپ كەتمىسىلە، دۇكاننى تاقاپ سىلىنى ئىزدەپ يۈرسەم ھەم ماڭا زىيان، ھەم ئۆزلىرىگە سەت...

ئەختەم ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ تىجارەتكە، جۈملىدىن ئاشۇ تىجارەتتىن كېلىدىغان تاپاۋەتكە تايىنىپ جان باقىدىغان ئادەم تىجارەت ۋاقتىنى ئادەم ئىزدەشكە سەرپ قىلىپ تۈگەتسە، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا قوشلاپ زىيان بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇ «بىرەر تونۇش - بىلىشىم كېلىپ قالسا، شۇنىڭدىن قەرز ئېلىپ تۇرارمەن...» دېگەن ئۈمىدتە ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ باقتى. ئەمما، قېرىشقاندەك تونۇش - بىلىشلەرمۇ كۆرۈنمىدى. ئاخىر ئاچچىقىدا ئۈچىسىدىكى چاپاننى سېلىپ سۈرەتچىگە تۇتقۇزۇپ، «خەلق باغچىسى»دىن ئانچە يىراق بولمىغان ئۆيىگە بېرىپ پۇل ئەكېلىپ، چاپاننى كىيىپ كەتتى. ئەتىسى بۇ ئىش توغرۇلۇق گەپ - سۆز بولغاندا، ئىمىن رەمتىل: «شۇنداقمۇ ئىش

بولدىمۇ تېخى ! ... مەستلىكتە ھېچنېمىنى ئۇقماپتىمەن ...» دەپ گەپنى تۈگەتتى .

ئەمما ، مەستلىكتە يۈز بەرگەن يەنە بىر ئىش تامامەن يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولدى : ئاردىن نەچچە ئايلار ئۆتۈپ ، ئىمىن رەمتىل بىر ئىش بىلەن قەشقەرگە يەنە كەلگەنىدى . ئەختەم ئۆمەر بىلەن بىر سورۇنغا كىرىشكە توغرا كېلىپ قالدى . بۇ سورۇنغا ئۆزىنى قەشقەرنىڭ خېلى داڭلىق يازغۇچى ، شائىر ، ژۇرنالىستلىرى دەپ ھېسابلايدىغان يەتتە ـ سەككىز زىيالىيسى يىغىلغانىدى . ئۇلار ئىمىن رەمتىل بىلەن چالا ـ پۇچۇق كۆرۈشۈپ قوپۇپلا يەنە ئۆز گەپلىرىگە چۈشۈپ كەتتى . ئىمىن رەمتىل سورۇندىكى ھەممە گەپنىڭ ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۈن ـ تىنسىز قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى .

— «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن پوۋېست جۇما ، — دېدى ساقال ـ بۇرۇتىنى پاكىز قىردۇرغان بولسىمۇ چاچلىرى چارلاشقان سالاپەتلىك بىر كىشى ، — مەن مۇشۇ يېشىمغىچە ئۇنداق تىلى تاتلىق ، سۇژېتلىرى مۇكەممەل ، پېرسوناژلىرى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە پوۋېستنى تېخى كۆرۈپ باقمىدىم .

— ھېكايىلىرىمۇ شۇنداق راۋان . بولۇپمۇ ماۋزۇلىرى ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدۇ . «ئاق جۇۋان» ، «كېچىنىڭ كۆزى» ، «ئۆتنە ئالەم» ... نېمىدېگەن چىرايلىق ماۋزۇلار ...

— «زېمىن ، قارا ئادەملىرىڭگە» دېگەن ماۋزۇچۇ ؟ بىر قارىسا سوكۇناتتا ياتقان ئانا زېمىنغا قىلغان خىتابتەك تۇيۇلىدۇ . يەنە بىر قارىسا ، شۇنداق خاسلىققا ئىگە كاتتا ماۋزۇ ...

— ...

سورۇندىكىلەر گويا كېچىكىپ قالسا كېيىن نۆۋەت تەگمەيدىغاندەك ، بىرىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ يەنە بىرى گەپ باشلايتتى . بەزىدە تېخى ئىككىيلەن تەڭلا ئېغىز ئېچىپ قىلىپ ،

بىرى ئامالسىز توختاپ تۇرۇشقا مەجبۇرمۇ بولاتتى. بۇ هال بىرەر سائەتچە داۋام قىلغاندىن كېيىن ئەختەم ئۆمەر بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىۋىدى، خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك، سورۇن بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى. ئىمىن رەمتىل ئەختەم ئۆمەرنىڭ سورۇندىكىلەر تېخى تىلغا ئالمىغان ئارتۇقچىلىقىدىن بىرىنى يادىغا ئەكېلىپ ئەمدى دەي دەپ تۇراتتى، پاراڭ يەنە باشلاندى. ئەمما، بۇ قېتىم پاراڭ تېمىسى ئۈچ يۈز ئاتمىش گرادۇس ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇپ، بايىقى ماختاشلارنىڭ ئورنىنى ئەمدى غەيۋەت - شىكايەتلەر ئىگىلىگەنىدى. ئىمىن رەمتىل هەيران بولۇپ، سورۇندىكىلەرنىڭ ئاغزىغا بىر پەس قاراپ قالدى. بايا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاش ياغدۇرغان بۇ تونۇش ئېغىزلاردىن مانا ئەمدى قارىلاش، قارغاشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ گەپلەرگە رەددىيە بېرىدىغان بىرى چىقار دەپ خېلىغىچە كۈتۈپ ئولتۇردى. تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ باقتى. ئەمما، غەيۋەتلەر بارغانچە ئاۋۇشقا باشلىدى. تاقىتى تۈگىگەن ئىمىن رەمتىل ئاخىر ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا دەس ئورنىدىن تۇردى:

— مەن ئەتىگەندىن بېرى بىر ئېغىز گەپ قىلماي سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، — دېدى ئۇ چىڭقىلىپ، — ئەمدى مېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار. بايا هەربىرىڭلارنىڭ نام - شەرىپىنى تونۇشتۇرغاندا، ئۆزۈمنى گويا ئەلىشىر نەۋائىي، زەلىلىي، ئاتايىلارنىڭ ئارىسىغا چىرىپ قالغاندەك هېس قىلىپ، بىر تەرەپتىن پەخىرلەنسەم، يەنە بىر تەرەپتىن قورۇنۇپ ئولتۇرالمىغانىدىم. مانا ئەمدى ئۆزۈمنى بىر توپ كۆرەلمەس غەيۋەتخورلارنىڭ ئارىسىغا چىرىپ قالغاندەك هېس قىلىپ، مۇشۇنداق سورۇنغا چىرىپ قالغىنىمدىن نومۇس قىلىۋاتىمەن! ...

— ئولتۇرەۋە ئاداش! — دېدى ئارىدىن بىر مەست قوپۇپ ئىمىن رەمتىلگە قولىنى شىلتىپ، — بۇ سورۇندا گەپ قىلىشنى

ساڭا كىم قويۇپتۇ؟!

— ئەمسە بۇ سورۇن مەخسۇس ئىككى يۈزلۈكلەر گەپ قىلىدىغان سورۇن ئىكەن ـ دە؟!

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇما! كىمنى ئىككى يۈز دەۋاتىسەن؟!

— كىمنى بولاتتى، ساڭا ئوخشاش ئەختەم ئۆمەر بار چاغدا ماختاپ، يوق چاغدا غاجايدىغانلارنى دەۋاتىمەن.

— ماۋۇ گۆينىڭ نوچىلىقىنى! ئۆزۈڭ يەر پاپىسىدەك بىر غېرىچ بولغىنىڭ بىلەن، گېپىڭ ھەجەپ چوڭ نىمىكەنسىنا؟! ھېلى بىكا تىلىڭنى يۇلۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويماي!

ئۇ ئورۇندۇقلارنى نېرى ـ بېرى ئىتتىرىپ، ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈۋىدى، يېنىدىكىلەر تۇتۇۋالدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار! شۇنچە ئادەمنى ئىشۇ يەر پاپىسى ھاقارەتلىسە قاراپ تۇرىمىزما؟!

ئۇ ئالدىدىكى ئۇستەلدىن بىر ئىستاكاننى ئېلىپ، چاي بىلەنلا ئىمىن رەمتىلگە قارىتىپ ئاتقانىدى، ئىستاكاندىكى چاي ئۆزىنىڭ دولىسىغا تۆكۈلدى. ئىمىن رەمتىل ئۆزىنى قاچۇرۇۋېلىۋىدى، قۇرۇق ئىستاكان كېلىپ تامغا تېگىپ جاراڭلاپ چېقىلدى. بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلارنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن رېستوران كۈتكۈچىلىرى ۋە باشقا ئۇستەللەردىكى خېرىدارلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قاراپ كېتىشلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلغان چوڭلار جېدەلنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ بېسىقتۇرۇپ سورۇندىن تارقاشتى.

— بايا چوڭلار تۇتۇۋالمىغان بولسا ساق كۆزۈڭنىمۇ قويۇپ، تولۇق كور قىلىۋېتەتتىم، — دېدى بايىقى جېدەل چىقارغۇچى سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئىمىن رەمتىلگە يەنە سۈركىلىپ، — بايا بەك چوڭ سۆزلەۋاتاتتىڭ، گېپىڭ بولسا مانا ئەمدى مەيدانغا چۈشمەمسەن؟!

— شەيتىنىڭ مېنى كىچىك كۆرسىتىۋاتامدا؟ ئۆيۈمگە

ساق ـ سالامەت كېتىۋالاي دېسەڭ ، ئەڭ ياخشىسى غىت قىسىپ يولۇڭغا ماڭ . بولمىسا ھېلى بىكا ...

ئىمىن رەمتىلنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا ، ئۇ تۇتۇۋالغانلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەلگەنچە كېلىپ ئىمىن رەمتىلگە توختىماي مۇشت ئاتتى . ئىمىن رەمتىل بىرنەچچە مۇشتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن بىر مۇشت كېلىپ كۆزىگە تەگدى . كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن ئىمىن رەمتىل پەنت ئىشلىتىپ شۇنداق پەس بولۇۋېلىۋىدى ، مۇشت ئېتىۋاتقان مەست ئۇنىڭ مۈرىسىگە چىقىپ قالدى . ئىمىن رەمتىل دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ، مۈرىسىدىكى مەستنى يەرگە ئۇردى ـ دە ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە نەچچىنى تېپىۋەتتى . ئەتراپتىكىلەر ئۇلارنى ئاجرىتىپ ، ئىمىن رەمتىلنى بىر تالاي ياخشى گەپلەر بىلەن تەستە يولغا سېلىپ قويۇشتى .

ئەتىسى ئىمىن رەمتىل كۆكىرىپ قالغان كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقاپ ، ئاخشامقى مەستتىن ئەپۇ سوراپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بارغانىدى . ئىشخانىدىكىلەر ئۇنىڭ ئاخشام موتسىكلىتتىن يىقىلىپ كېتىپ ئىككى تال قوۋۇرغىسى زەخىملەنگەچكە ، يەنە نەچچە كۈنگىچە ئىشقا كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى .

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەختەم ئۆمەر قەشقەر شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسىدىن ئاپتونوم رايونلۇق كىنو ئىستۇدىيىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىقىغا ئالمىشىپ ئۈرۈمچىگە باردى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىمىن رەمتىل بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىرلىشىپ تۇرۇش پۇرسىتى تېخىمۇ ئازايغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ دەۋردە ئومۇملىششقا باشلىغان تېلېفون ئالاقىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى يېقىن قىلدى . زۆرۈر گەپ ـ سۆزلەر بولسا تېلېفون ئارقىلىق ۋاقىتى ـ ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ تۇرغاندىن باشقا ، ئەختەم ئۆمەر مەكتىتىكى ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەندە ياكى ئىمىن رەمتىل

ئۈرۈمچىدىكى سىڭلىسىنى يوقلاپ بارغاندا ، يەنە بۈرۈنقىغا ئوخشاشلا ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشىپ تۇردى .

— ئۈرۈمچى قانداقراقكەن ؟ — دەپ سورىدى بىر قېتىم ئەختەم ئۆمەر سىڭلىسىنى يوقلاپ ئۈرۈمچىگە بارغان ئىمىن رەمتىلدىن .

— ئۈرۈمچىنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى مۇنداق ئىككى خىل بولدى : بىرىنچىدىن ، ئۈرۈمچى خورازسىز شەھەر ئىكەن . ئۈرۈمچىگە هازىرغىچە نەچچە قېتىم كەلدىم . ھەر قېتىم كەلگەندە بىرنەچچە كۈندىن ، ھەتتا بىرنەچچە ھەپتىدىن تۇرغان ۋاقىتلىرىممۇ بار . لېكىنزە ، خوراز قىچقارغاننى بىر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىدىم . ئىككىنچىدىن ، ئۈرۈمچىلىكلەر كىچە خەلقىكەن . ئاخشىمى تۈن تەڭدىن ئاشقۇچە ياتمايدىكەن ، ئەتىگىنى قوزا چۈش بولمىغۇچە قوپمايدىكەن …

ئىمىن رەمتىل بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئەختەم ئۆمەر بىلەن قايتا دىدارلىشالمىدى . ئەمما ، بىر ـ بىرىگە دىمىسە كۆڭلى تىنمايدىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى تېلېفون ئارقىلىق يەنە پات ـ پات دېيىشىپ تۇردى :

— ۋەي ، ئەختەمجانما ؟ — دېدى ئىمىن رەمتىل بىر قېتىملىق بەرگەن تېلېفوندا ، — بىر مۇھىم گەپ چىقىپ قالدى . ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان شەھەر . بولۇپمۇ يىشۆيۈەن[1] ، ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىلىرىنىڭ داڭقى بار . شۇ يەرلەردە ئادەمنىڭ تىلىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۈلىيالامدۇ ؟

— مەن بۇنداق ئىشنى تېخى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن ، ئىمىنجان ، — دېدى ئەختەم ئۆمەر تېلېفوندا ، — زۆرۈر بولسا مەن ئۇقۇشۇپ ئىنىقلاپ ، جاۋابىنى بېرەي .

---

[1] يىشۆيۈەن — تېببىي ئىنستىتۇت .



www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ ، بەك زۆرۈر ئىدى . جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن ئەمىسە .

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ ، ئەختەم ئۆمەردىن تېلېفون كەلدى :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! ئىمىنجانمۇ ؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ ئۆتكەندە سورىغان گېپىڭىزنى مۇتەخەسسىسلەردىن ئۇقۇشۇپ باقتىم . ھازىرقى باسقۇچتا يۈرەك ، مېڭىلەرنى ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولغان بىلەن ، تېخى تىلنى ئۇلاش ئوپېراتسىيىسىنى قىلغىلى بولمايدىكەن ... بۇ خىل ئوپېراتسىيە ئۇرۇمچىدىلا ئەمەس ، تېخى بېيجىڭ ، شاڭخەيلەردىمۇ يوق ئىكەن ...

— ئاپلا ، پىلانىم ئىشقا ئاشمايدىغان بولدى ـ دە . قانچە پۇل كەتسىمۇ مەيلىتى ...

— تۇغقانلارنىڭ بىرەرى كېسەلمىدى ؟

— تۇغقانلار ئەمەس ، مەن ئۆزۈم تىلىمنى باشقا بىر تىلغا ئۇلىتاي دېگەن ...

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى ؟ تىلىڭىز تېلېفوندا بىر ئوبدان سۆزلەۋاتامدۇ مانا ؟ ...

— سىز ـ بىز ئۇچۇنغۇ بۇ تىلىمدا گەپ يوق . لېكىن ، خانغا يارىغان بېشىم تازغا يارىماپتۇ دەپ ، نى ـ نى ئادەملەرگە يارىغان تىلىم مانا ئەمدى بىزنىڭ شوجاڭلارغا يارىماي قالدى . ئۇلارغا يارىتىش ئۇچۇن قانچە تىرىشسامۇ ، لېكىن مېنىڭ بۇ تىلىم تاپان يالاشقا ، خۇشامەت سۆزلىرىنى قىلىشقا زادىلا كۆنەلمەيدىكەن ...

— مۇنداق گەپمىدى ؟ — دېدى ئەختەم ئۆمەر ئىمىن رەمتىلىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئەمدى چۈشىنىپ ، — بۇرۇنراق شۇنداق دېسىڭىز بولماسمىدى ؟ مەن تېخى تۇغقانلارنىڭ بىرەرىنىڭ تىلى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ ، تېبىبىي مۇتەخەسسىسلەرنى ئىزدەپ بىرمۇنچە ئاۋارە بوپتىمەن ...

www.uyghurkitap.com

— ئەپۇ سورايمەن. ئەسلىدىغۇ دىدار كۆرۈشكەندە دېيىشىدىغان گەپلەر ئىدى بۇ. ئالدىراپ كېتىپ تېلېفوندا چالا - بۇلا دەپ، سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن...

ئەختەم ئۆمەر بىلەن ئىمىن رەمتىل گەرچە تا ھازىرغىچە بىر - بىرىنىڭ دوستلۇقىنى قەدىرلەپ، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كىتاب يۈزىدىكى ئۆلۈك شەخسلەر بولماستىن، بەلكى بۈگۈنكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى تېزلىشىپ، پاكلىق بىلەن بۇلغىنىش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رېئاللىقتا ياشاۋاتقان تىرىك ئادەملەر بولغاچقا، تىرىك ئادەملەردە مەۋجۇت بولىدىغان ئايرىم ئۇقۇشماسلىقلاردىن ئۇلارمۇ مۇستەسنا ئەمەس.

— ئاڭلىسام، — دېدى ئىمىن رەمتىل مۇئەللىپتىن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي، — ئەختەمجان «مېنىڭ دوستۇممۇ ئىمىن رەمتىل، دۈشمىنىممۇ ئىمىن رەمتىل» دەپتۇ. دوست بىلەن دۈشمەن خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك بىر - بىرىگە قارشى ئىككى خىل ئۇقۇم تۇرسا، بۇ ئەختەمجاننىڭ نېمە دېگىنىدۇ؟... دەپ ئويلىنىپ يۈرىمەن. تا ھازىرغىچە شۇنچە ئويلىنىپمۇ ئەختەمجانغا دۈشمەنلىك قىلغىنىمنى پەقەت ئەسلىيەلمىدىم. نەچچە قېتىم تېلېفوننى قولۇمغا ئېلىپ بولۇپ، دىدارلاشقاندا يۈزتۇرا سۆزلىشەرمىز دەپ يەنە قويۇپ قويدۇم. مەخسۇس مۇشۇ گەپنى ئايرىغىلى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا نەچچە قېتىم تەرەددۇت قىلدىم. ئەمما، بىر مەكتەپنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغاچقا، بۇرۇنقىغا ئوخشاش نەگە بارغۇم كەلسە ئورنۇمدىن قوپۇپلا كېتىۋېرىشكە تېخى بولمىدى...

مۇئەللىپ ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى:

— ئەل ئىچىدە «كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟ قۇلاقتا ئاڭلىغان يالغان» دەيدىغان بىر گەپ بار. بەلكىم ئاڭلىغىنىڭىز يالغاندۇ.

يەنە بەلكىم ئۇ گەپنى ئەختەمجان پەۋقۇلئاددە بىر شارائىت ئاستىدا دېگەندۇ ...

ئەمما ، ئىمىن رەمتىل يەنە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى :

— مەيلى نېمىلا بولسۇن ، بۇ سۆز زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ . ئەختەمجانغۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم ، دوستۇم ، يۇرتىمىزنىڭ پەخرى . مەن ھەتتا ناتونۇش بىر ئادەمگىمۇ دۈشمەنلىك قىلىپ باققىنىمنى بىلمەيمەن ...

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەختەم ئۆمەردىن تېلېفون كەلدى :

— ئاشۇ گەپلەرگە ئىشەندىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تىنچ - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن .

— مېنىڭغۇ زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى . ئەممازە ، كۆڭلۈم چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى ...

— سىزدىن يەنە بىر گەپنى سوراپ باقاي : ناۋادا بىرى سىزگە «ئەختەم ئۆمەر ھاراق ئىچىپ دۆڭكۆۋرۈكتە يېتىپ قاپتۇ» دېسە ئىشىنەمسىز ؟

— ئۇنداق گەپكىمۇ ئىشەنگىلى بولامدۇ ؟ سىزنىڭ ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىڭىز ماڭا بەش قولدەك ئايان تۇرسا .

— ئەمما ، ھازىر ئۇرۇمچىدە ئاشۇنداق پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىۋاتقانلار بار . بۇ پىتنە - پاساتلار بىلەن سىز ئاڭلىغان تۆھمەتلەر ئەمەلىيەتتە «بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى» . سىز ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ بېقىڭ : بىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قىيامەتلىك دوستلار . ھەرقانداق گېپىمىز بولسا ، ھەتتا بىر - بىرىمىزدىن ئۆلگۈدەك رەنجىگەن بولساقمۇ يۈزتۇرا دېيىشەلەيمىز . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، مەن گېپىم بولسا سىزگە بىۋاسىتە دەۋەرمەي ، يەنە نېمە سەۋەبتىن خەققە دەپ يۈرگۈدەكمەن ؟ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە دوست بىلەن دۈشمەن «ئوت بىلەن سۇ» دېگەندەك بىر - بىرىگە تامامەن قارشى ئىككى خىل

ئۇقۇم . بىر ئادەم بىر ئادەمگە يا دوست ، يا دۇشمەن بولالىشى مۇمكىن . يەنە ئويلاپ بېقىڭ ، بىر ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە ھەم دوست ، ھەم دۇشمەن بولالىشى مەنتىقىگە سىغامدۇ ؟ ! ...

— ...

ئۇلار تېلېفوندا خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى . ئاشۇ قېتىملىق سۆزلىشىشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقلار تۈگەپ ، كۆڭۈل ئاسمىنىغا سايە تاشلىغان قارا بۇلۇتلار تارىدى ۋە ھەم دوستلۇق قۇياشى قايتىدىن پارلىدى .



# ئاشخاندا

ئاشخانا ئىمىن رەمتىل ئەڭ كۆپ كىرىدىغان ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەڭ كۆپ رەللە بولىدىغان جاي . ئىمىن رەمتىل رەللە بولۇپ قالسا ، ھەرگىزمۇ باشقىلاردەك ئۆزىگە ھاي بېرىپ ، «بوپتۇلا… » دېيەلمەيدۇ . قانچە رەللە بولغانسېرى شۇنچە سۆزلەپ ، شۇنچە ئەزۋەيلىمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ ، ھاردۇقى چىقمايدۇ . بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى : ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بېرى ئاغزىغا تېتىغۇدەك تاماق تېپىپ يېيەلمەي خۇيى تۇتۇپ قالغان ئىمىن رەمتىل بىر كوچىدىن ئۆتۇپ كېتىۋېتىپ ، «دولان ئاشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىغا كۆزى چۈشتى ـ دە ، ئادەتتە ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا «دولان دىيارى» ، «دولان مەشرىپى ماكانى» دەپ ئاتىلىدىغان يۇرتى يانتاق ۋە يانتاقتىكى تونۇش ئاشخانىلار كۆز ئالدىغا كېلىپ ، ئىختىيارسىز ھېلىقى ئاشخانىغا كىردى . مۇلازىم ئېلىپ كەلگەن تاماق تىزىملىكىگە قاراپ ، «دولان لەگمىنى»نى تاللىدى .

ھايال ئۆتمەي بىر تەخسە لەگمەن ئېلىپ چىقىلدى . ئىمىن رەمتىل بىر چوكا لەگمەننى ئاغزىغا سېلىپ ئىككى چايناپلا ، تەخسىنى چېقىلىپ كېتەر دېمەي زەرب بىلەن «جاق !»قىلدە ئۇستەلگە قويدى .

— نېمە بولدى ئۇستام ؟ — دېدى ئۇنىڭ چىيىنى لىقلاپ قويۇۋاتقان مۇلازىم چۆچۈپ .

— بايىقى تاماق تىزىملىكىگە يېزىلغان دولان لەگمىنى مۇشۇما ؟ !

— قانداق دەيسىز ؟ ... لەڭمەن ئوخشىماپتىما ؟

— لەڭمەننى سىز ئەتمىگەندىكىن ، سىز ماڭا گەپ قىلمەن دېمەي ، خوجايىنىڭىزنى چاقىرىپ قويۇڭ .

مۇلازىم بىردە ئىمىن رەمتىلگە ، بىردە تەخسىدىكى ئاشقا قارىغىنىچە ، يان تەرەپتىكى بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ھايال ئۆتمەي ئوتتۇرا ياشلاردىكى سېمىز ، ئاق پىشماق بىر ئادەم چىقىپ ئېغىز ئاچتى :

— ھە مېھمان ، بىرەر ئىش بولدىمۇ ؟

— سىلى دولانغا بېرىپ باققانما ؟ !

— ياق ، قانداق دەيسىز ؟

— دولانغا بېرىپ باقمىغان ئادەم دولاننى پىت ـ سىركىدەكمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ ، ئاشخانىغا «دولان ئاشخانىسى» دەپ ئىسىم قويۇۋېلىش بىر ؛ توخۇ پاچىقىدەك ، بەزىسى تېخى بادرىدەك خام لەڭمەننى «دولان لەڭمىنى» دەپ سېتىش ئىككى ...

خوجايىن بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ ، قوللىرىنى شىلتىپ ، ھېلى يۈگۈرۈپ كېلىپ ياقىسىدىن ئالىدىغاندەك ئەلپازدا سۆزلەۋاتقان ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئەپتىگە قاراپ ، ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي ، يېنىدىن بىر تال تاماكا چىقىرىپ ، ئىمىن رەمتىلگە تۇتتى .

— خاپا بولمىسىلا مېھمان ، قېنى ئاۋۋال بىر تال تاماكا چەكسىلە ...

— مەن تاماكا چەكمەيدىغان دولانلىق . دولانلىق دېگەن بىرنى بىر ، ئىككىنى ئىككى دەيدىغان خەق . توخۇ پاچىقىدەك ، بادرىدەك سېلىنغان خام لەڭمەننى دولاندا دىۋانىمۇ يېمەيدۇ ...

— خاپا بولمىسىلا ، — دېدى خوجايىن ئىمىن رەمتىلىنىڭ يەنە ئەزۋەيلەپ جېدەلنى ئۇلغايتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، — سىلى قانداق دېسىلە ئاشپەزلەر شۇنداق سېلىپ بەرسۇن . خاپا بولماي چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا .



www.uyghurkitap.com

— قوروق چايدىن ھاپپاق ياخشى دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟ مەن چاي ئىچكىلى ئەمەس، لەڭمەن يېگىلى چىگەن — لەڭمەن!
— لەڭمەن مانا ھازىرلا چىقىدۇ، ھەي مولازىم...
— ...
ناۋادا ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئۆزىنىڭ «خوجايىن»لىقىنى پەش قىلىپ، سەللا قوپاللىق قىلغان بولسا، ئىمىن رەمتىل ئۆزى ھەرقانچە زىيان تارتسىمۇ، ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى ئۆرۈپ، ئاشخانىنىڭ بىر كۈنلۈك تىجارىتىنى ئۆلتۈرگەن بولاتتى. خوجايىن كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن ئادەم بولسا كېرەك، سىلىق ـ سىپايە گەپلەر بىلەن ئىمىن رەمتىلنى خېلى پەسكويغا چۈشۈردى.
— دولان لەڭمىنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەندىكىن، بايىقى تاماق تىزىملىكىدىكى دولان لەڭمىنى دېگەن يالغان گەپنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلى، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.
— بولىدۇ، خېرىدار، بولىدۇ، — دېدى خوجايىنمۇ ئىمىن رەمتىلدىن قۇتۇلغىنىغا خوش بولۇپ.
ئۇ مولازىم كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىككىنچى تەخسە لەڭمەننى ئاچىقىپ كېتىشكە شەرەتلىۋېتىپ، ئىمىن رەمتىلنى چاندۇرماي ئۇزىتىپ قويدى.
ئىمىن رەمتىل بىر قېتىم يانتاقتىكى بىر دوستى بىلەن قەشقەرگە بارغانىدى.
— كاۋاپ يەيلى ئىمىنجان، — دېدى ھېلىقى دوستى ئوردا ئالدىدا بىر كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.
— يېسەك يەيلى، لېكىن سىلى جىم تۇرسىلا، كاۋاپنى مەن بۇيرۇيمەن جۇما.
— نېمىشقا ئەمدى؟...
— ھېلى دەپ بېرىمەن.
ئۇلار كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا

ئولتۇرۇشتى .

— كىلىشىسىلە ئۇستام ، كىلىشىسىلە ، كاۋاپتىن قانچە زىخ قويىاي ؟

— بىر زىخ .

كاۋاپچى بالا ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماستىن ، ئىمىن رەمتىلدىن سورىدى :

— بىر زىخ دىدىلىما ؟ ئىككى ئادەم بىر زىخ كاۋاپ يىيىشەملا ؟

— ئاۋۋال بىر زىخ كاۋاپنى يەپ كۆرۈپ باقىمىز . قوي گۆشىنىڭ بولسا ، تەملىك ، بەلەن بولسا ئاندىن قايتا بۇيرۇتىمىز . كالا گۆشىنىڭ بولۇپ قالسا ، شۇ بىر زىخ بىلەنلا بولدى قىلىمىز .

— يائاللا ، سىلىدەك قىلنى قىرىق يارىدىغان خېرىدارنى كۆرمەپتىكەنمەن ... ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىز ؟

— بىز دولاندىن ، بىزنىڭ دولاندا «قىلنى قىرىق يارىدىغان قەشقەرلىك» دەيدىغان گەپ بار . قىلنى قىرىق يېرىشنى بىز سىلىدىن ئۆگەنگەن ، ئۇكام .

ئىمىن رەمتىل گەپ قىلغاچ ، كاۋاپچىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغانىدى . ئۇ ئاللىقاچان گۆش ئۆتكۈزۈپ تەييارلاپ قويغان داسنىڭ ئۇستىدىكى زىخلارنى ئەمەس ، داسنىڭ ئاستىدىكى ئايرىم قويۇپ قويۇلغان زىختىن بىرنى ئېلىپ كاۋاپدانغا قويدى ۋە ئۆزىگە خاس بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئوتنى يەلپۈپ يالقۇنلىتىپ ، كاۋاپ ئۇستىگە زىرە ، تۇزلارنى ئەپچىللىك بىلەن سېپىپ ، ھەش - پەش دىگۈچە بىر زىخ كاۋاپنى پىشۇرۇپ ، ئىمىن رەمتىلنىڭ ئالدىغا قويدى .

— مۇشۇ كاۋاپتىن توققۇز زىخ قويسىلا ، — دىدى ئىمىن رەمتىل بىر زىخ كاۋاپنى يەپ تېتىپ باققاندىن كېيىن .

ئۇلار كاۋاپنى يەپ بولۇپ ، پۇلىنى تۆلەپ ، كاۋاپچىنىڭ ئالدىدىن كەتكەندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل دوستىغا دىدى :

— بايىقى سوئالىڭغا ئەمدى جاۋاب بېرەي : ئۆزۈڭمۇ

كۆرگەنسەن ، ئاۋۋال بىر زىخ كاۋاپ بۇيرۇپ «يەپ بېقىپ ئاندىن بىر نەرسە دەيمىز» دېگىنىمىز ئۇچۇنلا ، داسىنىڭ ئاستىدىكى قوي گۆشى كاۋاپتىن ئېلىپ پىشۇرۇپ بەردى . ناۋادا كېلىپلا «ئون زىخ كاۋاپ» دېگەن بولساق ، داسىنىڭ ئۈستىدىكى كالا گۆشى كاۋاپنى پىشۇرۇپ بەرگەن بولاتتى .

— مۇنداق گەپمۇ بارمۇ تېخى ؟

— سەن بىلمەيدىغان گەپلەر جىق ، ئاداش . قەشقەرنىڭ كىچىك باللىرىمۇ تىجارەتتە سەن ـ بىزنى ئوقۇتىدۇ .

ئۇلار ئۇنى ـ بۇنى كۆرگەچ پاراڭلىشىپ ، ھېيتگاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشتى . بايا كاۋاپ يەپ ، مانا ئەمدى ئىچى قىزىشقا باشلىغان ئىمىن رەمتىل دوغاپچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، ئىككى قاچا دوغاپ بۇيرۇدى . ئارقىدىنلا ئىككى روپاش چوكان كەلدى ـ دە ، ئىمىن رەمتىلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇلارمۇ ئىككى قاچا دوغاپ بۇيرۇدى . ئىمىن رەمتىل روپاش چوكانلارنىڭ كىيىنىشىگە ، بوي ـ تۇرقىغا قاراپ ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ يىگىرمە بىلەن يىگىرمە بەش ياشلار ئارىلىقىدىكى تازا تولغان پاقلان چوكانلار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ ، كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى . چوكانلار تەييار بولغان دوغاپنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇزۇن تور روملىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ لەۋلىرىنى تامشىپ تۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغان ئىمىن رەمتىل رومال ئىچىدىكى لەۋلەر ھەربىر چاكىلدىغاندا ئۆزىنى باسالماي قالدى . ھېچبولمىغاندا ، ئۇلارنىڭ روملىنى قايرىپ ، يۈزىنى بولسىمۇ كۆرۈۋالمىسا كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەيتتى . ئەمما ، بۇ يەردە — قەشقەرنىڭ سىمۋولى بولغان ھېيتگاھدا كۆپكۆندۈزدە ئۇلارنىڭ روملىنى قايرىپ يۈرسە ، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . شۇڭا ، پۇرسەت كەلگۈچە كۈتمەي ئامال بولمىدى .

— ماۋۇ تۆت قاچا دوغىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ قويسىلا ، — دېدى

www.uyghurkitap.com

ئىمىن رەمتىل بىرئازدىن كېيىن ئەللىك كويلۇق پۇلدىن بىرنى دوغاپچىغا تەڭلەپ روپاش چوكانلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ.

ئىمىن رەمتىل ئاشقان پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. ئەمدى قائىدە بويىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، هازىر كەتسە روپاش چوكانلارنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ئىستىكى يوقىلا چىقاتتى. شۇڭا، يەنە بىردەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن، سۆيىنى ئىچىپ بولۇپ مۇزى ئېشىپ قالغان دوغاپ چىنىسىنى دوغاپچىغا تەڭلەپ تۇرۇپ دېدى:

— سۇدىن ئازراق قۇيۇۋەتسىلە، ئۇستام.

— مانا، — دېدى دوغاپچى قوشۇقتىن سەللا چوڭ چىقىدىغان چۆمۈچتىكى يېرىم سۇنى ئىمىن رەمتىلنىڭ قاچىسىغا تەڭلەپ، — ئىچىۋالسىلا، دېڭىز ئارمىيىسىدەك سۇغا باغرىلىرى قانغۇچە ئىچىۋالسىلا...

ئىمىن رەمتىل دوغاپچىنىڭ تەنە گېپىگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولغۇچە روپاش چوكانلار قوزغالدى. ئىمىن رەمتىلمۇ دوستىنى نوقۇپ، چوكانلارغا ئەگەشتى. كوچىدا ئادەم جىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمىن رەمتىل بىلەن دوستىنىڭ ئۇستۇبېشى ئۇلارنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكىنى چاندۇرۇپ تۇرغاچقا، چوكانلارغا كېتىۋېتىپ گەپ قىلىش ئەپسىز ئىدى. چوكانلار بىر ماگىزىنغا كىرىپ بىر جۈپتىن پايپاق ئېلىۋىدى، ئىمىن رەمتىلمۇ ئۆزىگە بىر جۈپ پايپاق ئېلىپ، پۇلىنى قوشۇپ تۆلىۋەتتى. ياۋاغقا بېرىپ بىر رېستورانغا كىرىۋىدى، ئىمىن رەمتىلمۇ دوستى بىلەن بىللە كىردى ۋە چوكانلار ئولتۇرغان ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى.

— باشقىچە ئويلاپ قېلىشمىسىلا خانىلىرىم، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئىمكانقەدەر قەشقەر تەلەپپۇزىدا سۆزلەشكە تىرىشىپ، — ئىككىلىرىنىڭ بوي - تۇرقلىرىنىڭ شۇنچىۋالا كېلىشكەن ئىكەنلىكىگە قاياپ، هۆسن - جامالى قانچە گۈزەلدۇر دەپ ئويلاپ قالدۇق. ئەمدى ئىنسانچىلىق...

— ئىمىن رەمتىل سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلىپ بولغۇچە، روپاش چوكانلاردىن بىرى:

— مانا بولدىما؟ سەنمۇ ئاچە ئاداش، — دەپلا يۈزىنى ئېچىۋەتتى ئىمىن رەمتىلنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك.

ئىمىن رەمتىل ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك، كۆزلىرىنى بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ دېدى:

— يا ئاللا، سىلى ئادەمزاتمۇ ياكى ھۆر - پەرىزاتمۇ؟ ... توۋا، ئادەم بالىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن - ھە!؟

— نېمە تاماق يېيىشىلا؟ — دېدى دەل شۇ چاغدا قەغەز - قەلەم كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر مۇلازىم.

مۇلازىمنى كۆرۈپ، چوكانلار يەنە يۈزلىرىنى يېپىۋالغانىدى، ئىمىن رەمتىلنىڭ كەيپى ئۇچتى:

— توخۇ سۈتى كۆجىسى، — دېدى مۇلازىمغا دوق قىلىپ.

— نېمە دېدىلە؟

— نېمە دەيتتىم، كۆكۋاش قوناقنى قىرىپ سوقۇپ، يۇمشىغاندا قازانغا سېلىپ قاينىتىپ، پىشقاندا ئۇستىگە توخۇ سۈتى قۇيۇپ ئېتىدىغان توخۇ كۆجىسى دەۋاتىمەن.

— چاقچاق قىلىۋاتاملا، راست دەۋاتاملا؟ — دېدى مۇلازىم ھەم ھەيران بولغان، ھەم تېرىككەن ھالدا، — بەشىنچى ئايدا نەدە كۆكۋاش باكەن؟ نەدە سۈت چىقىدىغان توخۇ باكەن؟!

— پۇلۇڭ بولسا توخۇ سۈتىمۇ تېپىلىدۇ دېگەن قەشقەر مۇشۇدۇ؟ شۇنچە يوغان قەشقەردە، شۇنچە كاتتا رېستوراندا ...

— ھەر ئىككىلىرى بولدى قىلىشسىلا ئەمدى، — دېدى روپاش چوكانلارنىڭ بىرى ئارىغا چۈشۈپ، — بۇلار بىزنىڭ يىراق سەھرادىن كەلگەن يېقىن تۇغقانلار ئىدى. رېستوران دېگەندە نېمە بۇيرۇسا شۇ بار دەپ ئويلاپ قالغان چېغى ... بولدى، تۆت كىشىلىك تۇگرە يېزىپ قويسىلا.

— ئۇگرە دېدىلىما؟ — دەپ سورىدى مۇلازىم تازا

ئاڭقىرالماي .

— تۇگرە دېدىم ، تۇگرە ، — دېدى روباش چوكان چۇشەندۇرۇپ ، — سىلىگە جۇۋاۋا دېمىسەم بىلمەيدىغان ئوخشايلا . سىلىنىڭ جۇۋاۋا ، بەنشىر دېگەنلىرى شۇ .

مۇلازىم تالون يېزىپ ئۇستەلگە قويۇپ كەتتى . ئىمىن رەمتىل مۇلازىمنىڭ كەينىدىن غودۇراپ ، چوكانلارغا يەنە يۇزىنى ئېچىۋېتىپ ئولتۇرۇشنى ئېيتىۋېدى ، ئۇلار «بايا كۆرۈپ بولۇشتىلا ، يەنە كۆرسىلە يەنە شۇ ...» دەپ ئەمدى ئۇنىمىدى .

تۇگرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل تالونغا يېزىلغان پۇلنى تۆلىۋەتتى - دە ، چوكانلار بىلەن خوشلىشىپ مەكتىكە قايتتى .

مەكتەپ يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولغانلىقى ئۇستىگە ، ئاپتونوم رايونىنىڭ پاختىچىلىق بازىسى بولغىنى ئۇچۇن كېۋەز كۆپ تېرىلاتتى . ئىمىن رەمتىلمۇ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بولۇپ قىرىق - ئەللىك موچە كېۋەز تېرىيتتى . ھەر يىلى كۇز كېلىپ پاختا سېتىش باشلانغاندا ، گەرچە يانتاق يېزىسى تەۋەسىدە ئۇچ يەردە پاختا زاۋۇتى بولسىمۇ ، لېكىن پاختا ساتىدىغان دېھقانلار ئۆچىرەت بولۇپ كېتەتتى . تەبىئىيكى ، مۇنداق چاغلاردا پاختا زاۋۇتى ئەتراپىغا ئېچىلغان ئاشخانىلارمۇ باس - باس بولۇپ كېتەتتى .

شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، ئىمىن رەمتىل پاختىلىرىنى ئۆچىرەتتە قويۇپ ، ئۆزى تاماق يەۋېلىش ئۇچۇن ئالدىراپ بىر ئاشخانىغا كىردى . ئەمما ، ئاشخانىدا ئولتۇرغۇدەك ئورۇن بولمىغانلىقى ئۇستىگە ، ئاشپەزلەر ھەدەپ ئاش سېلىپمۇ ئولگۇرتەلمەيۋاتاتتى . ئىمىن رەمتىل مۇلازىم بالىغا شۇنچە گەپ قىلىپمۇ ئىككى قاچا ئاشنىڭ نۆۋىتىنى كەلتۇرەلمەي تىت - تىت بولۇپ كەتتى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر ئادەم مۇلازىم سۇنۇپ بەرگەن ئىككى قاچا ئاشنى ئۇستەلگە

قويۇپ چوكا ئىزدىگىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئىمىن رەمتىلنىڭ كۆڭلىگە جىن كىردى - دە، بىر قاچا ئاشنى قولىغا ئېلىپلا بارماقلىرىنى تىقىپ قوۋزى تولغۇچە يەۋالدى. ئاندىن يەنە بىر قاچىنىمۇ شۇنداق قىلدى.

— ساراڭمۇ سەن؟ نېمانداق قىلىسەن؟! — دېدى ئاشنىڭ ئىگىسى ئىمىن رەمتىلگە قاراپ.

— مانا، ماۋۇ ئاشنىڭ پۇلى، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇن كوي پۇلنى ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.

ئۇ ئادەم بىردە قولىدىكى پۇلغا، بىردە ئىمىن رەمتىل ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئاشقا قارايتتى. ئاشنى قايتۇرۇۋالاي دېسە، ئىمىن رەمتىل قولىنى تىقىپ قويغانىدى. پۇلغا قايتىدىن ئاش ئالاي دېسە، يەنە بىرەر - يېرىم سائەت ئۈچىرەت ساقلىمىسا نۆۋەت كەلمەيتتى.

ئىمىن رەمتىل ئىككى قاچا ئاشنى ئاچىقىپ، پاختا سېتىش ئۆچىرىتىنى ساقلاۋاتقان بالىسى بىلەن يەپ بولغاندىن كېيىن قاچىلارنى ئېلىپ ئاشخانىغا كىردى ۋە مۇلازىم بالىدىن سورىدى:

— بىر قاچا لەڭمەن قانچە پۇل؟

— تۆت كوي شۇ.

— ئەمىسە مەن ئىككى قاچا لەڭمىنىڭنى ئون كويغا ئالدىمغۇ؟

— مەن ساتمىغاندىمەن؟

— سەن ساتمىغان بىلەن، مۇشۇ ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن ئالدىم. مانا ئىككى چىنە قولۇمدا تۇرۇپتۇ. ئارتۇق ئالغان ئىككى كوينى قايتۇرمىساڭ، چىنەڭنى چېقىۋېتىمەن!

مۇلازىم بالا ئىمىن رەمتىلنى تونۇغانلىقتىنمۇ ياكى ئالدىراش چاغدا گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئىككى كوينى بېرىپ ئىككى چىنىنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئىمىن رەمتىلمۇ ئىككى كوينى يانچۇقىغا سېلىپ پاختا زاۋۇتىغا ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «توخۇ پوقى»

ئاتىلىشتا تەتىل ئاتىلىپ، ئوقۇغۇچىلار قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېزىلىق پارتكومىنىڭ يېڭى كەلگەن شۇجىسىنىڭ «مائاشنى تولۇق ئالغان تۇرۇقلۇق، يەنە تەتىل ـ پەتىل دەپ قىرىق ـ ئەللىك كۈنگىچە مەكتەپكە كەلمەي ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشىنى قىلامدىكەن؟ ... باشقا ئىش تاپالمىسا، مەكتەپكە يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلسۇن!» دېگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئىككى ھەپتىدىن بۇيان مەكتەپكە يىغىۋېلىنىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ئۆگىنىشكە تەشكىللەنگەندىمۇ كۈنىگە ئالتە ۋاخ يوقلىما قىلىش، رۇخسەت سورىسا مائاش تۇتۇش، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى نازارەت قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەر ئاستىدا، كۈنىگە تولۇق سەككىز سائەت زالدا مۇقىم ئولتۇرۇپ، ئاۋۋال گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى باش ماقالىلەر، قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئاندىن ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ھەربىر شەخسنىڭ ئۆگىنىش خاتىرىسىگە كۆچۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ماقالىدىكى مەزمۇنلار بويىچە تەسىرات ماقالىسى يازدۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىدا نۆۋەت بىلەن ئوقۇپ ئۆتۈلدى. بۇ بىر قاتار ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ماقالىلەر زالدىكى «تەسىرات سەھنىسى»گە چاپلاندى. خۇددى چۆچەكچى بوۋاي ـ مومايلار ھەربىر قېتىم چۆچەك باشلىغاندا «بۇرۇن بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۆي سالدۇرىدىكەن تاشتىن ... مەن چۆچەك ئوقۇيمەن يەنە يېڭىۋاشتىن» دېگەن سۆزنى بىر قېتىم تەكرارلىغاندەك، ھەر يىلقى تەتىلدە ئۈزلۈكسىز

تەكرارلىنىپ تۇرغاننى ئاز دەپ ، ھەر قېتىمدا ئۆگەنگىنى ، ھەتتا ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆگەنگەننى چۈشتىن كېيىن يەنە تەكرار ئۆگىنىدىغان بۇ خىل سۈنئىي ئۆگىنىش ھەممەيلەننى بىزار قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن سىياسىي قالپاق كىيىپ قېلىشتىن قورقۇپ ھېچكىممۇ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىشنى خالىمايتتى .

ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاشۇ بۇرۇقتۇرمىلىقنى بەكمۇ بۇزۇۋەتكۈسى كەلسىمۇ ، لېكىن ھەممە نەرسىنى سىياسىيغا تاقاپ ، سۈنئىي جىددىيلىك پەيدا قىلىپ ، تۈگمىدەك ئىشنى يۇقىرىغا تۈگمەندەك چوڭايتىپ دوكلات قىلىپ ، كىشلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە ئاران تۇرىدىغان ، ھەتتا بىرەرنى خىزمەتتىن تازىلىتىۋەتسە ياكى تۈرمىگە سولىتىۋەتسە ئاندىن كۆڭلى يايراپ خۇشال بولىدىغان كىشلەر ئالدىدا ، ئالدىراقسانلىق قىلىشنىڭ تولىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇنداق بولسىمۇ ئىچى تىتىلداپ ، ئاشۇ بۇرۇقتۇرمىلىقنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن چارە ئويلاپ باقتى . ئەمما ، ئويان - بۇيان ئويلاپمۇ كۆڭۈلدىكىدەك چارە تاپالمىدى . ئاخىر ئىسسىپ كەتكەن ئىشخانىدىن چىقىپ ، مەكتەپ مەيدانىدا مەقسەتسىز ئايلاندى . ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ ، مەيدان بىلەن سىنىپلار ئارىلىقىدىكى ئېرىق بويىغا تېرىغان گۈللەرگە كۆزى چۈشتى . گۈللەر بىر ئوبدان ئايىنغان بولسىمۇ ، لېكىن بەزىلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ قالغانىدى . «قارىغاندا گۈللەرگە ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئىمىن رەمتىل ئىچىدە ، «ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى ئاچىقىپ ، گۈللەرگە ئوغۇت بەرسەك بولغۇدەك ...»

سىرتقا چىقىشقا باھانە تاپالماي ئاران تۇرۇشقان ئوقۇتقۇچىلار گۈللەرگە ئوغۇت بېرىشكە چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى . ئىمىن رەمتىل «كەپتەر مايىقى گۈلنى بەك ئايىنتىدۇ» دەپ ئاڭلىغاچقا ، مەكتەپكە يېقىن بىر ئائىلىدىن كەپتەر مايىقى

ئۇقۇشۇپ ، ئوقۇتقۇچىلارنى توشۇپ چىقىشقا تەشكىللىدى . ئەمما ، كەپتەر مايىقى ئانچە كۆپ بولمىغاچقا ، ئوغۇتلىماقچى بولغان ئۈچ پارچە گۇللۇكنىڭ بىرىگىلا يەتتى . شۇنىڭ بىلەن قالغان ئىككى پارچە يەردىكى گۇللۇكنىڭ بىرىنى توخۇ مايىقى بىلەن ، يەنە بىرىنى قوي قىغى بىلەن ئوغۇتلاشقا توغرا كەلدى .

ئاردىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندە ، ئىمىن رەمتىل ئۈچ خىل ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلانغان گۇللەرنىڭ ئۈچ خىل تەقدىرىگە يولۇققانلىقىنى كۆردى : كەپتەر مايىقى بىلەن ئوغۇتلانغان گۇللەر ھەقىقەتەن ھەممىدىن بەك ئاينىپ ، ئىلگىرىكىدىن روشەن ھالدا چىرايلىق بولۇپ كەتكەن بولسا ، قوي قىغى بىلەن ئوغۇتلانغان گۇللەر ئىلگىرىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ھالەتتە تۇراتتى . ئىمىن رەمتىلنى ھەيران قالدۇرۇپ ، قايتا ئويلاشقا مەجبۇر قىلغىنى توخۇ مايىقى بىلەن ئوغۇتلانغان گۇللەر بولۇپ ، بۇ گۇللەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ ئۆلگەنىدى .

— ھۇ توخۇ پوقى ! — دەپ تىللىدى دەل شۇ چاغدا بىر دېھقان ئايال مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا مەست ئېرىنى ئۆيى تەرەپكە سۆرەۋېتىپ ، — كۇپكۇندۇزدە نومۇس قىلماي ئېشەك سۈيدۈكى ئىچىپ يۈرگىنىنى ! …

ئىمىن رەمتىل بىردە ھېلىقى مەستكە ، بىردە قۇرۇپ كەتكەن گۇللەرگە قاراپ ئويلىنىپ قالدى : توخۇ پوقى ؟ … توغرا ، ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئەڭ ئەسكى ئادەملەرنى توخۇ پوقىغا ئوخشىتىشىدا ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەڭ بولمىغۇر ئىشىنى كۆرگەندە «توخۇ پوقى !» دەپ تىللىشىدا چوقۇم بىر گەپ بار … تىللاش ئادىتىمىزدە نېمە ئۈچۈن «ئېشەك پوقى» ، «ئىت پوقى» ، «كالا پوقى» ، «ئادەم پوقى» … دېگەن گەپلەر يوق ؟ … پوقلارنىڭ سېسىقلىق دەرىجىسى بويىچە بولغاندا ، ئادەم پوقىدىن ئارتۇق سېسىق پوق يوق . ئەمما ، ئادەم بىرىنچىدىن ، توخۇغا ئوخشاش ھەممە يەرگە چىچىپ يۈرمەيدۇ . ئىككىنچىدىن ، ئادەم پوقى

ھەرقانچە سىستق بولسىمۇ ، گۈل - گىياھلارنى قۇرۇتۇۋەتمەيدۇ… قارىغاندا ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ باشقا ھېچقانداق پوقنى تىللاشنى تاللىماي ، پەقەت توخۇ پوقنى تاللىشىنىمۇ بىر ئىلمىيلىك دېسەك ئارتۇق كەتمىگۈدەك …

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمىن رەمتىل «توخۇ پوقى» دېگەن سۆزنى ئۆزىنىڭ ئادەم تىللاش ئادىتىدىكى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى سۆزگە كۆتۈردى :

— ھۇ توخۇ پوقىلار ! — دېدى ئۇ بىر كۈنى يېزا مەركىزىدىكى چوڭ يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ ، — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بەرگەن ماشىنى يول ياسايمىز دەپ تۇتۇۋاپتۇ ! ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ماشىنى باشقا تاپاۋىتى بولمىسا ، ئۇلار ئەمدى بىر ئايغىچە قورسىقى ئاچسا چىقىپ يولنى يەمدۇ ؟ ! ھۇ توخۇ پوقى نىجىسلار ! پارتىيە ، ھۆكۈمەت «مەخسۇس مەبلەغنى مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىش» دەپ دائىم تەكىتلەپ تۇرۇۋاتسا ، قورساق بېقىشقا ئىشلىتىدىغان ماشىنى تۇتۇۋېلىپ يولغا ئىشلىتىۋالسا ، كىشىلەر قورساقنى نېمە بىلەن باقىدۇ ؟ ! … ھۇ توخۇ پوقى گۈيلار ! مېنى يولنىڭ ئوتتۇرىغا چىرىۋېلىپ قاتناش قائىدىسىنى بۇزدۇڭ دەپ باقە قېنى ! ساق بىر ئايلىق ماشىنى مۇشۇ يولغا ئىشلىتىۋالغاندىكىن ، ئىشىم بولمىسىمۇ مۇشۇ يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قەستەن ماڭىمەن تازا !

ئىمىن رەمتىلنىڭ مۇنداق تىللاشلىرى يانتاق يېزىسىدا پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى :

— ھۇ توخۇ پوقىلار ! بازار باشقۇرۇش ھەققى ئالىمىز دېيىشىسەن ، قايسى بازارنى قاچان قانداق باشقۇرغىنىڭغا ھەق ئېلىشىسەن ؟ قېنى ئېيتىپ بېقىشە : بازار مۇھىتىنىڭ ناچارلىقىدىن سودا قىلىشقا چىققان ئادەم بىر سائەت تۇرۇپ قالسا ، ئۇستىۋېشىغا ئىككىلىك چاڭ - توزان ئورناپ كېتىدۇ . يىغقان پۇللىرىڭدىن ئون

كوي سەرپ قىلىپ، بىر قېتىم سۇ چاچتۇرۇپ بېقىشتىڭمۇ؟ ھەرقايسىڭ «باشقۇرىمىز» دەۋاتقان مۇشۇ بازاردا يۈز ئادەم ئۇرۇشۇپ قالسا بىرىنى ئاجرىتىپ قويۇشتۇڭمۇ؟ بازار دېگەن ئاتام زاماندىن تارتىپ ئاسمىنى كەڭ يەردە بولۇپ كەلگەن. ھەتتا قەۋەتلىك زامانىۋى سودا سارايلىرىنىڭمۇ ئاز دېگەندە سەككىز-ئون يەردە ئىشىكى بار، ئەمما ھەرقايسىڭ «باشقۇرىمىز» دەپ ئاتىۋالغان بۇ بازارنىڭ ئەتراپىنى تام بىلەن قورشاپ، بىر دەرۋازا بىلەن كىرىپ-چىقىدىغان قىلىپ قويۇشتۇڭ. نەتىجىدە ئادەم بىلەن چارۋا مال، چارۋا مال بىلەن ھارۋا-غالتەكلەر يول تالىشىپ قىستىلىشىپ، نەچچە ئادەمنى ھارۋا سوقۇۋەتتى. تالاي ماللار ھارۋىنىڭ ئاستىدا قېلىپ يانجىلىپ بۇزۇلدى. ھەرقايسىڭنىڭ بازارنى باشقۇرغىنىڭ شۇمۇ؟! ھۇ توخۇ پوقلار! قېنى دەپ بېقىشە، خەقتىن پۇل ئېلىشتىن باشقا يەنە نېمىنى باشقۇرۇپ بېقىشتىڭ؟! ...

## خاس تەپەككۇر

تەپەككۇر ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىر خىل ئالىي ئەقلىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئانا تىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ھەرقايسى تىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك، تەپەككۇر ئۇسۇللىرىدىمۇ قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، بۇ خىل پەرقلەر بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇنى ئىمىن رەمىتىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇللىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

— چاقىرغۇدىن بىرنى ئالامسىز، ئىمىنجان؟ — دېدى دوستلىرى ئۇنىڭغا، — يا ئىزدىگەندە سىزنى تاپقىلى بولمايدىكەن. چاقىرغۇ بولسا قاچان كۆرۈشمەن دېسەڭ شۇ چاغدا كۆرۈشكىلى بولاتتى.

— ھازىر چاقىرغۇ دېگەن ھەممە ئادەمدە بار نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى، ھەتتا ئۆتكەندە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، بىر دېۋاننىڭ يېنىدىمۇ چاقىرغۇ كۆردۈم، شۇڭا مەن ئالمايمەن.

— ئەمىسە يان تېلېفون ئېلىڭ. بولمىسا دوستلار بىر يەرگە جەم بولىدىغان بولۇپ قالساق، سىز ئايرىلىپ قالىدىكەنسىز.

— ئۆيدىكى تېلېفوننىمۇ ئىككى يېرىم مىڭ كوي توچكا ھەققى تۆلەپ ئالسام، مانا ئەمدى توچكا ھەققى دېگەن گەپ يوقىلىپ، بىكارغا تارتىپ بېرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەمدى نەچچە مىڭ كويغا يان تېلېفون ئالسام، يەنە بىرەر يىلدا ئۇنىڭمۇ كۇرسى پەسلەپ ئەللىك - ئاتمىش كويغا بەرگىلى تۇرسا، ماڭا يەنە زىيان

بولمامدۇ ؟… نېمىلا ئالسام ، ئۆيلىنىپ ئالاي ، جۇما .

شۇنداق قىلىپ ، «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەنە قېتىم بېرىپتۇ …» دېگەندەك ، ئىمىن رەمتىل دوستلارنىڭ زورى بىلەن ئاخىر يان تېلېفوندىن كۆپ ئەرزان بولغان چاقىرغۇدىن بىرنى سېتىۋالدى . بىراق ، ئۇنى بىرنەچچە ئاي ئىشلىتىش داۋامىدا يەنە يېڭى بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى : چاقىرغۇ ئىستانسىسىدىكى قىزلار پات - پات ئىمىن رەمتىلگە چاقىرغۇ قىلىپ ، ئۇنىڭ نومۇرىنى سوراپ «نىدى خاۋما ؟ …» دەيتتى . بۇنداق چاغلاردا ئىمىن رەمتىل «ھە ، ۋودى خاۋ …» دەپ جاۋاب بېرىۋەردى . تېلېفونىست قىزلار مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي ، ئاخىر «ھەي بالاڭزا …» دەپ تېلېفوننى قويۇۋېتەتتى .

— بۇ قانداق گەپ بوپ كەتتى ئەمدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر كۈنى بىر دوستىدىن ، — مەندىن «سىز ياخشىما ؟» دەپ سورىسا ، مەن «ھەئە ، ياخشى» دەپ جاۋاب بەرسەم ، يەنە نېمىشقا «ھەي بالاڭزا …» دەپ تېلېفوننى قويۇۋېتىدۇ ؟

— ئۇنىڭ «نىدى خاۋما ؟» دېگىنى نومۇرىڭىزنى سورىغىنى ، ئىمىنجان . ئۇ سىزدىن نومۇر سورىسا ، سىز مەن ياخشى دەپ جاۋاب بەرسىڭىز قامللىشامدۇ ئەمىسە ؟

— خەنزۇچىنى مەنمۇ ئاز - تولا بىلىمەن . نومۇرۇمنى سورىسا نېمىشقا «دوشو ؟» دېگەن گەپنى قوشماي ، «نى دى خاۋما ؟» دەۋېرىدۇ ؟ …

— تېلېفون دېگەندە ۋاقىت سىكۇنت - دەقىقىلەر بويىچە ھېسابلىنىدۇ . بولۇپمۇ تېلېفونىستلار كۈندە نەچچە مىڭ ، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ ئادەم بىلەن سۆزلىشىدۇ . سىز دەۋاتقان ئاشۇ «دوشو» دېگەن گەپنى ھەممە ئادەمگە بىر قېتىمدىن دەپ كەلسە ، نەچچە سائەت ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن . شۇڭا ، ئۇلار ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن گەپ - سۆزلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقارتىپ ئىشلىتىدۇ …

www.uyghurkitap.com

ئـــمـــن رەمتىلنىڭ تەپەككۇرىدا، نومۇر سوراش ئۈچۈن «قـانـچـە؟» دېـگەن سۆز ئىشلىتىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سۆز ئىشلىتىلمىگەچكە، ئىمىن رەمتىلمۇ چاقىرغۇ ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇر ئالاقىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، چاقىرغۇ ئىجتىمائىي ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى پوتونلەي يان تېلېفون ئىگىلىدى. ئىمىن رەمتىلمۇ «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە ...» دەپ، يان تېـلېفوندىن بىرنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. يان تېلېفوننى ئىشلىتىش داۋامىدا ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە بىر پىكىر پەيدا بولدى: «ماڭا تېلېفون بېرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ خۇلق ـ مىجەزى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، «مىسال ئۈچۈن ئېيتسام، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىتقا ئوخشاش ئادەم چىشلىسەم دەپ يۈرىدىغانلاردىن بولسا، بەزىلىـرى كالـىغا ئوخشاش پۈشـۈلداپ، ئۇن ـ تىنـسىز ئىشـلەشـنىلا بىلىدۇ؛ بەزىلىرى ئاتقا ئوخشاش چاپچىپ تۇرسا، يەنە بەزىلىرى قويدەك ياۋاش ... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يــەنە ئاۋازى ئادەمگە بۇلبۇلدەك يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغانلارمۇ، قــاغــىدەك قاقىلداپ ئادەمنى بىزار قىلىدىغانلارمۇ بار ... شۇڭا ئۇلاردىن كەلگەن تېلېفونلارمۇ ئۇلارنىڭ ئاشۇ خۇلق ـ مىجەزىگە يــارىشا پەرقلىق بولۇشى كېرەك ئىدى ... هازىرقى تېلېفونلارغا كــىشىلەر ئۆزى خالىغان مۇزىكىلارنى تاللاپ قاچىلىۋالىدىكەن. مـــۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، يەنە باشقا خالىغان ئاۋازلارنىمۇ چوقۇم قاچىلىۋالغىلى بولىدۇ ...»

ئـۇ مـۇشـۇ تـەپەككۇرىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاتايىن ئۈرۈمچىگە باردى. ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ يانفون رېمونت قىلىدىغانلارنىڭ ئۈستىلىرىدىن بىرىنى تاپتى. ئاندىن مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، يەنە بىر يانفون كەلگۈدەك پۇلغا پۈتۈشۈپ، ئىككى كۈن ساقلاپ تۇردى. ئىككى كۈنگىچە رېمونتچى ئۇستام VCD ۋە DVD پلاستىنكىلىرىنى

ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىدىن ئات، ئېشەك، كالا، قوي، ئۆچكە، ئىت، توڭگۇز، توخۇ، قاغا، بۇلبۇل، تورغاي، قۇشقاچ قاتارلىق ئوتتۇز ئالتە خىل ھايۋاننىڭ ئاۋازىنى تاللاپ، تېلېفوننىڭ ئاۋاز سىستېمىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى. ئىمىن رەمتىل تېلېفوننى سىناق قىلىپ باققاندىن كېيىن دېيىشكەن پۇلنى رېمونتچىغا بېرىپ مەكتەپكە قايتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمىن رەمتىلنىڭ تېلېفونى ھەر كۈنى بىر خىل ھايۋاننىڭ ئاۋازىغا توغرىلىنىپ، ئوتتۇز ئالتە كۈندە ئوتتۇز ئالتە ھايۋاننىڭ ئاۋازى نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇردى. دەسلەپتە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپمىغاچقا بەزى ئۇقۇشماسلىقلارمۇ بولدى. بەزىدە ئاشخانىلاردا تاماق يەۋاتقاندا، ئىمىن رەمتىلنىڭ بىقىنىدىن تۇيۇقسىز ئىت قاۋىغان ئاۋاز ئاڭلانسا يېنىدىكىلەر چۆچۈپ تاماق ئۈستىلىنىڭ ئاستىغا پەرىشانلىق بىلەن قارىشاتتى. بەزىدە تۇيۇقسىز بۇلبۇل، تورغايلار سايراپ كەتسە، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر قويىنىدا شۇ قۇش بارغا ئوخشايدۇ دەپ ئىزدەپمۇ بېقىشاتتى. كېيىن بۇ ئاۋازلارنىڭ تېلېفوندىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەممىسى ھەيران بولۇپ بىرلا سوئالنى سورىشاتتى:

— نېمە گەپ بۇ ئىمىنجان؟

— ماڭا تېلېفون بەرگەنلەرنىڭ ئارىسىدا، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئىمىن رەمتىل ئۇلارغا، — قويدەك ياۋاش ئادەملەر بار. ئۇلاردىن تېلېفون كەلسە، تېلېفونۇمدىن قوينىڭ مەرگەن ئاۋازى چىقىدۇ. توڭگۇزدەك بەتنىيەت ئادەملەردىن تېلېفون كەلسە، تېلېفونۇمدىن توڭگۇزنىڭ خارتىلدىغان ئاۋازى چىقىدۇ. بۇلبۇلدەك خۇشناۋا ئادەملەردىن تېلېفون كەلسە، تېلېفونۇمدىن بۇلبۇلنىڭ سايرىغان ئاۋازى چىقىدۇ. بۇ تېلېفون ئادەملەرنىڭ خۇي ـ مىجەزىنى ئاۋازغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان مۇشۇنداق خىسلەتلىك تېلېفون ...

ئـمـن رەمتىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تېلېفونغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي ئىشلار بىلەنلا تۈگىمەيدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى ھەققىدە توختىلىپ ، شۇنداق دەيدۇ :

— مىللىتىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . ئىسلام دىنىدا ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھايات ۋاقتىدا قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرىنىڭ جاۋابىنى بېرىدۇ ، دەيدىغان ئەقىدە بار . مەن بۇ ئەقىدىدىن گۇمانلانماقچى ئەمەسمەن . چۈنكى ، ئۇ ئادەملەرنى ھاياتلىقىدا ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا ئۈندەيدۇ . ئەمما ، مېنىڭچە ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئەمەس ، بەلكى ھايات ۋاقتىدىلا ھەربىر ياخشى - يامان ئىشلىرى ئۈچۈن جاۋاب بېرىدۇ ... مەھەللىمىزدە مامۇتكام دەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان . ئۇ بىر ئاغرىپ ياتقانچە ئالتە ئايغىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى . ئارىدا نەچچە قېتىم مېنى چاقىرتتى . بىر كۈنى چىسەم ، ئۆيىدە يالغۇز يېتىپتۇ . ياز كۈنلىرى ئىدى . ئاغزى - بۇرنىغا چىۋىنلەر قونۇپ گىژىلداپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ چىۋىنلەرنى قوغلىغۇدەكمۇ مادارى يوق ئىدى . كۆزلىرىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشى بىلەن ئاران قىلىۋاتقان گېپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە قاراپ ھايات ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئەمما ، ئۇ ئالدىرىماي دانە - دانە قىلىپ ماڭا شۇلارنى دېدى : «ئىمىنجان بالام ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن . مەن ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىۋاتىمەن... ئالتە ئايدىن بېرى ئاللا ماڭا ھەممىنى كۆرسەتتى . مەن ھەركۈنى كۆزۈم ئوچۇق يېتىپ كىنو كۆرىمەن . بۇ كىنودا باشقىلارمۇ بار ، ئەمما مەن ئۆزۈمنى كۆپرەك كۆرىمەن . كوپىراتسىيىلىشىش دەۋرىدىن باشلاپ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ، خەلق گۇڭشېسى ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ... دېگەندەك كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن ھەرىكەتلەر داۋامىدا قىلغان ھەربىر ناشايان ئىشىم كۆزۈمگە قايتىدىن كۆرۈنۈپ بەكمۇ ئازابلىنىمەن . بولۇپمۇ

كوپىراتسىيىلىشىش مەزگىلىدە بىر شاكال ئاكتىپقا ئايلىنىپ، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە هالال بېقىغان بايلارغا قىلغان تۆهمەتلىرىم مانا ئەمدى مىلك چايان بولۇپ يۈرەك ـ باغرىمنى رەهىمسىزلەرچە چېقىۋاتىدۇ… چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلىدىكى سۈنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاچارچىلىقتا قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىداپ بولالماي، بەزىدە باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغان چاغلىرىمۇ بولغان. مانا ئەمدى نېمە يەي دېسەم تۇرغان چاغدا بىر نەرسە گېلىمنى سىقىپ، سۇدىن باشقا هېچنەرسە ئۆتمەيدىغان هالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى… مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا تۆت كونىنى يوقىتىمىز دەپ شوئار توۋلاپ بەرسە، مەن سار مېڭىسى يېگەن بىر تەلۋىگە ئايلىنىپ، ئەرلەرنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ، ئاياللارنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىپ، كىشىلەر بىلەن سالاملاشقاندا ۋە ئۆيلەرگە چىگەندە دەيدىغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دېگەن بىر جۈملىك سۆزنىڭ ئورنىغا شوئار توۋلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. مانا ئەمدى ماڭا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق… مەن ئالتە ئايدىن بۇيان كۆرۈپ كېلىۋاتقان بۇ كىنودا ئۆزۈمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ هەممىسى بىر باشتىن كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى، بالام. شۇڭا، مەن هەققىگە قارا سانىغان، كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويغان ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ ئۇلاردىن ئەپۇ سوراۋاتىمەن، ئۇلاردىن رازىلىق ئېلىۋاتىمەن. بىر ئادەمنىڭ رازىلىقىنى ئالسام، مەن تارتىۋاتقان ئازاب بىر ئۈلۈش يېنىكلەۋاتىدۇ. سېنى چاقىرتىشتىكى مەقسىتىممۇ شۇ، بالام. سەن بىلەن بىۋاستە ئېلىم ـ بېرىم قىلىشمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئاتاڭ رەھمەتلىك بىلەن كۆپ ئالغۇ ـ بەرگۈ قىلىشقان. رەهمەتلىك رەھمەتلىك قولى ئوچۇق، مەرد بىر ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن بىر قېتىم پالتا سوراپ ئاچىقىپ ئۇنتۇلدۇرۇۋالغان. يېقىندىن بۇيان رەهمەتلىك چۈشۈمگە كۆپ چىرىدىغان بولۇپ

قالدى . ئۇنىڭدىن رازىلىق ئالاي دېسەم ، رەھمەتلىك بۇ دۇنيادا يوق . شۇڭا ، سىنى ئاتاڭنىڭ ئورنىدا رازىلىق بېرەرمىكىن دەپ چاقىرتتىم ، بالام . ئاتاڭ ھايات ۋاقتىدا مەن ئۇنتۇلدۇرۇۋالغان ئاشۇ پالتا ئۈچۈن ھەمدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويغان باشقا تەرەپلىرىم بولسا ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر رازىلىق بەرگەن بولساڭ بەك خۇش بولاتتىم ، بالام ...»

مەن مامۇتكامنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاتامنىڭ ئورنىدا رازىلىق بەردىم ... يالغۇز ئاشۇلا ئەمەس . بىزنىمىزدا بىر باشلىق بار ئىدى . ئۇ ناتوغرا يولدا مېڭىپ پۇقرانىڭ بېشىدا ياڭاق چاقاتتى . ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئامالسىزلىقتىن : «بىزگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭ بالا - چاقاڭغا يانار ، ئىلاھىم ...» دەپ دائىم دېگۈدەك قارغاپ يۈرگىنىنى ئاڭلايتتىم . ئۇ باشلىقنىڭ بالىلىرىنىڭ ئارىسىدا خۇددى «ساردىن نا چۇشۇپتۇ» دېگەندەك تولىمۇ ئەدەپ - ئەخلاقلىق ، تىرىشچان ، كۆرگەنلا ئادەم قاراپ قالىدىغان چىرايلىق بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇ بالا دەل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان چاغدا ، بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، نەپسانىيەتچى ، پارىخور ئەمەلدارلار قىزىلئۆڭگەچ راكىغا گىرىپتار بولىدىغان ، ئىگە - چاقىسىز ، يېتىم - يېسىر ۋە ياۋاش ئادەملەرنى بوزەك قىلىپ ئۇرىدىغان نا ئەھلىلەرنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە قولى تۇتماس ، پۇتى باسماس بولۇپ قالىدىغان مىساللار ئەل ئىچىدە بەك كۆپ ... دېمەكچىمەنكى ، ئادەم بۇ دۇنيادا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادا تارتماي قالمايدۇ ...

ئىمىن رەمتىل يەنە شۇنداق دەيدۇ :

— ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن «بۇ پالانىنىڭ ئوغلى ، بۇ پوستانىنىڭ قىزى ...» دەيدىغان گەپلەرنى كۆپ ئاڭلايتتىم . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئورنىغا «بۇ تايلاندنىڭ توخۇسى» ، «ماۋۇ گېرمانىيىنىڭ ئىتى» ، «ئاۋۇ ئالبانىيىنىڭ ئۆچكىسى» ...

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلايدىغان بولدۇم. بولۇپمۇ ناھىيىمىزدىكى مەكتەپ قويى ھەۋەسكارلىرى ئىچىدە «بۇ پاقلان ئالا پاچاقنىڭ نەۋرىسى»، «ئۇ قوچقار قارا قۇيرۇقنىڭ ئەۋلادى»... دېگەندەك گەپلەر ئومۇملىشىپ قالدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، چارۋىلارنىڭ قەدىر - قىممىتى ئېشىپ، ئادەملەرنىڭ قەدىر - قىممىتى تۆۋەنلەۋاتىدۇ. بۇ سۆزنى «ئادەملەر ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۆزى تۆۋەنلىتىۋاتىدۇ» دېسەك تېخىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ھېسابتا، بۇنى نۆۋەتتىكى تەرەققىياتنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى دېسەكمۇ بولىدۇ. چۈنكى، نۆۋەتتىكى تەرەققىياتتا نۇرغۇن نەرسىنىڭ قىممىتى پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە ئادەم ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن پۇل تېپىشنى بىلسىمۇ، لېكىن ئادەمنى بازارغا ئاپىرىپ بىۋاسىتە سانقىلى بولمىغاچقا، ئېلىم - سېتىمدا كۆپرەك پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەر قىممەتلىك سانىلىپ، بىۋاسىتە ئېلىپ - سانقىلى بولمايدىغان ئادەم پۇلنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ...

— بۇ دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ئىچىدە ئادەمدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈشەندىسى بار. مەسىلەن، چاشقاننىڭ كۈشەندىسى مۈشۈك؛ مۈشۈكنىڭ كۈشەندىسى ئىت؛ ئىتنىڭ كۈشەندىسى شىر - يولۋاس؛ شىر - يولۋاسنىڭ كۈشەندىسى پىل؛ پىلنىڭ كۈشەندىسى چاشقان... دېمەك، ھاياتلىق زەنجىرى بىر - بىرىگە قانۇنىيەتلىك باغلانغان بولۇپ، مەۋجۇداتلار بىر - بىرىنى ھەم چەكلەيدۇ، ھەم تەقەززا قىلىدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ ئۆزىدىن باشقا كۈشەندىسى يوق. بۇ خىل كۈشەندىسىزلىك قارىماققا ئادەملەرنىڭ ئەقىللىق، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تولىمۇ خەتەرلىك. چۈنكى، كۈشەندىسى بولمىغان، جۈملىدىن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان جانلىقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەت يولىغا باشلايدىغانلىقىنى رەھىمسىز تارىخ ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان. بۇنىڭغا ئەينى چاغدىكى يەر شارىنىڭ

كۈشەندىسىز ھۆكۈمرانلىرى بولغان دىنوزاۋرلارنىڭ نەسلى قۇرۇش تارىخى گۇۋاھ ...

ئىمىن رەمتىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى باشقا بابلاردا بايان قىلىنغان ئەمەلىي ۋەقەلەرگە ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ ۋەقەلەرگە قاتنىشىش داۋامىدا قىلغان دىئالوگلىرىغا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا ، بۇ يەردە يەنە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنى لايىق تاپمىدۇق . ئەمدى ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىشتىكى ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا كەلسەك ، ئۇ ئاساسەن كەچتە يېتىپ تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ ، تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغاندا ، ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىر كۈنلۈك ئىشنى ئىدىيە جەھەتتىن خۇلاسىلەپ ، قايسى ئىشنى ، ھەتتا قايسى سۆزنى خاتا قىلىپ قويدى ، بۇنى ئەستايىدىل ئويلىنىدۇ . ئەنە شۇ ئويلىنىشنىڭ داۋامى ئاستا ـ ئاستا تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغۇيدۇ . ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان نۇرغۇن ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان ...



# قايتا قوزغالغان كونا كېسەل

ئۇزۇن يىل مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارغا شۇ نەرسە ئايانكى، بىر سىنىپتا «سەركە»لىك رولىنى ئوينايدىغان، ئوقۇتقۇچىنىڭ باشقۇرۇشىغا تازا بويسۇنۇپ كەتمەيدىغان ئىنتىزامسىز ئوقۇغۇچى سىنىپ باشلىقى قىلىپ سايلاپ قويۇلسا، ئۇنىڭ ئادەتتىكى بەڭۋاشلىقلىرى يوقاپ، شۇ سىنىپنىڭ ئىنتىزامى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ قالىدۇ. مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارماقلىرىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى سىناپ باقماقچى بولدىمۇ ياكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئۇزلۇكسىز ياشلىنىشىپ بېرىۋاتقاچقا، مەكتەپ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەمەلىي تەجرىبىسى مول ئوقۇتقۇچىلارنى قويۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدىمۇ، ئىشقىلىپ، 2001 - يىلى ئىمىن رەمتىل ئويبۇغداي كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە مۇدىر قىلىپ ئۆستۈرۈلۈپ ئەۋەتىلدى.

ئىمىن رەمتىل مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ بارغاندىن كېيىن بىر مەزگىل باش چۆكۈرۈپ ئۈن - تىنسىز ئىشلىدى. چۈنكى، ئۇ بىرىنچىدىن، مەكتەپ باشقۇرۇش ھوقۇقى قولىغا كەلگەن پۇرسەتتە، ئۆزى ئىلگىرى ھېس قىلغان بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلارنى ئۆزگەرتىپ، مەكتەپ بىلەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، مەكتەپنى بېسىم ئاستىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئاكتىپلىق ئاستىدا كۆڭۈللۈك خىزمەت قىلىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇشنى؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىھاندىن ئۆتكىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كارغا كەلمەيدىغان كىتاب خالتىسى قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتىمۇ ئىشلىتەلەيدىغان ئىستېدات ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلەشنى چىن

كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلاتتى . ئەمما ، ئۇ ئۆمۈر بويى مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ ، نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغىنىغا قارىماي ، بىر ـ ئىككى مەۋسۇم مۇدىرلىق قىلىش داۋامىدا ، ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن مەكتەپ مەسئۇللۇقىنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئۇنىڭچە بولغاندا ، مەكتەپ مەسئۇللۇقى ئاسان دېسە ئاسان ، تەس دېسە تەس بىر «ئوتتۇرىدىكى ئىش» ئىدى . ئاسان تەرىپى ، ئاغزىنى كۆپرەك ئىشلىتىپ ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى كۆپرەك تۈزۈپ ، بارچە مەسئۇلىيەتنى ئوقۇتقۇچىلارغا يۈكلىۋەتسە ، ھەتتا گېزى كەلگەندە يۇقىرىغا ساننى يالغان يوللاپ ، دوكلاتلارنى قاملاشتۇرۇپ قىلالىسا ئىش پۈتۈۋېرەتتى . تەس تەرىپى ، يۇقىرىنىڭ تەلىپى تولىمۇ چىڭ بولۇپ ، ئۇنى ئەينەن ئىجرا قىلىمەن دېسە ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالاتتى . شۇڭا ، قاراپ تۇرۇپ شەكىلۋازلىق قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى ...

ئەنە شۇ مەجبۇر بولۇشلار داۋامىدا ، ئۇنىڭ «تەبىئىي ئادەم» لىك قاتلىمىدا مەلۇم دەرىجىدە «نېپىزلەش» كۆرۈلدى . تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغاندا ، ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنىڭ مائاشى تۇتۇپ قېلىنسا ، قانداق ئۇسۇل قوللانسا قوللىنىپ ، مائاشىنى قايتۇرۇۋالماي قالمايتتى . بىراق ، ئەمدىلىكتە مەيلى قانداق ئۇلۇغ باھانە ـ سەۋەبلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى تۇتۇپ قالىدىغان ئىشتىن ئۆزىمۇ مۇستەسنا بولالمىدى . ئىلگىرى تەتىل مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە تەشكىل ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆگىنىشكە يىغىۋالسا ، ئىمىن رەھتىل يەنە بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشمايتتى . بىراق ، مانا ئەمدى ئۆزى ئۆگىنىشكە باشتىن ـ ئاياغ تولۇق قاتناشقاندىن باشقا ، ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ تولۇق قاتنىشىشقا مەجبۇرلايدىغان بولدى ...

ئۇ مۇدىر بولغاندىن كېيىن دۇچ كەلگەن يەنە بىر ئەمەلىي مەسىلە ، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى چاغلىرىغا

ئوخشايدىغان «بەڭۋاش» لارغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى: شۇ يىلى ئىككىنچى ئايدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىشلىق تەتىل ۋاقتىنى تۈگىمەس ئۆگىنىشلەرنىڭ ئىگىلەپ كەتكىنىگە نارازى بولغانلىقتىنمۇ ياكى ئىمىن رەمتىلگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللاندىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر ئوقۇتقۇچى تۇيۇقسىز گاچا بولۇۋالدى. بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ئىمىن رەمتىل دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئائىلىسىدە داۋالىنىشقا رۇخسەت قىلدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئۇ ئوقۇتقۇچىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەۋەتتى، ئاندىن ئۆزى باردى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ، — بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدىڭىزمۇ؟

— بى ... بى ... بىرئاز ... ياخ ...

ئۇ ئوقۇتقۇچى كېكەچلەپ تۇرۇپ، بىرئاز ياخشىلانغانلىقىنى، ئەمما تېخى تولۇق ساقىيىپ بولالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىمىن رەمتىل ئۇنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق يالغاندىن گاچا بولۇۋالغانلىقىنى بىلدى.

— ھەقى ... قى ... گاچ ... گاچا ... دېگەن ...

ئىمىن رەمتىلمۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ، ھەقىقىي گاچىنىڭ گېلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن گاچا بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ شۇ تاپتا كالپۇكى گاچا بولۇپ، تىلى ساق بولغاچقا، گەپلىرىنىڭ چېنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇن ... ئۇنداق ... ئە ... ئەمەس ... شوجاڭ، مە ... مەن ... را ... راست ... گاچا ...

ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا ناۋادا مەكتەپتىن ياكى ئۆزىدىن رەنجىگەن بولسا ئوچۇق ئېيتىشنى، ئائىلىسىدىن ياكى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىش، باشقا كىشىلەردىن رەنجىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئامال قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇ ئوقۇتقۇچى ئىشقا باردى. ئەمدى



www.uyghurkitap.com

ئۇ بىر ئوبدانلا ساقىيىپ قالغانىدى. ئىمىن رەمتىلمۇ ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلماستىن، ئادەتتىكىدەك ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

— شوجاڭ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئىمىن رەمتىلنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، — ئاڭلىسام، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى مېنىڭ ئىشقا كەلمىگەن ۋاقىتلىرىمنى سۈرۈشتۈرۈپ، چارە قىلىمىز دەپ يۈرۈپتۇ، ئۆزلىرى ماڭا ئىگە بولۇپ قويسىلا بولاتتى...

— مەندىن خاتىرجەم بول، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭغا، — سېنىڭ خىزمەتكە قاتناشمىغان ۋاقتىڭ گەرچە خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئىشلەپ، خاتالىقىڭنى يۇيۇش ئىرادەڭ بولسا، مەن پۇرسەتنى يارىتىپ بېرىمەن. ئەمما، مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ قانداق جازا بېرىشىگە مەن ئارىلىشالمايمەن. ھەر ھالدا سەن چوڭامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئوبدان بىر كۆرۈشۈپ قويغىن.

— قانداقراق كۆرۈشسەم بولار؟

— شۇنىمۇ مەن دەپ بېرەمدىم؟ ئادەمنىڭ تولا چىشىغا تەگمەي، ماڭ ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىل.

ئاشۇ گەپ - سۆزلەر بولۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىمىن رەمتىل يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇقتۇرۇشتا ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى باشقىلارغا تەڭشەپ، ئۇنىڭ بارلىق مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلىرىنى يۆتكەپ، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا ئەۋەتىش قەيت قىلىنغانىدى. ئىمىن رەمتىل كۆڭلىدە بۇ ئىشنىڭ سەل غەلىتىرەك بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن «يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى» بويىچە ئىش قىلىپ، ئەتىسىلا ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى.

ئەمما، ئۆز مەكتىپىدىكى بىرەر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن يانتاق يېزىسى تەۋەسىدە يۈز بەرگەن چىۋىننىڭ قانىتىدەك يېڭىلىقتىنمۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان ئىمىن رەمتىل

www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنلا ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ جازالىنىش تۇگۇل، خېلى - خېلى ئوقۇتقۇچىلار تەلەپ قىلىپمۇ بارالمايدىغان بىر مەكتەپكە ئەۋەتىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. «دېمەك» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، «پالتىنىڭ سېپىغا موزاي چىچىپ قويۇپتۇ - دە!»

ئىمىن رەھىمتىلىنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالغان «پالتىنىڭ سېپىغا موزاي چىچىپ قويدى» ھېكايىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى قازىلار دەۋا سورايدىغان زاماندا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقەلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا قەيت قىلىنىشىچە، قازىخانىغا دەۋاغا بارىدىغان بىر يوقسۇل ئادەم قول ئىلكىدە پارا بەرگۈدەك باشقا ھېچنەرسە بولمىغانلىقتىن، قازىنىڭ ئۆيىگە ئاخشىمى بىر پالتىنى ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈم چىقىرىدىغان چاغدا ئاشۇ پالتىنى ئويلاپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن دەۋاغا چېتىشلىق ئىككى ئادەم قازىنىڭ ئۆيىگە بىر موزاينى ئاپىرىپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە قازى ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ، موزاي ئاپىرىپ بەرگەن باينىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. بۇ ھۆكۈمگە نارازى بولغان كەمبەغەل ئادەم قازىدىن پالتىنىڭ ئىشىنى سورىغانىكەن، قازى ئۇنىڭغا «پالتىنىڭ سېپىغا موزاي چىچىپ قويدى ...» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ...

«ئۆز تەۋەلىكىدىكى بىر ئوقۇتقۇچىنى خىزمەت ئېھتىياجى بولغان باشقا مەكتەپكە تەڭشەش، ئەلۋەتتە مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ ھوقۇقى» دەپ ئويلىدى ئىمىن رەھىمتىل ئىشخانىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، «ئەمما تېخى تۈنۈگۈنلا جازالايمىز، مائارىپ ئىدارىسىگە يوللايمىز دەپ دەۋراڭ سېلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، بىر كېچىدىلا تۈيۈقسىز ئۆزگىرىپ، جازانى مۇكاپاتقا ئۆزگەرتىۋەتسە، باشقىلار گۇمانلىنىپ قالار دەپ ئويلىمىغانمىدۇ؟ ... باشقىلار بىلمەيدۇ دەپ ئويلىسىمۇ، ئۇنىڭ مۇدىرى بولغان ئىمىن رەھىمتىل يادىغا كەلمىگەنمىدۇ؟ ... ماقۇل، مەنغۇ كۆڭلۈمنى كەڭ تۇتۇپ، بۇ ئىشنى بىلمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتەرمەن، ئەمما مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن يەنە سەۋەبسىز دەرس تاشلايدىغانلار چىقىپ قالسا،

ئۇلارغا قانداق گەپ قىلغىلى بولىدۇ؟»

ئىمىن رەمتىل ھەر ئىپىتىمالغا قارشى، ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس تاشلىغان ۋاقتىنى ئاي، كۈن، سائەتلىرى بويىچە ستاتىستىكا قىلىپ كومپيۇتېردا بېسىپ ئۈن نۇسخا كۆپەيتىپ سومكىسىغا سېلىۋالدى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، مەكتەپ مەسئۇللىرى يىغىنغا چاقىرتىلدى. ئىمىن رەمتىل ئۇقتۇرۇشتا دېيىلگەن ۋاقىتقا ئۈلگۈرۈپ يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا باردى. ئۇنىڭ ئىشخانا ئالدىغا كېلىشىگە، ھېلىقى ئوقۇتقۇچى يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بىلەن خۇددى ھازىرلا رېستوراندىن خۇشكەيپ چىققان قەدىناسلاردەك پاراڭلىشىپ چىقىپ كەلدى.

— شۇنداق قىلىپ، شۇ مەكتەپكە بىرنۋېرەمسىز؟ — دېدى شۇجى ئۇ ئوقۇتقۇچىغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، بىرنۋېرەي، — دېدى ئۇ ئوقۇتقۇچىمۇ ئىمىن رەمتىلگە نەزەر - گۆزىرىنى سالماي، — ئەتىلا بىرىپ رەسمىيەتلىرىمنى شوجاڭغا تاپشۇرۇپ بېرەي...

— قايسى رەسمىيەتلەرنى قايسى شوجاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىسەن؟ — دەپ سورىدى ئىمىن رەمتىل ئۆزىنى تۇتالماي.

ئۇ ئوقۇتقۇچى ئوڭايسىز بىر ھالەتتە شۇجىغا قارىدى.

— ياچېيكىدا تۈنۈگۈن يىغىن ئېچىپ...

— ياچېيكىنىڭ نامىنى سېتىپ، بارلىق داڭقان پۈتى قارارلارنى ياچېيكىغا دۆڭگىگۈچە، ياچېيكىنىڭ شۇجىسى بولغان ئادەم مەن قارار قىلدىم دېۋەرسىلە بولمامدۇ؟

شۇ تاپتا ئىمىن رەمتىلنىڭ ئۆزى مۇدىر بولۇشتىن ئىلگىرىكى كونا كېسىلى يەنە قوزغالغانىدى. ئۇنىڭ قوشۇملىرى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ، كۆزى غەزەپلىك چاقناپتتى. خۇددى ھازىرلا ئېتىلىپ بېرىپ بىرىگە كاللا قويىدىغاندەك، بويىنىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئىككى مۈرىسىنى ئىچىگە تارتتى. ئاندىن ھېلىقى ئوقۇتقۇچىغا بۇرۇلۇپ، قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— سەن تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئالدىمغا كېلىپ ، ماڭا ئىگە بولۇپ قويسىلا شوجاڭ ... دەپ يالۋۇرۇۋاتاتتىڭ . مانا ئەمدى مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغۇسىدىن ئاتلاپلا ، ئادەم تونۇمىغۇدەك بولۇپ كەتتىڭما ؟ ! بۇ ئىشخانىنىڭ بوسۇغىسى شۇنچە خاسىيەتلىكمىكەن ؟ ! ... نى ـ نى شوجاڭلار خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپمۇ ئەيمىنىش دەستىدىن خالىغانچە ئاتلاپ ئۆتەلمەيدىغان بۇ بوسۇغا ، ساڭا ئىتنىڭ يالىقچىلىك تويۇلمايدىغان بولۇپ كەتتىما ؟ ! ... مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي : هوقۇق دېگەن هېچكىمنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس . قولۇمدا هوقۇق بار دەپ هەق ـ ئادالەتنى ، قانۇن ـ نىزاملارنى قايرىپ قويۇپ ، كىم نەپ يەتكۈزسە شۇنىڭ دېپىنى چېلىش ھەقىقىي ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس . سەن يەتمىش بىر كۈن — ئىككى يۈز يەتتە سائەت دەرس تاشلىدىڭ . مانا مانىڭغا ئوبدان قالاپ باق ، — ئىمىن رەمتىل ئالدىنقى كۈنى كومپيۇتېردا بېسىپ تەييارلىغان ھېلىقى ماتېرىيالنى سومكىسىدىن ئېلىپ ، ئۇنىڭغا بىر نۇسخا تاشلاپ بېرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئاڭلىمىدىم دېمە ، مۇشۇنداق ماتېرىيالدىن يۈزنى تەييارلاپ قويدۇم . گېزى كەلسە ناھىيىگە بېرىپ ، پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىدىن باشلاپ ، مائارىپ ئىدارىسىدىكى ھەربىر خادىمغىچە تارقىتىپ بېرىمەن ...

ئىمىن رەمتىلنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان شۈجى ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ، «قارار» نى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى .

— بولدى ، شوجىڭىڭنى خاپا قىلمايلى ، — دېدى ئۇ ھېلىقى ئوقۇتقۇچىغا قاراپ ، — سەن يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ بۇرۇنقى مەكتىپىڭگە بېرىپ تۇرغىن . بۇ ئىشلارنى كېيىن ئايرىم بىر تەرەپ قىلىمىز . ھازىر يىغىن بار . قېنى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى يىغىن زالىغا كىرىڭلار ...

ئىمىن رەمتىلنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش «كونا كېسەللى» پەقەت مەكتەپ ياكى يانتاق تەۋەسىدىلا ئەمەس ، خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ، مەيلى نەگىلا بارسۇن ئوخشاش قوزغىلىۋېرىدىغان بولۇپ

قالدى . ئۇنىڭغا نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا بىر ئىش بىلەن ئۇرۇمچىگە بېرىشقا توغرا كېلىپ قالغانىدى . ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ، باشقا تەييارلىقلىرى قاتارىدا يېنىدىكى پۇللارنى بانكىغا ئەكىرىپ كارتىغا قاچىلاتقۇزۇۋالدى . ئاندىن يولغا چىقىپ ، ئەتىسىلا ئۇرۇمچىگە يېتىپ باردى . ئۇ كۈنى جۇڭگو تېبابىتى ئىنستىتۇتى دوختۇرخانىسىدا ئىشلەۋاتقان سىڭلىسى بۇزىلەيخانىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە رەسمىي ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى . ئاپتوبۇس ۋە تاكسىلار بىلەن بىرنەچچە سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن يېنىدىكى نەق پۇلنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، كارتىدىكى پۇلدىن بىرئاز ئېلىش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىن بانكا ئىزدىدى . شۇ چاغدا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن دۆڭكۆۋرۈك ئارىلىقىدىكى يولدا ئىدى . يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرىغا تەپسىلىي قاراپ يۈرۈپ ، ئاخىر چىنە زاۋۇتى يېنىدىن بىر بانكىنى تاپتى . ئەمما ، كۈنۈپكىنى بېسىش ۋاقتىدا تەمتىرەپ قېلىپ ، ۋاقىت ئۆزىراپ كەتكەنلىكتىن ، ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى كارتىنى يۇتۇۋالدى .

ئىمىن رەمتىل دەرھال بانكىنىڭ تىجارەت زالىغا كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ، ئەمما بانكىدىكى خىزمەتچى خادىملار پەرۋاسىزلىق بىلەن «ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭ ···» دېيىشتى .

— نېمە ؟ ئۈچ كۈنگىچە مەن نېمە يەيمەن ؟ نەدە ياتىمەن ؟

— بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق . ئىشقىلىپ ، بۈگۈن ئۇ كارتىنى ئالغىلى بولمايدۇ .

ئىمىن رەمتىل باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ ، تىجارەت زالىنىڭ مەسئۇلىنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر مىڭ تۆت يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەكىت ناھىيىسىدىن كەلگەنلىكىنى ، ھازىر يېنىدا بىر تىيىن پۇلى قالمىغانلىقىنى ، ئەگەر كارتىنى ئالالمىسا ئۆزىنىڭ ئاچ قالىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردى . لېكىن ، جاۋاب يەنىلا ئوخشاش بولۇپ ، «ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭ !» دېن

ئۆزگەرمىدى. كونا كېسەلى يەنە قوزغىلىشقا باشلاپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇۋاتقان ئىمىن رەمتىلنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ، بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن دوستى ئېغىز ئاچتى:

— جۇرۇڭلا ئاداش، سىلىدە پۇل بولمىسا مەندە بار. ھازىر مېنىڭكىنى خەجلەپ تۇرۇپ ...

— ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۈك! — دېدى ئىمىن رەمتىل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ھېلى بىكا ئىشنى بۇزىسىلە. ئاغزىڭلىنى چىڭ يۇمۇپ تالاغا چىقىپ مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلا، مېڭىڭلا...

ئىمىن رەمتىل ئۇنى گەجگىسىدىن ئىتتىرگەندەك چىقىرىۋېتىپ سائەتكە قارىدى. چۈشلۈك دەم ئېلىشقا يېرىم سائەتچە ۋاقىت قالغانىدى، ئۇ تىجارەت زالىدىكى گېزىت جازىسىدىن بىر تاختا گېزىتنى قولىغا ئېلىپ، مۇئامىلىدارلارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان سافانىڭ ئۈستىگە چىقىپ يېتىپ، بەخىرامان گېزىت كۆرۈشكە باشلىدى. خىزمەتچى خادىملار ۋە كىرىپ - چىقىۋاتقانلار ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە ھەيران بولۇپ، پات - پات ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشاتتى.

ھايال ئۆتمەي خىزمەتچى خادىملار قولىدىكى ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىشتىن چۈشۈشكە تەرەددۇت قىلىشتى.

— قوپۇڭ، قوپۇڭ، — دېدى بىر خادىم كېلىپ ئىمىن رەمتىلنى نوقۇپ، — بانكىنى تاقايمىز.

— مەن بايا دېگەن. كارتامنى ئالماي تۇرۇپ ھەرگىز كەتمەيمەن.

— بىزمۇ بايا دېگەن، كارتىنى ھازىر ئالغىلى بولمايدۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، سىلەر چىقىۋېرىڭلا، مەن كارتىنى ئالغۇچە بانكىنى بېقىپ مەشەدە يېتىپ تۇراي.

— ھەي يولداش! سىزنىڭ كارتىڭىز ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىدا. ئۇنى خالىغان ئادەم خالىغان ۋاقىتتا ئېچىۋەرسە بولمايدۇ. بانكا دېگەن قورال بىلەن قوغدىلىدىغان مۇھىم جاي...

— شۇنداق ، بۇنى دەپ يۈرمىسىڭىزمۇ ئوبدان بىلىمەن . سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ : يۇقىرا دېگەن ئۆزى تاپقان ھالال پۇلغا تايىنىپ جان باقىدىغان ئادەم . يۇقىرانىڭ يېنىدا پۇلى بولمىسا ، يېزىلاردا ئاق كۆڭۈل دېھقان ئۇنىڭغا نان بەرگىنى بىلەن ، شەھەرلەردە ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ . مېنىڭ كارتىغا قاچىلىنىۋەتكەن ھالال پۇلۇمنى سىلەرنىڭ پۇل ساندۇقۇڭلار يۇتۇۋالدى . كارتامنى ئالمىسام ھەرگىز كەتمەيمەن .

— كارتىڭىزنى بىز ھېچنېمە قىلمايمىز . ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ ئېلىۋالسىڭىز بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

— ئەمىسە ماڭا ئۈچ كۈنلۈك ياتاق ـ تاماققا يەتكۈدەك پۇل قەرز بېرىڭلا . كارتامنى ئالغاندا شۇنىڭدىن پۇلنى تۇتۇۋالساڭلا بولىدۇ .

— ...

يۇمشاق ـ قاتتىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپمۇ ئىمىن رەمتىلنى بانكىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەن خادىملار ئاخىر بىر كىملەرگە تېلېفون قىلىشتى . ئالاھازەل ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئىككى خادىم كېلىپ ، بىر تالاي ئاچقۇچلارنى شاراقلىتىپ ، بىرمۇنچە ئىشكاپ ـ تارتمىلارنى ئېچىپ يۈرۈپ ، ئىمىن رەمتىلنىڭ كارتىسىنى ئېلىپ قولىغا بەردى .

— ھە ، بايىقى گېپىڭلارنى ئەمدى دەڭلا ، — دېدى ئىمىن رەمتىل سىرتتا ساقلاپ تۇرغان دوستىنىڭ يېنىغا چىقىپ ، يېنىڭلىدا پۇل بارلىقىنى مەنمۇ بىلەتتىم . لېكىن ، بۈگۈن ئۇلارنىڭ گېپىگە ماقۇل دەپ چىقىپ كەتسەك ، ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن كېلىڭ دېيىشىنى كىم بىلىدۇ ؟ ... ئۇلارنى ئاران قايىل قىلاي دەۋاتسام ، سىلە قوپۇپ ھېلىقىدەك دەۋاتساڭلا ، ئۇلار خېمىغا يېنىپ ، كارتىنى ئېلىپ بەرگىلى ئۇنىمايتتى . شۇڭا سىلىگە قوپاللىق قىلىپ قالدىم . رەنجىمەڭلا ئاداش . ئەمما ، شۇنىڭ بەدىلىگە مانا كارتىنى قولۇمغا ئالدىم . يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆزۈمنى مەكتەتە كۆرىمەن ...

مەكتەپكە مېڭىشتىن بۇرۇن ئىمىن رەمتىل ئەختەم ئۆمەر بىلەن كۆرۈشتى . ئەختەم ئۆمەر مەكتەپكە كەلسە ، ئىمىن رەمتىل بىلەن كۆرۈشمەي كەتمىگىنىگە ئوخشاش ، ئىمىن رەمتىلمۇ ئۇرۇمچىگە بارسا ، ئەختەم ئۆمەر بىلەن كۆرۈشمەي كەلمەيتتى . بۇ ئىككى قەدىناس دوست مەيلى قاچان ۋە قەيەردە كۆرۈشسۇن ، تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىنلا ، ھېچقانداق تارتىنىش - قورۇنۇشسىز ئىختىيارىي پاراڭ باشلىنىپ كېتەتتى . ھەم ئائىلە ، تۇرمۇش ، خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي ئىشلار ، ھەم كۆلكە - چاقچاقلار ئارىلىشىپ كېتكەن بۇ ئىختىيارىي پاراڭدا ئىككى دوستنىڭ دېيىشمىگەن گەپلىرى قالمايتتى .

— ھە ئىمىنجان ، — دېدى ئەختەم ئۆمەر پاراڭ ئارىلىقىدا ، — سىز شوجاڭ بولغاندىن كېيىن بىز تېخى قانغۇدەك پاراڭلىشىپ باقماپتىمىز . قېنى دەپ بېقىڭا ، شوجاڭ بولۇپ نېمىلەرگە ئېرىشتىڭىز ، نېمىلەردىن قۇرۇق قالدىڭىز ؟

— بەلەن سورىدىڭىز ، — دېدى ئىمىن رەمتىل ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ، — مەنمۇ مۇشۇ جەھەتتە ئويلىغانلىرىمنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي دەپ تۇراتتىم . ئويلاپ باقسام ، شوجاڭ بولغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەپتىمەن ...

— بۇ گېپىڭىز يالغاندۇ ھەقىچان ؟ ھېچبولمىسا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تاماق يېيىشكەندە ، رېستورانلارغا كىرىپ يۈرەك چىلاشقۇدەك ئىچىشكەندە ، ئۇنىڭ پۇلىنى ئوقۇتقۇچىلار تۆلىمەي شوجاڭ تۆلەمدۇ ؟

— باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار شوجاڭغا تاماق ئېلىپ بەرسە ، بىزنىڭ مەكتەپتە بۇنىڭ ئەكسىچە شوجاڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تاماق ئېلىپ بېرىدۇ . سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز ، يېنىمدا تۆت ئاغىنەمنىڭ تاماق پۇلىنى تۆلىگۈدەك پۇلۇم بولمىسا ، بىرى مەن مېھمان قىلاي دەپ ھەرقانچە زورلىسىمۇ ئاشخانىغا چىمەيدىغان ئادىتىم بار . بۇ ئادەتنى شوجاڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرتەلمىدىم .

— ماقۇل ، بۇنىڭغىمۇ ئىشىنەي . ئەمما ، مەكتەپ ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ ، ئۆزىگە تۇشلۇق ئىقتىسادى بولىدۇ . سىز شۇ ئىقتىسادنىڭ ئىگىسى تۇرۇپ ، ئاز ـ تولا پايدىلانماي تۇرارسىزمۇ ؟
— سىز ئاۋۋال مېنىڭ مەكتەپتىكى ئىشخانامنى بىر كۆرۈپ باققان بولسىڭىز ھەرگىز بۇ سوئالنى سورىمىغان بولاتتىڭىز ، سۇنۇپ كەتكەن بىر پۇتىغا خىش قىستۇرۇپ قويۇلغان شىرە ، ئادەم ئولتۇرسا ، ھازىرلا ماكچىيىپ قالىدىغاندەك غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئورۇندۇق ، ئەينەكلىرى چېقىلىپ كەتكەن دېرىزە ...
— توختاڭە ، ئۆزىڭىزنى پاك ئەمەلدار كۆرسىتىش ئۈچۈن ، چارلىمىز چاپلىمىنغا ئوخشاش دېرىزىلەرنى ئۆزىڭىز چېقىپ يۇرمىگەنسىز ـ ھە ؟
ئۇلار تاتلىق كۈلۈشتى . بۇ كۈلكىدە دوستلۇق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھاياتنىڭ شېرىن لەززىتى بار ئىدى .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

«تەبىئىي ئادەم» دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەرگىزمۇ «كەم ـ كۈتىسىز ياخشى ئادەم» دېگەنگە تەڭ ئەمەس. تەبىئىي ئادەمنىڭ يەنە بىر تەبىئىيلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي ھالدىكى يېتەرسىزلىك، سەۋەنلىك ۋە ئاجىزلىقلار بولىدۇ. بۇ خىل ئاجىزلىق ۋە سەۋەنلىكلەر بولمايدىكەن، ئۇنى تەبىئىي ئادەم دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، پەقەت ئادەملەرلا ئەمەس، تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئىككى ياقلىمىلىقنى ئىگە. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، كۈندۈز بىلەن كېچە؛ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق؛ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك؛ ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق؛ ساغلاملىق بىلەن ساقسىزلىق... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە سىڭىشتۈرما بولغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ناۋادا كېچە ياكى قاراڭغۇلۇق بولمىسا، كۈندۈز ياكى يورۇقلۇقنىڭ خاسىيىتىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ؛ رەزىللىك بولمىسا، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلانغىلى، سۆيۈنگىلى بولمايدۇ؛ ماماتلىق بولمىسا، ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى توغرا تونۇغىلى بولمايدۇ؛ ساقسىزلىق بولمىسا، ساغلاملىقنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولمايدۇ...

ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، ئىمىن رەمتىلمۇ بىر تەبىئىي ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاز بولمىغان يېتەرسىزلىك، سەۋەنلىكلەردىن خالىي ئەمەس. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان تاشقى قىياپىتىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، مۇشۇ كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ بويى پاكار، بوينى قىسقا، پۇتلىرىمۇ خۇددى ئەختەم ئۆمەر «ئاھ، مېنىڭ كىندىك قېنىم!...» ناملىق پوۋېستىدا

تەسۋىرلىگەندەك ، «خابا پاچاق» . بۇلار ئاز كەلگەندەك ، ئۇنىڭ بەش ئەزاسىمۇ ئۇنچىۋالا نۇقسانسىز ئەمەس ... شۇنىڭغا ئوخشاشلا ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىگە مەنسۇپ بولغان خۇلق ـ مىجەز ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدىمۇ بەزىبىر نۇقسانلار يوق ئەمەس . بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئوبدان چۈشەنگەچكە ، بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

«مەن توغرا يولدىن تايغان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان ئادەممەن . ئۇلارنىڭ مېنى ‹ئۇرۇشقاق› ، ‹يۈزسىز› دەيدىغانلىقىنى بىلىمەن . ھەتتا مېنى ‹مىكروب› دەپ ئاتايدىغانلارمۇ بار . مەن گەرچە ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇچىغا چىققان ئەسكى بولمىساممۇ ، لېكىن يۈزسىزلىكىم راست . بىرى بىلەن قېرىشىپ قالسام ياكى بىرىنىڭ بىرەر ئىشى كۆزۈمگە سىغمىسا ، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن ۋە ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلىشىمدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭ بىلەن جان ـ جەھلىم بىلەن ھەپىلىشىمەن تاكى دەردىمنى چىقارمىغۇچە بولدى قىلمايمەن . ھېلىمۇ ئېسىمدە : قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى . بىر كۈنى بىر ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا باردۇق . تاماقتىن كېيىن ھاراق قۇيۇلدى . ‹مەن بۇگۈن مۇشۇنچىلىك ئىچەي ... › دېسە ئۇنىماي زورلاپ تۇرۇپ ئىچكۈزۈپ ، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسىنى يىقىتىپ ياتقۇزۇپ قويدۇق . ئۇنىڭ ئورنىدا ئايالى چاي قۇيۇپ ، داستىخاندا كەم نەرسىلەرنى تولۇقلاپ مېھمان كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى . يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئاغىنەمنىڭ ئۇ ئايالنى كۆرۈپ نىيىتى بۇزۇلدى . بىردەم پىيالىدىكى چاينى قەستەن تۆكۈۋېتىپ ئۇنى چاي قۇيغىلى سالسا ، بىردەم تاماكا چېكەتتىم دەپ ئاۋارە قىلىشقا باشلىدى . تاماكا ئەكىلىپ بەرسە ، تۇتاشتۇرۇپ بېرىڭ ، دەيتتى . مەن ئاغىنەمگە نەسىھەت قىلىپ ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قەستەن جېدەل چىقاردىم . زورلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ ، تالاغا باشلاپ چىقتىم . 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولغاچقا ، تالادىكى

سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى . ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغاندا چاندۇرمىغىنى بىلەن ، تالاغا چىقىپلا دەلدەڭشىپ قالغانىدى . مەن ئۇنىڭغا بىر كاللا قويۇپلا ئارقىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتىم . ئۇ بىر يىقىلغانچە ، بىقىنلىرىغا تېپىپ ، قورساقلىرىغا دەسسەممۇ قول ياندۇرالماي ياتتى . ئاتايىن تالاغا چىققانغا تۇشلۇق ئىككىدىن ئېتىشالمىغانغا ئاچچىقىم كېلىپ ، ئۆرە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سىيىۋەتتىم ...»

مانا بۇ يۈزسىز ئىمىن رەمتىل ! ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان نورمال ئەھۋال ئاستىدا ، گەرچە ئاچچىقىغا پايلىماي باشقا ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالمىسىمۇ ، لېكىن ھەرگىزمۇ ئادەم ئادەمنىڭ ئاغزىغا سىيەلمەيدۇ ! ئەمما ، تەبىئىتىدىن يۈزسىزلىك ئورۇن ئالغان ئىمىن رەمتىل باشقا ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئاغزىغا ئەمەس ، بەلكى دەل ئۆزىنىڭ ئاغىنىسىنىڭ ئاغزىغا ئۆرە تۇرۇپ سىيىشتىن يانمىغان...

يۈزسىزلىكتىن باشقا ، ئىمىن رەمتىلدىكى يەنە بىر يېتەرسىزلىكنى «سەممىيەتسىزلىك» دېيىش مۇمكىن .

توغرا ، بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە كىم سەممىي بولىدىكەن ، خۇددى «كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق» دېگەندەك ، شۇ زىيان تارتىدىغان ئىشلار دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، بىر قىسىم كىشىلەردە «سەممىيلىك — ئەخمەقلىقنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى» دەيدىغان قاراش شەكىللىنىپ قالغان . ئەمما ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، سەممىيلىك — ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغان ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى . ناۋادا «سەممىيلىك — ئەخمەقلىق» دەپ قارىلىپ ، ھەممە ئادەم سەممىيلىكتىن ۋاز كېچىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا جەمئىيەت ئادەمنى ئالداپ جان باقىدىغان ئالدامچىلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ . ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئالدامچىغا ئايلىنىپ ، بىر - بىرىنى ئالداپ جان باقىدىغان جەمئىيەتنىڭ دوزاختىن نېمە پەرقى بار ؟ مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، سەممىيلىكنى جەننەتنىڭ يولخېتى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز . شۇڭا ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ جەننەتتەك گۈزەل ۋە ئۆز

ئـۆيــدەك ئـىـلـلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەربىر ئادەم سەممىيەتتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك .

بـۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى ، «تـەرەقـقـىيات» ۋئۇسكىسى ئاستىدىكى نوقۇل بەسلىشىشلەردە ، سەممىيەتسىزلىك سەممىيەتتىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسگە قارا - قويۇق سەممىي بولۇۋېرىشكە ئەسلا بولمايدۇ . ناۋادا «سەممىيلىك — ئـەخـمـەقـلـىق» دېيىشكە توغرا كەلسە ، پەقەت سەممىيلىكنى يوقاتقان كاززاپ ئادەملەرگىلا سەممىي بولغانلارنى شۇنداق دېسە بولىدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە ، سەممىي ئادەملەرگە سەممىيەتسىزلىك قىلىش يەڭگىل ئېيتقاندا تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ .

ئـەمدى ئـىـمىن رەمتىلدىكى سەممىيەتسىزلىكنىڭ ئۆزىگە كـەلـسـەك ، گـەرچـە ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكىنىنىڭ ھەممىسىنى سەممىيەتسىزلىككە چىقىرىۋەتكىلى بولمىسىمۇ ، لېكىن تۆۋەندىكى بـىـر ئـەمەلىي پاكىت ئۇنىڭدا سەممىيەتسىزلىكنىڭ ھەر ھالدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ :

ئـىمىن رەمتىلنىڭ تونۇش - بىلىش ، ئەل - ئاغىنىلىرى ئارىسىدا ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاكا يوللۇق بىر ئاغىنىسى بـار ئـىدى . توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يىتىم ، نەزىر - چىراغ ئىشلىرى بولۇپ قالسا ، ھەر ئىككى تەرەپ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئاتـايـىن بېرىپ قاتناشقاندىن باشقا ، يىراق - يېقىندىن تونۇش مېھمانلار كېلىپ قالسىمۇ بىر - بىرىگە ئالاھىدە خەۋەر قىلىپ ، مېھماننى دەرقەمتە تۇرۇپ تەڭ ئۇزىتىشاتتى . 2004 - يىلى يازدا ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاكا يوللۇق ئۇ ئاغىنىسى قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ، پۇتى سۇنۇپ يېتىپ قالدى . ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ ئۇ ھاسا تاياق بىلەن يول ماڭغۇدەك بولغاندا ، ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بـىـر ئـۆلـۈم پـەتىسىدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاز دېگەندە ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم ناھىيىگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئىمىن رەمتىل بىرەر - يېرىم قېتىممۇ ئۇنىڭ

يېنىغا بېرىپ باقمىدى. تېخىمۇ قاملاشمىغىنى، ئىمىن رەمتىل ھېلىقى ئۆلۈم پەتنىسىدە ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭ قولىدىكى ھاسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ

— ئەمدى سىزمۇ بىزنى تاشلىۋەتتىڭىز. مانا مۇشۇ پەيتتە ئۇچرىشىپ قالمىغان بولساق، بىزنىڭ دىدار كۆرۈشمىكىمىزمۇ تەس ئىدى ... — دېدى.

قارشى تەرەپ ئىمىن رەمتىلگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. بەلكىم شۇ تاپتا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاچچىق گەپلەرنى قىلغۇسى بار بولغىيدى. ئەمما بىر ئادەم سەممىيىتىنى يوقاتقان چاغدا، خۇددى قورسىقى ئېچىپ كەتكەن نەسىردىن ئەپەندىگە تەمبۇر، دۇتار ۋە ساتارلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئاۋازى چۆمۈچنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق ئاڭلانمىغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭغا قىلىنغان ھەرقانداق سەممىي گەپمۇ ئەسلىي ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، ئىمىن رەمتىلنىڭ ئاكا يوللۇق ئۇ ئاغىنىسىمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

— بىر قېتىم، — دەيدۇ ئىمىن رەمتىل ئۆزىنىڭ بەزىدە سەممىيەتتىن يىراقلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، — بىر ھاراق دۇكىنىغا چىسەم، تىزىقلىق شېشە ـ كومزەكلەرنىڭ ئارىسىدا بەش كىلولۇق يوغان بىر كومزەككە «سەككىز يۈەن» دېگەن باھا چاپلاقلىق تۇرىدۇ. بىلمىگەن كىشى بولۇپ مال ساتقۇچىدىن سورىدىم. ئۇمۇ يەنە شۇ باھانى دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەككىز كويغا ئاۋاتتا ئىشلىنىپ كەلگەن بەش كىلو ئالىي مۇسەللەس سېتىۋېلىپ، ياتاققا ئاپىرىپ ئاغىنىلەر بىلەن تازا ئىچتۇق. ئەسلىدە ئۇ مۇسەللەس ئون كومزەك بولۇپ، توققۇز كومزىكىنى مەن ئېلىپ تۈگەتكەنىدىم. ئونىنچى كومزەككە كەلگەندە مال ساتقۇچى بىلىپ قېلىپ: «سەن مېنىڭ توققۇز كومزەك سۈپەتلىك مۇسەللىسىمنى ئەرزان ئېلىۋاپسەن. ئەسلىي باھاسى بويىچە ھەربىر كومزەككە ئەللىك سەككىز يۈەندىن پۇل تۆلەيسەن ...» دەپ تۇرىۋالدى. باشقا ئادەم بولسىمۇ ماقۇل دەپ



www.uyghurkitap.com

تۆلەرمەيدىكەن، لېكىن مەن ئىمىن رەمتىل ئۇنداق يۇمشاق باشلاردىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭدىن بەكرەك مەن سەكرىدىم: «دۇكانغا چىگەن خېرىدارلارنى ئوغرى تۇتىدىغان قانداق دۇكاندارسەن؟! مەن سېنىڭ دۇكىنىڭغا تېخى هازىر چىسەم، سېنىڭ توققۇز كومزەك مۇسەللىسىڭنى مەن نەدىن بىلەي؟!... مەندىن دەرهال ئەپۇ سورىمىساڭ، ئىستېمالچىلارنىڭ هوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىشخانىسىغا بېرىپ ئەرز قىلىمەن!...» بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇ دۇكاندارنىڭ زۇۋانى بېسىقتى. مەنمۇ ئارتۇق بىر تىيىن پۇل تۆلىمەي دۇكاندىن قايتىپ چىقتىم...

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىمىن رەمتىل بەزىدە سەممىيەتتىن يىراقلاپمۇ كېتىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاشۇنداق قىزىق: ئىمىن رەمتىلگە ئوخشاش ئۆمۈر بويى هەق ـ ئادالەت ئىزدەپ، سەممىيلىكنى ئەلا بىلىپ، مۇشۇ يولدا نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان بىر ئادەم بەزىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا سەممىيەتتىن يىراقلاپمۇ قالىدۇ. بۇ خۇددى ياز ئايلىرىدىكى تومۇز ئىسسىقتا، تۇيۇقسىز هاۋا بۇزۇلۇپ مۆلدۈر يېغىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتكەنگە ياكى بولمىسا هەر يىلى سانجاق ـ سانجاق بولىدىغان مېۋىلىك دەرەخنىڭ بەزى يىللىرى بىر تالمۇ مېۋە بولمىغىنىغا ئوخشايدۇ. مانا بۇ — تەبىئىيلىك.

ئىمىن رەمتىلنىڭ سەۋەنلىك ـ يېتەرسىزلىكلىرىنىڭ ئاخىرقى بىرى، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىق بولۇشى مۇمكىن. خۇددى مۇشۇ كىتابنىڭ «باهالاش» دېگەن بابىدا، ئىمىن رەمتىلگە بېلىق سېتىپ بەرگىلى ئۇنىمىغان بېلىق كۆلىنىڭ باشقۇرغۇچىسىنى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىغا قارىسىغىلا چېقىشتۇرۇپ هاشارغا ئەۋەتكۈزۈۋەتكەندەك، ئۆزىنىڭ بىرەر ئىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولغان ئادەمنى كۆڭلىگە پۇكۈپ قويۇپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇنىڭدىن رەهىمسىزلەرچە ئۆچىنى ئالماي قالمايدۇ.

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى:

www.uyghurkitap.com

يانتاق يېزىسىنىڭ رادىئو ئاڭلىتىشى ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان ئىمىن رەمتىللىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە رادىئو ئۈزۈلىدىكى ئۆمەر سەمەتكە نەچچە قېتىم تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۆمەر سەمەت قۇلاق سالمىغانىدى. بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەن ئىمىن رەمتىل بىر كۈنى كەچتە ئۆمەر سەمەتنىڭ ئاڭلىتىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. دەل شۇ چاغدا يېزىلىق پارتكومنىڭ ئەينى چاغدىكى شۇجىسى تۇرەك راخمانمۇ ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتاتتى. ئۆزى كۈتكەن پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىمىن رەمتىل دەرھال بىر دۇكاندىن بەش كويلۇق پوجاڭزا ئالدى ـ دە، ئەتراپتا ئويناپ يۈرگەن ئۇششاق باللاردىن بىرنەچچىنى يىنىغا يىغىپ، ھەربىرىگە بىر كويدىن پۇل تۇتقۇزدى. ئاندىن: «ئاۋۇ ئادەم بۇ يەرگە كەلگەندە بىشىغا بۇ پوجاڭزىلارنى ئېتىڭلار ...» دەپ گەپ ئۆگىتىپ، تۇرەك راخمان شۇجىنى كۆرسىتىپ قويدى. شۇجىنى بىلمەيدىغان ئۇششاق باللار بۇنى بىر ئويۇن ئورنىدا كۆرۈپ، تۇرەك راخمان كېلىشىگە پوجاڭزىغا ئوت يېقىپ بىشىغا ئېتىشتى ـ دە، قېچىپ كېتىشتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن چۆچۈپ، قاتتىق خاپا بولغان تۇرەك راخمان شۇجى «قايسىڭسەن؟! ... ھۇ ئۆلگۈر مۇناپىقلار! نىمە قىلىشىۋاتىسەن؟! ...» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا رادىئو ئۈزۈلىنى تاقاپ، ئۆيىگە ماڭغان ئۆمەر سەمەت يېتىپ كەلدى.

— نىمە قىلغىنىڭلا بۇ ئۆمەر سەمەت؟! — دىدى ئىمىن رەمتىل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — تۇرەك شۇجىدا نىمە ئۆچۈڭلا بارتى؟! قاراڭغۇدا پەرق قىلالمايدۇ دەپ شۇنداقمۇ قىلامسىلە؟! ...

— مەن ئەمەس، — دىدى ئۆمەر سەمەتمۇ ھودۇقۇپ، — مەن تېخى رادىئو ئاڭلىتىشتىن ئەمدى بىكار بولۇپ ئۆيگە ماڭدىم ...

تۇرەك راخمان شۇجىنىڭ كۆزى سەل ئاجىزراق بولغاچقا،

گەرچە ئۆمەر سەمەتنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى نەق مەيداندا ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ئېڭىدا «بېشىمغا پوجاڭزا ئاتقان ئاشۇ ئىكەن ! ...» دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ قايسى يېزا ، قانداق جايىدا ھەل قىلىش قىيىن بولغان چىگىش ، مۇرەككەپ مەسىلىلەر بولسا شۇ يەرگە ئەۋەتىلىدىغان بۇ ئاچچىقى يامان داڭلىق پېشقەدەم شۇجى ئەتىسى ئۆمەر سەمەتنى تاپتۇرۇپ كېلىپ ئىشخانىغا ئەكىرىپ ، ئۇنىڭ «پوجاڭزىنى مەن ئاتمىغان ...» دېگىنىگە ئۇنىماي ، راسا ئەدىپىنى بەردى .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئىمىن رەمتىلىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆچ ئېلىشى ، گەرچە ئۆمەر سەمەتكە نىسبەتەن بىر قېتىم «ئەدىپىنى يېيىش» تىن باشقا ، ھېچقانچە چوڭ زىيان كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھەق - ئادالەت تارازىسىغا سېلىپ لىللا ئۆلچىگەندە ، ئىمىن رەمتىلىنىڭ بۇ قىلمىشىنى «بىراۋغا قارا چاپلاش» دېمەي ئامال يوق . ۋەھالەنكى ، قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەمگە قارا چاپلاش ھەرگىزمۇ دۇرۇس ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس ، ئەلۋەتتە .

ئاخىرقى سۆز شۇكى ، ئىمىن رەمتىل قانداقتۇر كىتاب يېزىش ئېھتىياجى ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان مەۋھۇم ئوبراز ئەمەس . ئەكسىچە بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان تىرىك ، رېئال بىر ئادەم . تىرىك ، رېئال ئادەم ماھىيەتتە ھەرىكەت ئۇستىدىكى ئادەم بولغاچقا ، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىك ، سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، ئىمىن رەمتىلدىن ئىبارەت تاشقى قىياپىتى ۋە ئىچكى دۇنياسى باشقا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بۇ تىرىك ، رېئال ئادەمنى يېزىشتىمۇ ئەدەبىياتتىكى ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان مۇبالىغە ، توقۇلما ... دېگەندەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلىنماستىن ، ئەمەلىيەت قانداق بولغان بولسا ، شۇ پېتى ، ئەينەن يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى . مۇئەللىپ شۇنىڭغا ھۆددە قىلىدۇكى ، ناۋادا كىتابتىكى ھەرقانداق بىر تەپسىلاتنىڭ راستلىقىدىن گۇمان

قىلىدىغانلار چىقىپ ، ئۆزى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بېقىشنى لايىق كۆرسە ۋە ھەقىقەتەن ئاشۇنداق توقۇلما تەپسىلاتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىسا ، مۇئەللىپ ئۇنىڭ ئاشۇ ئىسپاتلاش داۋامىدىكى بارلىق ئىقتىسادىي چىقىملىرىنى تۆلەشكە تەييار . پەقەت بىر تەپسىلاتلا بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ ، ئىمىن رەمتىل بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل بۇرۇن قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا بۇرۇتىنى ئۆزى ئالدۇرۇۋەتكەن بولغاچقا ، كىتابتىمۇ شۇنداق يېزىلغان . ئەمما ، مۇشۇ قۇرلار يېزىلىۋاتقان چاغدىن ئون كۈن بۇرۇن ئۇ قايتا بۇرۇت قويۇۋالغان بولۇپ ، بۇ بىر نۇقتىدا ئۇنىڭ ھازىرقى قىياپىتى كىتابتا يېزىلغىنىدىن پەرقلىنىدۇ …

بولدى ، ئەمدى مۇئەللىپنىڭ قەلەمنى قاپچۇقىغا سېلىپ ، ئەسەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تاپشۇرىدىغان ۋاقتى بولدى . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئەسەر ئەمدى مۇئەللىپنىڭ ئىلكىدىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ . شۇڭا ، ئەسەرگە ، ئەسەردىكى تىرىك ، رېئال پېرسوناژ ئىمىن رەمتىلگە ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارغا قانداق باھا بېرىش مەنۋى ئىستېمالچىلار بولغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوقۇقى . ئاشۇ ھوقۇقىقا ئاساسەن ، قالغان گەپلەرنى ئەمدى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزى قىلسۇن .

2007 – يىلى 11 – ئىيۇل مەكتەتە يېزىپ تاماملاندى .
2009 – يىلى 28 – فېۋرال مەكتەتە تۈزىتىپ تولۇقلاندى .

www.uyghurkitap.com